ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل

# مۇھاكىمە ۋە ئەسلىمە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل

# مۇھاكىمە ۋە ئەسلىمە




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
ئۆمەرجان مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۇل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# مۇھاكىمە ۋە ئەسلىمە

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خۇاچىلىڭ پەن - تېخنىكا باسما كەسپى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر 1/23
باسما تاۋىقى: 14 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 2,500 — 1
ISBN7 — 228 — 07019 — 4/I.2539
باھاسى: 20.00 يۈەن



ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل 1954 - يىلى شىئەن





«قۇمۇل مۇقاملىرى» رەتلەنگەن تېكىستنى ئاھاڭدىن ئۆتكۈزۈش خىز —
مەت خاتىرىسى. 1991 - يىلى ئاۋغۇست قۇمۇل



1992 - يىلى ئاۋغۇست يەركەن «12مۇقام مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى



1993 - يىلى ئاۋغۇست «قومۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى



1993 - يىلى ئاۋغۇست «قومۇل مۇقاملىرى» ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى خاتىرىسى



1986 - يىلى ئا-پرىل ئابدۇكرىم خوجا هويلىسىدا




جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى

خاتىرىسى. 1998 - 10 - 8 - كۇنى بېيجىڭ



1998 - يىلى 23 - ئاپرېل «ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى.



ئاپتور دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئۆگۈنۈش ئۈستىدە.

# سۆز بېشى ئۇرنىدا

ئەسەت سۇلايمان

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل ئاكا يېقىندا ماڭا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ماقالىلەر توپلىمىغا سۆز بېشى ئۇرنىدا پىكىر يېزىپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلدى. راستىنى ئېيتسام مەندە پېشقەدەملەرنىڭ ئەسەرلىرىگە «پىكىر» ياكى «سۆز بېشى» يازغۇدەك جۈرئەت ۋە ئىختىدارمۇ يوق. ئەمما، بۇ پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ سەمىمىي ھاۋالىسىنى رەت قىلسام ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپ چىقتىم، بىرمۇنچە تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. تەسىراتلىرىمنى قىسقارتىپ يېزىپ باقتىم، بۇنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى «سۆز بېشى» بولۇشى ناتايىن. ئالدى بىلەن بۇ پېشقەدەمنىڭ ياشانغاندا جەمئىيەتكە تەقدىم قىلغان بۇ پايدىلىق ئەمگىكىنى تەبرىكلەيمەن.

مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەر مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرىنچى تۈركۈمدە مۇھاكىمە تېمىسىدىكى ماقالىلەر بېرىلگەن. بۇ ماقالىلەردە ئاساسەن كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى، ئۇيغۇر تىياتىر تارىخى، يەرلىك مۇقاملارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى قاتارلىق تېمىلار نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان. بولۇپمۇ، مۇئەللىپ قۇمۇل رايونىنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى پىششىق بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىشى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرنۈشى، راۋاجى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ ئۇنى يورۇتۇشقا تىرىشقان. بۇ ماقالىلەر ئىلمىي جەھەتتىن چوڭ مەسىلىلەرنى بايان قىلغان ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن خېلى چوڭقۇرلۇققا يۈزلەنگەن، شۇنداقلا خېلى كەڭ دائىرىدە ئەمەلىي، مول ماتېرىياللارنى ئۆزىگە جۇغلىغان، شۇڭا بۇ ئىلمىي

مۇھاكىملەر مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان.

مەزكۇر توپلامنىڭ ئىككىنچى تۇركۇمىدە مۇئەللىپنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى، شاھىد بولغانلىرى ۋە بىر قىسىم ھاياتىي خاتىرىلىرى ئەسلىمە شەكلى ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم تېمىلار بويىچە بېرىلگەن. مېنىڭچە مەزكۇر كىتابنىڭ قىممىتى دەل مۇشۇ بۆلەكتە ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل ئاكا ئۇزۇن مەزگىل قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەشۋىقات ساھەلىرىدە رەھبەرلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا ئۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ۋە فولكلور ئالاھىدىلىكلىرى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ توپلىنىش ۋە رەتلىنىش جەريانلىرى ھەققىدە ئەمەلىي تەجرىبە ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئاستانە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى بىزنى قۇمۇل رايونىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى قۇمۇل مائارىپ تەرەققىياتى ھەققىدىكى ئەمەلىي، چىن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت مۇئەللىپ 60 - يىللاردىن 80 - يىللارغىچە قۇمۇل خەلق فولكلورىنى توپلاش ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمەتلىرىگە ئۆزى شەخسەن ئىشتىراك قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلىرىدە ئاشۇ يىللاردىكى جاپالىق خىزمەتلەرنى ئەينەن يورۇتۇپ بەرگەن.

كونا بىر ئەۋلاد پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىز بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كەتتى. بىراق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردىكى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى بەدىلىگە ئېرىشكەن ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. بىز مەرھۇم ئۆتكۇر ئەپەندىنىڭ تارىخىي رومانلىرى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ چۈچۈك ۋە يېقىملىق شېئىرلىرىنى، تېيىپچان ئېلىيوفنىڭ دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى نەزمىي ئەسەرلىرىنى ھەمدە غولام غوپۇرنىڭ

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەلقىنلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ كەلگەن سۆيۈملۈك ھەم قەدىرلىك كىشىلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ ئارىمىزدىن چىقىرىپ قويغانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

شۇنداق، ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئادەملەردىكى تەپەككۇر ۋە ئىزدىنىش روھى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ئەنە ئاشۇ پۇتمەس - تۇگىمەس ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت روھى ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ ئەقىل مېۋىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇپ كەلگەن.

بىز ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل ئاكىنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم خوجا، تېيىپجان ئېلىيوف، غولام غۇپۇرى قاتارلىق ئالدىنقى ئەۋلاد زىيالىيلىرىمىز بىلەن يېزىشقان خەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر سىرلىق، سۇرلۇك، ئالاھىدە شەخسلەر بولماستىن، بەلكى بىزگە ئوخشاشلا قېنى ۋە گۆشى بار ئادەتتىكى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى سۆيىدىغانلىقىنى، ھاياتنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى، كۈلكە - چاقچاققا خۇشتارلىقى، ئەمما زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

بۇ يىل يازلىق تەتىل ۋاقتىمىدىن پايدىلىنىپ، بىرقانچە بۇرادەرلىرىم بىلەن قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى شارلا تېغىغا سەيلىگە چىقتۇق. تاراتى، قالغايتتى غوللىرىنىڭ ئىچىگە كىرگىنىمىزدە، شۇ يەردىكى كىشىلەر 80 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۆتكۈر ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ چېدىر تىكىپ بىرقانچە ئاي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ھاياجان ئىلكىدە مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندى تۇرغان جايدا ئۇزاقىچە سۇكۇتتە تۇردۇق. مانا ھازىر ئابدۇلئەزىز ئاكىنىڭ توپلىمىدىكى ئۆتكۈر ئەپەندى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى ئوقۇۋېتىپ، مەرھۇمنىڭ تاراتى غولىدا «قۇتاتقۇبىلىك» نىڭ نەزمە يەشمىسىنى ئىشلەپ

نەشرگە تەييارلىغانلىقىنى ھەمدە «ئۇيغانغان زېمىن» رومانىنىڭ قورۇلمىسىنى خىيال قىلغانلىقىنى ئۇقتۇم!

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكۈر ئەپەندى باشلىق بىر قاتار پېشقەدەملىرىمىزنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغىمۇ بىر نەچچە يىللار بولدى. ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى بىزنىڭ رېئال ھاياتىمىزنىڭ ئىككى تەرىپى، كەلگۈسى ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئاساسىي نىشانىمىزدۇر. ئەمما، ئۆتمۈشنى ئەسلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىمىزنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر باسقۇچىدۇر.

شۇڭا، ياش بىر ئەۋلادلارنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد پېشقەدەملىرىمىزنى بىلىشى، چۈشىنىشى، ئۇلارنىڭ ھاياتىغا تېگىشلىك باھا بېرىشى زۆرۈر. ئابدۇلئەزىز ئاكىنىڭ مەزكۇر كىتابىدىكى ئەسلىمە ۋە خەت - ئالاقىلىرى بۇ جەھەتتە بىزنى مۇئەييەن ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ قارايمەن.

2001 - يىلى 30 - نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

1929 - يىلى 12 - ئاي ئاخىرى قۇمۇل ناھىيە شەھەر ئىچى (خۇيچىڭ) ئەسكىبۇلۇڭ مەھەللىسىدە سودىگەر، قوشۇمچە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدا سودىگەر ئائىلىسى ۋەيران بولغان. 1935 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1938 - يىلىدىن 1942 - يىلى 6 - ئايغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. دادىسى ئىسمائىل سىدىقنى شىڭ شىسەي تۈرمىگە قاماپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن مومىسى ۋە ئاپىسىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. 1948 - يىلى 10 - ئايدىن 1951 - يىلى 9 - ئايغىچە قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. 1951 - يىلى 4 - ماي بايرىمىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. ئىتتىپاق ياچېيكا ھەيئىتى بولغان. 1951 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلار بۆلۈمىدە كادىرلار خىزمىتى قىلغان. 1953 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1954 - يىلى 5 - ئايدىن 1955 - يىلى 2 - ئايغىچە شىئەندە غەربىي شىمال سىياسىي - قانۇن كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇغان 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە نەزەرىيە مۇئەللىملەر كۇرسىدا ئوقۇغان. 1956 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ، لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولغان، كادىرلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەكتىپىدە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ نەزەرىيىسىدىن دەرس ئۆتكەن. 1956 - يىلى 11 - ئايدا تەشۋىقات بۆسىغا مۇئاۋىن بۇجاڭ بولغان. 1959 - يىلى 10 - ئايدىن 1960 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ مائارىپچىلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان. 1960 - يىلى 4 - ئايدىن 1965 - يىلى 10 - ئايغىچە بېيجىڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەزەرىيە سىنىپىدا

ئوقۇغان. 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۇسىنىڭ مۇدىرى، پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا مۇدىر بولغان. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1992 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل مەدەنىي ئاسارئەتىقىلەرنى قوغداش، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، خەلق مۇقاملىرىنى قوغداش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش جەھەتلەردە نەتىجە ياراتقان. «قومۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلىنى تەسىس قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ھەر خىل تېمىلاردا 60 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ۋە ئەسلىمىلەر يازغان، لېكسىيە سۆزلىگەن، تەرجىمە ئىشلىگەن. كۆپ قىسمىنى ئېلان قىلغان. ئۈرۈمچى، يەكەن، قۇمۇل، بېيجىڭلەردە ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ماقالە ئوقۇغان.

«قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق يۇرۇشلەشكەن مۇزىكىلىق ئەسەرنى نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. «ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئابىدىسى» ناملىق كىتابىنى تۈزۈپ نەشرگە بەرگەن. ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل ھازىر «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى»، «جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق تەتقىقات جەمئىيىتى»نىڭ ئەزاسى.

# ئاپتوردىن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر!

مەن بۇ كىتابنى ئۆزۈن يىللىق كىتاب ئوقۇش تەسىراتلىرىمدىن ھاسىل بولغان خاتىرەم ۋە ماقالىلىرىمدىن، ئەسلىمىلىرىمدىن تاللاپ تۈزۈپ چىقتىم. مەن بۇ كىتابنى ھاياتىمدىن قالدۇرغان خاتىرەم سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا ۋە دوست - يار، بۇرادەرلىرىمگىلا، شۇنداقلا ياش تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىشنى مەقسەت قىلدىم. بۇ كىتاب بىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىلىم - پەن دۇنياسىنىڭ ئېھتىياجىغا، كىتابلارغا قويۇلۇۋاتقان يۇقىرى تەلەپكە لايىق بولۇپ كېتەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، تەلەپ - ئېھتىياجى ۋە ھەۋەسلىرى تەكشى ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، بۇ كىتاب ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەتقىق قىلىش، پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن ئوقۇشىغا نائىل بولسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايمەن. ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان ھەر خىل كىتابلارنى كاتتا باغدىكى ھەر خىل مېۋىلەرگە ئوخشاتساق، ئۇ مېۋىلەرنى يېگۈچىلەر ئىشتىھالىرى، خالاشلىرى، تاللاشلىرى، لەززەتلىنىشلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەي باغلاپ پىشقانلىرىنى يېگۈچىلەر ئەلۋەتتە كۆپ بولۇشى مۇمكىن. يەنە پىشمىغان غورا - چۈچمەللىرىنى يېيىشكە ئامراقلامۇ، يەنە شۇنىڭدەك سورت تاللاپ، رەڭ تاللاپ يېگۈچىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇبادا مېنىڭ بۇ غورا تەم كىتابىمنى ئوقۇغۇچىلار بولسا ئۆز ئەمگىكىمدىن چەكسىز مىننەتدار بولغان بولىمەن.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى باب مۇھاكىمىلەر


1. قۇمۇل ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي ئورنى …… 1

2. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي تېمىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە …… 15

3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا بولغان تەسىرى …… 21

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا فولكلورنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە رولى …… 33

5. ئۇيغۇر تىياتىر تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات …… 38

6. ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى …… 53

7. 17 — 19 - ئەسىردىكى قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى …… 71

8. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە …… 86

9. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى …… 103

10. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىدا چىڭ تۇرايلى …… 111

11. ئىنقىلابىي داھىي ۋە ئىنقىلابىي نەزەرىيە ھەققىدە …… 122

12. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا …… 135

قوشۇمچە: ئۇيغۇر كالاسسىك مۇزىكىسى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» نەشردىن چىقتى …… 143

13. «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى …… 146

14. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن كىرىش سۆز …… 150

15. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن ........ 155
16. ئۇيغۇر تىل - يېزىق سەنئىتى ھەققىدە مۇھاكىمە ...... 157
17. قەلەمدىن رىيازەت چەككەنلەر ھەققىدە خاتىرە ........ 165
18. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قۇتلۇقلايمەن ........ 192
19. «ئەخلەتتىن چىققان شېئىر» نى ئوقۇپ ........ 195
20. «ئۇۋىرغول نەزمىلىرى» گە باھا ........ 197
21. «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى» توغرىسىدا ........ 205

## ئىككىنچى باب ئەسلىمىلەر

22. ئانا مەكتىپىمنى ئەسلەيمەن ........ 213
23. قۇمۇل ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى توغرىسىدا ئەسلىمە ........ 224
24. قۇمۇل ئاستانە توغرىسىدا ئەسلىمە ........ 245
25. يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز ........ 277
26. شاۋشەننى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى ........ 288
27. قۇمۇل تىياتىرى تارىخى توغرىسىدا ئەسلىمە ........ 296
28. ئاتاغلىق شائىر، داڭلىق ئەدەبىي تەرجىمان دوستۇم مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىنى خاتىرىلەيمەن ........ 320
29. مەشھۇر ئالىم، ئەدىب مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئەسلەيمەن ........ 328
30. باھار ۋە بۇلبۇل ........ 338
31. مەن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاقلىرى بىلەن ئەسلەيمەن ........ 343
32. ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە ........ 348

33. خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئەلنەغمىچىسىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ
351 ......................................................
34. پېشقەدەم خەتتات، رەسسام ھاپىز نىيازى ............... 357
35. قەيس مازار قەبرىسىنى يۆتكەش جەريانى .............. 361

## ئۈچىنچى باب خەت - ئالاقىلار

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ خېتى (1)، (2)، (3) ............ 366
ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ خېتى (1)، (2)، (3)، (4)، (5)
372 ......................................................
غولام غوپۇرنىڭ خېتى (1)، (2)، (3) ................. 387
قەييۇم تۇردىنىڭ خېتى ...................................... 395
قەييۇم تۇردىغا خەت ........................................ 397
قەييۇم تۇردىنىڭ جاۋاب خېتى .............................. 398
سەيپۇل يۇسۇپنىڭ خېتى ..................................... 400
سەيدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ خېتى ............................. 402
سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خېتى .................................. 403
قومۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بوسىغا يېزىلغان
خەت ............................................................ 404
خەلىم سالىمنىڭ خېتى ........................................ 416
قومۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىغا يېزىلغان
خەت ............................................................ 418
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ خېتى ....................... 422
ليۇ روزىڭنىڭ خېتى ............................................ 424
ماقالىلەرگە ئومۇمىي ئىزاھات ................................ 425
پايدىلانغان ئاساسلىق كىتابلار .............................. 429

# بىرىنچى باب مۇھاكىمىلەر

## 1. قۇمۇل ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي ئورنى

### قۇمۇل مۇقامىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقامدا تۇتقان ئورنى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مۇقام تەتقىقاتچىلىقى كەڭ قانات يايدۇرۇلدى. ئالىملار ۋە مەشھۇر تەتقىقاتچىلار ئون ئىككى مۇقام توغرىسىدىكى زور ھەجىمدىكى كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن چىقاردى ۋە ئۇنىڭغا ئالىي تەبىر بەردى: «ئۇيغۇر خەلق ئون ئىككى مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسى، خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان غايەت زور ھەجىمدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن جانلىق مۇزىكا بايلىقى؛ ئۇيغۇرلارغا خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت پسىخىكىسىگە ماسلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلىنغان بەدىئىي قامۇس؛ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ، جۈملىدىن دۇنيانىڭ كلاسسىك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان كاتتا تۆھپىسى، شەرق مۇزىكىلىرىنىڭ بۇلىقى. . .»

ھازىرقى مۇقام تەتقىقاتچىلىقى بۇ ئىلمىي يەكۈنلەرنىڭ ۋە تەبىرلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

مۇشۇنداق ئىلمىي يەكۈن ۋە يۈكسەك تەبىرلەشكە سازاۋەر بولغان ئون ئىككى مۇقامنىڭ مەنبەسى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ: شەيئىلەر پەيدا بولىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ،

مۇكەممەللىشىدۇ، بارلىققا كېلىشىنىڭ قانۇنىيىتى بولىدۇ، ئون ئىككى مۇقاممۇ مۇشۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە. دۆلىتىمىزدىكى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى مۇقام تەتقىقاتچىلىرى دولان ۋە قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كونا مەنبەسى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى، دەپ مۇئەييەنلەشتۇرمەكتە ھەمدە قۇمۇل مۇقاملىرىغا بولغان تەتقىقات چوڭقۇرلاپ كەڭ قانات يايماقتا. تەتقىقاتچى ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئون ئىككى مۇقامى كۇسەن (كۇچا) مۇزىكىسى، سۇلى (قەشقەر) مۇزىكىسى، ئىدىقۇت (تۇرپان) مۇزىكىسى، ئۇدۇن (خوتەن) مۇزىكىسى ۋە ئېۋىرغول (قۇمۇل) مۇزىكىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر» دەپ كۆرسەتتى. پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئون ئىككى مۇقام تىزىملىكى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئون ئىككى مۇقامنىڭ كونا مەنبەسى ۋە گەۋدىسى بولغان دولان، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . . . دولان، قۇمۇل مۇقاملىرىدىكى نەغمىلەرنىڭ قەدىمىيلىكى، بىر قەدەر ئىپتىدائىيلىقى، يېزا ـ قىشلاق تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇسسۇللىرىنىڭ سالماقلىقلىقى، مىللىي ئۇسلۇبىنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئۇلارنىڭ مۇقام نەغمىلىرى ۋە ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى، مۇھىم ئۇلى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز» دەپ كۆرسەتتى. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان: «ئەگەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئېتىنىڭ مەنىسىنى كونكرېتراق بايان قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى قەدىمكى چيۇزىيۇ مۇقامى (كۇچا مۇزىكىسى)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) مۇقامى، ئىدىقۇت (تۇرپان) ۋە ئېۋىرغول (قۇمۇل) مۇقام كۈيلىرىنىڭ سىستېمىلىنىشىدىن ئىبارەت دېيىشكە بولىدۇ» دەپ قارىدى. تەتقىقاتچى ئەمەتجان قاتارلىق بىر قانچە يولداشلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدىمۇ يۇقىرىقىلار بىلەن بىردەك كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دېمەك، كۆسەن، سۇلى، ئۇدۇن، ئىدىقۇت، ئېۋىرغول مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلق ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار كۆپچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ

قالدى. بۇ ئىنىۋرغول نەغمىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## قۇمۇل مۇقامىنىڭ سۇي، تاڭ، سۇڭ دەۋرى مۇزىكا تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى

### قۇمۇل مۇقامى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى مۇزىكا بايلىقى

تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا تەرەققىي قىلغان. سۇي، تاڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا كونسېرتلىرى ھەم بىر قىسىم مەشرەپ، مۇقام تىپىدىكى ئەلنەغمىلىرى چاڭئەنگە تارقىلىشقا باشلىغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، «يېشىل رومال»، «ئەتلەس كۆڭلەك»، «باھار بۇلبۇل ناۋاسى»، «رومال ئۇسسۇلى»، «چەش ئۇسسۇلى»، «كوچا ئەلنەغمىسى»، «ئىنىۋرغول ئەلنەغمىسى»، «بەشبالىق ئەلنەغمىسى»، «ئۇيغۇر راھىبىنىڭ ساماسى»، «تاشبالىق ئەلنەغمىسى»، «ئۈچ كۆكتۇرك قوشىقى نەغمىسى»، «يېشىل پوتا نەغمىسى»، «كوچا بۇددا نەغمىسى»، «تۇرپان بۇددا نەغمىسى» ۋە «شادىيانە» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق نەغمىلەر چاڭئەندە ئوينالغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىنىۋرغول ناخشىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن «ئىنىۋرغول چوڭ نەغمىسى» دەپ ئاتالغان. «نەغمىچىلەر مەھكىمىسىنىڭ شېئىرلار توپلىمى» نىڭ 79 ـ جىلدىدا «ئىنىۋرغول شاڭدىياۋ كۇيلىرىنى غەربىي لىياڭنىڭ باسقاقبېگى گەي جياڭيۈەن ئېلىپ كەلگەن» دەپ يېزىلغان، سۇ لىجيەننىڭ «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» دە: «ئوقۇتۇش يۇرتىدىكى نەغمە

ئۆگەتكۈچىلەر ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن نېرى كېتەلمىگەن» دەپ يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسىدىكى «ئوقۇتۇش يۇرتى» مەخسۇس مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆگىتىدىغان مەھكىمە بولۇپ، ئېۋىرغول نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى» نىڭ رەپىتىس قىلىپ ئېيتىشى، پىششىقلاپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىدىن بولۇپ قالغان. «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» دە 325 مۇزىكا نامى خاتىرلەنگەن. بۇنىڭ 46 سى چوڭ نەغمە، 6 سى غەربىي يۇرت نەغمىسى — سۇمۇز نەغمىسى، تىنچلىق نەغمىسى، بەشبالىق نەغمىسى، كۇچا نەغمىسى، ئېۋىرغول نەغمىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى «ئوقۇتۇش يۇرتى» دا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئوردىدا، چاڭئەننىڭ ئويۇنخانىلىرىدا، چايخانىلىرىدا، قاۋاقخانىلىرىدا، شەھەر كوچىلىرىدا كەڭ تارقالغان. ئېۋىرغول نەغمىسىگە ئەڭ دەسلەپتە تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىر ۋاڭ ۋېيىنىڭ «ئېۋىرغول ناخشىلىرى» دېگەن يەتتە بوغۇملۇق شېئىرى تېكىست قىلىنغان.

«ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان تاڭ دەۋر سەنئىتىدە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭگارەڭ بىر مەدەنىيەت گۈلزارى بولغان. ئۇ چاغدا ئوينالغان ئويۇنلار ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇللىرىغا بولغان قىزغىن مۇھەببەت توغرىسىدا لى بەي، بەي جۈيى، ليۇ يۈيشى، يۈەن جىن، ۋاڭ جيەن، جاڭ خۇ، سېن شېن، شۈي نىڭ، ليۇ يەنشى، ياڭ جۈيۈەن، ليۇ مېڭدى، لى يى، لى دۈەن، شېن ياجى، گاۋ پيەن، گو گۇاڭ، خۇارۋې خانىم قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شائىرلار جانلىق، گۈزەل مىسرالار قالدۇرغان.»

تاڭ شائىرى ۋاڭ جىئەن «قەسىر نەغمىسى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

نەيچە ھەم تارىلىق ساز ـ چالغۇلار تەڭكەش بولۇپ،
بۇندا شاڭ دىياۋ كۈيىدە ئۇينالدى قۇمۇل نەغمىسى.

تاڭ شائىرى گاۋىيەن «غەزەلخان» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

چىقتى بەگزادە راۋاقتا، تولغىنىدا ئاي ـ قەمەر،
ئېۋىرغولنىڭ نەغمىسىگە ئېيتتى سازەندىلەر لەپەر.
شۇ مەھەل گويا بىلىندى كەلدى قۇملۇقتىن شامال،
تاكى ياڭگۇەن قاپقىسىدا سۇ ئۇزۇلگەنگە قەدەر.

تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، مىلادىيە 421 ـ يىلى غەربىي لياڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا، تاڭ چى، لى باۋ قاتارلىقلار قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنى ئۆگىنىش، توپلاش بىلەن 21 يىلنى قۇمۇلدا ئۆتكۈزگەن. 441 ـ يىلى (20 يىلدىن كېيىن) لى باۋ دۇنخۇاڭغا ۋالىي بولۇپ ماڭغاندا، قۇمۇلدىن 10 قىسىم مۇزىكا، ئۈچ قىسىم ئۇسسۇل، 11 خىل چالغۇ ئەسۋابى ھەم 30 دىن ئارتۇق قۇمۇل سەنئەتچىسىنى بىللە ئېلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، قەدىمكى قۇمۇل مۇزىكىسى «ئېۋىرغول» ئالاھىدە مەشھۇر بولۇپ، دۇنخۇاڭدا مۇزىكا مودىسى بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ مۇزىكا چاڭئەندە داڭق چىقىرىپ، ئوردا ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنى جەلپ قىلغان ھەمدە جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. 1918 ـ يىلى فرانسىيىلىك فىلىئوت دۇنخۇاڭدىن 6000 پارچە ۋەسىقىنى ئېلىپ كەتكەندە، ئېۋىرغول مۇزىكا شەجەرىسى ۋە نوتىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەن. 1964 ـ يىلى شاڭخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدىكى پروفېسسورلار دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 25 مۇزىكا نوتىسىنى رەتلەپ تەرجىمە قىلغاندا، «ئېۋىرغول» مۇزىكىسىنىمۇ رەتلىگەن ھەم پلاستىنكىغا ئالغان، مەزكۇر مۇزىكىنىڭ پارتژدىكى نۇسخىسىمۇ

رەتلىنىپ، تەرجىمە قىلىنىپ، پلاستىنكىغا ئېلىنغان.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى سوي، تاڭ دەۋرلىرىدىلا ئېيتىلىپ قالماي، بەلكى سوڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ كەڭ تارقالغان. جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇاڭ مەينىڭ «رۇڭۋى خاتىرىسى»دە: «تارقىلىپ يۈرگەن نەغمىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇلار جاي نامى بىلەن ئېۋىرغول نەغمىسى، لياڭجۇ نەغمىسى، شىجۇ نەغمىسى، شىجۇ نەغمىسى، ۋېيجۇ نەغمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئېۋىرغول، لياڭجۇ نەغمىلىرى ئەڭ داڭلىق» دەپ يېزىلغان. سوڭ دەۋرىدىكى ئوردا زىياپەتلىرىدە ئورۇندىلىپ كېلىۋاتقان 18 مۇقام 40 نەغمە (تاڭ ـ سوڭ نەغمىلىرى) ئىچىدىكى يۈدياۋ «ئېۋىرغول»، شېجىدياۋ «ئېۋىرغول»لارنىڭ ھەممىسى ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن ئېلىنغان. سوڭ دەۋرىدىكى ئۇماۋچيەننىڭ «ئوردا نەغمىلىرى توپلىمى»نىڭ 79 ـ جىلدىغا ئېۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ پۈتۈن تېكىستى كىرگۈزۈلگەن.

ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى سوڭ تىياتىرى ۋە كۈيلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ گوۋنىڭ «سوڭ ـ يۈەن تىياتىرى، مۇزىكىلىرىنى تەكشۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىككى سوڭ ئوردىسىنىڭ تىياتىرى 280 نۇسخا، كۈيگە سېلىنغانلىرى 103 نۇسخا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، بەش «لىڭ ئېۋىرغول»، «تېجىجيا ئېۋىرغول»، «ناۋۇتۇ ئېۋىرغول» قاتارلىقلار ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسىگە كىرەتتى.

ئېۋىرغول نەغمىلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان.

دېمەك، بۇ تارىخىي پاكىتلار قوشۇل ئەلنەغمىلىرىنىڭ سوي، تاڭ ۋە سوڭ دەۋرلىرىدىن تارتىپ ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىدا ئاجايىپ زور رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

# قۇمۇل مۇقامىنىڭ تارىخى، ئورنى ۋە رولى ئۇزاق تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى كۇچا، سۇلى (قەشقەر)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئودۇن (خوتەن)، ئىۋۇرغول (قۇمۇل) مۇزىكىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ئوينىغان رولى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان» دەپ قارىدى. دەرۋەقە، ئۇيغۇر مىللىتى ناھايىتى قەدىمكى مىللەت، جۈملىدىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخمۇ ناھايىتى ئۇزۇن، قۇمۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، قۇمۇلدا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپلا ئىنسانلارنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. يەتتە قۇدۇق، نوم، باي، تارانچى قاتارلىق جايلاردىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ تېپىلىشى قۇمۇلدا قەدىمكى دەۋر ئادەملىرىنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ قەدىمكى يۇرتتا ئىنسانلار تەخمىنەن 10 مىڭ يىلدىن بۇيان پائالىيەت قىلىپ كەلگەن. 1978 - يىلى قۇمۇل ناھىيە قارا دۆۋە يېزىسىنىڭ قىزىل چوققا دېگەن يېرىدە ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە مەنسۇپ بىر چوڭ قەبرىستانلىقتىن بىر ئايالنىڭ جەستى تېپىلدى. بۇ جەسەتكە 3200 يىل بولغانلىقى ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئىسپاتلاندى. بۇ ئايالغا يۇڭ، پاختا، چېگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ قوپال توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيدۈرۈلگەن. توغراق ياغىچى جەسەت ئاستىغا ۋە ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، جەسەتنىڭ گۆشلىرى سۆڭەكتىن ئاجرالمىغان، بولجۇڭ گۆشلىرىنىڭ ئېلاستىكىلىقى ساقلانغان، دېمەك، شۇ دەۋرنىڭ ئۆلۈكنى دەپنە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن كۆمۈلگەن كىيىم - كېچەك، تېرىق، نان، ئارپا، ياغاچ قورال

قاتارلىقلاردىن قەدىمكى قۇمۇل مەدەنىيىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرىنزى يېزىسىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن 2800 يىل بۇرۇنقى چوڭ تېپتىكى دان ئاقلاش قورالى ۋە كۆمۈرگە ئايلانغان بۇغداي دانچىلىرى چىققان. بۇلار قۇمۇل رايونىدا بۇغداي تېرىقچىلىقىغا 4000 يىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

يەنە قۇمۇل رايونىنىڭ تاشبالىق يېزىسىنىڭ تاغ ئارىلىرىدا، ئاراتۇرۇك ناھىيە تاغلىرىدا، باركۆل ناھىيە تاغلىرىدا قىيا تاش سۈرەتلىرى بار. بۇ سۈرەتلەر مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش سۈرەتلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، مۇزىكا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق تەسۋىرلەنگەن. ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار، ئادەملەر، ئوۋچىلىق ۋە دېھقانچىلىق، ئويۇن - تاماشا پائالىيەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى خېلى ئوبرازلىق سىزىلغان، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىرقانچە يەردە مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى بار. بۇلارمۇ قۇمۇل رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا ئۆزلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان جۇغراپىيىلىك شەرت - شارائىتلىرىغا قاراپ تارىختا «شەرق ئۇيغۇرلىرى» ۋە «غەرب ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى شەرق ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ. «مەملىكىتىمىزنىڭ سۇي سۇلالىسى تارىخي يىلنامىسىنىڭ 7 - بابىدا شەرق ئۇيغۇرلىرى «ئاق تۇرا» ۋە «قىزىل تۇرا» لار دېيىلگەن. شەرق ئۇيغۇرلىرى مىلادىدىن ئىلگىرى 8 - ئەسىردىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. قۇمۇل ئۇ دەۋرلەردە يىيىۋۈلۇ (ئىۋىرغول) دەپ ئاتالغان. تارىختا شەرق ئۇيغۇرلىرى (جۈملىدىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى) توتېم، شامان، مانى، «زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك» ، نىستورىيان، بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان. بولۇپمۇ، بۇددا دىنىغا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر ئېتىقاد قىلغان، 13 - ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. شەرق ۋە غەرب

ئۇيغۇرلىرى بۇددا ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە بۇددا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان. غەرب ئۇيغۇرلىرى بۇددىزمغا ئۇزاق دەۋرلەر چوقۇنۇش جەريانىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى كېسىپ ئۆتكەن دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى»نى بويلاپ «دۇنياۋى سەنئەت ئارخىپلىرى» دەپ نام ئالغان ئاتاقلىق گۈللۈك كېمىر (مىڭ ئۆي) سىستېمىسىنى ياراتقان. شەرق ئۇيغۇرلىرىمۇ «يىپەك يولى»نىڭ شەرقىي لىنىيىلىرىدە، يەنى يىپەك يولىنىڭ ئومۇرتقىسى بولغان قۇمۇلدا گۈللۈك كېمىرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇ قاتاردا قۇمۇلنىڭ توغۇچى يېزىسىدىكى بۇگۇر تەيزاڭ. قەدىمكى شەھەر لاپچۇقنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ، مامىجى تۇرا، ئارىتام قاتارلىق جايلاردىكى گۈللۈك كېمىرلەرنى بەرپا قىلغان.

بۇ مەدەنىيەت خارابە ئىزلىرى شەرق ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىدە قۇمۇل قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مىلادىنىڭ 487 - يىلى ئۇيغۇرلار جۇرجانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، تارىختا «گاۋگۈيلەر خانلىقى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار خانلىقىنى قۇرۇپ، 487 - يىلىدىن 546 - يىلغىچە 60 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ خانلىقنىڭ تېررىتورىيىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شەرقتە قۇمۇلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. 8 - ئەسىردە ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ باشبالىق، قۇچۇ دېگەن مەركىزىي شەھەرلىرىدىن باشقا جانبالىق، يانبالىق، سۇلمى، ئېۋىرغول (قۇمۇل) قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىمۇ بار ئىدى» دەپ يېزىلغان. دېمەك، 4 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە قۇمۇل «ئېگىز هارۋىلىقلار خانلىقى» ۋە «ئىدىقۇت خانلىقى» مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغان چوڭ رايونلىرىدىن بىرى بولغان.

10 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن

ياروغ»، «مايتىرى سىمىت» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن. 1956 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇمۇل ناھىيە تىيانشان يېزىسىنىڭ تۆمۈرتى كەنتىدىكى قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» («مايتىرىنىڭ ئۇچرىشىشى») ناملىق مەشھۇر كىتاب تېپىلدى. بۇ كىتابنىڭ تۆرپاندىن تېپىلغان نۇسخىسىغا قارىغاندا بىر قەدەر تولۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. «مايتىرى سىمىت» نىڭ قۇمۇل نۇسخىسى 10 ـ ئەسىر ئەتراپىدا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ دەۋر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ (850 — 1250) ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، دىنى تازا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. «مايتىرى سىمىت» نىڭ قۇمۇلدىن تېپىلىشى (گەرچە سەھنىدە ئوينالغانلىق ھەققىدە مەلۇمات بولمىسىمۇ) 10 ـ ، 13 ـ ئەسىرلەردە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇمۇل يىپەك يولىنىڭ ئۆمۈرتقىسىغا جايلاشقان قەدىمكى يۇرت بولغانلىقتىن چەت ئەللەردىن ۋە مەملىكەت ئىچىدىن ساياھەتچىلەر، سودىگەرلەر، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر، ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار، ئەدىبلەر، شائىرلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە قۇمۇل ھەققىدە ناھايىتى كۆپ خاتىرە ۋە مەدھىيە شېئىرلىرى يېزىپ قالدۇرغان.

قۇمۇل ئارخېئولوگىيە جەھەتتە تېخى ئېچىلمىغان رايون، گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئۇيغۇرشۇناس گابايىن خانىم 1982 ـ يىلى 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، «قۇمۇل رايونى بىلەن خېشى كارىدورىنىڭ ئارىلىقى تەكشۈرۈلمىگەن ئاق يەر» دېگەن. چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى، ئارخېئولوگلىرى قۇمۇل رايونىنى تەكشۈرۈشكە قىزىققان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كەلگىنى بىر نەچچىلا كىشى بولغان. مەسىلەن، 1892 ـ يىلى رۇسىيە قازان ئالىي بىلىم يۇرتى پروفېسسورى، تىلشۇناس كاتانوف كەلگەن. 1914 ـ يىلى رۇسىيىلىك تۈركولوگ س. يى. مالۇف كېلىپ قۇمۇل شېۋىلىرىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلغان ۋە قۇمۇلنىڭ بىر

قىسىم قوشاق، ماقال - تەمسىل، چۆچەكلەرنى كىتاب قىلىپ نەشر قىلغان. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 1928 - يىلى شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ بوگمان كېلىپ قۇمۇلنىڭ يەتتە قۇدۇق، تاشار قاتارلىق جايلىرىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى قەبرىلەرنى ئاچقان، ئارىتام ۋە توغچىدىكى بۇگۇر كېمىر ئۆيلىرىنىڭ گۈللۈك تام سۈرەتلىرىنى سويۇپ ئېلىپ، 56 ساندۇققا قاچىلاپ، 28 تۆگىگە يۈكلەپ ئاچىقىپ كەتكەن. ئەمما، ھازىرغىچە بۇ ھەقتە تېخى بىرەر ماتېرىيال ئېلان قىلىنمىدى. دېمەك، بۇ ئەھۋاللارمۇ قۇمۇل رايونىنىڭ مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى بولغان قەدىمكى جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇمۇلدىكى شەھەر، قىشلاق ئۇيغۇرلىرى تىنچ، خاتىرجەم بولغان كۈنلىرىدە مەخسۇس كىتاب ئوقۇش مىلىسلىرى (ئولتۇرۇشلىرى) ئۆتكۈزۈشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. شۇڭا، قۇمۇل رايونىدا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قۇمۇلنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۆگىمەس - پۈتمەس كانى دېسەك مۇبالىغە بولۇپ كەتمەيدۇ. مانا بۇلارنى قۇمۇل ئەلنەغمىلىرى (مەشرەپلىرى)، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساسلار دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ئىجتىمائىي بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت - سەنئەتنى ياراتقان. چۈنكى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەككە ئەر - ئايال بىللە قاتناشقانلىقتىن، تەبىئىيكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان توي، مەشرەپتىن ئىبارەت ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگىمۇ ئەر - ئاياللار بىللە قاتنىشىدۇ. شۇڭا، مەشرەپ، نەغمە، مۇقاملارنىمۇ (ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلارنىمۇ) ئەمگەكچان ئۇيغۇر ئەر - ئاياللىرى بىرلىكتە ياراتقان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامىنىمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ياراتقان. جۈملىدىن، قۇمۇل مۇقاملىرىنىمۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ياراتقان

ۋە راۋاجلاندۇرغان. قۇمۇلنىڭ كەڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق يېزىلىرى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسىي قورغىنى بولۇپ كەلدى. بۇ جايلاردا ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەڭ كونا شەكىللىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. خەلق ئاممىسى ھەقىقىي قەھرىمان. پەقەت خەلق ئاممىسىلا ئۆز مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى ياراتقۇچى، راۋاجلاندۇرغۇچى، قوغداپ ساقلىغۇچىدۇر. قۇمۇل مۇقاملىرى قۇمۇل ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن. قۇمۇل خەلقى ئۆز تارىخىدا ھەرقانداق غايەت زور ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسە ۋە ئاپەتلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ مۇقامنى قوغداپ قالغان، مۇقامدىن ئايرىلمىغان. قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ قەدىمىي دىياردا مۇقامغا ۋارىسلىق قىلغۇچى مۇقامچىلار، مەشرەپچىلەر تەبىئىي يوسۇندا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ، مۇقامدىن ئىبارەت بۇ تەۋەررۈكنى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلاپ كەلدى. چۈنكى، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتى قۇمۇل مۇقامى بىلەن تەبىئىي يوسۇندا زىچ باغلانغان. بۇنىڭدىن 713 يىل ئىلگىرى قۇمۇلدىن ئۆتكەن ئىتالىيىلىك مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو قۇمۇل خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان كۆڭۈل ئېچىشقا ئامراق، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغان. 1984 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ماركوپولونىڭ يۇرتى ۋېنتسىيە شەھىرى ۋەكىلى ژىنچىرو كالونىس قۇمۇلغا كېلىپ، قۇمۇل شەھەر باشلىقىغا ۋېنتسىيە خەلقىنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى تەقدىم قىلىپ، 713 يىل بۇرۇن قۇمۇل خەلقىنىڭ ماركوپولونى دوستانە، قىزغىن كۇتۇۋالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى. دېمەك، قۇمۇل خەلقى سەنئەت سۆيەر خۇسۇسىيىتى بىلەن سۇي، تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىدىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، ياۋروپالىقلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

مۇقام ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇقامنىڭ تەرەققىياتىدا ناخشا، شېئىر، ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھەمراھلاردىن بولۇپ،

ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل بىر ـ بىرىدىن ئايرىلسا، بىر پۈتۈن مۇقام گەۋدىسىمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ. مۇقامنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ناخشا ـ مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ئىلگىرى ـ كېيىنلىك، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن مۇقامنىڭ قۇرۇلما تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ...

ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتا چېلىنىدىغان داپ، غېجەك، ساتار، تەمبۇر، بەرباپ (پىپا) ئەڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ھېسابلانغان. غېجەك باشقا سازلارنى باشلىغۇچى سەركە رولىنى ئوينىغان. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى قۇمۇل غېجىكى تاڭ دەۋرىدە چاڭئەن سەھنىلىرىدە باشلامچى ساز بولۇپ چېلىنغان ئەرخۇ (غېجەك) نىڭ دەل ئۆزى شۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە چىنچاڭ، جىڭجۇي، پىڭجۇي، يۇيجۇي، يۆجۇي قاتارلىق خەنزۇچە ھەرخىل ئەنئەنىۋى تىياتىر مۇزىكىسىدا ئەرخۇ، يەنى قۇمۇل غېجىكى ئاساسلىق باشلامچى ساز بولۇپ كەلمەكتە. دېمەك، قۇمۇل غېجىكى سۇي، تاڭ، سۇڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىچىلىق تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. قۇمۇل غېجىكى ئۇيغۇر كامالچىلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە قەدىمكى ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ كەلمەكتە. مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى قۇمۇل راۋابىنىمۇ قەدىمكى پىپانىڭ شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دېيىشىدۇ. قۇمۇل راۋابى قەدىمكى ئالاھىدىلىكى بىلەن پەقەت قۇمۇلدىلا ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە قۇمۇل مۇقامى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ تۇرماقتا.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، قۇمۇل ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىدا مۇئەييەن تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدىن بىرى. ئىككىنچىدىن، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ سۇي،

تاك، سۆك دەۋرى مۇزىكا تەرەققىياتىغا قوشقان تارىخىي تۆھپىسى بار. ئۈچىنچىدىن، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئورۇنغا ئىگە بولۇشى، ئىلىمىزنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشى تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئاساسلارغا ئىگە. قۇمۇل مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ، ئاساسلىقى قۇمۇل رايونىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

1992 ـ يىلى، مارت، ئۈرۈمچى

## 2 . «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي تېمىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئىجاد قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم، ئىنتايىن ئاكتۇئال تارىخىي رېئاللىققا ئەڭ ئۇيغۇن تېمىنى تاللىغان. «بىلىم» نىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى تۈپ ماھىيەتلىك مەسىلە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەسىلىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈپ، مۇكەممەل، سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

قەدىمدىن تارتىپ ئىلىم ـ پەننىڭ ئەھمىيىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇلۇپ چۈشەندۈرۈلۈپ كەلدى. ئىلىم ـ بىلىم جەمئىيەتنى، تەبىئەتنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ دەپ ھېسابلىنىپ كەلدى. ماركسىزمچىلار ئىلىم ـ پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دەپ ھېسابلايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەڭ ئىلغار ئامىل. ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش، دۇنيانى قوغداش ئىلىم ـ پەن بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە مەزكۇر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي باسقۇچلىرىمۇ، شۇ دەۋرلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن سەۋىيىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. دۇنيا ئىنسانىيەت قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ تۆت مەشھۇر بۆشۈكى بولغان يونان، مىسىر، جۇڭگو، ھىندىستانلارمۇ بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىلىم ـ پەن

كەشپىيات سەۋىيىسى بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولۇپ، تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلغان. بۈگۈنكى دۇنيامۇ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتلىرىغا ئاساسەن ئۈچ دۇنياغا ئايرىلغان. كەلگۈسى دۇنيامۇ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا قاراپ بەلگىلىنىشى مۇمكىن. ھازىرقى دۇنيانىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس دېگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققىدىغان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەن - تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ خەلقى بىر قەدەر يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ياشايدۇ. ئەكسىچە ئىلىم - مەرىپەت، ئىجتىمائىي تۈزۈمى جەھەتتە ئارقىدا قالغان ئەللەر خەلقلىرى ھېلىھەم ئاچ - يالىڭاچ، ئازاب، ئوقۇبەتلىك، غۇربەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئۇلارنى پەقەت ئىلىم - پەن، ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈملا بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇنلا بۇ ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ داھىيانە گىگانت ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دۆلىتىنى بىلىم ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ ئادالەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرماقچى. خەلقنى بىلىم ئارقىلىق بەخت - سائادەتكە ئىگە قىلماقچى. دۆلەتنى بىلىم ئارقىلىق— توغرا قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلماقچى بولغان، ئالىم بۇ يۈكسەك ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر پارچە سىياسىي پروگراما ياكى بىر پارچە ئىسلاھات لايىھىسى يېزىپ چىقماستىن، بەلكى ئادالەتلىك دۆلەت قۇرۇش كىتابىنى، يەنى «بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم»نى يېزىپ چىققان، ئالىم بۇ ئەسىرىنى ئىجاد قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىغا لايىق ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىستىداتى، پەلسەپىلىك دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى، يۈكسەك زېھنىي تەپەككۇرىنى، قالتىس ئەدەبىي تالانتىنى، شائىرانە بەدىئىي ماھارىتىنى جارى قىلدۇرغان. ئىلىم - مەرىپەت، ئادالەت - ساداقەت، بەخت - سائادەت، ئەخلاق - پەزىلەت، ئىنسانپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى تېمىلار ئەزەلدىن دۇنيا ئىلغار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تېمىسى

بولۇپ كەلدى. مەيلى جۇڭگودا بولسۇن، مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن، قەدىمدە ياكى يېقىنقى زاماندا بولسۇن، بۇ تېمىلاردا، بولۇپمۇ «بىلىم» تېمىسىدا مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەر يازغان ئالىملار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى «قۇتادغۇبىلىك»كە يەتمىسە كېرەك. مەسىلەن: بىرىنچى، قەدىمكى ھىندىستاننىڭ «ۋېدا» (بىلىم) ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى قەدىمكى شېئىرلار توپلىمى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000 — 1500 - يىللار ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن. «ۋېدا»، «رىگوۋېدا»، «ساماۋېدا»، «يىرۇۋېدا» ۋە «ئاداپوۋېدا» دىن ئىبارەت تۆت توپلامدىن تەركىب تاپقان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى «رىگوۋېدا» (ۋېداغا مەدھىيە) بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «بىلىمگە مەدھىيە» دېگەن بولىدۇ. ۋېدا توپلىمى دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىدە پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدىغان دىنىي ئەسەردۇر (چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن 55 لېكسىيە بىرىنچى كىتاب). ئىككىنچى، قەدىمكى جۇڭگونىڭ كوڭزى، مېڭزى قاتارلىق پەيلاسوپ مۇتەپەككۇرلىرىمۇ ئەدەپ - ئەخلاق، ساداقەتلىك، جاھاننى ئىدارە قىلىش يوللىرى توغرىسىدا تەلىماتلار ئىجاد قىلغان. ئۈچىنچى، ئەرەب يازغۇچىسى ئىبنى مۇقەففە (مىلادى 724 — 759 - يىللار) نىڭ «كەلىلە ۋە دىمنە»، «كىچىك قائىدە - يوسۇنلار توپلىمى» ۋە «چوڭ قائىدە - يوسۇنلار توپلىمى»، «ۋەزىرگە خەت» دېگەن ئەسەرلىرى 10 نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئەرەب ۋە جاھان مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن (مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى 4 - كىتاب). ئىبنى مۇقەففەنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى، غايىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەد يۈكنەكىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. تۆتىنچى، ئەبۇ نەسىر فارابى (870 - 950) 80 يىللىق ھاياتىدا ھەر خىل پەنلەر بويىچە 120 توملۇق ئەسەر يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەقىل، پەزىلەت بەخت - سائادەت، جەمئىيەت ۋە دۆلەت، سىياسەت قاتارلىق تېمىلاردا سەككىز پارچە كىتاب يېزىپ قالدۇرغانلىقى مەلۇم، بۇ كىتابلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدىكى

قاراشلار» دېگەن كىتابى. بۇ كىتابلار گەرچە ماڭا تونۇش بولمىسىمۇ، تەبىئىيكى بۇ ئەسەرلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسىگە تەسىر قىلماي قالمايدۇ. بەشىنچى، ئەخمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» دېگەن ئەسىرى. ئالتىنچى، نەۋائىمۇ بىلىم توغرىسىدا شېئىرلار يازغان. يەتتىنچى، شەيخ سەئىدى «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرلىرىدىمۇ ئەخلاقىي پەزىلەت، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق تېمىلاردا يېزىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يېقىنقى زامان شائىرلىرى ۋە ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن بىلىم ھەققىدە شېئىر يازغانلىرىمۇ بار. مەسىلەن، نىم شېھىت، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇقەددىمىسىدە كىتابقا ئىسمى جىسمىغا لايىق توغرا باھا بېرىلگەن:

«يەنە بۇ بەك ئەزىز كىتابتۇر. بىلگەنلەر ئۈچۈن بىلىم دېگىنىدۇر» «(بۇ) قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن بېزەلگەن، شۇنداق ئىكەن، شۈكۈر قىل، قانائەت تىلە»، «(كىتابنىڭ) ھەممە يېرىگە دانىشمەنلەر سۆزلىرىنىڭ پارچىسى ئۈنچىدەك تەپتەكشى تىزىلغان»، «ھەممە تۈرك، چىن ۋە شەرق ئەللىرىدە — دۇنيادا بۇنىڭدەك باشقا كىتاب يوق»، «بۇنداق كىتابنى ئاۋۋال كىم بايان قىلغان» بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىم بۇنچىلىك ئۆز بايان قىلالىسۇن؟»، «قېنى، كىم بولمىسۇن، مۇشۇنداق يازالامدۇ؟ يازالىغىنى بار بولسا، ئۇنى ماختايمەن» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى 9 ـ، 11 ـ، 19 ـ، 23 ـ، 24 ـ، 25 ـ بېيىتلەر).

توققۇز ئەسىردىن بۇيان، بولۇپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» جاھان مىقياسىدا تونۇلۇپ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغاندىن بۇيان، يۇقىرىدىكى باھانىڭ توغرىلىقى تېخىمۇ ئىسپاتلانماقتا. دېمەك بۇ كىتاب دۇنيادا تەڭداشسىزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى قاراخانىيلار سۇلتانى ھەسەنگە تەقدىم قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆلگىسىنى

كۆرسەتكەن. دۆلەتنى، جەمئىيەتنى تۈزەش، ھاكىمىيەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ھەققىدە تەكلىپ، مەسلىھەت، نەسىھەت ۋە كەسكىن تەنقىد يېزىلغان مۇشۇنداق زور ھەجىمدىكى كىتابنى ئىجاد قىلىشقا ۋە ئۇنى بىر فېئودال ھاكىممۇتلەق دۆلەت ھۆكۈمرانىغا تەقدىم قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر ئىلگىرىكى زامانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى قەھرىمانلىق، قەيسەرلىك، ئىسيانكارلىق، شۇنداقلا قالتىس ئىسلاھاتچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پادىشاھ ھەسەننىڭمۇ بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىغا رۇخسەت قىلىپ قوللىشى، كىتابنى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ ئاپتور يۈسۈپنى «خاس»لىق (تايانغۇ) ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلىشى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن چوڭ خەلقچىللىق ۋە ئادىللىقتۇر (پادىشاھ ھەسەننىڭ بۇ ئىپادىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ياراتقان باش قەھرىمانى «كۈنتوغدى» نىڭ خاراكتېرىگە بىر ئاز ئوخشىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ).

تارىختا مەشھۇر ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى پادىشاھلارغا تەقدىم قىلغان. ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ مەنسەپ ۋە ئىلتىپات بېرىلگەن ئەھۋاللار ھامان بولغان. مەن بۇ ماقالەمنى يېزىش جەريانىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە پادىشاھلىق ئوردىسىدا مەنسەپدار بولغان، ئۆز ئەسەرلىرىنى ۋە «مەكتۇپلىرى»نى پادىشاھقا تەقدىم قىلىپ ئوردا ئىشلىرىغا پايدىلىق تەسىرلەرنى بېرىپ، پادىشاھنىڭ بىر مەزگىل ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ شۆھرەت قازانغان بىر قانچە مەشھۇر ئەدىبنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ باقتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغانلىرىنىڭ پادىشاھنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىگە ۋە ئۇنۋانىغا ئىگە بولغانلىرى ناھايىتى ئاز. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولغان. ئۇلاردىن بىر قانچىسىنىڭ پەقەت ئىسمىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتسەم كۇپايە قىلۇر. مەسىلەن، تاڭ شائىرلىرىدىن چىن زىئاڭ، جاڭ جۇلىڭ، ۋاڭ ۋېي، لى بەي، دۇفۇ، بەي جۈيى، خەنيۈي، ليۇ زوڭيۈەنلەر، ئەرەب كلاسسىك يازغۇچىلىرى ئىبنى مۇقەففە،

مۇتەنەببى؛ پارس كلاسسىك ئەدىبلىرى رۇداكى، ئەبۇلقاسىم پىردەۋسى، شەيخ سەئىدى، ھاپىز شىرازى؛ ئۇيغۇر، ئۆزبېك شائىرى نەۋائى ... قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي تەقدىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپلارنىڭكىدىن يامان بولغان. ئۇلار پادىشاھ ياكى ئوردا ۋەزىرلىرى تەرىپىدىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان.

ئومۇمەن ئالغاندا، شۇنى دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردىكى دۇنيا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپتۇر. ئۇنىڭ ئەسىرى «شەرقنىڭ قۇتادغۇبىلىك» كىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى «پۈتۈن دۇنيانىڭ قۇتادغۇبىلىكى» بولۇشقا، جاھان ئىدىيولوگىيە خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

1993 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

## 3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا بولغان تەسىرى

ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — يازما ئەدەبىياتتىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى، يەنى ئىنسانىيەت تېخى يېزىقتا ئىگە بولمىغان زامانلاردىلا پەيدا بولغان. خەلق ئەدەبىياتى نەچچە ئون ئەسىرلىك تارىخى داۋامىدا ئىپتىدائىي ئاڭ فورمىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، خەلقنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مول مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقىغا ئايلاندى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاجرالماس تارىخىي مۇناسىۋىتى بار، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ «سۈت ئانىسى». ماكسىم گوركىينىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئۇ يازما ئەدەبىياتنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ بەردى. يازما ئەدەبىياتنىڭ رەسمىيلىشىپ تەرەققىي قىلىشىدا پوئېتىك شەكىل ۋە تىل ئۇسلۇب بايلىقىنىڭ مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. . . دېمەك دۇنيادا ھەر قانداق مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شۇ مىللەتنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىدۇر. مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، قەدىمدىن تارتىپ زامانىمىزغىچە دۇنياغا كەلگەن ھەر خىل ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن.

جۇملىدىن، ئۇيغۇر كونا يازما ئەدەبىياتىمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەمۇنە ـ ئۆرنەك ۋە بەدىئىي ئامىللارنى قوبۇل قىلغان. ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر ئالىملىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات خەزىنىسىدىن ئۆز ئىجادىي ئەسەرلىرى ئۇچۇن ئەڭ تەسىرلىك سۇژىتلارنى، ئۆلمەس ئوبراز ۋە پوئېتىك شەكىللەرنى قوبۇل قىلىپ، كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇگۇنكى سەۋىيىگە كۆتۈردى. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىمۇ مۇشۇ ئەنئەنىچىلىك (ترادىتسىئونچىلىق) قانۇنىيىتىدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

«ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»، «قىسەسسۇل ـ ئەنبىيا» ۋە خاقانىيە ئەدەبىياتى دەۋرىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن «پەرھات ۋە شېرىن»، «تاھىر ۋە زۆھرە»، «غېرىپ ۋە سەنەم»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «رابىيە ـ سەئىدىن» قاتارلىق يىرىك داستانلارنىمۇ قەدىمكى خەلق رىۋايەتلىرى، چۆچەك، داستانلىرىنى ئاساسىي مەنبە ۋە ئۇلگە قىلىپ ئىجاد قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرىدۇ. بۇ ئەسەر قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ (مىلادى 870 ـ يىلى) تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ئۆتكەن، قاراخانىيلار مەدەنىيىتى تازا گۇللەپ روناق تاپقان دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ دەۋر ئىنسانىيەت تارىخىدا تەڭداشسىز ئۇلۇغ مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى كەشىپ قىلىنغان تارىخىي دەۋر بولۇپ قالدى. ئەبۇنەسىر فارابى، مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئەخمەد يۇكنەكى قاتارلىق ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مانا مۇشۇ ئالتۇن دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇ ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ بەدىئىي قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنى جەھەتلەردىن ئالغاندا، ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسىدۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»

داستانىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى فارابىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، فارابى يۇنان پەلسەپە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ، فارابى ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، فارابىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. يۇسۇپ خاس ھاجىپ نۇرغۇن پەنلەر بويىچە كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولۇش بىلەن بىللە ئۇ تىل ـ ئەدەبىياتشۇناس، فولكلورشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىك نەمۇنىلىرىنى تىل ـ سۆز دۇردانىلىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ قوللانغان. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خىلمۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن، خەلقنىڭ جانلىق گۈزەل سەنئىتىدىن ئەركىن، بىمالال پايدىلانغان. داستان قويۇق خەلق ئەدەبىياتى تۈسىگە ئىگە بولغان بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىدىكى كۈچلۈك تەسىرچانلىق گۈزەللىك (ئېستېتىك) ۋاستىلەر بىلەن جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىر كۈچى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ۋە دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە قىلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» 11 ـ ئەسىردە بىر زامان، بىر ماكاندا خۇددى قوشكېزەك بوۋاقلاردەك دۇنياغا كەلگەن داھىيانە ئەسەرلەردۇر. بۇ ئىككى ئەسەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىمۇ مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە. «قۇتادغۇبىلىك» 11 ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى بىزگە بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بولسا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» جانلىق تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك 11 ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىنىڭ مۇجەسسەمىدۇر» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 27 - بەت)، يۇسۇپ خاس هاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى قويۇشىمۇ ئۆزىنىڭ زاماندىشى، يۇرتدىشى مەهمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىچىدىكى «قۇت بەلگىسى بىلىك» (بەخت - سائادەتنىڭ بەلگىسى بىلىم، دېگەن خەلق ماقالىسىدىن ئىلهاملىنىپ «قۇتادغۇبىلىك» بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم) دەپ نام قويغان. بۇ ئىسىم ئەسەرنىڭ جىسمىغا تازا مۇناسىپ بولغان.

مەهمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈشتىن ئىلگىرى تۈركىي ۋە ئەرەب تىلىدا يېزىلغان لۇغەتشۇناسلىققا دائىر هەر خىل ماتېرىياللارنى كۆپ ئوقۇغان، جۈملىدىن ئەرەپ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسى، قۇرئان ۋە هەدىسشۇناسلىقنى ناهايىتى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئۆگەنگەن. مەهمۇد قەشقەرى بۇ ئەسىرىنى ئۆزىدىن ئىلگىرى هېچكىم قوللانمىغان ئۇسۇل بىلەن يازغان. ئاپتور بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ ئىشنى يېڭىدىن ئېنىقلاش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن هېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە هېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاهىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم»، «مەن بۇ كىتابنى هېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن ماقال - تەمسىللەر، بېيىت، قوشاقلار، سەجئىلەر، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 16 - بەت).

«مەهمۇد قەشقەرى ئەرەبچە ئەسەر يازغان ئاپتورلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئالماي، خەلق ئارىسىدىكى جانلىق پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىپ بەرگەن يېگانە ئاپتوردۇر» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 17 - ، 18 - بەتلەر)، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا تۈرلۈك تېمىدا جەمئىي 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تۆت مەزمۇنغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، داستانلار؛ ئىككىنچى، مەرسىيىلەر؛ ئۈچىنچى، قوشاقلار؛ تۆتىنچى، ساقىينامە ۋە

ئوۋچىلىق قوشاقلىرىدىن ئىبارەت. ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر 200 دىن ئاشىدۇ («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 21 -، 22 - بەتلەر).

يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تەخمىنەن بىر ئەسىر كېيىن ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) دېگەن ئەسىرى دۇنياغا كەلگەن، يۈكنەكى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى يېزىشتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپە، ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنىڭ تەسىرىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۈسۈپ بىلەن ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ئارىلىقىدا بىر ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە قارشى خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىردەكلىككە ئىگە بولغان. يەنە كېلىپ بۇ ئىككى ئالىمنىڭ غايىسى، تەتقىقات ئوبيېكتى، سىياسىي تەشەببۇسى، ئەڭ قەدىرلەيدىغان ماھىيەتلىك مەسىلىسى «بىلىك» (بىلىم) دىن ئىبارەت بولغان. ئىككى ئالىمنىڭ ئىككى ئەسىرىنىڭ ھەجمى چوڭ - كىچىك بولسىمۇ، مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى مۇئەييەن ئورتاقلىققا ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» (بىلىم - بەخت سائادەت كەلتۈرگۈچىدۇر) دەپ قارىسا، ئەخمەت يۈكنەكى «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» (بىلىم ھەقىقەت ئىشىكىنى ئاچقۇچىدۇر) دەپ ھېسابلىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي يوللىرىنى (داۋلىلىرىنى) ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئەخمەت يۈكنەكى ئۆز ئەسىرىدە دىداكتىك (پەند - نەسىھەت) بايان قىلىش ئارقىلىق خارابلىشىۋاتقان جەمئىيەتنى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەخلاقىي يوللار بىلەن تۈزەپ - قۇتقۇزۇپ خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئەسلى تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ ئىككى ئالىمنىڭ (يۈسۈپ بىلەن ئەخمەتنىڭ) ئىككى ئەسىرىنى كۆپ سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، ئادىل پادىشاھنىڭ

سىمۋولى «كۈنتۇغدى»نى باش قەھرىمان قىلىپ يارىتىشتا تارىخىي داستانلاردا سەلتەنەت تەسۋىرلەنگەن ئالىپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ) ۋە مەشھۇر ئىران شاھى نۇشىرۋان ئادىل (ئانۇشىرۋان) خىسراۋ (531 — 579) لارنىڭ ئوبرازىنى ئۈلگە قىلىدۇ.

پارىس شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى «شاھنامە» داستانىدا، توڭا ئالىپ ئەر (ئافراسىياپ)نى سەلبىي قەھرىمان قىلىپ يازغان، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئافراسىياپنىڭ قەھرىمانلىقلىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىكلىرى ھەققىدىكى قوشاقلارنى ۋە مەرسىيە قوشاقلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: «تۈرك بەگلىرى ئىچىدە نامى مەشھۇر بولغىنى سائادەتمەن توڭائالىپ ئەر ئىدى» «يۈقىرى بىلىمى بىلەن پەزىلىتى كۆپ، بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، خەلقىنىڭ خىلى ئىدى»، «ئاجايىپ خىل، يارامliق جەسۇر ئەر ئىدى. دۇنيادا زېرەك ئەرلەر جاھان سورىدى»، «تاجىكلار ئۇنى ئافراسىياپ دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئافراسىياپ (كۆپ) ئەللەرنى باشقۇردى»، «ناھايىتى كۆپ پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم كېرەككى، جاھان سورىغۇچى ئاندىن (جاھانغا) قول سۇنسۇن» دەپ يازدى («قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 277 ـ، 278 ـ، 28 ـ، 281 ـ بەتلەرگە قاراڭ).

«پاراسەت ـ قاراڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشىشىدۇ، بىلىم ـ يورۇقلۇق (بولۇپ) سېنى يورۇتىدۇ»، «كىشى پاراسەت بىلەن ئۆرلەپ، بىلىم بىلەن يۈكسىلىدۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن ئەر قەدىر ـ قىممەت تاپىدۇ»، «بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ نوشىرۋانغا قارا، (ئۇ) جاھاننى پاراسەت كۆزى بىلەن يورۇتتى»، «توغرا قانۇن يۈرگۈزدى، خەلق بېيىدى، ياخشى دەۋرانىي نامىنىمۇ ياخشى قىلدى». («قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 288 ـ، 289 ـ، 290 ـ، 291 ـ نەزمىلەرگە قاراڭ). ئاپتور «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ياراتقان قەھرىمان «كۈنتۇغدى»نى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «دۇنيادا بىر دانا بىلىمدان بەگ بار ئىدى. ئۇ ئۆزۈن

بەگلىك قىلىپ ئۆتتى» ، «بۇ نامى مەشھۇر كۇنتۇغدى ئىدى. جاھانغا داڭق چىققان بەخـتــيــار ئىدى» ، «بىلىملىك، ئىدراكلىق، سەزگۇر بەگ ئىدى. يامانلارغا ئوت، دۇشمەنگە ئاپەت ئىدى» . «ئۇ باتۇر ۋە مەغرۇر، توغرا تەبىئەتلىك ئىدى. بۇ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى كۇنتۇغدى (يۇقىرى) ئۆرلەتتى» ( «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىئىي يەشمىسى 405 ـ، 406 ـ، 408 ـ، 409 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) . يەنە «بەگلىكنىڭ ئۇلى ئادالەت ئۇستىگە قۇرۇلغاندۇر، بەگلىكنىڭ يىلتىزى ئادالەت بولىدۇ» (821 ـ نەزمە) .

«ئادىل، توغرا بەگكە ئىگە بولغان خەلق بەختلىكتۇر. خەلق بەختلىك بولغان بەگمۇ سائادەتلىكتۇر» (1789 ـ نەزمە) دەپ يازغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، ئادالەتلىك دۆلەتنىڭ تۆت تۈۋرۈكى بولغان كۇنتۇغدى، «ئايتولدى» ، «ئوگدۈلمىش» ، «ئۇدغۇرمىش» لارنىڭ ئوبرازلىرى خەلق داستانلىرىدىكى ئادىل پادىشاھ، دانىشمەن بەگ ۋەزىرلەرنىڭ سۈپەتلىرى تەسۋىرلەنگەندەك تەسۋىرلىنىدۇ، ئاپتور ئىران ـ پارس رىۋايىتىدىكى زالىملىق بىلەن داڭ چىقارغان جاھالەتپەرەس شەخس زۇھهاك بىلەن ئىراننىڭ غايىۋى ھۆكۈمرانى جەمشىدنىڭ نەۋرىسى، زۇھهاكنى يوقىتىپ ئادالەت ئورناتقان فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) نى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ: «پەس زۇھهاك نېمە ئۇچۇن سۆكۈشكە لايىق بولدى، بەختلىك فەرىدۇن نېمە ئۇچۇن ماختالدى؟ «بىرى، ياخشى ئىدى. ئۇنى ماختاشتى، بىرى يامان ئىدى، ئۇنى سۆكۈشتى» ، «ساڭا يامانلىق لايىقمۇ ياكى ياخشىلىقمۇ؟ سۆكۈشنى خالامسەن ياكى ماختاشنىمۇ» ؟ «كىشى ياخشى نام بىلەن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. يامان نام چىقارغانلارغا ئۆلگەندە قارغىش ياغىدۇ» ( «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى 241 ـ، 242 ـ، 243 ـ، 246 ـ نەزمىلىرى) .

يەنە «قۇتادغۇبىلىك» دىكى نەزمىلەرنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خەلق ماقال، قوشاقلىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلايدىغان مىساللاردىن بىر قانچىسىنى كەلتۈرۈشنى خالايمەن:

بىرىنچى، باھار تەسۋىرى ھەققىدىكى قوشاق ۋە نەزمىلەردىن:

مەيلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بولسۇن، ياكى «قۇتادغۇبىلىك» دە بولسۇن، باھارنى تەسۋىرلەيدىغان قوشاق، نەزمىلەر كۆپ، «يامغۇر يېغىپ تامچىلىرى چېچىلدى، تۈرلۈك گۈل - چېچەكلەر ئۈسۈپ چىقتى. ئۈنچە مارجان قاپلىدى، ئاق چېچەكلەر ئېچىلدى، خۇددى سەندەل بىلەن ئىپار يۇغۇرۇلغاندەك خۇش پۇراق چېچىلماقتا» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 170 - بەت). «بوز يەردىن كافۇردەك (قارلار) كېتىپ، ئىپار بىلەن تولدى، دۇنيا ھۆسنىگە تولۇپ بىزەنمەكنى ئىستىمدى» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 64 - نەزمە) «ھەر خىل گۈل - چېچەكلەر توپلاندى، غۇنچىلار پوقاق بولۇشتى، غۇنچىلىرى خۇددى تۈگۈنلەردەك تۈگۈلدى، ئېچىلىپ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتتى» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 - توم، 416 - بەت). «بوز يەر يۇزىگە يېشىل يىپەك يايدى، (گويا) قىتان كارۋىنى تاۋغاچ تاۋار - دۇردۇن يېيىشۋەتكەندەك بولدى» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 68 - نەزمە).

ئىككىنچى، زاماننىڭ بۇزۇلۇقىنى پاش قىلىدىغان قوشاق ۋە نەزمىلەردىن:

«زامان زەئىپلەشتى، پەزىلەت ئازايدى. بۇزۇق - يامان ئادەملەر باش كۆتۈردى. زامان ئەھلى دۇنيانىڭ پەزىلەت بېگى ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈشى بىلەن پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مەھرۇم بولدى» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 55 - ۋە 139 - بەتلەر). «بىلىملىكلەرنىڭ ھالى خارابلاشتى، زامان ئۇلارنى چىشلەپ تارتتى، ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ گۆشى بۇزۇلۇپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن يەردە سوزۇلۇپ يۇرمەكتە» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 415 - بەت). «ئىنسان دېگەن نام قالدى، كىشىلەرنىڭ ياخشى قىلىقى تۈگىدى، بۇ قىلىق نەگە كەتتى، مەنمۇ ئارقىسىدىن باراي» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 6575 - نەزمە). «خەلق نېمىگە بۇزۇلدى، نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەتلىرىنى تاشلىدى؟ قانداق زامانغا دۇچ كەلدىم، ئەمدى نەگە باراي»

«ھەممە ياخشىلىق كىتىپ قالدى. قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئىلىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى قالدى. ياخشىنى قانداق تاپاي؟» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 6588 ـ نەزمە)، («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 6595 ـ نەزمە).

ئۈچىنچى، دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچىلىكى ھەققىدىكى قوشاقلاردىن:

«مىنى دۇنيا ئالدىدى. سۆيۈپ ئۆزىگە چاقىردىيۇ، كۆڭۈل بىرىۋىدىم، تىزلا يۈزىنى ئۆرىدى» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 1172 ـ نەزمە).

«بەزى قىلىقى قىزنىڭكىدەك، خۇلقى چىرايلىق، ئاشىق قىلدى، تۇتاي دىسەڭ قولىنى بەرمەيدۇ» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 400 ـ نەزمە).

«قارامەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆزۈم مىنى ئەسىر قىلدۇ، ئەسىر قىلدۇ ـ دە، يەنە قىچىپ كىتىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 82 ـ بەت).

«بۇ دۇنيا قونالغۇ، سەن كارۋان ھىسابلىنىسەن، كارۋاننىڭ قونالغۇدا تۇرىدىغان ۋاقتى قانچىلىك بولاتتى. («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 1443 ـ نەزمە). «ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشىشىدۇ. قونالغۇدا ئۇزۇن قونالماس، ئۇنىڭ مەنزىلى قىينى» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي يەشمىسى، 1386 ـ نەزمە). «زامان ئۆتەر، كىشى تويماس، ئادەم بالىسى مەڭگۈ قالماس» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 62 ـ بەت).

«قارىسام كۆرۈنمەيدۇ، دۇنيانىڭ ئۇچى، دۇنيا دىگەن ئەسكى راۋات، مەن بىر ئۆتكۈنچى» (قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن).

يۇقىرىدىكى بىر قانچە مىساللاردىن كۆرۈۋىلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئىجات قىلىشتا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماقال، نەزمە، قوشاقلىرىدىن پايدىلانغان.

خەلق ئىغىز ئەدەبىياتىدىكى دىنىي ئەنئەنىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»

داستانىغا بولغان تەسىرىگە كەلسەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەدىمدىن تارتىپ خەلقىنىڭ تارىخىغا ئايرىلماس ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقى تارىختا بىر قانچە دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمۇ ھەر خىل دىنلارنىڭ قويۇق تەسىرىدە بولۇپ كەلدى. ھەتتا مەلۇم دەۋرلەردە دىنىي ئەدەبىيات مۇئەييەن ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. ئۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردە دىنىي تۈس، مەسىلەن، ئىككى ئالەم كۆز قارىشى، دوزاخ - بېھىش، تەركىدۇنيالىق خاھىشى قاتارلىقلارنىڭ قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ دىنىي، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىپ، شۇ تارىخىي دەۋر بىلەن چەكلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى دېيىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ھۆكۈمرانلىقىدا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن، يەنى بىسمىللا بىلەن باشلىنىپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەرگە قەسىدە، تۆت چاھارىيارغا ۋە پادىشاھ - خاقانلارغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەنئەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا قېلىپلاشقان ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق»، «قىسەسسۇل ئەنبىيا»، «چىڭگىزنامە»، «تارىخىي مۇسىقىيۇن»، «تارىخىي ھەمىدىيە» قاتارلىق ئەسەرلەر پۈتۈنلەي ئىسلام ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەر شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى «قاراخانىيلار ئەدەبىياتى» ياكى «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەۋرىگە مەنسۇپ بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن، ياشىغان ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوخشاشلا، «قۇتادغۇبىلىك»تىمۇ ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىيات ئۇسلۇبلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنى «بۇ

كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر» دەپ يازغان. مەھمۇد قەشقەرىمۇ: «ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە پۇتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋان لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئات قويدۇم» («دىۋان» 16 - بەت) دەپ يازغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ باشلىنىشى، ھەر بىر بابنىڭ باشلىنىشى ۋە تاماملىنىشىدا ئاللانى سىغىنىدىغان ئىبارىلەر يېزىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئاللاغا بېغىشلانغان قەسىدە، 1 - بابتا ئاللاغا ئوقۇلغان مەدھىيە 60 مىسرا، 2 - بابتا پەيغەمبەرگە ئوقۇلغان مەدھىيە 30 مىسرا، 3 - بابتا چاھارىيارلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە 28 مىسراغا يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، «كۈنتۇغدى»، «ئايتولدى»، «ئوگدۈلمىش»، «ئودغۇرمىش» لار بىلەن بولغان سۆھبەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، ئاللاغا، پەيغەمبەرگە سىغىنىدىغان سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ۋە تەكرار سۆزلەنگەن. بۇلار خەلق ئەدەبىياتىدىكى دىنىي ئەنئەنىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دىكى قويۇق تەسىرىدۇر. بۇ مەسىلىنى مۇئەللىپنىڭ دۇنيا قارىشى، تارىخ ۋە دەۋر چەكلىمىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن نەۋائى ۋە يېقىنقى زامان كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ۋە دىنىي ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى بولغاندىن تاشقىرى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى بار، مەسىلەن:

«خۇدايىم بەردى مۇساغا تەجەللى تۇر تاغىدا،
يەنە ئۆز پەزلىدىن كۆرسەتتى ئەجدىھا تاياغىدا،
كۆرۈڭ نەمرودمۇ شىرىكىنى خۇدالىق دەۋاسىن قىلدى،
جازالار بەردى تۆت يۈز يىل پۇچۇق پاشەدىماغىدا.»

(نەۋائى، چەببىيات مۇقامىنىڭ بىرىنچى مەشرەپى 12 مىسرا)

«ئەدەبنىڭ دەستىسىن تۇتقىل، ئەدەبتىن ياخشى راز ئولماس،

ئەدەبسىز ئىككى ئالەمدە، بىلىڭكىم، سەرپەراز ئولماس»

(فۇزۇلى، راك مۇقامىنىڭ ئۈچىنچى داستانىدىن)

«ئۆلۈمدىن بىخەبەر بولما، ئۆلۈش ناگاھ ساڭا پەيدا»
ياقاڭدىن ئالسا قويماس، ئەيلەسەڭ يۈز ئاھۇ ۋاۋەيلا،
ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا شاھۇ، گەداھ بارچە بارابەردۇر،
ئۈشۈنداق مۇستەپا ئۆتتى، يە ئۆلمەس كىشى قايدا.»

(ھۆۋەيدا، ئوشاق مۇقامىنىڭ بېشى)

«دۇنياغا كېلىپ، رەنجۇ بەلانى كۆرۈپ ئۆتتۇم،
ئۇل رەنجۇ بەلا دەستىدىن ئۆرگۈلۈپ ئۆتتۇم.
باقسام بۇ جەھاندا ھەممەگە دەردۇ ئەلەم بار.
ھەر ئادەمنىڭ كۆڭلىدە بىر زەررەئى غەم بار»

(مەشرەپ، مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ ئىككىنچى مەشرىپىدىن)

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ قېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈش رولىنى ئوينىغان. ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى مەڭگۈ داۋاملاشقۇسىدۇر.

1994 ـ يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# 4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا فولكلورنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە رولى

ئۇرخۇن دەريا ساھىلى ۋە سىبىرىيىدىكى يېنىسەي دەريا ساھىلىدىن تېپىلغان تاش پۈتۈك، ئابىدىلەر دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. نۇرغۇن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىپ تەتقىق قىلىنغان. مەسىلەن، رادلوف، مالوف، رەشت رەخمەت ئارات، ھۈسەيىن نامىق ئۇرغۇن، گابايىن خانىم، ب. ئاتالاي، شىناسى تېكىن ۋە باشقا بىر قانچە چەت ئەللىك ئارخېئولوگ، ئالىملار قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما پۈتۈك يادىكارلىقلار ئۈستىدە بەس - بەس بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى دۇنياغا ئېلان قىلغان. بۇ ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ شەكىل گۈزەللىكى، پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلام - پاساھەتلىكلىكى، قوللىنىلغان ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىق - چۈشىنىشلىكلىكى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى قاتارلىق جەھەتلىرىگە ھەيران قالغانلىقىنى بايان قىلغان، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭكىدەك مول ۋە مۇكەممەل بولمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ... بىز بۇ پاكىتلار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ۋە قاراخانىيلار دەۋرلىرىدە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي قەبىلىلەر ئۇزاق يىللار

(تەخمىنەن 700 يىل) داۋامىدا ئارىلىشىپ ياشىغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركى خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ئەنە شۇ ئۈچ خانلىق دەۋرلىرىدە ھاكىمىيەت تىلى بولۇپ قوللىنىلغان. 7 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئەسەرلىرى، ھۆججەتلىرى ھەم داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. مەسىلەن: «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئوغۇزنامە»، «چاشتانى ئىلىك بەگ» ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ھاكىمىيەت تىلى بولغاچقا «خاقانىيە تىلى» دەپمۇ ئاتالغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە خاقانىيە تىلى تەرەققىي قىلغان ھەممىگە قادىر — مۇكەممەل، پاساھەتلىك تىل ھېسابلانسىمۇ، شۇنىڭدەك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ گىگانت ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا تامامەن ئىمكانىيەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر رايونلىرىدا، ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ، ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئىجاد قىلغان.

ئالىم مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا نىسبەتەن ئابرۇيىنى، شان ـ شۆھرىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ئەينى تارىخىي دەۋردە ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى، قىزغىنلىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر ياشايدىغان شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلارنى 15 يىل ئارىلاپ كېزىپ، تۇرمۇشقا چۆكۈپ، جاپالىق تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ئىنتايىن مول ۋە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى، فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ چىققان. ئەنە شۇ ماتېرىياللاردىن 300 گە يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 242

كۆپلېت شېئىرىي پارچە (بېيىت، قوشاق، روبائىيلار)، 8000غا يېقىن سۆز - ئىبارىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزگەن.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز كىتابى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى قانداق يازغانلىقى، يېزىشتا قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى ۋە نېمىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى مۇنداق يازغان:

«. . . مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۈرۈقلۇق ئۇلارنىڭ (تۈركىي خەلقلەرنىڭ) شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم . . . پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم. بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، قاپىيىلىك نەسرلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم». بىز بۇ مەلۇماتلاردىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىدا خەلق فولكلورىنىڭ تۇتقان مۇھىم ئورنىنى ۋە ئوينىغان مۇھىم رولىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىزگە مەلۇم، خەلق ئەدەبىياتى (فولكلورى) بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئانىسى ۋە مەنبەسى. ھەرقانداق ئەدەبىيات ژانىرلىرى خەلق ئاممىباب تىلىنى ئۈلگە قىلىدۇ. داڭلىق ئەدىبلەرمۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئالىدۇ. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلى مىللەت فولكلورىدىن پايدىلىنىپ، شۇ مىللەت تىل تەركىبىنى تولۇقلايدۇ، شۇنداقلا تىل قۇرۇلمىسى ياكى لۇغەت پوندىنى تۈزەيدۇ. 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى، ئۆز زامانىسىنىڭ سۆز ئۇستىسى، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئەينى زاماندا ئەڭ پاساھەتلىك بولغان خاقانىيە تىلىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، تۈركىي تىلىنى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى تۇلپارغا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن

تۈركىي خەلقلەرنىڭ فولكلور ئىلمىغا مۇراجىئەت قىلىنغان. تۈرك تىلىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرۈشتە، مەنىسىنى ئىپادىلەشتە، خەلق فولكلورىنىڭ كۆپ خىل، رەڭگارەڭ شەكىلدىكى ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.

مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن بولدى. ئالىملار: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر» دەپ يۈكسەك باھا بەرگەن.

گەرچە، بىز بۈگۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولساقمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» نى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى يەنىلا خەلق فولكلورى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالماي تۇرالمىدىم. بىزگە مەلۇم «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تەڭداش، زاماندىش، ماكاندىش ۋە ئاپتورلىرى مىللەتداش بولغان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەردۇر. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تىل - يېزىق سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ خەلق ئەدەبىياتىدىن مول ئۇزۇق ئالغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا 250 دىن كۆپرەك جايدا خەلق ماقال - تەمسىللىرى، ئەقلىيە سۆزلەر، ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش ۋە باشقىلار نەقىل كەلتۈرۈلگەن. مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان بۇ سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، «داستانىنىڭ مىسرالىرىدا ئۈنچە - مەرۋايىتتەك نۇر چاقنىتىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئەسەرنى سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. شۇڭا، ئالىملار

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى «ئۇيغۇر مىللىي تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تىلىنىڭ نەمۇنىسى» دەپ يۇقىرى باھالايدۇ.

دىمەك «تۈركىي تىللار دىۋانى» جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى جەھەتتىن ئالغاندا، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى شان - شۆھرەتكە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ قېلىشى، شەرق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يىقىلماس مۇنارى ۋە ئۆچمەس نامايەندىسى بولۇپ، 10 ئەسىردىن بۇيان پارلاق نۇرىنى چېچىپ تۇرۇۋاتقان مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالىملىق ئىستېداتىغا ئىگە ئاساسىي شەرتلىرىدىن باشقا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىدا خەلق فولكلورى مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى ۋە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدۇر.

2000 - يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# 5. ئۇيغۇر تىياتىر تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات

جۇڭگو ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىش — جۇڭگو تارىخ ـ مەدەنىيەت ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇملىدىن، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى بۈنىڭدىن ھەم مۇستەسنا ئەمەس. جۇڭگو ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تەرەققىيات تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە، ھەتتە دۇنياغا تونۇلدى. بۇ زور تارىخىي تەرەققىياتنى ئۇيغۇر تىياتىرشۇناسلىرى، دراماتورگلىرى، رېژىسسورلىرى، كومپوزىتورلىرى ۋە ئارتىسلىرىنىڭ زور ئەمگەك بەدىلىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر تىياتىرشۇناسلىرىمىز ئۇيغۇر تىياتىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا كۆپ ھەم مۇئەييەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. لېكىن، بۇ خىزمەت ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى دېگەندەك چوڭقۇر قانات يايالمىدى. بەزى تىياتىر تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، راۋاجلىنىشىنى مىلادىيە 1930 ـ يىللىرى بىلەنلا چەكلەپ چۈشەندۈردى. ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنى مۇنداق بايان قىلىش جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئەمەلىيىتىگە ۋە تارىخىي ئىزچىللىق پرىنسىپىغا تازا ئۇيغۇن ئەمەس. ئەگەر بۇ ماقالىلەر پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىلا يېزىلغان بولسا، ئۇ چاغدا چۈشىنىشلىك بولغان بولاتتى. لېكىن، بۇ ماقالىلەر مىلادى 1930 ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئۇزاق سەنئەت تارىخىمىزدا ئۇيغۇر تىياتىرى مەۋجۇت بولمىغانمۇ؟ دېگەن گۇماننى

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىز ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالىكتىك ماتېرىيالىزم پرىنسىپىنى يېتەكچى قىلىشىمىز كېرەك. بىزگە مەلۇم، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخى — قەدىمكى زامان تارىخى، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى، يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخى دەپ تۆت تارىخىي دەۋرگە بۆلۈنۈپ سۆزلىنىدۇ. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەت، جۈملىدىن مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تىياتىر سەنئىتىمۇ ئەنە شۇ تارىخىي دەۋرلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك. مەلۇمكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت - سەنئىتى بولىدۇ. ھازىرقى زامان سەنئىتى، جۈملىدىن تىياتىر سەنئىتى قەدىمكى ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەتكە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنىڭ تەرەققىياتىمۇ شۇ قانۇنىيەتتىن مۇستەسنا ئەمەس.

«ئىنسانىيەت تارىخى — خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش جەريانىدا جەمئىيەتنى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى يارىتىش تارىخى. ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئاساسەن مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، راھەت ۋە جاپاسىنى، خۇشاللىق ۋە خاپىلىقىنى، ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىنى ئېغىز تىلى، چالغۇ ئەسۋاب تىلى، بەدەن ھەرىكىتى تىلى بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. كىشىلەرنىڭ مۇنداق ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى ئىپتىدائىي جامائە دەۋرىدە، قۇلدارلىق دەۋرى، فېئودالىزم دەۋرى ۋە كاپىتالىزم دەۋرىگىچە قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلىپ، ھەربىر مىللەتنىڭ تۈپلۈك خۇسۇسىيىتىگە — ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك خۇسۇسىيىتىگە ئايلانغان. ئۇيغۇر خەلقىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇنىڭ ئىچىدىكى سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپلا «ئەلنەغمە» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر مىللىتى قەدىمىي مىللەت، شۇنداقلا قەدىمىي مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە ئىگە مىللەت. ئۇنىڭ تىياتىر سەنئىتىمۇ ئۇزاق تارىخقا ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنبەگە ئىگە. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە تارىخىي يازما ماتېرىياللاردىن كۆرۈۋالالايمىزكى، تاش قورال دەۋرلىرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل، ناخشا، مۇزىكا سەنئەتلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، قىيا تاشلارغا، تاشكېمىرلەرگە ئۇسسۇلچىلار، سازچىلار، موللاقچىلار، ئوۋچىلار، چوپانلار، هارۋىكەشلەر، هايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرى، يۇمۇرلۇق قىياپەتلىرى ئوبرازلىق سىزىلغان. كۇچا، باي، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىمۇ ئۇيغۇر قەدىمكى تىياتىر سەنئەتلىرىنىڭ هەرخىل تۈر ـ شەكىللىرى سىزىلغان. «قىزىل مىڭئۆي هەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، قىزىل مىڭئۆيدىكى رەسىملەرنىڭ هەممىسى بۇددىزم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان بۇددىزم رەسىملىرىدۇر. ئۇنى رەسىملەشتۈرۈلگەن بۇددىزم كىتابى دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ». «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ بەزىلىرى مىلادى 14 ـ يىلى سىزىلغان، يەنى بۇنىڭدىن 1984 ـ يىل بۇرۇن سىزىلغان.»

هەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ هەممە ژانىرلىرى بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولغان ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن ئۇزاق زامان قىلغان كۈرەشلىرى ۋە ئەمگەكلىرى داۋامىدا ئىپتىدائىي ئۇسسۇل، مۇزىكا، ناخشا قاتارلىق ئويۇن ـ سەنئەتلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇر ئىپتىدائىي سەنئىتىمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئويۇن ـ سەنئەت تۈرلىرى كۆپىيىپ يۇمۇرلۇق، ئوبرازلىق ئويۇنلار، قىسقىسى بەدىئىي شەكىللەر بارلىققا كەلگەن.

بىز ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇيغۇر خەلق فولكلور ئىلمىگە مۇراجىئەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتى ئىنتايىن مول فولكلور مەدەنىيىتىگە ئىگە مىللەت. ئۇيغۇرلارنى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك

مىللەت دېگىنىمىزدە، ئۇيغۇر خەلق فولكلورى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنىمۇ كۆزدە تۇتىمىز. فولكلورشۇناس، پروفېسسور ئابدۇكېرىم راھمان، ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تارىخىنى بىر قانچە دەۋرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن، يەنى ئەپسانە دەۋرى، رىۋايەتلەر دەۋرى، ئېپوسلار دەۋرى — قەھرىمانلىق دەۋرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن، دەيدۇ. «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ئەپسانە، رىۋايەت، داستان، ھېكايە، چۆچەك، ماقال - تەمسىل ۋەھازاكالاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرى شىمالىي قۇملۇقتا ناھايىتى ئۇزۇن بىر ناخشا - قوشاق، لىرىك شېئىر دەۋرىنى ياكى تازا گۈللەنگەن ئېپوس دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، شۇنداقلا غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر ئەجدادلار تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك خەلقلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا فولكلور دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

«11 - ئەسىردىن بۇرۇنلا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى ئىنتايىن ۋايىغا يەتكەنىدى. خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ھەم قەدىمىي، ھەم گۈزەل ئەپسانىلەر، سەلتەنەتلىك تارىخىي داستانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خەلق قوشاقلىرىغا كەلسەك، بۇ مىللەت خەلق قوشاقلىرىغا تېخىمۇ باي ئىدى. بۇ قوشاقلارنىڭ ئىچىدە تاش قورال دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەجدادلارنىڭ ياۋايى مېۋىلەرنى تېرىۋېلىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش ئارقىلىق ھايات كەچۈرگەنلىكىگە ئائىت قوشاقلارمۇ، سەمىمىي ھېسسىيات، ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان مۇھەببەت قوشاقلىرىمۇ، چاققان ۋە ئۆزگىچە گۈزەل مەي قوشاقلىرىمۇ، تاغ - دەريالارنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان جەڭ قوشاقلىرىمۇ بار ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى بۇ شېئىرلار مەيلى شېئىرىي تىل، ياكى شېئىرىي پىكىر يېقىدىن بولسۇن، خېلى يۈكسەك سەۋىيىدە ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى يوغۇرۇلغان، پەلسەپىۋى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ماقال - تەمسىل،

ھېكمەتلىك سۆزلەر ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. سۈپەت جەھەتتە ئۇلار يۇقىرى دەرىجىدە ئىخچام ئىدى. ئۇلار سان ـ ساناقسىز نۇرلۇق مەرۋايىتتەك، ئۇيغۇر فولكلور خەزىنىسىنى بېيىتقانىدى. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە، قەدىمكى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ قوچىقىدا بىخ سۈردى، ئۆستى، ئاخىرىدا يەنە باي ئۇيغۇر فولكلور تۇپرىقىدا تەۋەللۇت بولدى. «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ فولكلورى خۇددى قان بىلەن گۆشتەك ئايرىلماس مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى».①

دېمەك، ئۇيغۇر فولكلورى پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئانىسى ۋە مەنبەسى، ئۇيغۇر شېئىرىي ئەسەرلىرى، نەسرىي ئەسەرلىرى، جۈملىدىن سەھنە ئەسەرلىرى (ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، مۇقام، دراما قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلق فولكلورىنى ئۇلگە قىلغان. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىلىم ـ پەننىڭ، جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەننىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا تۈرلەرگە ئايرىلىشى نەتىجىسىدە، تىياتىر ئويۇن سەنئىتىنىڭ بىر ژانىرى سۈپىتىدە مۇستەقىل سەنئەت بولۇپ ئاتالغان.

پروفېسسور، ئەدەبىياتشۇناس، مۇقامشۇناس مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق يازغان: ««تىياتىر» ئۇقۇمى، ئەڭ ئالدى بىلەن فولكلور مەنىدىكى «ئويۇن» ئۇقۇمى بىلەن مەنداش ئىپتىدائىي مۇراسىم ئويۇنلىرى، ئارىلاشما كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى، دراماتىك مەزمۇندىكى مەسخىرىۋازلىق، نىقابلىق ئويۇنلار، مەشرەپلەر ۋە خاس دراما شەكلىدە ئوينىلىدىغان تەقلىدىي ئويۇنلار ئۇنىڭ تەركىبىنى ھاسىل قىلغان. غەربىي خەن زامانىسىدىلا جاڭ چيەن «ھەر خىل ئويۇن» (بەي شى) لارنى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان، ئارقىدىن ھەر قايسى ئەللەردىن سېھىرگەر ـ سېرىكچىلەر پايتەختكە كىرگەن. شىنجاڭدىن تېپىلغان قىياتاش سىزمىلىرىدىكى موللاقچى ئوبرازى، خوتەن يوتقان خارابىسىدىن تېپىلغان تىياتىر «نىقابلىق

---

① لاڭ يىڭ: «‹قۇتادبۇغىلىك› ۋە شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى»، 144 ـ بەت.

مايمۇن شەكىللىك ئاكتيور» ۋە سازەندە قورچاقلار، غەربىي دىيار تاشكىمىرلىرىگە سىزىلغان سۈژەتلىك «بۇددا قىسسىلىرى» بىلەن «يارالمىش ھېكايىلىرى»، قۇمۇل تۆمۈرتىدىن تېپىلغان «مايتىرى سىمىت» بۇددا دراما كىتابى، سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاڭئەندە «خۇ تىياتىرى» (خۇشى) بولغانلىقى، چاڭئەندە ئەينى زاماندا ئوينالغان «سارغايدى»، «چەرخىپىلەك»، «سۇمۇز»، «باتۇر»، «نىقابلىق كىشىلەر»، «دارۋاز» (تانىدا يۈرۈش) ئويۇنلىرى بىزگە ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن دالالەت بېرىدۇ.»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن يەنە ئۇيغۇر مۇقامىدىكى تىياتىر ژانىرى ياكى تىياتىر ئامىللىرى توغرىسىدا كۆپ توختالغان.

«ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ فولكلور سەنئىتىدە ئويۇن - تىياتىرلىق خۇسۇسىيەت ساقلانغان. ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ يىراق گېئولوگىيىلىك مەنبە تېپىشىدىلا ئومۇم جامائەت مۇراسىم ئويۇنلىرىنى مۇنبەت تۇپراق قىلغان». «كېيىنكى زامانلاردا ئۇيغۇر خەلق مۇقام - مەشرەپلىرى، داستان نەغمىلەر تىياتىرلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ تىياتىرسىز فولكلور سەنئىتى بولمايدىغانلىقىنى، تىياتىرنىڭ مۇستەقىل سەنئەت شەكلى تارىخىنىڭ تەقەززاسىغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى». «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرى ۋە دەسلەپكى ئېقىملىرى جەھەتتىن ئالغاندا، نوقۇل مۇزىكا ھادىسىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى فولكلور ھادىسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن، راۋاجلانغان ۋە ئىجتىمائىي قىممەت تاپقان».

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق فولكلور دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مول، گۈزەل فولكلور مەدەنىيىتىنى، فولكلور سەنئىتىنى ياراتقان، ئۇيغۇر فولكلور سەنئىتىنىڭ تەركىبىي قويۇق تىياتىرلىق خۇسۇسىيەتكە، مول تىياتىر ئامىللىرىغا، رەڭگارەڭ تىياتىر ژانىرلىرىغا تولغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرىدە گەۋدىلىك

ئىپادىلىنىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ كەلگەن.

جاڭ چيەننىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىسىدە ۋە «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ مىلادىيىدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇنلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. سۈي، تاڭ سۇلالىرى ۋە كېيىنكى سۇلالىلەر دەۋرىدە ئۇيغۇر ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىرلىرى، ئۇيغۇر دراماتورگلىرى ۋە سەنئەتچىلىرى چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق پايتەختلەرگە تۈركۈملەپ كىرىپ، ئوردا - قەسىر، كوچا - رەستىلەردە ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرى تەرىپىدىن ئوينىلىپ شۆھرەت قازانغانلىقى، تاڭ شائىرلىرىنىڭ بەس - بەس بىلەن مەدھىيە شېئىرلىرى يازغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار ئىنتايىن مول.

8 - ئەسىردە ئۇيغۇر دراما سەنئىتى تەدرىجىي شەكىللىنىشكە باشلىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بۇددا دراممىسى «مايتىرى سىمىت» قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئوينىلىپ، ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىدا بىر مەشھۇر نامايەندە تىكلىگەن. 27 پەردىلىك بۇ دراممىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، تىل بايلىقى مول ۋە گۈزەل، پېرسوناژلار ئوبرازى جانلىق، ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

10 - ئەسىردە ئۇيغۇر دراما سەنئىتى ئوردا ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا خېلىلا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالغان. مىلادى 981 — 983 - يىللىرى سۇڭ خاندانلىقىدىكى ۋاڭ يەندى ئىدىقۇت خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشاھى ۋە شاھزادە، شۇنىڭدەك ئوردا خادىملىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئويۇن بىلەن قارشى ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە دراما كۆرگەنلىكىنى «ئىدىقۇتتىكى ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە يازغان.

بىزگە مەلۇم «قۇتادغۇبىلىك» جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشىمىزدا بۈيۈك قامۇس ۋە مۇھىم مەنبە،

«قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە خەلقئارادا ۋە دۆلىتىمىزدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» دىكى تارىخ، پەلسەپە، تىل - ئەدەبىيات، دۆلەت - ھاكىمىيەت، ئاسترونومىيە قاتارلىق نۇقتىلارنى ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ كەلدى. گەرچە، «قۇتادغۇبىلىك» تارىخ - مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشىمىزدا بۈيۈك قامۇس ۋە مۇھىم مەنبە بولسىمۇ، خەلقئارادا ۋە دۆلىتىمىزدە ئاشۇ مۇھىم تېمىلار ئۈستىدە ئۇزاق يىللار تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى قايسى ئەدەبىي ژانىرغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەتقىقات يوق دېيەرلىك بولسا كېرەك.
زامانىمىزغا كەلگەندە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى لاڭ يىڭ خانىم «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شەرق - غەرب مەدەنىيىتى ناملىق بىر پارچە كىتاب يېزىپ، «قۇتادغۇبىلىك» نى بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلدى. يولداش لاڭ يىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى «بۈيۈك شېئىرىي دراما ئەسەر» دەپ ئاتىدى. مېنىڭچە بۇنداق ئاتاش ئىلىم دۇنياسىنىڭ ياكى سەنئەت ئىلمى دۇنياسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايدۇ. مەن يولداش لاڭ يىڭ خانىمنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىلىرىگە قايىل بولدۇم ۋە ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى شېئىرىي دراما دەپ ئاتىشىغا قوشۇلدۇم.
لاڭ يىڭ مۇنداق يازىدۇ: ««قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتى باشتىن كەچۈرگەن ئۇلۇغ بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى، بۇ دەۋر ئۇلۇغ بىر ئالىمنى ياراتتى، بۈيۈك بىر ئەسەرنى تۇغدى. «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى؛ بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە. 11 - بابتىن كېيىن ئەسەر قەھرىمانلىرى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، سۇژىتلار

تەدرىجىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇلغان. بۇ شېئىرىي ئەسەردە پېرسوناژلار بار، سەھنە مەنزىرىسى بار. سۆزنىتلارنىڭ راۋاجى ۋە پېرسوناژلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى پۇتۇنلەي دېگۈدەك دىئالوگ شەكلىدە بايان قىلىنغان. پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ نىسبەتەن ئېنىق ئىپادىلەنگەن. شۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنى پەلسەپىۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك شېئىرىي دراما دېيىشكە بولىدۇ.»

يولداش لاڭ يىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئېپىك داستان، ئېپوس قاتارلىق ژانىرلاردىن پەرقلىنىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى تەھلىل قىلغان. ئۇ يەنە، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دراملىق قۇرۇلمىسى ئۈستىدە، مۇقەددىمە، راۋاج، كولمىناتسىيە (زىددىيەت، تۈگۈنۈش)، يېشىم جەھەتلەردىن ئىنچىكە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 11 - بابىنى مۇقەددىمە، 12 - بابتىن 38 - بابقىچە راۋاج، 39 - بابتىن 71 - بابقىچە كولمىناتسىيە، 72 - بابتىن 85 - بابغىچە يېشىم دەپ بەلگىلىگەن.

بۇ شېئىرىي دراما قەدىمدە سەھنىگە چىقىپ ئويناالغانمۇ - يوق؟ يازما خاتىرىلەر بولمىغانلىقتىن بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەك تەس. لېكىن، تۈركىيە سەنئەتكارلىرى بۇ شېئىرىي تىياتىرنى سەھنىگە ئاچىقىپ ئويناپ مەلۇم سەھنە ئۇنۇمىگە ئېرىشكەن. سەھنىدە ئويناالغان ياكى ئويناالمىغان بولسۇن، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى روشەن بولغان دراملىق ئالاھىدىلىكلەر ئىشقىلىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم دۇنياسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ.»

«يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېپوس، لىرىك شېئىر، شۇنىڭدەك تىياتىر ئەنئەنىسى ئاساسىدا شېئىر بىلەن تىياتىر شەكلىنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەرق - غەرب مەدەنىيىتىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان پەلسەپىۋى شېئىرىي دراما شەكلىنى ئىجاد قىلغان. بۇ شېئىرىي درامىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. ئۇنىڭ يېڭىلىق ئەھمىيىتى ئەدەبىيات ژانىرىنىڭ يېڭىلىق

دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئېپىك شېئىرىي دراممىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى.»

9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ئالتۇن دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەخمۇت قەشقەرى، ئەھمەت يۈكنەكى قاتارلىق ئەدىبلەر، ئالىملار تۈركۈملەپ مەيدانغا كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك»قا ئوخشاش يىرىك داستانلار، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك گىگانت ئەسەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كەلگەن. دەرۋەقە بۇ ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە ئەسەرلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى شەرق ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتى باشتىن كەچۈرگەن ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىنكاسى، ئۇ 11 ـ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قاراخانىيلار ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە مەڭگۈ ئۆچمەس نامايەندە بولۇپ قالدى. بۇ ئۇلۇغ مەدەنىيەت تارىخى نەۋائى، فۇزۇلى، زەلىلى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، ئەدىبلەر تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر تىياتىرى ئۇيغۇر خەلق مۇقام ـ مەشرەپلىرىدە، خەلق داستانچىلىقىدا داۋاملاشتى ۋە تەرەققىي قىلدى. مەلۇمكى، «مۇقام مۇزىكىسى» مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەن. 13 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى رەتكە سېلىش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇش، يېغىلىق، ئاپەت تۈپەيلى باشقا چىقمىغان. 16 ـ ئەسىردە ئابدۇرېشىت خان دەۋرىدە مەلىكە ئامانىساخان ۋە مۇقامشۇناس قىدىرخان يەركەندىلەر ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى چوڭ تەرتىپكە

سىلىپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. شۇنىڭدىن كېيىن 20 - ئەسىرگىچە بولغان 400 يىلدىن بۇيان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى دەپ ئاتىلىپ كەلدى» ئۇيغۇر تىياتىرى مەيلى ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرى دەۋرىدە بولسۇن، ياكى «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دەۋرىدە بولسۇن، ئەنە شۇ ئۇزۇن 13 ئەسىر داۋامىدا ئۇيغۇر مۇقامى بىلەن ھەمراھ - تەقدىرداش بولۇپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بىر - بىرىنى تەققەززا، بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ زامانىمىزغىچە كەلدى. بىز بۈگۈن مۇقام بىلەن ئۇيغۇر تىياتىرى تارىخىنى ۋە ئىككىسىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا شۇنى كۆردۇقكى، مۇقامدا تىياتىر ئامىللىرى، تىياتىر خۇسۇسىيەتلىرى بار. تىياتىردا مۇقامنىڭ نەغمە، داستان، مەشرەپلىرى بار. قىسقىسى مۇقامسىز تىياتىر، تىياتىرسىز مۇقام مەۋجۇت بولمايدۇ. «ئۇيغۇر سەھنە تىياتىرلىرى — قەدىمكى ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن «چوڭ نەغمە»، «مۇقام» مۇزىكىلىرى ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلغان. ھازىرقى زامان سەھنىلىرىدە ئوينالغان «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە»، «پەرھات - شېرىن»، «رابىيە - سەئىدىن»، «غۇنچەم» قاتارلىق تىياتىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مۇقامىدىن ئۆزىنىڭ مۇزىكىلىق، ئوپېرالىق ھۆسنىنى تۈزگەن. بولۇپمۇ، «غېرىب - سەنەم» درامىسىدىكى 42 ناخشا مۇقام نەغمىلىرى ئاساسىدا ئورۇندالغان».

مىلادىيە 1680 - يىلى چارقىلىق ناھىيىسىدە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن «سۆيگۈجان» ناملىق دراما يېزىلىپ بىر قانچە يىللارغىچە كۆپ قېتىم ئوينالغان. بۇ درامىدا ئاپاق خوجىنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرى پاش قىلىنغان. مەزكۇر دراما ئەسەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلى 5 - سانىغا بېسىلغان. گەرچە بۇ سەھنە ئەسىرى ئاددىي، كىچىك بولسىمۇ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى تەرەققىي قىلىپ، يېقىنقى زامان تىياتىر دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىشى مۇمكىن.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرى يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە دۇنياغا كەلدى. 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، فېئودال مەنچىڭ هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىنگو هاكىمىيىتىنى قۇردى. 1917 - يىلى سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ چار رۇسىيە پادىشاهلىق هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك سوۋېت دۆلىتىنى قۇردى. 1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنى باشلىدى. 1930 - يىللىرى قۇمۇلدىن باشلانغان شىنجاڭ دېهقانلار قوزغىلىڭى فېئودال مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن هاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. پۇرسەتپەرەس شېڭ شىسەي هىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ «ئىلغارلىق» نىقابى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىنجاڭ هاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە ئالتە سىياسەتنى تۇزۇپ، سوۋېت هۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە، خەلقنىڭ هىمايىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. مۇشۇنداق ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت هەرىكىتى باشلاندى. 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىق جاهانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما قۇرۇلدى، ئۇنىڭ رەهبەرلىكىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى (سەنئەت ئۆمىكى) قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭنىڭ هەر قايسى ۋىلايەتلىرىدە ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇپ، تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ئاساس قىلىنغان ئاكتىيورلار قوشۇنى يېتىشتۇرۇلدى. مانا بۇ ئۇيغۇر هازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بولدى. ئەنئەنىلىك ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنىڭ ئىلغار تەركىبلىرىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا تىياتىرىدىن ئۆگىنىپ يېڭى تىياتىرلار ئىجاد قىلىندى. قاسىمجان قەمبىرى، مەمتىلى تەۋپىق، قەمبەرخانىم، ئابدۇكېرىم رازىيوف قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش سەنئەتكارلار سوۋېت ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىياتىرچىلىقىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، «غېرىب - سەنەم»، «پەرهات - شىرىن»،

«ئارشىن مال - ئالان»، «ئىككى بايغا بىر مالاي» ۋە بىر مۇنچە ئۇيغۇر، ئۆزبېكچە ناخشا - ئۇسسۇل، لەپەرلەرنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ سەھنىلەردە ئويناپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىق تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ماۋ زېمىن، چېن تيەنچيۇ، لىن جىلۇ، خۇاڭ خۇچىڭ، دېڭ فا قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار ۋە ماۋدۇن، جاڭ جوڭشى، دۇ جىڭيۇەن، جاۋدەن، لى زىلياڭ قاتارلىق مەشھۇر ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار شىنجاڭدا ھەر مىللەت مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى نەزەرىيىلىرى بىلەن تەربىيىلىدى. كەڭ زىيالىيلار ئىچىدە جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو ۋە رۇس - سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئىتى شىنجاڭغا ئاجايىپ تېز ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قوشۇنى ۋە ئىلغار ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنى بەلگىلەپ بەردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەت زىيائى، زۇنۇن قادىر، ئابدۇشۇكۇر يالقۇن، نىم شېھىت، ئەلقەم ئەختەم قاتارلىق بىر تۈركۈم يازغۇچى، دراماتورگلار؛ قاسىمجان قەمبىرى، ھېمىت ھېكىمى، مۆمىن ئەپەندى، سىراجىدىن زىپەر قاتارلىق رېژىسسورلار؛ قەمبەر خانىم، گۈلبەھرەم، پەرىدە خانىم، ھەمراخانىم، رازىيە خانىم، نۇرا خانىم، ئابدۇۋەلى جارۇللا، ئابدۇگۈل سوناي، ئابدۇۋايىت سوناي، ئەمەت ئۆمەر، ئابدۇرېھىم چاڭ، سەمەت ئابدۇللا ۋە باشقا ئاكتيورلار، مۇزىكانتلار (كومپوزىتورلار)، ناخشا - ئۇسسۇلچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىغا ئاساس سالدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش، فېئودال - خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ يەن - مەدەنىيەت ئۆگىنىش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، يېڭى

شىنجاڭ قۇرۇش قاتارلىق تېمىلاردا سەھنە ئەسەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېزىلىپ سەھنىلەردە ئوينىلىشقا باشلىدى. ھېمىت ھېكىمى «ئەخمەت سەرراپ»، «سۆلەت»، «شەرمەندىلەر»، «جەلگۇر»، «پېرىخون»، «ئانارخان» دراممىلىرىنى يازدى. ل. مۇتەللىپ «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «سامساق ئاكام قايناپدۇ»، «چىن مودەن»، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېراسىنى يازدى. ئابدۇشۇكۇر يالقۇن «شاڭخەي كېچىسى»نى يازدى، زۇنۇن قادىر «غۇنچەم»، «گۇلنىسا» دراممىلىرىنى يازدى. زىيا سەمىدى «غېرىب - سەنەم» درامىسىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى. ئابلا روزى «ئۆگەي ئانا» درامىسىنى يازدى. «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» تراگېدىيىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىندى، «سۇئى تاغا» كومېدىيىسى شېكسپېر ئەسەرلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەندى. يۇقىرىقى سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كونسېرت، كومېدىيە، لەپەرلەر، نىم پەردە، مۇناجات، بايات، مەرغۇل، جەڭچى قىز، كەشتىچى قىز ئۇسۇللىرى؛ يالغۇز ناخشا، يالغۇز مۇزىكا، ئومۇمىي خور، ئومۇمىي مۇزىكا نومۇرلىرى ئوينالدى. شىنجاڭ بويىچە 40 - يىللارغىچە 60 قا يېقىن تىياتىر كۇلۇبلىرى سېلىنغان، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ سانى 70 كە، ئاكتيور ۋە سەنئەت خادىملىرى 1500 گە يەتكەن. ھەر قايسى مەكتەپلەردىمۇ سەنئەت ئەترەتلىرى قۇرۇلغان. مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە چەت ئەل مۇزىكا ئەسۋابلىرى تولۇقلانغان. ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينالغان تىياتىرلار ۋە سەنئەت نومۇرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ ئوينىلىدىغان تەرەققىيات سەۋىيىسى بارلىققا كەلگەنىدى. ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك، ئاقسۇ، قەشقەرلەر ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشلامچى بولدى. يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئەت تارىخىدا يېڭى سەھىپە بولۇپ قالدى. ئەسىرلەر بويى فېئوداللىق تۈزۈم ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئاسارىتى ئاستىدا قالغان ئەمگەكچى خەلق يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئازادلىق،

مىللىي باراۋەرلىك، مەرىپەت تەربىيىسىگە ئىگە بولدى. 40 ـ يىللاردا مائارىپ تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ياخشى ئارقا سەپ بولۇپ قالغانىدى. شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى جۇڭگو ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە قاتنىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن، شېڭ شىسەي ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىپ، شىنجاڭدىكى كوممۇنىستلارنى، ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى، ئىلغار زاتلارنى تۇتقۇن ۋە قىرغىن قىلدى. يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىياتىرىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1944 ـ يىلىدىن كېيىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر يەتتە ۋىلايەتتىكى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ تەقدىرى گومىنداڭ ئىلكىدە بولدى. ئۈچ ۋىلايەتتە ئەدەبىي ـ سەنئەت يەنىلا نورمال تەرەققىي قىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تىياتىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە يېڭىۋاشتىن قەد كۆتۈردى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن پارتىيىنىڭ توغرا ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقى تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن دەۋردە پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا تونۇلدى.

1940 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان تىياتىرىنىڭ تەرەققىياتىنى 40 ـ يىللاردىكى ئاساستىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىياتىرى ئۇنىۋېرسال سەنئەت ئۆمىكى ئىدى. كېيىنكى يىللاردا تەرەققىي قىلىپ ئوپېرا ئۆمىكى، ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇقام ئوركېستىر ئۆمەكلىرىگە ئايرىلدى. كېيىن يەنە بالىلار تىياتىرى، تېلېۋىزىيە تىياتىرى كەسپلىرى مەيدانىغا كېلىپ گۈللەنگەن مەزگىل شەكىللەندى.

1995 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# 6. ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى. دىن مەدەنىيەتكە ھامان تەسىر كۆرسىتىدۇ، ھەرقانداق مەدەنىيەتتە دىننىڭ ئىزناسى بولىدۇ، بىر دىن بىر قانچە مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلام دىنى ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى خېلىلا چوڭقۇر، سىڭىپ كىرگەن تارىخىمۇ بىرقەدەر ئۇزۇن، شىنجاڭ ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە زېمىن، بۇ زېمىندا ئۈچ بۈيۈك مەدەنىيەت — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، يۇنان ـ مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى؛ ئۈچ بۈيۈك دىن — بۇددا، خرىستىئان، ئىسلام دىنلىرى؛ ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى — ئالتاي ـ ئورال، ھىندى ـ ياۋروپا ۋە خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا ئالماشقانلىقى نەتىجىسىدە، بۇ يەر دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ماددىي مەدەنىيەتمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بۇ زېمىندا بالدۇر تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلىپ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى مىلادى 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان بىر تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرى «ئۇرخۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق»

«قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت». قاراخانىيلار دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن ئەسەر، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى ۋە بىۋاسىتە مەھسۇلى. جۈملىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ مۇھىم ساھەلىرى بولغان ئەقىل - پاراسەت، بىلىم - ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىرى بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى پىكىرلەرنى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاسىتىسى بىلەن نامايەن قىلىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولغان. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۇنى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا تەرەققىي قىلدۇرغان، تېما ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە يېپيېڭى دەۋر ئېچىپ، جاھان ئەدەبىياتىغا ھەسسە قوشۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق بىر نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇتادغۇبىلىك» 19 - ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، دۇنياۋى ئىلىم تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. دۇنيا بويىچە رۇسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، دانىيە، ئىتالىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى نۇرغۇن ئالىملار ئىككى ئەسىردىن بۇيان «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەم بۇ ئىككى بۈيۈك ئەسەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ماكانداش ھەم زامانداش بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىخنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۇ ئەسەرلەردە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيتى، ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ، تۆت - بەش مىڭ يىللىق قەدىمكى تارىخقا، مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئىران - پارس مەملىكىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىزگە مەلۇم پارس دۆلىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا شەرق بىلەن يېقىن شەرق رايونىنىڭ چوڭ ئىمپېرىيىسى

ئىدى. ئەرەب خەلىپىلىرىدىن كېيىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى قۇرۇلۇپ ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىپ پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا 100 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. تۈركىي مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئابباسىيلار خەلىپىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھېسابلىناتتى.

ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەرەب ۋە پارس قاتارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋەتلىرىنى قىسقىچە چۈشىنىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئابباس خەلىپىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولغان. ئىسلام ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتالغان ئابباس خەلىپىلىكىدە تۈركىي خەلقلەردىن بولغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەمەلدارلار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى، تەسىر كۈچى زور بولغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملىرى، دىنىي ئۆلىمالار، يازغۇچىلارمۇ كۆپ بولغان. تۈركىي خەلقلىرىدىن بولغان ھاجىپلىق مەنسىپىدىكى چوڭ بوغا، كىچىك بوغا قاتارلىق دۆلەت ئەربابلىرى مىلادىيە 863 ـ يىلى مۇستەئىن بىللاھنى ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقارغان. ئابباس خەلىپىلىكىدە تۈركىي ئەمەلدارلارنىڭ باللىرى دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلاتتى. چوڭ بوغا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاجىپلىق ئورنىغا ئوغلى مۇسا ئولتۇرغان. ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ باغدات، سەمەرقەنتتىن ئىبارەت ئىككى مەركىزىدە خەلىپىلىكنىڭ ھاجىپلىق، باش ھەربىي سەكەردىلىك چوڭ مەنسەپلىرىنى تۈركىي خەلقلەر ئىگىلىگەنىدى. خەلىپىلىك ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىيلىق مەنسىپىمۇ تۈركلەر قولىدا بولۇپ، تۈركىي ۋالىيلار ئىدارە قىلاتتى. نىشاپۇر تۈركلىرىدىن بولغان ئەبۇسالىھ يەھيا مىلادىيە 777 ـ يىلى مىسىر

ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مىلادىيە 834 ـ يىلى خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ ھەربىي باش سەركەردىسى تۇرغان سابىت تۈركىي، مىلادىيە 853 ـ يىلى پەتھى خاقان، مىلادىيە 844 ـ يىلى ئىناچ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مىسىرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. مىسىرنىڭ ۋالىيسى تۈرك ماجورنىڭ كۈيئوغلى تۈرك سەردارلىرىدىن ئەھمەت ئىبنى تۇلۇن قېيناتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن مىسىرنىڭ ۋالىيلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن، كېيىن ئۇ يەنە سۈرىيە، ھەلەپ قاتارلىق جايلارنى مىسىر دائىرىسىگە قوشۇۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق زېمىن دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، تولونىيە دۆلىتىنى قۇرۇشقا ئاساس سالغان، تولونىيىگە 20 يىل ھۆكۈمران بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىردا سەلتەنەت قۇرغان ئەخشەدىلەر، ئاتابەگلەر، ئەييۇبىلەرنىڭ ھەممىسى تۈركىي خەلقلەردىن ئىدى. ئابباسلار خەلىپىلىكىنىڭ ئوردا ـ سارايلىرىغا كىرگەن تۈرك كېنىزەكلىرىمۇ نوپۇز ۋە مەرتىۋىگە ئىگە بولغان. مەسىلەن: خەلىپە مۇكتەبى بىللاھنىڭ ئانىسى چېچەك، خەلىپە مۇستەكفى بىللاھنىڭ ئانىسى ئالتۇن، خەلىپە ناسىرىددىنىللاھنىڭ ئانىسى، خەلىپە مۇستەنسىر بىللاھنىڭ ئانىسى ئەنە شۇ تۈركىي كېنىزەكلەر ئىدى. ئابباسىيلارنىڭ تۈركىي خەلقلىرىدىن ئەسكەر ئېلىپ قوشۇن تەشكىل قىلىشىمۇ بىر خىل ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغان. ئابباسىيلار خەلىپىلىرى تۈركىي ئەسكەرلەرنى جەڭگە باتۇر، ئوقيا ئېتىشقا ئۇستا، چېۋەر دەپ قارىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنى ئۆز مىللىتىگە قارىغاندا ئىشەنچلىك دەپ قارىغان. مىلادىيە 864 ـ 865 ـ يىللىرى خەلىپە مۇئتەز خەلىپە مۇستەئىنغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن تۈركلەردىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلغان. ئەرەب يازغۇچىلىرى تۈركىي ئەسكەرلەرنى ماختاپ ـ مەدھىيىلەپ ئەدەبىي ئەسەرلەر يازغان. ئەرەب ئالىمى ئەمىر ئىبنى جاھىز (مىلادىيە 969 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تۈركلەر ھەققىدە يازغان «پەزائىلەت ـ تۈرك» (تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە) دېگەن كىتابىدا تۈركىي مىللەت ئەسكەرلىرىنىڭ جەۋەندازلىقى ئۈستىدە توختالغان: «تۈركلەر ئات ئۈستىدە

تۇرۇپ خۇددى كاتىپ قەغەزنى ئۇزىگەندەك دۇشمەننى قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇكى، بىردەمدىلا ئۇلارنى تارمار قىلىپ ئىتىلغان يۇڭدەك تاشلايدۇ. پارسلار، ئىراقلىقلار، خاۋارىچلارنىڭ كۇچى بىر شەخستە مۇجەسسەملىشىدىغان بولسا، بۇ شەخس بىر تۇرك ئەسكىرىگە تەڭ كېلەلەيدۇ. باشقىلار 10 مىل يول باسىدىغان ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار 20 مىل يول باسىدۇ» دېگەن.

ئەرەب ئالىمى بەزىد ئىبنى مەزىد: «تۇرك ئەسكەرلىرى ئاتلىق بولسۇن، پىيادە بولسۇن چەبدەسلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. بىزنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز ئالدىدىكىنى كۆرمەيۋاتقان يەردە ئۇلار ئارقا تەرەپنىمۇ كۆرىدۇ» دەپ يازغان. ئەرەب ئالىمى ئەشرەپ تۇرك ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقىنى، چىداملىقلىقىنى يازغان. ئەرەب شائىرى ئابباس ئىبنى رومى شېئىرىدا: «تۇرك ئەسكەرلىرى جەڭ مەيدانىدا تۆمۈر سېپىلدەك ساباتلىق بىلەن تۇرىدۇ، كىشىنىڭ كۆزىگە دېڭىز دولقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. جەڭ باشلانغاندا دۇشمەنگە قارشى خۇددى يېنىپ تۇرغان ئوت بولۇپ تېگىدۇ» دەپ مەدھىيىلىگەن. يەنە قىپچاقلار ھەققىدە پاساھەتلىك شېئىرلار يېزىلغان: «باتۇر تۇرك يىگىتلىرىنىڭ دۇشمەنلەرنى كېلىشتۇرۇپ سېلىشى ئالدىدا چاقماقمۇ يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدۇ، ئۇلار شۇنداق بىر قوۋمدۇركى، دوستلارغا مەرھەمەت قىلىشتا پەرىشتىلەرگە ئوخشايدۇ، جەڭ مەيدانىدا دۇشمەنگە خۇددى دېۋىدەك تېگىدۇ.»

9 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۇركىي خەلقلەرنىڭ ئاساسلىق ئۈچ خانلىقى، يەنى قاراخانىيلار، غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىيلار خانلىقلىرى دۇنياغا كەلگەندى.

مىلادىيە 850 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان كۆل بىلگە قارا خان ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان.

10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن. مىلادىيە 920 ـ يىلى سۇتۇق بوغراخان مۇسۇلمان بولغان. 960 ـ يىلى

يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلار - قارلۇقلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن. 960 — 970 - يىللىرى سۇتۇق بوغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ ۋاقتىدا ئىسلام دىنى قاراخانىيلار زېمىنىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۈچ خانلىق پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. مىلادىيە 999 - يىلى قاراخانىيلار بۇخارانى ئىشغال قىلىپ سامانىيلار پادىشاھلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان، 996 - يىلى غەزنەۋىلەر دۆلىتى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتى ئامۇ ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىنى كېلىشىم بىلەن بۆلۈشۈۋالغان.

11 - ئەسىردە سەلجۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ پائالىيىتى جانلىنىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە باشلايدۇ. 11 - ئەسىردە ئابباسىلار خەلىپىلىكى ئاجىزلىشىپ خەلىپە پەقەت روھانىي داھىي سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ قالغان. سەلجۇقىيلارخانى توغرۇلبەگنىڭ ھۇجۇم نىشانى ئىسلام ئىمپېرىيىسى ھېسابلانغان ئابباس خەلىپىلىكى بولۇپ قالىدۇ، توغرۇلبەگ ئالدى بىلەن مەككە مۇكەررەمنىڭ يوللىرىنى ياساش باھانىسى بىلەن ئىراققا، ئۇ يەردىن باغداتقا يۈرۈش قىلىدۇ. ئابباسىلار خەلىپىلىكى تۈركىي مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۈچ خانلىقى بىلەن بولغان نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، سەلجۇقىيلار خانلىقىنىڭ كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە تېخىمۇ دىققەت قىلغان. توغرۇلبەگ باغداتقا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئابباسىلارنىڭ خەلىپىسى قائىم بىئەمرۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باغدات جامەئەلىرىنىڭ ئىمام - خاتىپلىرى مۇنبەرلەردە توغرۇلبەگنىڭ نام - شەرىپىنى تىلغا ئالغان ھەم ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئالار قىلغان. دېمەك، بۇ توغرۇلبەگنىڭ باغداتقا غالىب ھۆكۈمران سۈپىتىدە ھېچقانداق توسالغۇسىز كىرىشىگە جامائەت پىكرى ھازىرلىغانلىق ئىدى. مىلادىيە 1055 - يىلى ئۇلۇغ سەلجۇقىيلارنىڭ سۇلتانى توغرۇلبەگ باغداتقا تەنتەنە بىلەن كىرىدۇ. توغرۇلبەك باغداتقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا قائىم بىئەمرۇللاھنىڭ ۋەزىرى چىقىپ قارشى ئالغان. توغرۇلبەكنىڭ تۈركىي قوشۇنى بازاردا ئېلىم - سېتىم قىلغاندا، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن

جاڭجاللىشىپ قىلىپ، بۇ جېدەل - ماجىرا ئۈچ كۈنگىچە بېسىقمىغان. كېيىن توغرۇلبەگ باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن 1057 - يىلىغىچە باغداتتا تۇرغان، باغداتتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇننى بىكار قىلىپ، يېڭى قانۇن ئورناتقان. توغرۇلبەگ يەنىلا مادارا يولىنى تۇتۇپ ئىككى خانىدانىنىڭ دوست ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلغان. توغرۇلبەگ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى داۋۇدنىڭ قىزى ئارسلان خاتون خەدىچىنى قائىم بىئەمرۇللاھغا نىكاھلاپ بەرگەن. توغرۇلبەگمۇ خەلىپىنىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ ئۆزئارا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئورناتقان. خەلىپە توغرۇلبەگكە «شەرق ۋە غەربنىڭ پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، توغرۇلبەگ سەلجۇقىيلاردىن تۇنجى بولۇپ ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران بولۇپ قالىدۇ. باغداتنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن باغداتتا سەلجۇقىي قوشۇنىنى تۇرغۇزغان. توغرۇلبەگ خەلىپىنى زىيارەت قىلىش نامى بىلەن باغداتقا ئۈچ قېتىم كەلگەن. 1093 - يىلى ئۈچىنچى قېتىم كەلگەندە باغداتتا ۋاپات بولغان. توغرۇلبەگنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان مەلىكشاھمۇ ئابباس خەلىپىلىكىگە بولغان تىزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىغان. دېمەك ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرىلا، تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرى، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنى ئۇزاق مۇددەت تىزگىنلەش جەريانىدا، ئىسلام دۇنياسى بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان.

تەخمىنەن مىلادىيە 1057 - يىلى رامزان ئېيىدا خەلىپە قائىم بىئەمرۇللاھنىڭ ۋەلى ئەھدلىككە تەيىنلەنگەن ئوغلى زەخىرۇددىن ئوبۇل ئابباس مۇھەممەد 14 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. لېكىن، ئوبۇل ئابباس مۇھەممەتنىڭ كېنىزىكى ئوبۇل ئابباس مۇھەممەتتىن مۇقتەدى بىللاغا ھامىلىدار ئىكەن. كېنىزەكتىن تۇغۇلغان مۇقتەدى بىللا كېيىن ئابباسىيلارنىڭ باغدات خەلىپىسى بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۆزئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» مۇقەددىمىسىدە «دىۋان» نى خەلىپە مۇقتەدى

بىئەمرۇللاھقا ئارمىغان قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ: «ئۇنىڭ ئىسمى ئوبۇلقاسىم ئۇددەتۇددىن ئابدۇللا بولۇپ، ئاتىسى زەخىرۇددىن ئوبۇل ئاباس مۇھەممەد ۋاپات بولغاندا، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بولۇپ، تېخى تۇغۇلمىغانىدى. ئۇنى چوڭ دادىسى خەلىپە قائىم بىئەمرۇللاھ قېتىقىنىپ تەربىيىلەپ، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈردى. مۇقتەدى 20 يېشىدا ھىجرىيە 467 - يىلى (مىلادىيە 1075 - يىلى) شەئبان ئېيىنىڭ 13 - كۈنى جۈمە كۈنىدە ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر ۋە يۇرت چوڭلىرى قاتناشقان كاتتا مۇراسىمدا خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇردى.» مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى ھىجرىيە 464 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن. مۇقتەدى بىللا ھىجرىيە 467 - يىلى تەختكە چىققان. بۇنداق بولغاندا ئارىلىقتا ئۈچ يىل ئۆتكەن بولىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە خەلىپە مۇقتەدىنى ياخشى سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەپ ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. دېمەك «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ باغدات خەلىپىلىكىگە تەقدىم قىلىنىشى ئادەتتىكى بىر شەخسنىڭ كىتاب تەقدىم قىلىشى بولماستىن، بەلكى خاقانىيە تىلى ۋە خاقانىيە ئەدەبىياتىنىڭ پارس، ئەرەب ئەدەبىيات دۇنياسىغا تەنتەنە بىلەن كىرگەنلىكىنىڭ بىر مىسالى بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىسلام مائارىپىنى، مەدەنىيىتىنى، تىل - ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. مەسچىت، خانىقا قاتارلىق دىنىي ئىبادەت ۋە ئاممىۋى پائالىيەت ئورۇنلىرى، شەرىئەت مەھكىمىلىرى ئىسلام دۇنياسىغا ئوخشاش بولۇپ، ئوردا - قەسىر، شەھەر سېپىللىرى، ئېگىز بەشتاق، گۈمبەزلەر جەھەتتە ئىسلام دۆلەتلىرىدىن پەرقى قالمىدى. ئىسلام مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەر ياسىلىپ ئەرەب، پارس مەملىكەتلىرىنىڭ مەدرىسە

دەرسلىرى ئوقۇتۇلدى. ئەرەب، پارس مەملىكەتلىرىدىن ئالىم، ئۆلىما، مۇدەرىسلەرنى تۇركۇملەپ كەلتۈردى ۋە بۇ مەملىكەتلەرگە تالىپلارنى ئوقۇشقا چىقىرىپ تەربىيىلىدى. ئەرەب، پارس تىلىنى ئۆگىنىش زور ئېھتىياج بولۇپ، تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلىدۇ، ئەرەب - پارسچە سۆزلىشىش مودىغا ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ مەكتەپ، مەدرىسلەر ئىلىم - مەدەنىيەت يۇرتى بولۇپ قالدى. قۇرئان، ئىسلام قائىدىلىرى مەجبۇرىي ئوقۇتۇلدى. مەدرىسلەردە تەسىس قىلىنغان تارىخ، تىل - ئەدەبىيات، قانۇن، ئەخلاق، پەلسەپە، تىبابەت، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ھۈنەر - سەنئەت، مىمارچىلىق، خەتتاتلىق دەرسلىرى ئىچىدە پارس، ئەرەب ئەدەبىياتى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، يازغۇچى، شائىرلار تۇركۇملەپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. ھەزرىتى نەۋائى مىلادىيە 1498 - يىلى يېزىلغان «مەجالىسۇن - نەفائىس» دېگەن مەشھۇر كىتابىغا 458 نەپەر شائىر - ئەدىبنىڭ تەزكىرىسىنى كىرگۈزگەن. بۇ يازغۇچىلار، ئالىم مۇتەپەككۇرلەر ئاساسەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام مائارىپ تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلىنىپ چىققانلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. نەۋائى بۇ كىتابىدا ئۆزى بىلەن زاماندىش، قەدىناس بولغان ئەدىبلەرنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ يازغان. باشقىلىرى ئۈستىدىمۇ قىسقىچە ئوبزور يازغان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بەرگەن. شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەھلىل قىلغان، ئەدەبىيات نەزەرىيە مەسىلىلىرى، ئىجادىيەت ئىستىلى، شېئىرىيەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. گەرچە بۇ كىتابتا شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بارلىق ئەدىبلەر تامامەن يېزىلمىغان بولسىمۇ، شۇنىڭدەك بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭلىق ئۇيغۇر شائىرلار بولمىسىمۇ، بىز بۇ كىتابتىن ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى بەش ئەسىردە يەنى 15 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك ئىسلام دىنى، ئىسلام مائارىپى، ئىسلام ئەدەبىياتى، شىنجاڭ رايونىدا (ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا) ياشىغۇچى مىللىتى

باشقا؛ دىنى، تىلى، مەدەنىيىتى، پسىخىكىيىسى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى باشقا بولغان تۈركىي خەلقلەرگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن زور ۋە جىددىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز (ماقالەمنىڭ تېمىسىغا بىنائەن پەقەت ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەندىم. شۇڭا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ باشقا تەسىرلىرىنى ۋە نەتىجىلىرىنى يازمىدىم).

ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا شۇ قەدەر چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا شۇ قەدەر تېز ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلىشىدىكى مۇھىم ئامىللار كۆپ بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئەرەب، پارس دۆلەتلىرى بىلەن بولغان بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىرىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب. مېنىڭچە، ئەڭ مۇھىم ئامىل ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ سېھرىي كۈچى بولۇشى مۇمكىن. ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ كەتكەنلىكى، ئىسلام ئەدەبىياتىنى مىسلىسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. يەنى دىننى بىرلىك قىلغان، دىنىي ئېتىقادنى ئاساس قىلغان ئەرەب ئەدەبىياتى مۇسۇلمان دۇنياسىنى بويسۇندۇرىدىغان سېھرىي كۈچ بولۇپ قالغان. بۇ ھالنى خرىستىئان ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. بىزگە مەلۇمكى، مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغان، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇپ، ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن. «قۇرئان» ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا كىتابلاشتۇرۇلغان تۇنجى يازما ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ تارىخ، ئەدەبىيات، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىسلام دىنى قائىدىلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە باشقا مول ئىلمىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئاننىڭ تىلى ئىنتايىن گۈزەل، نەپىس بولۇپ ئوقۇلۇشى جاراڭلىق، قاپىيىلىك، مەزمۇنى ئىنتايىن ئومۇملاشتۇرۇلغان، تۈزۈلۈشىمۇ ئۆزگىچە ئەسەر. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان، تەۋرات، ئىنجىل

قاتارلىق كىتابلاردىن ئەلا بولۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. قۇرئاندا جەمئىي 114 پارچە سۇرە بار بولۇپ، بۇ سۇرىلەرنىڭ ئىچىدە 65 قىسسە، 30 دىن ئارتۇق مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى بار. قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ تۈرمۇش پۇرىقى قويۇق، مەزمۇنى مول، ئۇ دىنىي جەھەتتە قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات ۋە تارىخ جەھەتتىنمۇ ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە. ئۇ زامان ـ زامانلاردىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسى، تىلى، قائىدە ـ يوسۇنى ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەدىبلەر يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۆزلۈكسىز نۇردە ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن، قۇرئاننى ئوقۇغان ھەربىر كىشى ھەم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، ھەم ئەرەب ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ياكىتلار ئىسپاتلىغانكى، قۇرئاندىكى قىسسىلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيەتتىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن 13 ئەسىردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ناھايىتى يۇكسەك قىممىتىنى ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلگەن.

دۇنيادىكى ئەرەبشۇناس ئالىملار «قۇرئان» غا يۇكسەك يۇقىرى باھا بېرىدۇ. ئەنگلىيە خانلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب تىلى پروفېسسورى بولغان خامىلتون. ئا. گىبى 1926 ـ يىلى يازغان «ئەرەب ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا بىزگە مول مەلۇماتلارنى قالدۇرغان: «قۇرئان» ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۆلمەس داڭلىق ئەسەر، ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى بىردىنبىر بايراقدار ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتە مىسلىسىز دەرىجىگە يەتكەن. مەيلى قەدىمكى، ياكى ھازىرقى مۇسۇلمانلار بولسۇن، بىر ئېغىزدىن: «قۇرئان» نى مەزمۇن جەھەتتىنلا ئەمەس، ئۇسلۇب جەھەتتىنمۇ تەقلىد قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دېيىشىدۇ» (57 ـ بەت)، «قۇرئان ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆپ جەھەتتىن ۋە مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتكەن. «قۇرئان» نىڭ ئىدىيىسى، تىلى،

رىتمى كېيىنكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر سىڭگەن»، «ئۇشتۇمتۇتلۇق — ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر...»، «ئەرەب يېرىم ئارىلى بىر مەزگىل جىمجىت، قۇپقۇرۇق دېيەرلىك ئىدى. لېكىن، ھەش - پەش دېگۈچە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا شائىرلار خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ، مۇرەككەپ مەدھىيە نەزمە «قەسىدە»لەرنى ياد ئوقۇيدىغان بولدى» ... «دەسلەپكى دەۋرلەردە شېئىرىيەتتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ...». دېمەك، ئەرەب ئەدەبىياتىدا «قەسىدە»نىڭ بارلىققا كېلىشى ئەدەبىي ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، بۇ دەۋردە يېڭى ۋەزىن قائىدىسى دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۆلچەملەشكەن. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ يېڭىچە جانلىق، جۇشقۇن، جاراڭلىق بولغان جەلپ قىلىش كۈچىنى كۆرسىتەلىگەن. «قەسىدە»لەردە ئۆز قەبىلىسىنى، شەپقەتچىلىرىنى مەدھىيىلىگەن، ئۆز رەقىبلىرىنى، ئۆزىگە قارشى بولغان تەشكىلاتلارنى مەسخىرە قىلغان. مىلادىيە 7 - ئەسىردە ئەرەب ئەدەبىياتى راۋاجلىنىپ بويسۇندۇرغۇچى كۈچكە ئايلانغان. مىلادىيە 750 — 1055 - يىللار ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلانغان. 750 - يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئەبۇئابباس خەلىپىلىككە ئولتۇرۇپ، ئابباسلار خەلىپىلىكىنى قۇرۇپ مىلادىيە 1258 - يىلىغىچە 37 خان بولۇپ ھۆكۈم سۈرگەن. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ئاسىيادا نۇرغۇن رايونلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا ئىگە بولغان. ئابباس خەلىپىلىكىگە بويسۇنغان خەلقلەر ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. بويسۇنغان خەلقلەر پۈتكۈل مەدەنىيەت ساھەسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بېيىتقان. ئابباسىيلار خەلىپىلىكى گۈللەنگەن دەۋردە بارلىق مۇسۇلمان خانلىقلىرى ئىلىم - پەن، ئەدەبىياتنى قوللىغان، ئالىملارنى، ئەدىبلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىغان. «باشقا كلاسسىك ئەدەبىياتلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا

قەدىمكى دەۋردىكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى، كۆپ جەھەتتە مەلۇم مەرىپەتلىك جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكنى ياقلاپ يول قويۇشى، قوللىشى ۋە قوغدىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك . . . ئۇ ياكى بۇ پايتەختتىكى بەزى خان ـ ۋەزىرلەر سەنئەتنى ئۆزىگە پايدىلىق دەپ ھېسابلاپ، قوغداشقا قىزىققانلا بولسا، بۇ ئەدەبىياتنىڭ مەشئىلى يەنىلا يېنىپ تۇرىۋەرگەن. شۇڭا، ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ يېتەكچى مەركىزى بۈگۈن بۇ جايدا بولغان بولسا، ئەتىسى يەنە بىر جايغا يۆتكىلىپ تۇرغان» (1 ـ ، 2 ـ بەتلەر) .

ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلاھشۇناسلىق، ھەدىسشۇناسلىق ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئەلۋەتتە.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، پائالىيەتلىرى ھەدىس ياكى سۈننەت دەپ ئاتالغان. ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلام شەرىئىتىدە ھەدىس قۇرئاندىن قالسا ئىككىنچى، ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھەدىسلەر يېزىپ قالدۇرۇلمىغان، پەقەت ساھابىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىلا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئەرەب زېمىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىگە تارقالغان. ئىسلام دىنىنىڭ تېز راۋاجلىنىش جەريانىدا، خىلمۇ خىل مەزھەپلەر ۋە سىياسىي گۇرۇھلار مەيدانغا كېلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەدىسلەرنى تۈرلۈكچە ئىزاھلىغان. شۇنىڭدەك باشقا غەرەزدىكى بەزى كىشىلەرمۇ ھەر خىل سەرلەۋھىلىك ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەدىس (يالغاندىن توقۇلغان ھەدىسلەر) نى ئويدۇرۇپ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساھابىلەر ۋە تائىپىلەر ئارىسىدىكى ئىلمىي ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپ تۈگەشكە باشلىغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، نۇرغۇنلىغان ھەدىس ئالىملىرى ھەدىسلەرنى توپلاپ، رەتلەپ، كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقىشقا كىرىشكەن. 9 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ناھايىتى نۇرغۇن ھەدىس كىتابلىرى بارلىققا كەلگەن. سۈننىي مەزھىپىتىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارالغان «سىھاھى سىتتە» ياكى «كۈتۈبى سىتتە» دەپ ئاتالغان ئالتە پارچە مەشھۇر ھەدىس كىتابى ئىچىدە «سەھىھۇل بۇخارى» ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە قۇرئاندىن قالسىلا ئەڭ مۆتىۋەر، ئىشەنچلىك كىتاب دەپ قارالغان».

«ھەدىس قۇرئاننىڭ ئىزاھاتى ۋە قوشۇمچىسى، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئاساستۇر». قۇرئان بىلەن ھەدىس كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئىلمى تەپسىر، ئىلمى ھەدىس ۋە ئىلمى فىقھى قاتارلىق شەرىئەت ئىلىملىرى بارلىققا كەلگەن. ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي دىنىي ئىدىيىسىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىمۇ تونۇشتۇرىدۇ. «سەھىھول بۇخارى» دىن ئىبارەت ھەدىسلەر توپلىمى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا، مەدرىسلەردە بىردىنبىر مۇھىم دەرسلىك كىتاب بولۇپ قالغان. ئۇ نوقۇل دىنىي كىتابلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەشھۇر ئەرەب ئەدەبىياتىدۇر.

ئىمام بۇخارى «سەھىھول بۇخارى» كىتابىنى 600 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن 9 مىڭنى تاللاپ 16 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ تاماملىغان. كىتاب بېشىغا يېزىلغان ئىمام بۇخارىنىڭ، قەستەلانىنىڭ تەرجىمىھاللىرى، مۇدەررىس مۇستافا ئەمامۇھەممەد ئەمارەنىڭ سۆز بېشى مەزكۇر كىتابنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاشتۇرۇپ، جەلپ قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن.

دېمەك، قۇرئان ۋە سەھىھول بۇخارى كىتابلىرى مەيدانغا كەلگەندىن

كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. 13 ئەسىردىن بۇيان ئىسلام دىنىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تەتقىق قىلىش توختاپ قالمىغان. ئامېرىكا تەبىئىي پەنلەر ئالىمى مىك خات 1991 - يىلى يازغان «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى» دېگەن كىتابىدا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنى 100 مەشھۇر كىشىنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويۇپ، بىرىنچى كىشى قىلىپ يېزىشىدىكى ئىلمىي ئاساسلىرىنى تەسىرلىك قىلىپ يازغان: «دىن بىلەن رېئال دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى شۇ قەدەر زىچ باغلىنىشنىڭ بولۇشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا تەسىرى ئەڭ زور شەخس ئىكەنلىكىگە ئادەمنى ھەقىقەتەن ئىشەندۈرىدۇ». مىك خات يەنە مۇنداق يازغان: «روسۇلۇللاغا نازىل قىلىنغان ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ بەرھەقلىكىگە قىل سىغمايدۇ. يەنە كېلىپ، ‹قۇرئان كەرىم› روسۇلۇللا ھايات ۋاقتىدىلا تولۇق خاتىرىگە ئېلىنىپ بولۇنغانىدى. ئۇ شۇنداق ئىنچىكە خاتىرىلەنگەنكى، كېيىنكى مەزگىللەردە بىرەر زىرى - زەۋەرلىرىمۇ ئۆزگەرتىلمىگەنىدى. ۋەھالەنكى، خرىستىئان دىنىدا بۇنىڭغا ئوخشاش كىتاب تېپىلمايدۇ. خرىستىئان دىنىدا ‹قۇرئان كەرىم› گە ئوخشاش، مۇرىتلارنى تەربىيىلەيدىغان پۇختا ھەم مۇپەسسەل بىرەر كىتاب يوق. ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ كىشىلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ خرىستىئان دىنىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كەڭ ھەم چوڭقۇر».

قۇرئان بىلەن سەھىھول بۇخارى بىردىنبىر مۇقەددەس كىتاب سانىلىپ پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىغا تارقىلىدۇ. ئۇنى ئوقۇش پەرز، سۈننەت دەپ بۇيرۇلىدۇ. ئالىم - ئۆلىمالار تەپسىر، شەرھ كىتابلارنى يېزىپ، ئېلان قىلىدۇ. يازغۇچى، ئەدىب - شائىرلار بەس - بەس بىلەن شېئىر - قەسىدە يېزىپ، پەيغەمبەرنى، ئىسلام دىنىنى مەدھىيىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەرەب ئەدەبىيات تەرەققىياتى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇن بويىچە ئىلگىرىلەپ، پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىغا يۈزلىنىدۇ. ئوتتۇرا شەرق،

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە ئىسلامىيەتنى تەرغىب قىلىشتا مىسلىسىز زور رول ئوينايدۇ. ئەرەب ئەدەبىياتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا، ئىسلام ئېتىقادىنى چىڭىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئەرەب، پارس مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن دىنىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلارغىمۇ يېتىپ كېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتىدۇ. مەشھۇر پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (934 — 1021) ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە» ئەسىرى، ئەرەب شائىرى ئىبنى مۇقەففە (759 — 724) ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «كەلىلە ۋە دىمنە» قاتارلىق ئەسەرلەر 11 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەرگە كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەلۋەتتە، كېيىنكى ئەسىرلەردە يەنە «ئەلفىللەيلى» (مىڭ بىر كېچە) ۋە جەڭنامىلەر قاتارلىق نۇرغۇن ئەرەب ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئۇزلۇكسىز كىرگەن. 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە ئەل فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار دۇنياغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» ئەسەرلىرى ئىجاد قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار رايونىدا ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن زور پەرقلىق بولغان. يەنى ئىلگىرىكى بۇددىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئورنىنى (ئىدىقۇت خانلىقىدىن سىرت) ئەمدى ئىسلام ئەدەبىيات شەكلى، ئۇسلۇبى ئالغان. ئەدەبىي ژانىرلىرى، شېئىرىي تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن. ئەرەب، پارس يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەر قويۇق ئىسلام دىنى پۇرىقى بىلەن باشلانغان. ئەسەرلەرنىڭ باش قىسمىنى بىسمىللا، يەنى ئاللانىڭ نامى بىلەن، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ چاھاريارلىرىغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن باشلاش رەسمىي ئادەتكە ئايلانغان. شۇ ئىسلام دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب، پارس مەملىكەتلىرىدىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا،

خارەزم، سەمەرقەنت قاتارلىق چوڭ مەدرىسلەردە ئوقۇغان تەقۋادار مۇسۇلمانلار بولغانلىقتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەرەب، پارس ئۇسلۇبىغا تېخىمۇ قاتتىق ئەمەل قىلغان ۋە قوللانغان. ھازىرقى مەسنەۋى، رۇبائىي، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇۋەششەھ قاتارلىق شېئىرىي نامىلارنىڭ ۋە باشقا ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىنىڭ ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىدىن كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

12 ـ ئەسىردىن كېيىن قاراخانىيلار ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدە (چاغاتاي تىلى دەۋرى) نەسىرىددىن رابغوزى ۋە ئۇنىڭ «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ناملىق مەشھۇر رومانى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاتايى، لۇتفى، ئەلىشىر نەۋائى، ھىرقەتى، خەراباتى، زەلىلى، نەۋبەتى، موللا بىلال، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى دۇنياغا كېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئالەمگە تونۇتقان. بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئومۇمەن ئەرەب ـ پارس ئەدەبىياتىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەتتا كلاسسىك ئۇيغۇر مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ تېكىستىمۇ ئەرەب، پارس تىلىنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچراپ، تېكىستولوگىيە جەھەتتە چۈشىنىكسىزلىكلەرنى پەيدا قىلغان. تۈركشۇناسلار ۋە «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلارنىڭ بەزىلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ ئۇلۇغ پارس يازغۇچىسى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شاھنامىگە تەقلىد قىلغان دەپ قاراشقان. رابغوزىنىڭ «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ناملىق رومانىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىغا تونۇلغان نادىر ئەسەر دەپ ھېسابلانغان. چۈنكى، نەسىرىددىن رابغوزى قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋارىسلىق قىلغان. ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى، ئەدەبىياتىنى قېتىقىنىپ ئۆگەنگەن، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخىنى تەتقىق

قىلغان. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان تۆت كىتاب (زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان)نى ئۆز رومانىغا مەنبە قىلغان. شۇڭا، بۇ ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. ئاپتورى خاقانىيلىك، ۋەقەلىكى ئەرەب دۇنياسىدىن، يېزىلىشى قەشقەردە بولغان، يەنە كېلىپ مۇسۇلمان دۇنياسىغا مەنسۇپ بولغان مۇنداق رومان ئەرەب - پارس يازغۇچىلىرىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن. بۇ ئەسەردىكى قىسسىلەر 44 قىسىم بولۇپ، «قۇرئاندىكى قىسسىلەر» دېگەن كىتابدىن كۆپ، ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى مول، بەدىئىي قۇرۇلمىسى گۈزەل - نەپىس بولۇپ، يەتتە ئەسىردىن بۇيان بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ روماندىكى قىسسىلەر قۇرئاننىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. دېمەك بۇ ئەسەرنى نوقۇل دىنىي ئەدەبىيات دېگىلى بولماس، بەلكى «قىسەسسۇل ئەنبىيا»نى قۇرئاننىڭ بەدىئىي تەسۋىرى، شۇنداقلا بەدىئىي شەرھىيىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. دەرۋەقە، «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ھىجرىيىنىڭ 710 - يىلى (مىلادىيە 1310 - يىلى) دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئۇيغۇر مەدرىسە تالىپلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابى بولۇپ قالغان. قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ مەزمۇنىنى «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ئارقىلىق چۈشەنگەن. «قىسەسسۇل ئەنبىيا» رابغوزىنى شۇنداق يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈردىكى، ئۇنى پۈتكۈل شەرق ئەدەبىياتى، ئىسلام تارىخى ۋە ئىسلام پەلسەپىسى قاتارلىق ئىلىملەر بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى، ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ پېشۋاسى ئىكەنلىكىنى ئىسلامىيەت دۇنياسىغا تونۇتقان.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىنى ئوقۇيدىغان بولساق بىز يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن شەيخ سەئىدى شىرازى، ھاپىز شىرازى، نىزامى گەنجىۋى، رۇداكى، مۇتەنەببى، ئۆمەر ھەييام، ھۇۋەيدا قاتارلىق ئەرەب پارس شائىرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئوينىغان ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي رولىنى ئۇچرىتىمىز.

2001 - يىلى ماي، ئۈرۈمچى

# 7 . 17 — 19 ـ ئەسىردىكى قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

15 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى قۇمۇلغا كىرىپ ئومۇملىشىشقا باشلىدى، ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، دىن ھامىيلىقتىكى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىمۇ تەڭلا كىرىپ، ئەرەب، پارس ئەدەبىي ئەسەرلىرى جاي ـ جايلاردا تارقىلىشقا باشلىدى. 16 ـ ئەسىردە «مىڭ بىر كېچە»، «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ۋە شەيخ سەدى، ھاپىز شىرازى، ئۆمەر ھەييام، ھۆۋەيدا، ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى قۇمۇل دىيارىغا تارقىلىپ قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. يەتتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد بېشىر (1813 — 1866) ۋاڭ ئوردىسىدا «باياز»ناملىق شېئىرلار توپلىمى تۈزگەن. بۇ توپلامغا ئابىت قامۇلى، زىلىخا بىگىم، مەزھەرى، ئەمىنى، رىزائى، ۋەپائى، فىراقى، ھوزورى، قەرارى قاتارلىق 33 نەپەر شائىرنىڭ قول يازما غەزەللىرى دىۋان تەرتىپى بويىچە كىرگۈزۈلگەن. ئابىت قامۇلىنىڭ 34 غەزەل، 69 رۇبائىيسى كىرگۈزۈلگەن. زىلىخا بىگىمنىڭ ھاپىزشىرازى شېئىرلىرىدىن تەرجىمە قىلغان 10 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. «باياز» ناملىق بۇ توپلام ساقلىنىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىر «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي»دا ساقلانماقتا. بۇ كىتابتىن بىز 17 ـ ، 19 ـ ئەسىردىكى قومۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا قىسمەن مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق. 17 ـ ئەسىردە ئابىت قامۇلى قاتارلىق تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى مەيدانغا چىقىپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. زىلىخا بىگىم، مەزھەرى، ئەمىنى قاتارلىق شائىرلار قۇمۇلدا، خوجاھاپىز شىرازى، شەيخ سەدى، ھۆۋەيدا،

مەشرەپ، نەۋائى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، مۇتالىيە قىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. زىلىخا بېگىم ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن پارسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان. 1995 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى يېڭىدىن «باياز» 1 - ، 2 - توپلامىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ يېڭى «باياز»لار 1814 - يىللىرى مۇھەممەد بېشىرۋاڭ تۈزگەن كونا «باياز» نى مەنبە قىلغان. يېڭى «باياز» نىڭ مۇھەررىرلىرى كونا «باياز» غا ۋە زىلەيخا بېگىمنىڭ تەرجىمە ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق يازغان:

«. . . دېمەك ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بۇ ئون غەزەل 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زىلەيخا بېگىم تەرىپىدىن قۇمۇلدا تەرجىمە قىلىنغان. ھاپىز شىرازى (1300 — 1389) غەزەللىرىنىڭ بىر ئۇيغۇر شائىرەسى تەرىپىدىن بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور مۆجىزىدۇر». «سىلسىلەتۇز - زەھەپ» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق تەزكىرىدە مۇنداق يېزىلغان: «. . . زىلىخا بېگىم تەڭداشسىز ئىستېدات ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ھەم قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى». بۇ كىتابتا ئېيتىلىشىچە، زىلىخا بېگىم ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلغان ۋە تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ھەقتە مۇنۇغەزەل مىسال كەلتۈرۈلگەن:

«ئەگەر ئۇل تۈركىي شىرازى قولىغە ئالسە كۆڭلۈمنى،
كى خالى ھىندۇغە بەرگۇم سەمەرقەندۇ بۇخارانى».
(«باياز» 25 - ، 26 - بەت)

«مەزكۇر ‹ باياز › نىڭ 19 ـ ئەسىردىن بۇرۇن تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. ‹ باياز › غا 33 نەپەر شائىرنىڭ شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ بىرەر يۈز پارچە، بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. ‹ باياز › غا شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلاردىن ھاپىز شىرازى، ھۆۋەيدا مەشرەبتىن باشقىلىرى ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر شائىرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئازغىنە شېئىرلىرىدا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.» ( «باياز» ، 1 ـ ، 38 ـ بەت) . «مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىكى بەزى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ غەزەللەر 18 ـ ئەسىرلەردە قۇمۇلدا ئىجاد قىلىنغانلىقى مۇقەررەر. شائىر ئەمىنى بىر غەزىلىدە قۇمۇلنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

«دېمە قامۇل خەيلى، ئەمىن، شوخ بىپەرھىزە ئىكەن،
ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولبارستىن بىپاك ئىمىش.»
ھەي ئەمىن سەن قۇمۇل ئەھلىنى شوخ، بىپەرۋائىكەن
دەپ ئەيىبلىمە،
چۈنكى ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولۋاستىنمۇ كەپسىزرەك بولارمىش.
( «باياز» ، 73 ـ بەت)

يەنە مەزھەرنىڭ:

«خۇش ۋەقت كەلدى ھەزرەتى يۇسۇف ئۇلۇسغە شاھ،
مەئمۇر ئېتىپ ۋىلايەتى قامۇلنى خان چاغى»
( «باياز» ، 43 ـ بەت)

دېگەن مىسرالىرىدىن مەزكۇر شائىرلارنىڭ بۇ شېئىرلىرىنىڭ قۇمۇلدا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، ئاپتورلىرىنىڭ قۇمۇلغا ۋە قۇمۇل خەلقىغە چوڭقۇر مۇھەببىتى بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

مەزكۇر 33 نەپەر شائىرنىڭ ھاياتى ياكى قۇمۇلدا ئېلىپ بارغان ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. پەقەت ئابىت قامۇلى، زىلىخا بېگىم، ئەمىنى، مەزھەرىلەر ھەققىدە قىسمەن مەلۇماتلارنى ئۇچراتتۇق. بىز شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ قۇمۇل دىيارىدا ياشىغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز.

شائىر ئابىت قامۇلى 17 ـ ئەسىردە، يەنى بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا (1697 — 1709) دەۋرىدە قۇمۇلدا ياشىغان. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرلىرى، ئۇنىڭ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ دەۋرىدە ئۆتكەن قۇمۇللۇق شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ:

«بۇ سائادەتغە سېنى يەتكۈزدى ئابىت، شۇكرى قىل،
غازىئى دەۋران، ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى.»
«نەچۇككى بولغان قامۇل دىيارىغە شامىل،
كەمالۇ فەزلۇ ھۇنەر ئاندا ئەيلەدىم ھاسىل.»
مېنى سەئادەتۇ دەۋلەتغە ئەيلىگەن لايىق،
ئەمىر غازىئى دەۋرانۇ ئادىلى كامىل.»
ۋەتەن غەرىبى بولۇپ ئۇمرۇڭ ئوتتى، ئەي ئابىد،
بىلۇرمۇسەن ۋەتىنىڭ مۇلكى چىنمۇ يا قامىل».

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1991 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ سانلىرىدىن)

ئابىت قامۇلىنىڭ غەزەللىرىدە ھۇۋەيدا، ئۇمەر ھەييام، ھاپىز شىرازى، مەشرەب قاتارلىقلارنى ئۇلگە قىلغان جۇملىلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرىدە ئەكس ئەتتۇرۇلگەن دەۋر مۇڭلىرىمۇ چوڭقۇر. بىز بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن تېخىمۇ روشەن ھېس قىلالايمىز:

«يار سىرىن ساڭا كەسىب ئەتكۇسىدۇر پىرى مۇغان،
خانىقەھ ئىچرە ئانىڭ سىررى ھۆۋەيدا بولماس.»
«تا ئىشىق، مۇھەببەتىنىڭ ھۇۋەيدا قىلدىڭ،
يۇز فىتنە جەھان ئىچرە پەيدا قىلدىڭ.
ئاسارى مۇھەببەتىڭ سالىپ ئەلەمگە،
ئىشق ئەھلىنى مۇبتەلاۋۇ شەيدا قىلدىڭ.»
«ئابىدا، خەلقنى غافىل دەپ ئۆزۈڭدەك بىلمە،
يىغلابان شامۇ سەھەر كۆزلەرى گىريان بولماس.»

(«قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1991 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ ، 4 ـ سانلىرىدىن)

قۇمۇل دىيارىنىڭ كلاسسىك شائىرى ئابىت قامۇلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئەترابلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە. ئابىت قامۇلى قۇمۇلدا 17 ـ ئەسىردە شېئىر ئىجاد قىلىپ، شېئىرلىرىدىن دىۋان تۈزەپ قالدۇرغان. 19 ـ ئەسىردە مۇھەممەد بېشىرۋاڭ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «باياز» غا ئابىت قامۇلىنىڭ دىۋانىدىن پەقەت 34 غەزىلى، 69 رۇبائىيسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. دېمەك ئۇنىڭ دىۋانى ۋە قالغان ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەزكۇر 34 غەزىلى، 69 روبائىيسىدىن بىز ئۇنى ئۆزى ياشىغان دەۋرىگە يارىشا ئەدەبىي تالانتى يۇقىرى، تەپەككۇرى كامالەتكە يەتكەن، خاقانىيە ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھەم شۇ دەۋرلەر ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى دەپ ھېسابلاشقا تامامەن ھەقلىقمىز. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئابىت قامۇلىنىڭ ھاياتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى ئابدۇرېھىم نىزارى (1781 — 1848) دىن تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن. بىراق، ناھايىتى ئەپسۇسكى، يېڭى «باياز» غا بۇ

ئەدەبىيات پېشۋاسى ئابىت قامۇلىنىڭ غەزەل، رۇبائىيلىرى كىرگۈزۈلۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان. يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت 1991 ـ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 1 ـ ، 2 ـ ، 4 ـ سانلىرىدا ئابىت قامۇلىنىڭ بىر قىسىم غەزەل، رۇبائىيلىرىنى ئېلان قىلىپ جەمئىيەتكە تونۇشتۇرغانلىقى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر خىزمەت بولغان.

زىلىخا بىگىم ھەققىدە يېڭى «باياز» دا «سىلسىلە تۆز ـ زەھەپ» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ناملىق تەزكىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەردىن باشقا، «قۇمۇل» ناملىق كىتابتىكى ئاپاق خوجا باياندىنمۇ بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولىمىز. «ئالتۇن زەنجىرلەر» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى «نەفاھاتى ئۇنس ۋەسىلسىلە تۆز ـ زەھەپ» (ئۇلۇغلۇق خۇش پۇراقلىرى ۋە ئالتۇن زەنجىرلەر) بولۇپ، قىسقىچە «سىلسىلەتۆز ـ زەھەپ» (ئالتۇن زەنجىرلەر) دەپ ئاتالغان. ئاپتور بۈيۈك پارس ـ تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 — 1492) نىڭ شۇ ناملىق ئەسىرىنىڭ نامىنى تەكرار ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. «ئالتۇن زەنجىرلەر» نىڭ ئاپتورى موللاخۇدا بەردى خەلىفە بولۇپ، ئەسەر ئۇچتۇرپاندا يېزىلغان. ھىجرىيە 1377 ـ يىلى (مىلادىيە 1914 ـ يىلى) ئۇچتۇرپان قاراغوجىلىق موللامەھفۇز ئىمام تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. تارىخچىلار بۇ ئەسەرگە «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان يېڭى بىر تۆھپە» دەپ باھا بېرىدۇ. «كىتابتا ئاساسلىق ئاقتاغلىق خوجىلارنىڭ پىرى خوجا ھىدايىتۇللا ئاپاق (ئاپاق خوجا) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان» . . . «كىتاب ھاپىز شىرازى، جالالىدىن رۇمى، ئەلىشىر نەۋائى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندىكى ھەر خىل ژانىردىكى پارسچە، تۈركچە شېئىرلىرى بىلەن بېزەلگەن. خوجا ـ ئىشانلارنىڭ سوپىزم تەرغىباتى مەزمۇن قىلىنغان پارسچە، ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىمۇ خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ مەزمۇنلار شىنجاڭنىڭ 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىي مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئاتاقلىق شائىر ۋە ئەدەبىي

تەرجىمان زىلىخا بىگىم ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.»

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى مىرسەيىد جېلىل قەشقەرى ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق زات، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قەشقەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان ھۆكۈمرانى ئابدۇللاخاننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قېچىپ قۇمۇلغا كېلىپ پاناھلىنىدۇ، زىلىخا بىگىم مىرسەئىد جېلىل قەشقەرىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى بولۇپ كىچىكىدە ياخشى تەربىيىلەنگەنىدى. ئەدەبىي تالانتقا ئىگە، پارسچە، ئەرەبچە ئۆگەنگەن بولۇپ، قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى ئەدىبلەر بىلەن تونۇشۇپ ئەدەبىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ھاپىز شىرازى، ھۇۋەيدا، ئۆمەر ھەييام، نەۋائى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى قىزغىن ئۆگىنىپ مۇتالىئە قىلغان. ھاپىز شېئىرلىرىنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ قۇمۇل تەۋەسىدە داڭ چىقارغان.

«ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، زىلىخا بىگىمدىن باشقا بىرەرسىنىڭ ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئۇچراتقىنىمىز يوق. شۇڭا، بىز زىلىخا بىگىمنى ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىردىنبىر تۇنجى شائىرە دەپ ئېيتالايمىز.» بىزگە مەلۇمكى، ئاتاغلىق ئەدەبىي تەرجىمان خامۇشئاخۇن ياركەندى پارس شائىرى ئۇبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «شاھنامە»نى مىلادىيە 1796 ـ يىللىرى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ۋەھالەنكى زىلىخا بىگىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى، پارس ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشى، ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىش پائالىيەتلىرى 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، خامۇشئاخۇن ياركەندىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلارغا توغرا كېلىدۇ. زىلىخا بىگىم شۇڭا «ھاپىز شىرازى (1300 — 1389) غەزەللىرىنىڭ بىر ئۇيغۇر شائىرەسى تەرىپىدىن بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن قۇمۇلدا ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى زور ۋەقەدۇر» دېگەن يۇكسەك باھاغا

مۇيەسسەر بولالىغان.

مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن بىلەن ئۇنىڭ ئانا باشقا ئۇكىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىيوللا ئوتتۇرىسىدا «غەۋسىل ئەزەم»[1]لىك تالىشىش دەۋالىرى باشلىنىدۇ، نەتىجىدە خوجا ئىسھاق ۋەلى ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئورنىدا باش پىر دەپ جاكارلايدۇ . . . شۇنىڭ بىلەن ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىپ، خوجا ئىسھاقنى مەركەز قىلغان قاراتاغلىقلار بىلەن مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى مۇھەممەد يۇسۇپنى مەركەز قىلغان ئاقتاغلىقلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ رەسمىي شەكىللىنىپ تەسىر دائىرىسى پۈتۈن شىنجاڭغا كېڭىيىدۇ.

مۇھەممەد يۇسۇپ قاراتاغلىقلارنىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن قەشقەردە تۇرالماستىن ئاقسۇ، تۇرپانلارنى بېسىپ قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. مۇھەممەد يۇسۇپ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن (تەخمىنەن مىلادىيە 1620 ـ يىللىرى)، مىرسەئىدجېلىل قەشقەرى بىلەن تونۇشىدۇ. مىرسەئىدجېلىل قەشقەرى بالاغەتكە يەتكەن شائىرە قىزى زىلىخا بېگىنى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپكە ياتلىق قىلىدۇ، مىلادىيە 1626 ـ يىلى زىلىخا بېگىم ئاپاق خوجىنى، يەنى ھىدايىتۇللا ئىشاننى قۇمۇلدا تۇغىدۇ. مىلادىيە 1638 ـ يىلى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان ئوغلى ئاپاق خوجىنى ئېلىپ قۇمۇلدىن قەشقەرگە كېتىدۇ (ئاپاق خوجا 13 يېشىدا كېتىدۇ). دېمەك بۇ مەلۇماتلاردىن زىلىخا بېگىم ئاپاق خوجىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ («شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» 265 ـ بېتىدىمۇ بىردەك مەلۇمات بار).

«ئالتۇن زەنجىرلەر» دېگەن كىتابتا زىلىخا بېگىم خوجا ھېدايىتۇللا، خوجا كارامەتۇللا، خوجا قانائەتۇللا، گۈلشاھ بېگىم، ئاي بېگىم دەپ ئۈچ

---

[1] غەۋسىل ئەزەم — خوجىلار دىنىي مەرتىۋىسى. ـ ت.

ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنتلىك بولغان دېيىلگەن. لېكىن، زىلىخا بىگىمنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. مەسىلەن، ئاپاق خوجىدىن باشقا پەرزەنتلىرى قەيەردە تۇغۇلغان، مۇھەممەد يۇسۇپ، ئاپاق خوجىنى قۇمۇلدىن قەشقەرغە ئېلىپ كەتكەندە، زىلىخا بىگىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتكەنمۇ ياكى قۇمۇلدا قالغانمۇ، ئەدەبىي ھاياتى قانداق بولغان، دېگەندەك مەسىلىلەردە پەقەت «خوجىلار تۇپىلاڭلىرى» زىلىخا بىگىمنىڭ ئەدەبىي ھاياتىنىمۇ نابۇت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلالايمىز.

مەزھەرى شېئىرلىرىدە يۇسۇپ، زوھورى، تەجەللى قاتارلىق كىشىلەرنى قەلەمگە ئالغان:

«خۇش ۋەقت كەلدى ھەزرەتى يۇسۇف ئۇلۇسغە شاھ،
مەئمۇر ئېتىپ ۋىلايەتى قامۇلنى خان چاغى.»
(«باياز» 43 ـ بەت)

بۇ شېئىرىدىن شائىر مەزھەرىنىڭ قۇمۇلنىڭ 4 ـ ئەۋلاد ۋاڭى يۇسۇپ (1740 — 1760) دەۋرىدە قۇمۇلدا ياشىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مىلادىيە 1740 ـ يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى (چيەنلۇڭنىڭ 5 ـ يىلى) يۇسۇپنى دادىسى ئىمىن ۋاڭنىڭ ئىمتىيازىغا ۋارىس قىلىپ، قۇمۇلنىڭ باشقاق بېگى (ۋاڭى) قىلىپ تەيىنلەيدۇ. مىلادىيە 1758 ـ يىلى يۇسۇپنى قەشقەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. شۇ يىللاردا يۇسۇپنىڭ شۆھرىتى ئاشىدۇ. مەزھەرى يۇسۇپ ۋاڭنى مەدھىيىلەپ مۇنداق يازغان:

«ئەزىمۇلقەدر يۇسۇف شاھى ئادىل، خادىمى مەزھەر،
زوھورى ھەم ئىنان ئۇلدى ئاڭا ئۆزىنى يار ئەيلەپ.»
(«باياز» 47 ـ بەت)

بۇ شېئىردىن مەزھەرىنىڭ ئۆزىنى «ئادىل شاھ» يۇسۇپ ۋاڭنىڭ

خادىمى (خىزمەتچىسى) ھېسابلىغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا:

«يۇرۇمەن بىر پەرىۋەش ئىشقىدا تەركى دىيار ئەيلەپ،
غەرىبلىق شەھرىدە بىخانۇمانلىق ئىختىيار ئەيلەپ» دەپ يازغان.

بۇ شېئىردىن مەزھەرىنىڭ قۇمۇللۇق ئەمەسلىكىنى، ئۆز دىيارىنى تەرك ئېتىپ، غېرىپلىق شەھىرى (قۇمۇل) نى ئىختىيار ئەيلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا شائىر ئەمىنىنىڭ بەزى شېئىرلىرىنىڭ قۇمۇلدا ئىجاد قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

زۇھۇرى «باياز» دا زۇھۇرى شېئىرلىرى يوق. لېكىن، زۇھۇرى 18 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى قۇمۇلدا تۇغۇلغان شائىر. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى قۇمۇلدا ۋە لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا بولغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 2000 ـ يىلى 3 ـ سانىدا، شەۋكەت ھامۇت زوھورىنىڭ بەش پارچە قولىيازما غەزىلىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ غەزەللىرىدىن ئۇنى قۇمۇلدا ئۆتكەن كلاسسىك شائىر مەزھەرى قاتارلىقلارنىڭ زامانداش دوستى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز:

«شاھى ئالىي قەدر يۇسۇف جامى جەم بولسۇن نەسىب،
تىز پۇتۇپ تۇتاي ئاڭا زۇھۇرىدىن ئەلا قەدەھ...
ئۇمىد ئەيلەپ نەۋائىدىن، تۇتۇپ كۆز مەزھەرىدىن كىم،
ھەمىشە ئىلتىجا ئەيلەر زۇھۇرى بىنەۋا بولغاچ.
.......................
دەۋر ئەيىامىدا قالمايدۇ ۋەفاكىم ساقىيا،
رىزقىنى مەزھەرە قىلسا زۇھۇرىغا نىگاھ.»

ليۇ زىشاۋ ئەپەندى «ئۇيغۇر تارىخى» دىگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان:

«ئۇيغۇر شائىرى ئەلىنىڭ تەرجىمە ئىشى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى. ئۇ زۇھۇرى، ھاپىز شىرازى، لۇتفى، نەۋائى، مەشرەپ، ئەمىنى قاتارلىق 20 نەپەر داڭلىق شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ۋە جەملەپ، 1811 - يىلى قۇمۇلدا «باياز» دېگەن نام بىلەن دىۋان تۈزۈپ چىقتى. بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ مۇقەددىمىسىگە زۇھۇرىنىڭ «قۇياش» دېگەن شېئىرى، خاتىمىسىگە ئەمىنىنىڭ «شاھىنشاھ» دېگەن شېئىرى كىرگۈزۈلدى.» (ليۇ زىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» 1 - قىسىم، 2 - كىتاب، 1086 - بەت)

زۇھۇرى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى ئازغىنە مەلۇماتلاردىنمۇ، زۇھۇرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا يېتۇك شائىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

ليۇ زىشاۋ كىتابىدا يازغان «باياز» بىلەن مۇھەممەد بېشىرۋاڭ تۈزگەن «باياز»نىڭ ئىشلەنگەن جايى قۇمۇل ئىكەنلىكى بىردەك بولۇپ، ۋاقتى، تۈزگۈچى، ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن شائىرلار ۋە كىشى سانى بىردەك ئەمەس. شۇ پەرقلەرگە ئاساسلانغاندا، 1811 - يىلى ۋە 1813 - ، 1814 - يىللىرى ئىشلەنگەن «باياز» لار بىر ئەمەس، ئىككى كىتاب ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

دېمەك، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل دىيارىدا مۇشۇنداق «باياز» لارنىڭ ئىشلەنگەنلىكى 17 - ، 18 - ئەسىرلەردە قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنداقلا خاقانىيە ئەدەبىياتىنىڭ ۋە گۈللەنگەن سەئىدىيە خانلىقى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە، قۇمۇلدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان تارىخي ئەھمىيەتلىك ئەدەبي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. مۇنداق ئەدەبي ئىجادىيەت، ئەدەبي پائالىيەت مۇھىتىنىڭ يارىتىلىشىدا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئەمەلدارلارنىڭ تارىخي رولىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ، يەتتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد بېشىرۋاڭ قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مەرىپەت ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆچمەس تارىخي تۆھپە ياراتقان. مەشھۇر

تارىخشۇناس ئالىم موللامۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە مۇھەممەد بېشىرۋاڭنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇيغۇر تارىخ سەھىپىسىگە كىرگۈزگەن:

«. . . بېشىرۋاڭ ئىلىم ـ بىلىم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ ـ مەدرىسىلەر بىنا قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۇرۇپ، تىبابەتچىلىك ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، مىللىي تىبابەتچىلىكنى يولغا قويغان. داۋالاش جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ چىقارغان. قۇمۇل خەلقى ئىچىدە ئالىملار، موللىلار، ساۋاتلىقلار كۆپ، ساۋاتسىزلار كەمدىن ـ كەم ئىكەن» دەپ يازغان («قۇمۇل» ناملىق كىتابنىڭ 93 ـ بېتىدىن).

تەتقىقاتچىلار مېھرىبانۇ چىڭۋاڭنى تارىختىكى ئۇيغۇر ئايال شائىرەلىرىنىڭ قاتارىدا سانايدۇ. مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئانىسى سۇمانىخان 1820 ـ يىللىرى ئىلىغا بەگ بولغان خالزات ھېكىمنىڭ ئاچىسى، نۇرزات بەگنىڭ ئايالى بولۇپ، قوشاقچىلىقتا داڭ چىقارغان. سۇمانىخان قىزى مېھرىبانۇنى قۇمۇل ۋاڭى بېشىرغا ياتلىق قىلغان چاغدا، نۇرغۇن قوشاقلارنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا جۇدالىق، پىراق، ھەسرەت، مېھرىبانلىق سېغىنىش قاتارلىق ئاياللىق ھېسسىيات قويۇق ئىپادىلەنگەن. مېھرىبانۇ كىچىكىدە دادىسى نۇرزات بەگ، ئانىسى سۇمانىخانلارنىڭ ياخشى تەربىيىسى بىلەن چوڭ بولغان. كلاسسىك ئەدەبىياتنى، مۇزىكىنى ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. شېئىرىيەتتە قوشاق ژانىرىغا قىزىقىپ شېئىر يازغان. 1825 ـ يىلىدىن كېيىن قۇمۇل ۋاڭى مۇھەممەد بېشىرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، بېشىرۋاڭنىڭ دانا مەسلىھەتچىسى، مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ مەدەتكارى بولغان. مېھرىبانۇنىڭ شېئىرلىرى ھېسسىياتلىق، جۇشقۇن، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدا زور تەسىر قوزغىغان. مۇھەممەد بېشىر بىلەن مېھرىبانۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولغانلىقىمۇ، قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئامىل بولۇپ قالغان. 1867 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېشىرۋاڭ بەييەنخۇ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، مېھرىبانۇ ئوردىنىڭ مەشھۇر

سىياسىئونغا ئايلانغان. 1896 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى 73 ياشتا ۋاپات بولغان.

قۇمۇل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تەرەققىيات ئاساسىدا، 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان. بىزگە مەلۇم ئىلگىرى ئىسلام دۆلەتلىرىدە بىردىنبىر مائارىپ ئاساسى — ئىسلام دىنى مائارىپى بولۇپ كەلگەن. شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ھەر دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەر، مەدرىسىلەر ئاساسلىق ئىلىم تەھسىل قىلىش سورۇنلىرى، بىردىنبىر بىلىم يۇرتى بولۇپ «قۇرئان كەرىم»نى مەنبە قىلغان ئىسلام دىنى، مۇسۇلمانچىلىق قائىدە، ئەخلاق، پەلسەپىلىرى ئاساسلىق ئوقۇتۇش پروگراممىسى قىلىنغان. ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىلەردە تارىخ، جۇغراپىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك ئىلمى، خەتتاتلىق، پىقھى (دىنىي قانۇن) ھەربىي ئىلىم، نەققاشلىق، مۇزىكا قاتارلىق پەننىي دەرسلەرمۇ تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس دەرس تۈرلىرى بويىچە ئالىم ـ ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان. ئەدەبىيات دەرسى بويىچە يېتىشىپ چىققان ئالىملار مەدرىسە ئەدەبىيات قوشۇنى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. مەدرىسە ئەدەبىياتى نوقۇل دىنىي ئەدەبىيات بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردىمۇ يەنىلا قويۇق دىنىي تۈس ئالغانىدى. مەدرىسە ئەدىبلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئەرەپ ۋە پارس يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۈلگە قىلىپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا، رەسۇلۇللاغا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن باشلىنىدۇ.

قۇمۇلدا 18 ـ ئەسىردە مەدرىسىلەر سېلىنىپ دىنىي ئۆلىمالارنى تەربىيىلەشكە باشلىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى يېڭى مەدرىسە قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دەرس باشلىغان. قەشقەر، ھىندىستان، ئىستانبۇل، ئەرەبىستانلاردا ئوقۇپ كەلگەن مۇدەررىسلەر دەرس ئۆتكەن. «مۇختەسەر ۋەقايى»، «شەرھى ۋاقايى»، «سەھىھۇل ـ بۇخارى»، «مىشىسكات شەرىپ»، «سوپى ئاللا يار» قاتارلىق كىتابلار ئوقۇلغان. قۇمۇل مەدرىسىدە قەشقەر، يەكەنلەردىكى چوڭ

مەدرىسىلەردىكىدەك مەخسۇس دەرس تۈرلىرى تەسىس قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئاساس بولغان دەرسلەر ئوقۇتۇلۇپ، دىنىي ئۆلىمالار ۋە ئەدىبلەر تەربىيىلىنىپ چىقىلغان. سەدەنشا ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئائىلىسى مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە بولۇپ، ئالتە ئوغلىدىن تۆت ئوغلى ئۆلىما بولۇپ يېتىشىپ چىققان. چوڭ ئوغلى ئابدۇۋاھىت ھاجى ئاخۇنۇم ئەلەم ۋەزىپىسىدە بولغان. ئىككىنچى ئوغلى ئابلىمىت ھاجى ئەرسلانى مۇدەرىس، قازى بولغان. يۇقىرىدا يازغىنىمىزدەك 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ قۇمۇل جەمئىيىتىدە شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى، ھۇۋەيدا، ئۆمەر ھەييام، مەشرەپ، نەۋائى، ئەھمەد يەسەۋى قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى تارقالغان. «مىڭ بىر كىچە»، «قىسسەسسۇل ـ ئەنبىيا»، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» قاتارلىقلارنىڭ ئوقۇرمەنلىرى كۆپەيگەن. مەدرىسىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا، ئوردىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئەدەبىيات ئۆگىنىش، ئەرەب ـ پارسچە ئۆگىنىش شېئىرىيەت ئىجاد قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەن. يۇسۇپ تەيجى غەرىبى، ھاپىز ھاجى، ئەلىشاھ بەگ قاتارلىق شائىرلار ۋە تۆمۈرخان خوجا قاتارلىق داستانچىلار مەيدانغا كېلىپ، مۇشائىرە يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى قانات يايغان، خانىم ـ قىزلار ئىچىدىمۇ ئەدەبىي كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، كىتاب ئوقۇش مىلىسى ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان. «ئوقۇيمىز خوجا ھاپىزنى، خۇدايىم ئايرىمىسۇن بىزنى» دېگەن قوشاقلار تارقالغان. ئايلاخان (تېۋىپ ئاسىپ ئاخۇنۇمنىڭ قىزى)، ھاجى ئايشەخېنىم (سەدەنشا ئەلەمنىڭ قىزى) ئاي خېنىم (تۆمۈرخان خوجىنىڭ قىزى)، مەرەج ئايلا خېنىم (تاھىر قارى ئاخونۇمنىڭ قىزى) قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە خېنىم تۈركىي تىلدىكى ئەدەبىي كىتابلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ئادەتلەنگەن. ئۇلار ئۆمۈر بويى كىتاب ئوقۇپ، چوڭقۇر كىتابىي بىلىملەرنى، شېئىر، داستانلارنى يادلىغان. ئائىشە ھاجى خېنىم شائىر يۇسۇپ تەيجى غەرىبىنىڭ ئايالى بولۇپ، يۇسۇپ غەرىبىنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادلىۋالغان. تەتقىقاتچى ئابدۇرېقىپ

تۆمۈر جۈبەيرى يۈسۈپ غەرىبىنىڭ شېئىرلىرىنى يىغىپ توپلىغاندا، ئائىشە هاجى خېنىم يۈسۈپ غەرىبىنىڭ يادلىۋالغان بۈنىڭدىن 60 يىل بۇرۇنقى شېئىرلىرىنى تەقدىم قىلغان. ئائىشە هاجى خېنىم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ۋاقىتلىرىدا مەدرىسىدە تەلىم ئالغان. 1900 ـ يىللارغىچە رومان، هېكايە، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئەدەبىي كىتابلارنى هېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

2001 ـ يىلى مارت، ئۈرۈمچى

## 8. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە

خەلق قوشاقلىرى يازما ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خەلق ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان شېئىرىي ئىجادىيەتتۇر. جۈملىدىن، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ خەلق تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، راۋاجلىنىپ خەلق ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى مۇھىم بىر بايلىق بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى ئۆتمۈشتىكى فېئودال - ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېغىر بوزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى رەتلەپ، سىمغا ئېلىش ئاساسىدا قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغانىدى. بىراق، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت 10 يىللىق بالايىئاپەت يىللىرىدا قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن تېخىمۇ ئېغىر بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. خەلق قوشاقلىرىغا «تۆت كونا»، «سېرىق ناخشا»، «كىشىلەرنىڭ روھىنى، ئەخلاقىنى بۇزىدىغان چىرىتكۈچ» دېگەنگە ئوخشاش جىنايى بەتناملارنى چاپلىدى. خەلق قوشاقلىرىنى ئېيتقۇچى ئەل نەغمىچىلىرىنى «سېرىق ناخشا ئېيتقۇچىلار»، «فېئودالىزمنى، شىۈجىڭجۇيىنى مەدھىيىلىگۈچىلەر» دەپ ئەيىبلىدى.

لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇستەبىتچىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئازادلىققا ئېرىشتى. يېڭى سەنئەت باھارى يېتىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

قۇمۇل تەتقىقاتچىلىرى ۋە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى ئاستىدا قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى خەلققە تونۇشتۇرۇشتا خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى، تىلىنى ئۆگىنىشتە، تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك.

بىز خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ تەتقىق قىلغىنىمىزدا تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

تارىخنى خەلق ياراتقان. خەلق قوشاقلىرى تارىخنىڭ ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ شېئىرىي ئىنكاسى. بىز چوقۇم پارتىيىمىزنىڭ «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»، «قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىي مىراسلار ئۈستىدە دىئالېكتىك تەھلىل يۈرگۈزۈپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. بىر قانچە يىللاردىن بۇيان قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنى يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە نەشرگە تەييارلىغان يولداشلار يۇقىرىقى پرىنسىپلارغا ئىزچىل ئەمەل قىلدى.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە، چوڭقۇر مەنىۋى ئىگە. ئەمگەكچى خەلق ئەسىرلەردىن بۇيان قوشاقتىن ئىبارەت بۇ «ئالتۇن مىراس»قا مىراسخورلۇق قىلىپ، يۈرىكىدىن سۆيۈپ ئوقۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇپ، جان پىدالىق بىلەن بېيىتىپ كەلمەكتە.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بىرەر ئۇيغۇر بالىسى «قوشاق مەكتىپى»

دە ياكى «مەشرەپ كۆرسى» دا ئوقۇغىنى يوق. لېكىن، قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەۋلادى ئىچىدە مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ناخشا - قوشاق بىلمەيدىغىنى يوق. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، خەلق قوشاقلىرى گۈزەل بەدىئىيلىككە، يۈكسەك ئاممىۋىيلىققا ئىگە. خەلقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، خەلقنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان. دەرد - ئەلەملىك كۈنلىرىدە مۇڭداشقۇچى، غەلىبە قازانغان كۈنلىرىدە غەلىبە مارشى بولۇپ، دەردىگە داۋا، ئاغرىقىغا شىپا بولۇپ كەلگەن. ئىنسانىيەت ماددىي ئوزۇقسىز ياشىيالمىغاندەك مەنىۋى ئوزۇقسىزمۇ ياشىيالمايدۇ. خەلق، خەلق قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىدىغان، راۋاجلاندۇرىدىغان بىپايان ماكان، قوغدايدىغان مۇستەھكەم قورغان، ساقلايدىغان مۇقەددەس مۇزېي، يېزىپ قالدۇرىدىغان قەغەز - قەلەم، ئاھاڭىنى ئالىدىغان ئۈنئالغۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، فېئودالىزمنىڭ زورلۇق ھۆكۈملىرى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، شەرىئەتنىڭ - تەرىقەتنىڭ ھەر خىل تەقىپلىرى خەلق قوشاقلىرىنى يوق قىلىۋېتەلمىدى. بولۇپمۇ، لىن بياۋ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى خەلقنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىي مىراسلىرىغا ئومۇميۈزلۈك فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپمۇ خەلقنى بۇ مىراستىن مەھرۇم قىلالمىدى. ئەمدى بىز بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى توپلاپ، رەتلەپ ۋەتەن خەزىنىسىدە مەڭگۈ ساقلاپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى باشقا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ئوخشاشلا تېماتىك دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى چوڭقۇر، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ، ئاممابلىقى كۈچلۈك، شەكلى خىلمۇ خىل، ھەممىسىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشقا، ئاسان يادلىۋېلىشقا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقاممۇ مۇشۇ قوشاقلار ئاساسىدا كەڭ ئېيتىلىپ ۋە ساقلىنىپ

كەلمەكتە. تۆۋەندە مەن قومۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن:

1. قومۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېماتىك دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇنغا باي، مەنىسى چوڭقۇر. مەنتىقىسى كۈچلۈك، ئاڭلىغۇچىنى دەرھال ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىغا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلار ئاساسەن كونا جەمئىيەت قوشاقلىرى بولۇپ، خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار فېئودالىزم ئاسارىتىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى قاتتىق ئېزىشىگە قارشى ئېيتىلغان قوشاقلار، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش، غېرىب ـ مۇساپىرلىق، دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەت، ئەجىر ـ ئەمگەك، مەردلىك ـ مەردانىلىك، ياخشى ـ يامانلىق، قەدىر ـ قىممەت، كەمتەر ـ ئېھتىياتچانلىق، سەۋر ـ تاقەت، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ۋاپادارلىق، ئارزۇ ـ ئارمان، ئاغرىنىش، سېغىنىش، سەمىمىي ـ ساداقەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت، مەسخىرە ـ كىنايە قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە بىر قىسىم تارىخىي داستانلارنى، توي ناخشا ـ بېيىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆۋەندە مەن يۇقىرىقى تېمىلاردىن بىر نەچچىسىگە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم ئۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرى يۇتقاي سېنى.

بۇ قوشاقتا سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ئوت ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ قوشاقنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەسۋىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ زالىملارغا قارشى غەزەپ ـ نەپرىتى جانلىق

تەسۋىرلەنگەن. مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاھۇزارى گويا بىر دەرياغا ئايلىنىپ ئېكسپىلاتاتسىيە تۇزۇمنى گۇمران قىلىۋېتىشنى خىتاب قىلىدۇ.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئاتامدىن ئايرىلىپ.

بۇ دۇنيادا ئۇچ نەرسە بار،
ئىزدىسە تېپىلماس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا،
يەنە بىرسى قېرىنداش.

قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ،
تېرىسام ئۇنمەس.
كۆز يېشىمنى دەريا قىلىپ،
سۇغارسام قانماس.

بۇ قوشاقلار ئاتا ـ ئانا قېرىنداشنىڭ تەبىئىي قويۇق مۇھەببىتى تەسۋىرلىنىدۇ. ھەربىر بالا ئۇچۇن ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش ئىزدىسە تېپىلمايدىغان، تېرىسا ئۇنمەيدىغان نەرسە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ، بىر ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى سۆزلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانا ھەقىقەتەن بىر پەرزەنت ئۇچۇن ئېيتقاندا چوڭ باشپاناھ، يۆلىنىدىغان تاغ، مەدەتكاردۇر. كونا جەمئىيەتتە ئاتا ـ ئانىسى يوق پەرزەنتلەر ئۆزىنى قانىتى سۇنغان قۇشقا، خازان بولغان گۇلگە، كۆيۈپ ئۆچكەن كۇلگە ئوخشىتىپ، يېتىم ـ مىسكىنلىك ھېس قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
ئېگىلگىن ئاسمانچە بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان تەختىدە بولساڭ.

بۇ قوشاقتا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كەمتەرلىكتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى تەرغىب قىلىنىدۇ. مالىيە ۋە سىياسىي ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى كۆزگە ئىلمايدىغان تەكەببۇر تۆرىلەرنى، بەگ - غوجىلارنى كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ. يەنە ئوخشاش مەزمۇندىكى بىر كۇپلېت قوشاقنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

تەكەببۇر ئەيلىمەڭ يادەرد.
ئېگىلگىنى ئاسمان بولدى.
قومۇچنى كۆرمىدىڭلەرمۇ،
باش چىقىرىپ بورىيا بولدى.

بۇ قوشاقتىمۇ تەكەببۇرلۇقنى سۆكىدۇ. كەمتەرلىكنى تەرغىب قىلىدۇ، يەنى ئاسمانمۇ ئېگىلگەن يەردە، سەن تەكەببۇر قانچىلىك ئىدىڭ؟ قومۇچ شۇنچە مەغرۇر باش چىقىرىپ ئۆسكەن بولسىمۇ ئاخىر بۇ بورىيا بولدى، دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

تەكەببۇرلۇقنى تەنقىد قىلىپ، كەمتەرلىكنى تەرغىب قىلغان بۇ خىل قوشاقلار ھازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلاھات نۆۋەتتە ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتى كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە ئىدىيىۋى ئىستىلىنى سۆزلىگەندە، پاك - دىيانەتلىك بولۇپ، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقنى، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇشنى، ئۆزىنى ئاممىدىن تۆۋەن

تۇتۇپ، ئامىمدىن ئايرىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيىۋى خىسلەتنى يېتىشتۈرۈشتە يۇقىرىقى قوشاقلار زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزلەردىن ئاققان ياشىغا.

بۇ قوشاقتا، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر دەرد ـ ئەلەم جانلىق تەسۋىرلىنىدۇ. دەرد ـ ئەلەملەر دەستىدىن كۆزلەردىن ئاققان ياش گەرچە تۇگمەننى چۆرگىلىتىش كۈچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلۇم دەستىدىن ئىنسان چىدىغۇسىز مۇھىتتا ياشىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مۇشۇ بىر كۇپلېت قوشاق پۈتۈن كونا جەمئىيەتتىكى ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ تارتقان ئېغىر دەرد ـ ئەلەملىرىنى مەركەزلىك هالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن.

غېرىب بولدۇم، غېرىب بولدۇم،
غېرىب بولغاندا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ شەھرىگە بېرىپ،
مۇساپىر بولغانغا يىغلايمەن.

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭلار،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى،
دۇنيا ماڭا قاراڭغۇلۇق.

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
چىكىپ ئۆيناپ سۇندۇرىدۇ.
قەدىر بىلمىگەن يارلار،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرىدۇ.

بۇ قوشاقتا، كونا جەمئىيەتتە دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېغىر ئالۋان - سېلىقلارغا چىدىيالماي يۇرتىدىن ئايرىلغان. باشقا يۇرتلارغا پالانغان مۇساپىرلارنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، مۇساپىرلىق، ھىجرانلىق تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر كۈن ئىكەنلىكىنى، مۇساپىرنىڭ كۆڭلى سۇنغان چىنىدىنمۇ سۇنۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ئۆلۈپتۇ خەستىلەر كۆڭلۈم،
غەم بىلەن ھەرگىز تىرىلمەيدۇ.
ئۆلۈپ پەريادىلەر چەكسەم،
قەبرىدىن ئاۋاز كەلمەيدۇ.

قېرىدىم، قىلمىدىم تۆۋە،
يىگىتلىك كەتتى ئىلكىمدىن.
زۇلۇم بىلەن ئادا بولغان،
ئىسسىت ئۆمرۈمگە يىغلايمەن.

مانا بۇ قوشاقلاردا غەم بىلەن ئۆلگەن كۆڭۈللەرنى، ھەرگىز تىرىلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقى، زۇلۇم بىلەن ئادا بولغان قايغۇ - ھەسرەتلىك ئۆمرىگە يىغلايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
يەنە بەزى تارىخىي قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم،
يەمشى دېگەن جايلاردا.
كۆز يېشىم دەريا بولدى،
ناماز دىگەر چاغلاردا.

مۇھەممەد بىشىر ۋاڭ دەۋرىدە بولغان بەيىەنخۇ يېغىلىغىدا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ جەڭدە ئۆلگەنلەر ناھايىتى كۆپ. ئەنە شۇ يىللارنىڭ مەلۇم كۈنى نامازدىگەر چاغلاردا قۇمۇلنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر ئايال ئېرىنىڭ تۇرپاننىڭ يەمشى دېگەن يېرىدە جەڭدە ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان. ئۇنىڭ كۆز يېشى دەرياغا ئايلىنىپ يۇقىرىقى قوشاقنى توقۇغان، بۇنىڭدىن شۇ يىللاردىكى ئۇرۇش پاجىئەلىرىدىن بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى شۇنىڭغا ئوخشاش قۇمۇلنىڭ شىكىشىكىشيا قوشاقلىرى، نوم قوشاقلىرى، تۆمۈر خەلىپە داستانلىرىمۇ شۇ دەۋرلەرنىڭ شاھىدى بولۇپ قالغان.

سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەدەبىيات، جۈملىدىن خەلق ئەدەبىياتىمۇ روشەن سىنىپىيلىككە ئىگە ۋە ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولغاچقا، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىمۇ تارىخىي چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، خەلق ئۆزىنىڭ دەردى پىغانىنى، ئاھۇزارىنى كۆپ چاغلاردا خۇداغا نالە قىلىش ئارقىلىق بايان قىلغان. مەسىلەن:

ئەي خۇدا - خۇداۋەندە،
نەدەپ بۇ ئالەمنى بەنا قىلدىڭ؟
نەدەپ، نەسەۋەبتىن ئادەمگە،
بۇ ئۆلۈمنى ئاشنا قىلدىڭ؟

سەھەردە ئويغۇنادۇرمەن،

ئىلاندەك تولغۇنادۇرمەن.
ئۆلۈم يادىمغا يەتكەندە،
خۇدا دەپ يادلىنادۇرمەن.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل،
خۇداغا نالە قىلمامدۇ.
ئاتاسى يوق يېتىملەرگە
خۇدا رەھمە قىلمامدۇ.

بۇ خىلدىكى قوشاقلاردا، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە ياشىغان ئەمگەكچى خەلق دەھشەتلىك سىنىپي ۋە مىللىي زۇلۇملارغا، ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئېغىر ئۇرۇشلارغا، غايەت زور تەبىئىي ئاپەتلەرگە چىدىيالماي، بۇ بالايىئاپەتلەرنىڭ كېلىش سەۋەبىنى بىلەلمەي، چىقىش يولىنى تاپالماي، ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە نارازى بولۇپ، ئاللاغا سوئال قويىدۇ: «ئالەمنى بەنا قىلمىغان بولساڭ، ئادەممۇ مەۋجۇت بولماس ئىدى» ئۇ چاغدا «ئۆلۈممۇ مەۋجۇت بولماس ئىدى» بىز ئەمگەكچى خەلقمۇ مۇنداق «تەڭشەلمىگەن ئالەمدە» خارى زار، ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش كەچۈرمىگەن بولاتتۇق دېمەكچى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، «ئۆلمەيدىغان كىم بار» دەپ ئۆلۈمنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

2. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە نەپىس ۋە گۈزەل، لىرىكىلىقى جەھەتتە ھېسسىياتى يېقىملىق، مۇڭى كۈچلۈك، رېتىم - قاپىيىلىرى ماسلاشقان بولۇپ، ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىدۇ.

تۆۋەندە بىر نەچچە قوشاقنى مىسال كەلتۈرىمىز:

ئاغرىۋېدىم ئۆلگىلى،
يارىم كېلىپتۇ كۆرگىلى.

تۇرغۇدەك يوقتۇر ماجالىم،
يارىمغا تەزىم قىلغىلى.

بۇ قوشاقتا، بىز سەممىي ـ ساداقەتلىك، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى كۆرۈۋالالايمىز. تۇرمۇشتا ئاغرىق كىشى ئۆزىنىڭ سېغىنغان ئاق كۆڭۈل ۋاپادار كىشىسى يوقلاپ كەلگەن چاغدىكى ھاياجىنىنى باسالمىغان ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك ئىدىيىۋى ـ ھېسسىياتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.
يەنە بىر مىسال:

گۈلمۇ دەپ باستىم تىكەننى،
تارتىدۇرمەن دەردىنى.
بىلسەمىدىم باسماسىدىم،
تارتماسىدىم دەردىنى.

بۇ قوشاقتا، بايان قىلىنغىنى ئەمەلىيەتتە گۈل بىلەن تىكەن ئەمەس، بەلكى ئۇ كىشىلىك ھاياتىدا ئۇچرايدىغان دوست بىلەن دۈشمەننى، ياخشى بىلەن ياماننى، راست بىلەن يالغاننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، چىن بىلەن ساختىنى، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش توغرىسىدىكى ئىلمىي يەكۈندۇر.
يەنە بىۋاپالىق توغرىسىدىكى قوشاقلارنى مىسال ئالايلى:

گۈلەمشىۋا گۈلنى كۆرۈڭ،
بەرگى سايان قايرىلىدۇ.
بىۋاپا يارنى كۆرۈڭ،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىدۇ.

ئۈيىنغۇچتەك سارغىرىپ،
كۈتسەم يارىم كەلمىدىڭ.
كەلمىسەڭ كەلمە يارىم،
كەلمىگەنگە ئۆلمىدىم.

بۇ قوشاقلاردا، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان دوستلارنى، ئۆلمەي تىرىك ئايرىلىدىغان، ئەسقاتمايدىغان يارلارنى ئۇستىلىق بىلەن تەنقىد قىلىدۇ. سامانىدەك سارغىرىپ كەتسىمۇ، ئۆلگۈچە ئەھدىسىدە چىڭ تۇرغان ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەرنى ماختايدۇ.

قىل بىلەن تۇگكەن تۇگۈچنى،
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى،
تىغ بىلەن بولماس كېسىپ.

سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس،
مىسقال تومۇرنى.
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

بۇ قوشاقلارنىڭ تەسۋىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، مۇھەببەت رىشتىسى قىلدەك ئىنچىكە بولسىمۇ ئالماس بىلەن كېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، كۆڭۈل شۇنداق نازۇك نەرسىكى، خۇددى مىسقال تۆمۈرنى سۇ كۆتۈرەلمىگىنىدەك قوپاللىقنى، ۋاپاسىزلىقنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، مۇھەببەت شۇنداق قىممەتلىك نەرسىكى، ئۇنى ئالتۇن بېرىپ سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ قوشاقلار، ئۆتمۈشتىكى مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە توغرىسىدىكى

ئۆلمەس يەكۈن بولۇپ، هازىرمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا قارىماققا مۇھەببەت ۋە يار توغرىسىدىكى قوشاقلار زور سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن بۇ قوشاقلارنىڭ ھەممىسىنىلا نوقۇل ھالدا ئىشق ـ مۇھەببەت توغرىسىدىكى قوشاقلار دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلق زۇلۇمغا قارشى، ئېزىلىشكە قارشى سۆزلىرىنى ئازادلىققا، ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە ئىنتىلىش ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى توغرىدىن ـ توغرا ئاشكارا ئېيتالىشى مۇمكىن ئەمەس، سىياسىي مەقسەتتىن چىقىپ شۇئار تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويالىشى تېخىمۇ قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇپىيانە ھالدا كىنايە سۆزلەر ئارقىلىق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىنى قوللىنىپ، يۈرەك سۆزلىرىنى، دەرد ـ ئەلەملىرىنى بايان قىلغان. ئىككىنچىدىن، يار توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە «يار» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، يار يالغۇز ئۆزىنىڭ سۆيگەن مەھبۇبى، يولدىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەربىر ۋىجدانلىق شەخسنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىدە يارىدەك كۆيىدىغان ۋەتىنى، يۇرتى، خەلقى، مىللىتى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى، ئەل ـ ئاغىنە، يار ـ بۇرادەرلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى، شۇنىڭدەك ئازادلىق، ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى، ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ھالال ئەجىر ـ ئەمگەكلىرى قاتارلىقلارمۇ يار مەنىسىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەن. قوشاقلاردا ئىپادىلىنىپ كەلگەن ۋەتىنىنى، يۇرتىنى، خەلقىنى، مىللىتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، يار ـ بۇرادەرلىرىنى ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارىدىنمۇ ئەلا ھېسابلىغان مۇنداق ئىدىيىۋى ئەخلاق ـ گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى مۇھەببەت ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇھەببەت بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

3. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى تىلغا باي. بولۇپمۇ، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ھال قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆرۈنەرلىك بىر ئۆزگىچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر بۇ سۆزلەرنى قۇمۇلنىڭ يەرلىك شېۋىسى دەپ

قارايدۇ. بۇ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا توغرا بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى قەدىمكى تۈركىي تىلدىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەردۇر. 1914 - يىلى رۇس ئالىمى تۈركشۇناس مالوۋ قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى تۈرك تىل تەركىبلىرىگە ئالاھىدە تەھلىل يۈرگۈزگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باشلانغۇچ قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندىمۇ بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە ۋە باشقا چاغاتاي لۇغەتلىرىدە بارلىقى ئىسپاتلاندى. قۇمۇلدا بۇنداق قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر يالغۇز قوشاقلاردىلا ساقلىنىپ قالغان بولماستىن، بەلكى كەڭ خەلق ئارىسىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىپ كەلمەكتە. بىز بۇ سۆزلەرنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تىلىمىزنى بېيىتىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، بۇ سۆزلەر تىلىمىزنىڭ زور بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى تۈركىي سۆزلەر يالغۇز تىلىمىزنى بېيىتىش رولىنىلا ئويناپ قالماستىن، بەلكى تىلىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

چېھرىيىڭ چىغدىن سېرىق،
ئىشقىڭ سېنىڭ ئولان تۈرۈر.
ئاشىق ئۇتى يامان نېمە،
ئەجەب سېنى تولغاندۇرۇر.

ئىللىسۇنمۇ ئىللىسۇن،
ئىللىسۇننى تېرىسۇن.
مەن يارىمغا خالتا بەرسەم،
ئىنلاپ - ئىنلاپ يىغلىسۇن.

ياغلىقىم يارىمدا قاپتۇ،
ئىنلاپ - ئىنلاپ يۇرگۇدەك.
كىچىلىرى ئۇخلىيالماي،
كۇندۇزى تىللاپ يۇرگۇدەك.

مەن سېنى يارىم دېدىم،
قاچان سېنى دائىم دېدىم.
يارغىنەمنىڭ يوغىدا،
ياداي - جۇداي يارىم دېدىم.

هاي - هاي ئولەن، هاي ئولەن،
باشلادىلا.
گۇلنى ئېلىپ چىمەنگە،
تاشلادىلا.
. . . . . . . . . . . . . . . . .

يۇقىرىقى قوشاقلاردىكى ئولان، ئىنلاش، ياداي - جۇداي، ئولەن دېگەن سۆزلەر بۇگۇنكى كۇندە قۇمۇل شېۋىسىغا ئايلىنىپ قالغان قەدىمكى تۇركىي سۆزلەر بولۇپ، ئولان دېگەن سۆز ئەركىن، ئىختىيارىي دېگەن مەنىلەرنى، ئىنلاش دېگەن سۆز پۇراش، ئىسسكەش دېگەن مەنىلەرنى، ياداي - جۇداي دېگەن قوش سۆز نائىلاج، غورىگىل، ئاددىيلا دېگەن مەنىلەرنى، ئولەن دېگەن سۆز ئۇسسۇللۇق ناخشا دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەلكۇن (جامائەت، خالايىق، جەمئىيەت)، سىرتىق (ئۇچۇر، خەۋەر، نەتىجە)، سونو (غەلىتە، ئاجايىپ)، سونورقىماق (ئەجەبلەنمەك)، گوسمە (غەيۋەت - شىكايەت)، گىلاش (خىيال سۇرمەك، ئويغا قالماق)، جوڭقۇرماق (ئىدارەقىلماق، باشقۇرماق)،

جورۇڭقاي (نەسەب تارىخى، شەجەرە) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر قوشاقلاردا ۋە ئەل ئىچىدە كۆپ قوللىنىدۇ.

ئۆتمۈش خەلق قوشاقلىرى (ئومۇمەن ئەلنەغمە، مەشرەپلىرى) تارىختا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قالدۇرغۇچى قورال بولۇپ كەلدى. ھازىرقىدەك كىنو - تىياتىر، تېلېۋىزىيەلەر مول، يۈكسەك سەۋىيىدىكى مەدەنىي تۇرمۇش شارائىتىدىمۇ، ئۆتمۈش خەلق قوشاقلىرى، ھېكايە - چۆچەكلىرى، ئەلنەغمە، مەشرەپلىرى، ھازىر ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ، ھازىرقى زامان مەنىۋى بايلىقىنىڭ زور تولۇقلىغۇچىسى بولۇپ قالماقتا. ئۇنىڭ غايەت زور ئەنئەنىۋى رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قۇمۇل خەلقى تارىختىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ خەلقى بىلەن ھەمدە تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرى بىلەن دوستانە ئالاقە مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەن. ئىقتىسادىي، سىياسىي، تۇرمۇش جەھەتتە بېرىش - كېلىش ئالاقىسى كۆپ بولغان. بولۇپمۇ، تارىختىكى غەربتىن - شەرقتىن كەلگەن ئۇرۇشلار، قوزغىلاڭلار تۈپەيلىدىن قۇمۇلنىڭ بىر قىسىم خەلقلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا كېتىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇمۇلدا توپلانغان قوشاقلار ئىچىدە باشقا جايلاردىن كېلىپ قۇمۇلدا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىرى، باشقا جايلاردا قۇمۇلدىن بېرىپ ئۆزلىشىپ قالغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلار ئاساسەن قۇمۇل ۋە قۇمۇلنىڭ ناھىيە - يېزىلىرى (بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغنى) ئاساس قىلغىنى ئۈچۈن «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى» دەپ ئاتىدۇق.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى، قۇمۇل ئاشۇ چوڭ ماكان ئىچىدىكى ناخشا - قوشاق يۇرتلىرىنىڭ بىرى. قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى تۈگىمەس مەنبەگە ئىگە. گويا تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان بوز، قېزىلىپ بولمىغان كان. بۇ بوز، بۇ كان كەڭ ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ قوينىدىن ئىبارەت. خەلق ئاممىسى خەلق قوشاقلىرىنىڭ قاينام بۇلىقى.

بولۇپمۇ، خەلق قوشاقلىرى، ئەلنەغمىچىلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەشتە بىزنىڭ ئەڭ زور مەدەتكارىمىز، ئۇستازىمىز. بىز بۈگۈن قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ تەتقىق قىلىشنى باشلاۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۆتمۈش خەلق قوشاقلىرىنى ساقلاپ، قوغداپ، بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن مەشھۇر ئەل نەغمىچىسى مەرھۇم مەڭلىك سەيپۇڭ ئۇستامنى چوڭقۇر مىللىي ھېسسىياتىمىز بىلەن خاتىرىلىمەي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ زاماندا‌شلىرىدىن ۋە شاگىرتلىرىدىن بولغان ئاخۇنبەگ، ئاقىپاشا، نەمەت بۇسۇق، باسىت، سەيدۇللا قاتارلىق ئەلنەغمىچىلىرىگە سەممىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. قالغان بارلىق ئەلنەغمىچى ئىجادكارلار ۋە ھەۋەسكارلار كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆتمۈش قوشاقلىرىنى ۋە يېڭى قوشاقلارنى توپلاش - ئىجاد قىلىش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا تىرىشايلى.

1980 - يىلى ماي، قۇمۇل

## 9. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ فولكلورىنىڭ شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى چوڭقۇر. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ئەھمىيىتى زور ھەم مۇشەققەت خىزمەت. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش ۋە يىغىپ توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى خەلق ئەدەبىياتى ساھەسىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىزمەتتۇر. چۈنكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات بايلىقى يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تارماقتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئۈزلۈكسىز ئوزۇق ئېلىپ بېيىپ، راۋاجلىنىپ بارغان.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئەمگىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشتىن ئىبارەت تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ چېچەكلىگەن. خەلق ئاممىسىنىڭ مول تەجرىبىسى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن يۇغۇرۇلغاندۇر. بەدىئىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنى خەلق قىزغىن ئالقىشلايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلىش، تەربىيە بېرىش، ئەينەك سۈپەتتە پايدىلىنىش، ئېستېتىكىلىق ھۇزۇر بېغىشلاش ۋە كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتىكى رولى ناھايىتى چوڭ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممىتى ئادەتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كاتېگورىيىسىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ تارىخشۇناسلىق،

پەلسەپە، ئارخېئولوگىيە، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق ۋە يېزا ئىگىلىكى، ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق پەنلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تاپالايدۇ. شۇڭا، پرولېتارىياتنىڭ داھىيلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئەھمىيەت بەرگەن. ماركس، ئېنگېلس ئۆز ئەسەرلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نۇرغۇن نەقىللەرنى كەلتۈرگەن. 1942 ـ يىلى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جوڭگودىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى خەلق ئاممىسىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىگە باھا بېرىش، ئۇنى توپلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتلىرىدە ئېنىق، يېڭى نىشان ۋە ئۆلچەمگە ئىگە بولدى. پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ۋە ئالاھىدە رەۋىشتە تارىخقا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى بىلمەي تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەنىدى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى ئەلۋەتتە ئايرىم شەخسلەر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولسىمۇ، كېيىن ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ خەلق ئاممىسى ئىچىگە كەڭ تارقىلىش، چوڭقۇر سىڭىش جەريانىدا ئىجاد قىلغان شەخسنىڭ نامى ۋە تەسىر دائىرىسىدىن كۆپ دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتۈپ خەلقنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، بىز نۇرغۇنلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىجادچىلىرىنىڭ نامىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ياراتقۇچىلىرى ياكى قوشاقچى، داستانچى، ھېكايە، چۆچەكچىلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىدۇر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئىجاد قىلغان، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان، تارقاتقان، قوللانغان بىر سەنئەت بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇنىڭ

ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى جەمئىيەتتىكى چوڭ - چوڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە، سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىدىن تارتىپ تا ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى مەسىلىلىرىگىچە بولغان ھەر تەرەپلىمە مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە بولۇپ بىر تەرەپتىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشچانلىقى، مەردلىك، مەردانىلىك، ھەققەتپەرۋەرلىكتەك ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەتلىرى، كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى، بەختلىك ھايات، پارلاق تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى، ئىشق - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى ئاجايىپ باتۇرلۇق ۋە يۈكسەك پەم - پاراسەت بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، شۇنداقلا بۇ خىل كۈرەشلەرنىڭ غەلىبە قازىنىشىغا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچلىرى جانلىق، بەدىئىي ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەزگۈچى ئېكسپىلاتاتور سىنىپ كىشىلىرىدە ئىپادىلەنگەن زالىملىق، ئادالەتسىزلىك، پارىخورلۇق، تىرىكتاپلىقتا ئوخشاش قەبىھ ھادىسىلەر ئۆتكۈر پاش قىلىنىدۇ ۋە جەمئىيەتتىكى ھورۇنلۇق، بېخىللىق، ئەخلاقسىزلىق، ھاكاۋۇرلۇق، سۆلەتۋازلىق، مىشچانلىق، چېقىمچىلىق، خۇشامەتگۈيلۇقتەك يارىماس ئىللەتلەر كۆچلۈك ئەيىبلىنىپ كىشىلەرنى بۇلارغا قارشى يەكدىللىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يالغۇز ئەدەبىيات قىممىتىگىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم بىر تەركىب بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ مىللەت خەلقىنىڭ تارىخى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە، سەنئەتكە دائىر تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، چۈنكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور، يەنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىي ئورۇننى تۇتۇپ كەلگەن. بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلىرىمىز كۆپ قېتىملاپ بۇزغۇنچىلىققا

ئۇچراپ تۇرغىنى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەنىۋى جەۋھەرلەر خەلقىنىڭ كۆڭلىدە ساقلىنىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېيتىلىپ كەلگەن. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تىل ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزگەن قوشاق، ماقال، تەمسىللەرگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ئەسىرلەر بۇرۇنقى ھاياتىغا تەئەللۇق بولغان تارىخىي پاكىتلار كۆمۈلگەندۇر. قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق بولغان ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىش بىلەن ئېغىز ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى سان ھەم ژانىر جەھەتتىن تېخىمۇ كۆپ، بىز ئۇلارنى توپلاپ، رەتلەپ تەتقىق قىلىش بىلەن نۇرغۇنلىغان تارىخىي پاكىتلارنى ئىگىلەپ، بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يولىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىدىن يېڭىنى يارىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا بىرقەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

ئەپسۇسكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى بايلىق شىنجاڭدا تېخىچە ئېچىلمىغان بوز، قېزىلمىغان كان ھالىتىدە تۇرماقتا، قۇمۇل رايونىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. لېكىن، نۆۋەتتە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، ئاشۇ يىللاردا بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىممۇتلەق مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەندىن بۇيان مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى گۈللەپ ياشناش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، تەتقىق قىلىپ رەتلەش جەھەتلەردە دەسلەپكى قەدەمدە كىشىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

قۇمۇل رايونى مول ئېغىز ئەدەبىياتى مەنبەسىگە ئىگە بىر جاي. قۇمۇلدا ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدۇ. يەنى قوشاق، داستان، بېيىت، ناخشا، چۆچەك، تېپىشماق، لەتىپە، پاراڭ، توقۇلما، رىۋايەت، مافال ـ تەمسىل قاتارلىقلاردىن تاشقىرى قۇمۇل

خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق سورۇنى بولغان قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرىمۇ بار.

قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — قۇمۇل ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئوقۇغان ئۇلۇغ مەدھىيىسى، يۈرەك ساداسى ھەم ئارزۇ - تىلىكىنىڭ ئىنكاسى ۋە كۈرەش خاتىرىسى، تۇرمۇش دەستۇرى بولۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بېرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەربىر تۈرى ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ نىھايىتى دائىرىسى كەڭ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى چوڭقۇر، تىلى جانلىق، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ، ئاممىبابلىقى كۈچلۈك، شەكلى خىلمۇ خىل. مەسىلەن: قوشاقلارنى ئالساق — ئاتا - ئانا، قېرىنداش، غېرىب - مۇساپىرلىق، ھەسرەت - نادامەت، زۇلۇم، زۇلۇمغا قارشىلىق، ياخشى - يامانلىق، دوست - دۈشمەنلىك، پەندى - نەسىھەت، قەدىر - قىممەت، ئەقىل - ئىدراك، سۆيگۈ - مۇھەببەت قاتارلىق تېمىلاردىكى قوشاقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىز كۆچۈرۈش قوشىقى (ھاي - ھاي ئولەن - ھاي ئولەن)، رامزان قوشىقى، ئەمگەك قوشىقى (ئورما، قوناق، كېۋەز چاغلاش، خامان تېپىش)، سەپەرئاي قوشىقى، بارات ئاي قوشىقى قاتارلىقلار بار.

داستانلارنى ئالساق: يالغۇز تۈيۈم، ياچىۋەك، ئىسلام بېگىم، تومۇر خەلپە، خوجىنىياز ھاجى، زىنداندىكى توختاخۇن، مەريەمخان، ئالىمخان، مايىسخان داستانلىرى بار.

بېيىتلار — يۈز ئاچقۇلۇق (توي) بېيىتلىرى، پوتا بېيىتى، كۆك بېيىتى، قار بېيىتى، ئىشق - مۇھەببەت، سالام خەت بېيىتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەر خىل تېمىدىكى چۆچەكلەرنى تاپقىلى بولىدۇ.

لەتىپىلەردىن قاسىم سوغ لەتىپىلىرى، نىياز ھاجى لەتىپىلىرى

قاتارلىق لەتىپىلەر بار. داۋاملىق ئىزدەنسەك يېڭى ژانىر، يېڭى مەزمۇندىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى تېپىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن: ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان (پارتىيىنى، ماۋجۇشىنى، ئازادلىقنى، سوتسىيالىزمنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مەدھىيىلەيدىغان) قوشاقلارمۇ بار.

قۇمۇلدا خەلق ئەدەبىياتى شەكىللىرىدىن بىرى بولغان، سەنئەت مەكتىپى بولۇپ جۇلالىنىپ تۇرغان قۇمۇل خەلق مەشرەپلىرى ئالاھىدە دىققەتنى تارتىدۇ. توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەملەردە بولىدىغان مەشرەپلەر، قىشلىقى مايسا ئۈندۈرۈپ قىلىدىغان كۆك مەشرىپى، يېڭى قارنى مۇبارەكلەپ قار تاشلاپ قىلىدىغان قار مەشرىپى، كەچكى كۆڭۈل ئېچىش، ئولتۇرۇشلاردا، باراۋەت، بەزمىلەردە بولىدىغان مەشرەپ قاتارلىق مەشرەپ شەكىللىرى بار.

قۇمۇل خەلق ئون ئىككى مۇقامى بولسا يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى ئاساسەن شەكلى جەھەتتىن قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى مۇزىكىسىغا ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن ئاھاڭ ۋە ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. قوشاق ھەم بېيىتلەر كۆپلېپ تۈزۈلۈشى جەھەتتە ھەربىر كۇپلېت قوشاق ياكى بېيىت مەلۇم پىكىر ۋە ھالەتنىڭ ئوبرازىغا ئىگە.

قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تارىختىن بېرى چەت ئەلدىن تارتىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىچە نۇرغۇنلىغان ئالىم، پروفېسسور، تىلشۇناسلار ھەم ئەدەبىياتچىلار زور دەرىجىدە قىزىقىپ كەلمەكتە. ئۇلار يىغىپ، توپلاپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. مەسىلەن، 1914 ـ يىلى رۇس ئالىمى تۈركشۇناس مالوف قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل ئەل ئەدەبىياتى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ بىر قىسىم قوشاق، چۆچەك، ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماق قاتارلىقلارنى توپلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. قۇمۇل ئەل ئەدەبىياتى توغرىسىدا بىر پارچە كىتاب يېزىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ

دىققىتىنى تارتقان. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار قۇمۇلغا كېلىپ توپلاش ئىشىنى ئېلىپ باردى. قۇمۇلنىڭ ئۆزىدە بولسا 60 - يىللاردىلا بۇ ئىشنى باشلىغۇەتكەن بىر قىسىم يولداشلىرىمىز بار. ئۇلار قىزغىن ھېسسىياتى بىلەن نۇرغۇن قوشاق، ماقال - تەمسىل، تىل، يەرلىك شېۋە توپلىغان. بىز بۇ يولداشلارغا 77 - يىلدىن تارتىپ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ قۇمۇل بەششار، 12 تاغنى زىيارەت قىلىپ قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردۇق. نەتىجىدە 3 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق داستان، قوشاق، بېيىت ۋە ماقال - تەمسىل توپلاندى. ئۆتكەن يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» مەخسۇس سان چىقىرىپ 1100 كۇپلېت قۇمۇل خەلق قوشىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ كەڭ ئامما ئىچىدە ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى بولدى. بېيجىڭدىن تارتىپ جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭلاردىن خەت كېلىپ «خەلقنىڭ ئەدەبىي تارىخىي مىراسىنى، خەلققە تۆھپە قىلدىڭلار ... ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلانغۇسى ... كېيىن چىققان مۇڭگۇزنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆردۇق» دەپ ماختاشتى. ئاپتونوم رايون ۋە بېيجىڭدىكى بىر قىسىم تىل ۋە تارىخ تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدىغان ئالىم، پروفېسسورلار ئايرىم خەت يېزىپ مەخسۇس سان ژۇرنالدىن ئەۋەتىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى. ھازىر داستانلاردىن «تۆمۈر خەلپە»، «ياچىۋەك» داستانلىرى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەندى.

لېكىن، بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، قىلغان ئىشىمىز تېخى ناھايىتى ئاز. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىدىن تېخى ناھايىتى يىراق. دەۋرنىڭ بىزگە قويغان تەلىپىدىن كۆپ ئارقىدا قېلىۋاتىمىز. بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1981 - يىلى 30 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش بىلەن ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. ھازىر ئۆز

مىللىتىمىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىدىغان پېشقەدەم قوشاقچىلار، ھېكايىچىلەر ۋە سەنئەتكارلار ياشىنىپ قالدى. ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي مىراسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش بىزنىڭ كېچىكتۈرۈپ بولمايدىغان جىددىي ۋەزىپىمىز دەپ قارايمىز.

دەرۋەقە، بىز ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مىراسخورلىرىمىز. بىز ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زور تولۇقلىغۇچىسى قىلىشىمىز كېرەك. ھەممىمىز بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە خەلقىمىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى تەۋەرۈكلىرىنى ئالتۇن قەلەملىرىمىز بىلەن يازايلى، رەتلەيلى، تەتقىق قىلايلى!

1981 ـ يىلى مارت، قۇمۇل

# 10. ماۋ زېدوڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىدا چىڭ تۇرايلى

يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسىرى ئېلان قىلىنغىنىغا 40 يىل بولدى. 40 يىلدىن بۇيان «نۇتۇق»نىڭ تۈپ نەزەرىيە، پرىنسىپ - قائىدىلىرى تۈرلۈك سىناقلاردىن ئۆتۈپ، تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاچماقتا.

«نۇتۇق» — ماركسىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا نۇر چاقناپ تۇرىدىغان نەزەرىيىۋى نامايەندە، ئۇنىڭدا ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ئىنقىلابنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈشنىڭ، مەنبە بىلەن ئېقىمنىڭ، ۋارىسلىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنغان، دۆلىتىمىزنىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار نەزەرىيە، فاڭجېن - سىياسەت مەسىلىلىرى ھەل قىلىنغان. ماۋ زېدوڭ جۇڭگو پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مەيدانغا چىققان شۇ بىر قاتار مۇرەككەپ مەسىلىلەر ئىچىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت تۈپ مەركىزىي مەسىلىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى ۋە بۇ يۆنىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىش يولىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى تېپىپ بەردى. مانا بۇ «نۇتۇق» نىڭ پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلققە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى قەدىمكى ۋە ھازىرقى، جۇڭگودىكى ۋە چەت ئەللەردىكى يازغۇچىلارنى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆلچەشتىكى مۇھىم ئۆلچەم بولۇپ قالغانىدى. لېنىن 1905 ـ يىلى يازغان «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» دېگەن ئەسىرىدە پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى مىليونلىغان، ئون مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم، دەپ ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەلەپنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولى ھەل قىلىنمىغانىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن تۇنجى قېتىم ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق ھەل قىلدى ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پارتىيىۋىلىكى پرىنسىپىنى بېيىتىپ راۋاجلاندۇردى. ئۇ «نۇتۇق» دا ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى باشقا ئەسەرلىرىدە «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ئاساسىي تەجرىبە، ئاساسىي يەكۈن ئىدى. بۇ مەركىزىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈگۈنى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىشچى، دېھقان ئەسكەرلەر ئارىسىغا، ئەمەلىي كۈرەش ئىچىگە بېرىشى، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگىنىشى، ئىدىيە ئۆزگەرتىشى، يېڭى، ئاممىغا مەنسۇپ دەۋرگە ماسلىشىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

«نۇتۇق» ھەل قىلىپ بەرگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلق ئاممىسى

ئۇچۇن خىزمەت قىلىش، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۇچۇن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ توپ يۆنىلىشى ۋە توپ پرىنسىپى بولۇپ قالدى، ئەمما تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ۋە تارىخىي باسقۇچلاردا بۇ توپ يۆنىلىش ۋە توپ پرىنسىپنىڭ ئۆزىگە خاس دەۋر مەزمۇنى ۋە كونكرېت ئالاھىدىلىكى بولۇپ كەلدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئاممىسى ئۇچۇن خىزمەت قىلىشى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى تاماملاپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇش بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى. يەنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇش خەلق ئاممىسىنىڭ توپ مەنپەئىتى بولغانلىقتىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلق ئاممىسى ئۇچۇن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۇچۇن خىزمەت قىلدى، ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى، يەنى سوتسىيالىزم قۇرۇش خەلق ئاممىسىنىڭ توپ مەنپەئىتى بولغانلىقتىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلق ئۇچۇن، سوتسىيالىزم ئۇچۇن خىزمەت قىلدى. مانا بۇ، پۈتكۈل تارىخىي دەۋردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ توپ يۆنىلىشى بولۇپ قالدى.

40 يىلدىن بۇيان جۇڭگو پرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى تەرەققىياتى تارىخىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر، «نۇتۇق» كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىش ۋە يولنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرىلەش يولىدا يۈز بەرگەن خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەر «نۇتۇق» نىڭ توپ ئاساسىي روھىغا، توپ پرىنسىپ، نەزەرىيە قائىدىلىرىغا تامامەن زىت ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان 10 يىللىق ئاپەت يىللىرىدا كۆرۈنۈشتە ھەر يىلى بىر قېتىم «نۇتۇق» نى خاتىرىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە «نۇتۇق» نىڭ توپ روھى ـ پرىنسىپلىرىنى دەپسەندە قىلدى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىغا ئەدەبىيات مۇستەبىتچىلىكى يۈرگۈزدى، ئىنتايىن سول دوگماتىزملىق ۋە مېتافىزىكا، ئىدېئالىزم، ئەقىدىچىلىك

بىلەن كەڭ شۇغۇللاندى، ئۇلار يېڭى جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا مۆلچەرلىگۈسىز بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزدا خۇددى قىش ـ زىمىستان ئۆتۈپ، باھار قايتىپ كەلگەندەك گۈل ـ گۈلىستان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنى تازا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن تارماقلارنىڭ بىرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلار يولغا قويغان ئەدەبىيات مۇستەبىتچىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ساختا، سۇيىقەستلىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمۇ سۇپۇرۇپ تاشلاندى، «نۇتۇق» روھى قايتىدىن پارلاق نۇرىنى چاچتى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق تۇرمۇشى بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق ئاممىسى ناھايىتى ياقتۇرىدىغان، ماختايدىغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا ئۇيغۇن، خەلق تۇرمۇشى چىن تەسۋىرلەنگەن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ـ ھېسسىياتى، ئارزۇ ـ تىلەكلىرى ۋە تەلەپلىرى توغرا ئىپادىلەپ بېرىلگەن ناھايىتى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر، كىنو، تىياتىر، ناخشا ۋە گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ياخشى ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پارتىيىمىز يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپلا قالماي، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرغان، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سىياستى ئەمەلىيلىشىپ، نۇرغۇنلىغان يالغان، خاتا، ئۇۋۋال دېلولار توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، سوتسىيالىزم دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى

ئۆزگەرگەنلىكتىن، تارىخنى، مەدەنىيەتنى يارانقۇچى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى يېتىشىپ چىقتى. پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى تېخىمۇ زورايدى. بىزنىڭ كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىز پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە روھلىنىپ، ئىتتىپاقلىشىپ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن، سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ يېڭى دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە. «يۈيتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە» دېگەنگە ئوخشاش پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىمۇ مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

لېكىن، ئىلگىرىلەش داۋامىدا يۈز بەرگەن بۇنداق ياكى ئۇنداق كەمچىلىك مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىمىز، مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سۇژېت، ژانىر، شەكىل ۋە ئۇسلۇبلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى جەھەتتە بولسۇن، يېڭى دەۋردىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىشتىن خېلى يىراق تۇرماقتا. جانلىق پېرسوناژ ئوبرازلىرى ۋە جانلىق، تەسىرلىك بەدىئىي گۈزەل سەنئەتلەر ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇشىنى ۋە پىداكارلىق بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىنى چىن ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەسەرلەر ھەقىقەتەن بەك ئازلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ كەمچىلىكلەرنى بىر نۇقتىغا يىغقاندا يەنىلا ئەدەبىيات - سەنئەتنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قانداق خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن تۆتنى

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلىشىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بىز ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسىي روھىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىپ، ئۇنى قىبلىنامە قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، سوتسىيالىزمنى، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆيلەيدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىمىز كېرەك. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ، يەنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، خەلقنى تەربىيىلەپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

«نۇتۇق» ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىنقىلاب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ بەرگەن، يولداش ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»نىڭ كىرىش قىسمىدىلا مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «بىزنىڭ بۈگۈن بۇ يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشىمىزدىن مەقسەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن ئىنقىلاب ماشىنىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ كۈچلۈك قورالى سۈپىتىدە خەلقنىڭ دۈشمەنگە قارشى بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىدىغان قىلىش. «نۇتۇق»دا يەنە يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى «مەدەنىيەت ئارمىيىسى»، «ئۆزىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئارمىيە» دەپ ئاتاپ، ئۇنى قوراللانغان پرولېتارىيات دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن بىر قاتارغا قويغان. يولداش ماۋزېدۇڭ يەنە ئەلەم بىلەنمۇ، قەلەم بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، يولداش ماۋ زېدۇڭ بىزگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى پۈتكۈل پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىدە تۇتقان ئورنىنى، ئوينايدىغان رولىنى ئېنىق بەلگىلەپ

بەرگەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بىراق، ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ «ئورنى»، «رولى» لايىق قويۇلماسلىق مەسىلىسى ئوڭايلا يۈز بېرىدۇ، بۇ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىملىقىنى قانداق مۆلچەرلەش مەسىلىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنە بىر گە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىملىقىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ تەكىتلەشنىمۇ قۇۋۋەتلىمەسلىكنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ رولىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىمەسلىكنىمۇ قۇۋۋەتلىمەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى يارىتىپ، كىشىلەرنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزگەرتىدىغان، خەلقنى ئىستىپاقلاشتۇرىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان، تارىخنى ئىلگىرى سۈرىدىغان رولىغا ۋە ئورنىغا سەل قاراش، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بىلمەسلىك ھەم ئىنقىلابنى بىلمەسلىكنىڭ ئىپادىسى. سەل قاراش ياكى ئۇنىڭ رولىنى، ئورنىنى مۇبالىغا قىلىشنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل ئىنقىلابىي ئىشلارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا پايدىسىز، شۇنداقلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

«نۇتۇق»دا ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ماركسچە تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە بىلىش نەزەرىيىسى بويىچە ھەل قىلىپ بېرىلگەن. يولداش ماۋ زېدوڭ «نۇتۇق» دا مۇنداق دەيدۇ: «خىلمۇ خىل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مەنبەسى زادى نەدە؟ ئىدىيە شەكلىدىكى ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولسا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنقىلابىي يازغۇچىلار مېڭىسىدىكى مەھسۇلى، خەلق تۇرمۇشىدا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە خام ئەشيا بولىدىغان قېزىلما بايلىقلار ئەزەلدىن مەۋجۇت. بۇلار تەبىئىي ھالەتتىكى نەرسە، خام نەرسە، لېكىن ئەڭ جانلىق، ئەڭ مول، ئەڭ تۈپ نەرسە؛ بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت

چېنىپ قالىدۇ، ئۇلار بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۇتمەس ـ تۇگىمەس بىردىنبىر مەنبەسى. بۇلار بىردىنبىر مەنبە، چۇنكى مۇشۇنداق مەنبەلا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى مەنبە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

يولداش ماۋ زېدۇڭ بىزگە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى شۇنداق قارايدۇكى، كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ ياكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت كىشىلەر بىلىشىنىڭ مەنبەسى، يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت مەنبە، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئوبيېكتى دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئېلىپ (ئىجات قىلىپ) يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ قانۇنىغا ھۆرمەت قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىئالېكتىك تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تارىخنى خەلق ئاممىسى ياراتقان دېگەن نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، يېڭى تارىخىي دەۋردە ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز ۋە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى ياراتقۇچى، مەدەنىيەتنى — ئەدەبىياتنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن چوڭقۇر چۈشەنگەندىلا ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان مۇھەببەت چوڭقۇرلىشىدۇ. پىكىر ـ ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاقلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. خەلق ئاممىسى ياراتقان تارىخقا، خەلق ئاممىسى ياراتقان مەدەنىي مىراسلارغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ھازىرقى يازما ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى بولغان خەلق ئەدەبىياتىدىن جەۋھەرلەرنى ئېلىپ بۈگۈن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ

دائىرىسىدە تېخىمۇ زور ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى تېخىمۇ كېڭەيدى. بىز يېڭى تارىخىي دەۋردە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا تەقدىم قىلىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىگە ئىلمىي پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان «پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىرقانچە قارارى» دا يولداش ماۋ زېدۇڭغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئىلمىي باھا بەردى. پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغا ماۋ زېدوڭغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئىلمىي پوزىتسىيىسىدە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردى. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىش مۇساپىسىنى يورۇتۇپ بەردى. دۆلىتىمىزنىڭ بىر قانچە 10 يىللىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ، تارىختىلا غايەت زور رول ئويناپ قالماستىن، بۈگۈنمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى بولۇپ قالغۇسى. پرولېتارىيات ئىنقىلابى داھىيلىرى ئىچىدە يولداش ماۋ زېدۇڭدەك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان، شەخسەن ئۆزى ئەدەبىيات بىلەن ئۇزۇن يىللار شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر يازغان داھىي يوق. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاشلا تارىخىي چەكلىمىلىككە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇ، ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بەزى توغرا بولمىغان،

بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئېلان قىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسىي روھى توغرا. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە بولغان يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا ھەم ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولدى. بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ھەم تونۇۋېلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۆۋەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى خىل خاتا خاھىشقا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. يەنى بىرىنچى خىل خاتا خاھىش، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسىي روھىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ئۇنىڭ ئۇلۇغ نەزەرىيىۋى تۆھپىسىنى ۋە نۆۋەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزدىكى غايەت زور يېتەكچىلىك رولىنى ئېتىراپ قىلماسلىق. بۇ خاھىش بۇرژۇئا ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيە ساھەسىدىكى ئىپادىسى. ئىككىنچى بىر خىل خاتا خاھىش، تارىخىي تەرەققىياتقا كۆز يۇمۇش، رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، مېتافىزىكىلىق ۋە دوگماتىزملىق، قاتماللىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، «ھەربىر جۈملىسى ھەقىقەت» دېگەن ئەقىدىچىلىك مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ ياكى ئەمەلىيەت خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان فورمۇلاغا يېپىشىۋېلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ۋە داۋاملىق ئىلگىرىلەشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. بىز بۇ ئىككى خىل خاتا خاھىشقا قارشى تۇرۇپ، بىرىنچىدىن، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، بىز ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. چىڭ تۇرمىغاندا، ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ؛ راۋاجلاندۇرمىغاندا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا

ھەقىقىي چىڭ تۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئۇ بىر پەن. ئۇنىڭغا ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدىكى «سول» بىر تەرەپلىمىلىك نەرسىلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرى بىلەن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى ئىچىدىكى ئايرىم ئېغىش خاراكتېرىدىكى جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلمىيلىقى يېتەرسىز بولغان ئايرىم تېما ۋە يەكۈنلىرىنى تۈزىتىشىمىز ۋە تولۇقلىشىمىز لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ زور گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز پارتىيىمىزنىڭ چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت چوڭ قوشۇنى بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشايلى!

1982 ـ يىلى مارت، قۇمۇل

# 11. ئىنقىلابىي داھىي ۋە ئىنقىلابىي نەزەرىيە ھەققىدە

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى تارىخىي ئەھمىيەتلىك مۇھىم يىغىن بولدى، بۇ يىغىن پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىنى يېتەكچى قىلىپ ئېچىلدى. ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇپ پارتىيە ئىچىدە، نەزەرىيە ساھەسىدە مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قوزغىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن ئىلگىرىلا ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ، ماقالە ئېلان قىلىپ نەزەرىيە ساھەسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوممۇ پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىدىن كېيىن قالماستىن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. مېنىڭ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى ھۆججەت ۋە ماقالىلەرنى ئۆگىنىشىم چوڭقۇر ئەمەس، ئىدىيەم تېخى تولۇق ئازاد بولۇپ كېتەلمىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىپ سۆزلەشكە تېخى جۈرئەت قىلالماسلىقىم مۇمكىن.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا بۇ يىلدىن باشلاپ پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بۇراشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەر، فاڭجېنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدە، ھەتتا خەلقئارادا غايەت زور تەسىرلەرنى قوزغىدى. بىر مۇنچە ئىنكاس، كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا

قويۇلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا داھىيمىز ماۋ زېدۇڭغا ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشمەكتە. يولداش يې جيەنيىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆزى» دە بۇ مەسىلىلەرگە ئېنىق ۋە توغرا جاۋاب بەردى. يولداش ماۋ زېدۇڭغا ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە، ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا يۈكسەك باھا بەردى. بۇ باھالار تارىخىي ئەمەلىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. لېكىن، بەزى ئاز ساندىكى كىشىلەر يولداش ماۋ زېدۇڭغا ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە نىسبەتەن گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىنى تۇتماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دادىللىق بىلەن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا بۇراشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىدىن گۇمانلانماقتا.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە پەقەت ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر مۇنچە خاتا سىياسىي شوئار، خاتا نەزەرىيىۋى قاراشلارنى، خاتا سىياسەت، فاڭجېنلارنى ئۆزگەرتىپ تەرتىپكە سېلىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلەر پارتىيە يېڭى مەركىزىي كومىتېتىغا ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، «ئوڭ بولۇپ كەتتى»، «قىزىل بايراقنى قىرقىش بولۇۋاتىدۇ» ۋەھاكازالار دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، «3 ـ ئومۇمىي يىغىن» نىڭ توغرا لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق ۋە پۈتلىكاشاڭ بولماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز «ئەمەلىيەت ـ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم» توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي ـ ئىدىيە ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. 3 ـ ئومۇمىي يىغىن ۋە ئۇنىڭ قارارىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش زۆرۈر. يولداش يې جيەنيىڭنىڭ، يولداش دېڭ

شىياۋپىڭنىڭ، يولداش ماۋ زېدوڭغا ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە بەرگەن يۈكسەك ئىلمىي باھالىرى تامامەن توغرا. يولداش ماۋ زېدوڭغا ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ كۆز قاراشلىرىمنى قويماقچىمەن.

1. يولداش ماۋ زېدوڭ مەملىكىتىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىغا ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ نوپۇزىنى ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى ھەقىقىي قوغدايدىغان يىغىن بولدى، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەن يىغىن بولدى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دېڭ شىياۋپىڭ، يې جيەنيىڭلارنىڭ سۆز ـ نۇتۇقلىرىدا ماۋ زېدوڭغا ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت دېگەن پرىنسىپ بويىچە توغرا، ئەمەلىي باھا بەردى. ماۋ زېدوڭنىڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشىغا قوشقان ئۇلۇغ، ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. «ماۋ زېدوڭ ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى» دېگەن توغرا باھانى قايتىدىن تەكىتلىدى.

يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ «ئەگەر يولداش ماۋزېدوڭنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولمىسا، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى بولمىسا، جۇڭگو ئىنقىلابى يەنىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرەتتى» دېدى. مانا بۇ باھالار شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتكى، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابى ئەمەلىيىتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى، ئىنقىلابچىلىرى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئېتىراپ قىلىدۇ. دېمەك، «3 ـ ئومۇمىي يىغىن» ماۋ زېدوڭ ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى، ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ئىنكار قىلمىدى، بەلكى ئۇنى قوغداپ مۇئەييەنلەشتۈردى، ماۋ زېدوڭ ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت قىزىل بايراقنى قىرقىپ تاشلىمىدى، بەلكى بۇ قىزىل بايراقنى قوغداپ تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈردى.

2. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىلاھ ئەمەس، ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي داھىيسى ۋە ئۇستازى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى دىنىي ئەقىدە ئەمەس، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ قىبلىنىماسى.

لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ماۋ زېدۇڭنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىغۇرلارچە چوقۇنۇشنى تەرغىب قىلدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى دىنىي ئەقىدىدەك بىر ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ، مۇبالىغە قىلىپ، كۆككە كۆتۈردى. ئۇلار ماۋ جۇشىنى ئۆزى قوزغاپ، ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نى نىقاب قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئۇنى ئەڭ ھىمايە قىلغان، جان تىكىپ قوغدىغان بولۇۋېلىپ ماۋ جۇشىغا قارشى تۇردى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى «ئەڭ» ئېگىز كۆتۈرگەن بولۇۋېلىپ، قىزىل بايراققا قارشى تۇردى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ سىنىپ، خەلق ئاممىسى، پارتىيە، داھىي توغرىسىدىكى مۇھىم تەلىماتلىرىنى دەپسەندە قىلدى. ئىدېئالىزم، مېتافىزىكىنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى، ئۇلار دۆلەتنىڭ قانۇنىنى، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى ئېغىر ھالدا بۇزدى. پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىپ، ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ باردى. پۈتۈن مەملىكەت خاتا ئەنزە، يالغان ئەنزە، ئۇۋال ئەنزىلەر بىلەن توشۇپ كەتتى...

«3 - ئومۇمىي يىغىن» 10 يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلارنى، بولۇپمۇ سىياسىي، نەزەرىيە جەھەتتىكى ھەق - ناھەقچىلىقلارنى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت دېگەن تارازىغا سېلىپ تۇرۇپ تۈزەشكە بەل باغلىدى، لىن بياۋ ۋە تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ ماۋ زېدۇڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى جىنايى سەپسەتىلىرىنى پېپەن قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلماقتا. ماركسىزم - لېنىنىزم «تارىخنى

خەلق ئاممىسى ياراتقان، قەھرىمانلار ياراتقان ئەمەس» دەپ قارايدۇ. قەھرىمانىنىمۇ، داھىيىنىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلابى كۆرىشى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي داھىيلىرى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە ئەمەس ياكى ئەۋلىيا ئەمەس. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئاممىۋى كۆرىشى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭلارمۇ ئىنقىلابىي كۆرەش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن. خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي تارىخىدا نۇرغۇن ئىنقىلابىي داھىيلار، ئىنقىلابىي نەزەرىيىچىلەر ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ سەۋىيە، سالاھىيەت، ئىناۋەت جەھەتلىرىدە پەرقلەر كۆپ ئىدى. ياراتقان تۆھپىلىرىمۇ پەرقلىق ئىدى. ئۇلاردىن ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلىگەنلىرى، يەنى ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىرى خۇددى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭلارغا ئوخشاش داھىي بولۇپ قالدى. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمىگە يېتەلمىگەنلىرى شاللىنىپ قالدى. مەسىلەن، ياۋروپادا خىيالىي سوتسىيالىزمچى ئوۋېن، فورى، سىن - سىمونلار، يەنى روسىيىدە فىلىخانوف قاتارلىقلار. جۇڭگودا چېن دۇشيۇ قاتارلىقلار شۇنداق بولدى.

ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ئەمەلىيىتى جەريانىدا يېتىلگەن. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چېۋەر داھىيغا ئايلاندى، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جۇڭگو خەلقىنىڭ ماۋجۇشىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئەنئەنىلىك خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشىنى سۇئىئىي ئىستېمال قىلىپ، ماۋزېدۇڭنى ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: «تۆت ئۇلۇغ»، «ئەڭ ئالىي يولىيورۇق»، «قىزىل قۇياش»، «نەچچە يۈز يىل، نەچچە مىڭ يىلدا چىققان (تالانت ئىگىسى)»، «تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن»، «بىر جۈملىسى مىڭ جۈملىگە تەڭ»، «مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلەيلى، يۈكسەك ئورنىنى تىكلەيلى» دەپ ماۋ جۇشى سۈرىتىنى، سۆز ئۈزۈندىلىرىنى، ماۋ جۇشى

سۈرەت ـ ئىزناكلىرىنى قايتا ـ قايتا نەشر قىلدۇرۇپ، چوڭ ـ كىچىك ھەر نوپۇسقا نەچچىدىن تارقىتىپ ئۇنى ماۋ جۇشىغا سادىقلىقنىڭ ئۆلچىمى قىلدى.

يۇقىرىدا، ئىنقىلابىي داھىيلار ئىلاھ ئەمەس، ئادەم دەپ ئۆتتۇق، دېمەك داھىيلار ئادەم ئىكەن، ئۇلار ھەرقانچە دانا، چېۋەر بولسىمۇ، ھامان خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ماۋجۇشىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. لېنىن «دۇنيادا خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان كىشى بولمايدۇ» دېگەن. ماۋجۇشىمۇ «دۇنيادا ھەممىگە قادىر، خۇداغا ئوخشاش كىشىلەر بولمايدۇ» دېگەن. 1962 ـ يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ يەتتە مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىندا دايۆجىندىكى بىرقانچە يىل ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن كەمچىلىك، خاتالىقلارنى تىلغا ئالغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئومۇمەن مەركەز ئۆتكۈزگەن خاتالىق ئىچىدە، بىۋاستە بولغىنىدا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار، ۋاستىلىك بولغىنىدىمۇ مېنىڭ تېگىشلىك ھەسسەم بار. چۈنكى، مەن مەركەزنىڭ جۇشىسى». دېمەك ماۋجۇشى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا كەمچىلىك ـ خاتالىق ئۆتكۈزگەن. مەسىلەن، 1957 ـ يىلى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش دائىرىسى كېڭەيتىۋېتىلدى. نۇرغۇنلىغان ياخشى زىيالىيلارغا ئۇۋال قىلىندى. 1959 ـ يىلى لۇشەن يىغىنىدا مارشال پېڭ دېخۇەيگە خاتا زەربە بېرىلدى. ماۋجۇشىنىڭ ئەڭ زور خاتالىقى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى خاتا ھالدا قوزغاپ، خاتا رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنى ئىنتايىن ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقانلىقى. ماۋجۇشى «4 كونا» نى بۇزۇپ، «4 يېڭى» نى تىكلەيلى دەپ چاقىرىق قىلىپ، مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىپ، يېڭى بىر نەرسە تىكلىيەلمىدى. «بارلىق جىن ـ شەيتانلارنى يوقىتايلى» دەپ ئومۇمىي چاقىرىق قىلدىيۇ، ھەممە ئادەمنى جىن ـ شەيتان قىلىۋەتتى. ماۋجۇشى «سىلىڭبونى توپقا تۇتايلى» دەپ دازىباۋ يېزىپ پۈتۈن مەملىكەتكە ئۈلگە يارىتىپ بەردى. نەتىجىدە ماۋجۇشىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرىنىڭ

ھەممىسى توپقا توتۇلدى. پەقەت لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»لا توپقا توتۇلمىدى.

لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ماۋجۇشى سىلىڭبۇسىنىڭ ئادەملىرى بولۇۋېلىپ جوڭگونىڭ باشقا پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بۇرژۇئا سىلىڭبۇسىغا ئايرىپ قويۇلدى. ماۋجۇشى پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تارتىپ چىقىرىڭلار دەپ چاقىرىق قىلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى تارتىپ چىقىرىلىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىنىپ پۈتۈن مەملىكەتتە ھۆكۈمەتسىزلىك كېلىپ چىقىپ، خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنلەرمۇ نورمال خىزمەت قىلالمىدى. مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبىرىي ئورگىنى بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»، چېن بودا قاتارلىقلار ماۋجۇشىنى، مەركىزىي كومىتېتنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئىشەنچلىك رەھبەرلەر بولۇۋالدى، ماۋجۇشى ئۇلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى شۇملۇق، قۇۋلۇق، ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى سەزدى ياكى سەزمىدى. ماۋجۇشى ئۆزىنىڭ زەربىگە ئۇچرىغان سەپداشلىرىنى، مارشاللىرىنى قوغداپ قالالمىدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى ماۋجۇشىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، خاتالىقلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ توغرا يەكۈن چىقاردى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بويىچە باھا بەرگەنلىكىگە قايىل بولۇپ خاتىرجەم بولدى.

لېكىن، بەزى يولداشلار ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ زېدۇڭغا نىسبەتەن ساددا سىنىپىي مۇھەببىتى چوڭقۇر بولغانلىقتىن، ماۋجۇشىنى خاتالىقى يوق،

خاتالاشمايدۇ، سەۋەنلىكى يوق دەپ قارىغان. بەزىلەر يەنە شۇنداق ئۇلۇغ داھىي، ئۇلۇغ ئۇستاز، ئۇلۇغ ماركسىزمچى، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى نېمە ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىنقىلابنىڭ داھىيلىرى ۋە ئۇستازلىرى مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە، مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىتتا مەيدانغا كېلىدۇ، پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇ تارىخىي دەۋرنى كۆزىتىپ بىلىش ھاسىل قىلىدۇ. ماۋجۇشىمۇ شۇنداق تارىخىي دەۋردە ياشىغان. ماۋجۇشى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىغا توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ يېڭى جۇڭگونى قۇردى. چۈنكى ماۋجۇشى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىنى، شۇ تارىخىي شارائىتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەھەتتە پارتىيىمىز ئىچىدە ھەممىدىن دانا ئىدى. شۇڭا، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. جۇڭگو ئىنقىلابى سوتسىيالىزم باسقۇچىغا كىرگەندە، يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب تەجرىبىلىرى يېڭى تارىخىي شارائىتقا ئانچە مۇۋاپىق كەلمەي قالدى. جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن يېڭى سىناق بولۇپ قالدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئوڭۇشلۇق بولمىدى. خرۇششېۋ «ستالىنىزم»نى ئۆزگەرتىپ ئىسلاھات قىلدى. ياۋروپادىكى بەزى كومپارتىيىلەرمۇ ماركسىزم، لېنىنىزم پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭ بىلەن، خەلقئارادا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە شيۇجىڭجۇيىغا قارشى كۈرەش ئوتتۇرىغا چىقتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى شيۇجىڭجۇيىغا قارشى كۈرەشتە مەيدانى قەتئىي بولۇپ، باشلامچىلىق ياكى رەھبەرلىك قىلىش ئورنىدا تۇردى. پارتىيىمىز ئىچىدە شيۇجىڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنى ئەۋج ئالدۇردى. ماۋجۇشى شيۇجىڭجۇيىنى ئاساسىي خەۋپ دەپ قاراپ، شيۇجىڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى. «ئۈچ قىزىل بايراق»، يەنى باش لۇشيەن، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسىنى يولغا قويدى، ئوڭچىللىققا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ

سولچىللىقنى ئەۋج ئالدۇردى. بارغانچە سولچىللىشىپ ئاخىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سولچىللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى بولدى، شىۇجىڭجۇيىغا قارشى ئەڭ ئالىي تەدبىر دەپ قارالدى.

لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى زور كەشپىيات دەپ كۆككە كۆتۈردى. مانا بۇلارنى مېنىڭچە ماۋجۇشىنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىش جەريانى ۋە بىر قىسىم خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىكى سەۋەبلەر دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان لۇشيەن، سىياسەت، فاڭجېنلار ۋە نەزەرىيىلەرنى ھەقىقەت دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمەلىيەت ئۆلچىمى بىلەن تەھلىل قىلىنىدىغان بولساق ئۇ نەرسىلەر ھەقىقەت بولالمايدۇ. شۇڭا، «3 - ئومۇمىي يىغىن» ماۋجۇشىنىڭ خاتا نەرسىلىرىنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى، پاكلىقىنى، ماۋجۇشىنىڭ ئۇلۇغ، يۇكسەك ئابرۇيىنى ساقلاپ قىلىشنى قارار قىلغان.

ماۋجۇشىنىڭ سەۋەنلىك ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە ماۋجۇشى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى بىلىش جەھەتتە، يەنى سوتسىيالىزمنى بىلىش جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. يۇقىرىدا سۆزلەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدەك، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۇلۇغ ماركسىزم - لېنىنىزمچى، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، ھەربىي ئالىم، ئىستراتېگىيىچى، پارتىيىمىزدە ماۋجۇشىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغىنى يوق. لېكىن، ماۋجۇشى يېشىنىڭ چوڭلىشىغا ئەگىشىپ تەپەككۇر قىلىش جەھەتتە ئادىشىپ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلغان.

مەسىلەن: ماۋجۇشى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى ھەل قىلغان داڭلىق پەيلاسوپ، ماۋجۇشى «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»،

«زىددىيەت توغرىسىدا»، «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى نەدىن كېلىدۇ» دېگەن ئەسەرلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغان. «زۇنيى يىغىنى»، «يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ تونۇش مەسىلىسىنى ـ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئىتتىپاقلىشىپ دېموكراتىك ئىنقىلابنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن. يەنە پارتىيىگە: تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش، شەيئىلەرگە بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش بويىچە قاراشتىن ئىبارەت دىئالېكتىك ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش؛ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش قاتارلىق پەلسەپە قائىدىلىرىنى تۈزۈپ بەرگەن، لېكىن ماۋجۇشى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، بەزى چاغلاردا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پرىنسىپلىرىغا ئۆزى ئەمەل قىلمىدى. بەزىدە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىمىدى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتكە چۆكمىدى. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالدى (مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قوزغىدى). خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. پېڭ دېخۇەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق ئىنقىلابىي سەپداشلىرىنى دۈشمەن ① قىلىپ قويدى.

مانا بۇلارنى ماۋجۇشىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى خاتالىقى دەپ تونۇيمەن. يەنە ماۋجۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتە بىر مۇنچە نەزەرىيىۋى ئاساسلارنى تىكلەپ بەرگەنىدى. مەسىلەن، دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش؛ بىر ئادەمنىڭلا سۆزى راست بولۇشقا قارشى تۇرۇش؛ ئاممىۋى يولدا مېڭىش؛ سەممىمىي ـ كەمتەر بولۇش، شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش؛ پرولېتارىيات ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش؛ ئۆزىنى

① 1979 ـ يىلى ليۇشاۋچى تېخى ئاقلانمىغانىدى.

ئۆزى تەنقىد قىلىش قاتارلىقلار. بۇ قائىدە پرىنسىپلار پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يېتەكچى ئىدىيە، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت بولۇپ كەلگەنىدى. لېكىن، ماۋجۇشى بەزىدە خىزمەتتە دېموكراتىك ئىستىلنى تولۇق جارى قىلدۇرمىغان، شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرالمىغان، پارتىيە 8 - قۇرۇلتىيىدا «شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش دوكلاتى» بەرگەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن؛ لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ماۋ زېدۇڭغا چوقۇنۇش، ماۋ زېدۇڭنى فېئودال خۇراپىيلارچە ئىلاھلاشتۇرۇشقا قارشى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانمىغان، لىن بياۋ، ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىق قارا نىيەتلەرنى ئىنز باسار قىلغان ۋەھاكازا.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى دېگىنىمىز، ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى پارتىيە رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۆزدە تۇتىمىز. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىمۇ، يالغۇز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلىلا ئەمەس ياكى ئۇنىڭ شەخسىي تەجرىبىسىنىڭ يەكۇنىلا ئەمەس، بەلكى ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدىكى كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىي خەلقلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى ۋە جەۋھىرى. ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي داھىيسى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئەمەس، يەنىلا پارتىيىگە، دۆلەتكە مەنسۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىغا مەنسۇپ، شۇڭا ماۋ جۇشىنىڭ نامى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دەپ ھېسابلايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقلىرىنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەركىبىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى قوغداپ قېلىش مەسىلىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر ئادەمنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەسىلىسى. بىز يۇقىرىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى دىنىي ئەقىدە ئەمەس، دوگما ئەمەس، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ قىبلىنەماسى دەپ سۆزلەپ ئۆتتۇق. شۇنداق ئىكەن، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىر ئىزىدا قېتىپ توختاپ

قالمايدىغان، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەرەققىي قىلىدىغان، راۋاجلىنىدىغان نەزەرىيىدۇر. ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېتنى ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، جۇڭگو شارائىتىدا راۋاجلاندۇرغان. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىمۇ پارتىيىمىز يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلاندۇرىدۇ. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتقا، يېڭى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىنى، ۋاقتى ئۆتكەن نەزەرىيىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، قوللىنىلمايدۇ، ئەمدى ئۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولالمايدۇ.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تېخىمۇ چوڭقۇر پىپەن قىلىش كېرەك. چۈنكى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ رولى چوڭ بولدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە مەنسۇپ بولمىغان خاتا نەرسىلەرنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ شالغۇتلاشتۇرۇۋەتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىتىلمىدى. پارتىيىمىز ئىچىدە يەنە ماۋجۇشىنىڭ خاتا نەرسىلىرىنى ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان، ئىدىيىسى ئازاد بولمىغان كادىرلار، رەھبەرلەرمۇ بار. ئۇلار ھازىر «ئىككى ئومۇمەنچىلەر» بولۇپ، ئۇلار بىلەن «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت » ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە كەسكىن بولماقتا. ئىككى ئومۇمەن دېگەن: «ئومۇمەن ماۋجۇشى چىقارغانلىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى بىز قەتئىي ھىمايە قىلىمىز؛ ئومۇمەن ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقى بولغانلىكى ئىشلارنى بىز باشتىن-ئاخىر بوشاشماي ئەمەل قىلىمىز» دېگەندىن ئىبارەت.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىككى ئومۇمەن دېگەن نەرسىگە قەتئىي قوشۇلمايمەن دېگەن. ئىككى ئومۇمەنچىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا، نۇرغۇن خاتا ئەنزىلەرنى ماۋجۇشى تەستىقلىغان. «تيەنئەنمېن ۋەقەسى»نىڭ خاراكتېرىنىمۇ ماۋجۇشى بېكىتكەن. يەنە ماۋجۇشىنىڭ خاتا

يولىيورۇقلىرى ۋە سىياسەتلىرى بار. ئۇلارنى ئەمەلىيەتتى ئۆلچەم قىلىپ تۈزىتىش كېرەكمۇ، يوق؟ ئۇ خاتا نەرسىلەر تۈزىتىلمىسە، خاتا ئەنزىلەر ئاقلانمىسا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ چاغدا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ھەرىكەتكە قانداقمۇ قىبلىنەما قىلغىلى بولسۇن؟ دېمەك نۆۋەتتە «3 - ئومۇمىي يىغىن» دىن كېيىن پارتىيىمىزنىڭ قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋە شەرەپلىك. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» 10 يىل بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلارنىڭ تەسىرىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئىككى ئومۇمەنچىلەرمۇ، «3 - ئومۇمىي يىغىن» روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇنازىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ چوڭ توسالغۇسى.

ئىشەنچىمىز كامىلكى، ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دېگەن بۇ مۇنازىرە غەلىبە قىلىدۇ، «ئىككى ئومۇمەن» مەغلۇپ بولىدۇ، «3 - ئومۇمىي يىغىن» غەلىبە قىلىپ پارتىيە تارىخى سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

1979 - يىلى 18 - ئۆكتەبىر، قۇمۇل

# 12. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا

يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق كىتاب 1994 - يىلى خەلق مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قوشۇلغان يەنە بىر تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«قۇمۇل مۇقاملىرى» ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ كونا مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر يەرلىك مۇقاملىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر. قۇمۇل ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ئۆزىنىڭ مەنىۋى بايلىقى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» بىلەن پەخىرلىنىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان «قۇمۇل مۇقاملىرى» بىر قانچە قېتىم قېزىلدى، توپلاندى، ئېغىز ئەدەبىياتى ھالىتىدىن يازما خاتىرىگە ئېلىندى. كېيىن، پلاستىنكىغا ئېلىندى. كۆپ قېتىم تولۇقلىنىپ رەتلەندى، نوتىغا ئېلىندى. خەلقىنىڭ بۇ مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ بۇ زور نەتىجىلىرىنى تەقدىرلىگەنىدى. لېكىن، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تەرەققىياتى تەلىپىدىن ئېلىپ قارىغاندا، «قۇمۇل مۇقاملىرى»نىڭ ھازىرقى سۈپىتى — سەۋىيىسى بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايتتى. چۈنكى، «مۇقام» ئىجتىمائىي پەن بولۇپ، ئۇ تەتقىقات ئوبيېكتى. «مۇقام» بىرىنچىدىن، بىزنىڭ مەنىۋى مىراسىمىز، بىز

ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىمىز. ئىككىنچىدىن، بىز ئۇنى تەتقىق قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىپ، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمىز. «قۇمۇل مۇقاملىرى»نى رەتلەش خىزمىتى چوڭ جەھەتتىن بىر قانچە قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ مۇقام خىزمىتىمىز ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ۋارىسلىق قىلىش باسقۇچىدا توختاپ قالغانىدى. تەتقىق قىلىش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتلەردە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرالمىدۇق. ئەلۋەتتە، ۋارىسلىق قىلىش بولمىسا، تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ، بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. دەرۋەقە «قۇمۇل مۇقاملىرى»نىڭ ئىلگىرىكى تېكىستلىرىدە نۇرغۇن يېتەرسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلەر ساقلانغان بولۇپ، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىلمىيلاشقان، ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان، مۇقىم بېكىتىلگەن تېكىست مەسىلىسى ھەل بولمىغانىدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بىز بەزىبىر «شاكاللار»غا ياكى ناچار نەرسىلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ كەلدۇق. شاكىلىنى چىقىرىۋەتمىگەندە «قۇمۇل مۇقاملىرى»نىڭ ئىلمىي سۈپىتىنى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يەنە «قۇمۇل مۇقاملىرى»نىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ۋە خەلقئارا نوتىسىنى ئىشلەپ يۈرۈشلەشكەن كاتتا بىر ياخشى ئەسەر قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش زۆرۈر ئىدى. مەن بۇ مەقسىتىمنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگىلى ئون نەچچە يىل بولغانىدى. بىراق، بۇ مەقسەتلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا شەرت - شارائىت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىلمىغانىدى. 1990 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە مېنى تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئىلگىرىكى يىللاردىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىم ۋە تەسەۋۋۇرلىرىم ئاساسىدا «قۇمۇل مۇقاملىرى» تېكىستىنىڭ يېڭى نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاپ چىقتىم.

«قۇمۇل مۇقاملىرى» نى نەشرگە تەييارلاشتا مەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىلەرگە دىققەت قىلدىم: بىرىنچى، ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە توغرا ئۇسۇل قوللىنىش، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قاراش، مىللىي ئەنئەنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىش، يەنى ئىپتىدائىي ياكى ئەنئەنىۋى بېيىتلەر ئىچىدىكى ناچار بېيىتلەرنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، گۈزەل (ئېستېتىك) ، ساغلام، سەر خىل نەزمە ـ قوشاقلارنى تاللاپ سەپلەپ، تېكىستنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش؛ ئىككىنچى، تېكىستنىڭ (مۇقامنىڭ) ئىلمىي سىستېمىسىنى، ئىزچىللىقىنى، يەرلىك پۇرىقىنى، رەڭدارلىقىنى قوغداپ قېلىش؛ ئۈچىنچى، مۇقام ۋە ناخشا تېكىستلىرىدە بېيىت ـ نەزمىلەرنىڭ تەكرارلىنىشىغا يول قويماسلىق، يەنى مەلۇم بىر مۇقام ياكى بىر ناخشىدا ئېيتىلغان بېيىتنى باشقا مۇقام، ناخشىلاردا قايتا تەكرارلىماسلىق، ئەمما بېيىت ـ قوشاقلارنىڭ ۋارىيانتلىرىغا يول قويۇش؛ تېمانىڭ جەھەتتىن مەنىسى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بېيىتلەرنى (مەسىلەن: دەرد ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت، ۋىسال ـ ھىجران ، ئاتا ـ ئانا، ئات، ئالما، گۈل، ياغلىق قاتارلىق مەزمۇن قىلىنغان بېيىتلەرنى) ھەر خىل ناخشا (ئاھاڭ) دائىرىسىدە قاتار تىزىپ گۇرۇپپىلاشتۇرۇش؛ تۆتىنچى، قەدىمكى تىل ۋە يەرلىك چۈشىنىكسىز شېۋىلارغا توغرا ئىزاھات بېرىش؛ بەشىنچى، گراماتىكا ۋە لوگىكا جەھەتلەردىن بۇزۇلغان، باغلانمىغان سۆز، بوغۇم، قاپىيىلەرگە زۆرۈر تۈزىتىش بېرىش، ئېغىزدا ئېيتىلىشى بىلەن يېزىلىشىنى روشەن پەرقلەندۈرۈش؛ ئالتىنچى، سىياسىي، ئىدىيىۋىلىكىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەتەن بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بېيىت ـ قوشاقلار بولسا چىقىرىپ تاشلاش؛ يەتتىنچى، تېكىستنىڭ يېڭى نۇسخىسىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش ئاساسىدا، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەلقئارا نوتىسىنى ئىشلەپ «قۇمۇل مۇقاملىرى» نىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنى دۆلىتىمىز ئىچىگە ۋە خەلقئاراغا يۈزلەندۈرۈش

مەقسىتىگە يېتىش . . . مەن يۇقىرىدىكى بىر نەچچە مەسىلىنى پرىنسىپ قىلغان ئاساستا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنى ئىشلەپ چىقتىم.

«قۇمۇل مۇقاملىرى» كىتابىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانى مەن ئۈچۈن بىر قېتىم چوڭقۇر ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانى بولدى. «قۇمۇل مۇقاملىرى» نىڭ كونا تېكىستلىرىدىكى ساقلانغان نۇقسان ۋە مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزدۈم. كونا تېكىستنى تۈزىتىپ، يېڭى تېكىستنى نەشرگە تەييارلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. «قۇمۇل مۇقاملىرى» نىڭ تېكىستىنى قايتىدىن رەتلەش، تولۇقلاپ ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، ئىلمىي سىستېمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مۇھىم، مۇرەككەپ، ئېغىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. تۈرلۈك تارىخىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەقەلەر تۈپەيلى، بولۇپمۇ 1860 ـ يىللاردىكى «بەييەنخۇ يېغىلىقى» ۋە 1930 ـ يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى سەۋەبىدىن قۇمۇل مۇقام ئەجدادلىرى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن مۇقام ۋە ناخشىلارنىڭ تىزىملىكى، يازما يۈتۈكلەر، ھەر قايسى تەركىبلەرنىڭ ئورۇندىلىش تەرتىپى، ئاھاڭ (كوي) مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى قاتارلىق مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىر مۇنچىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ يوقىلىپ كەتكەن. مەسىلەن، «قۇمۇل مۇقامى» نىڭ 24 شۆبە (چۈشۈرگە) مۇقامى ئەسلىدە بار ئىكەن. لېكىن، بۈگۈنگىچە پەقەت 19 شۆبە مۇقام ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، 5 شۆبە مۇقام يوقىلىپ كەتكەن. يەنە تارىختا مۇقام ناخشىلىرى 360 ئاھاڭ ـ كوي بولۇپ، زامانىمىزغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقىنى پەقەت 260 دىن ئاشىدۇ. قالغان 100 دىن ئارتۇق ناخشا يوقىلىپ كەتكەن. بىر قانچە داستانلارنىڭ ئەسلىي تېكىستلىرىمۇ يوقىلىپ كەتكەن. 60 ـ يىللاردا رەتلىنىپ، ئۈنئالغۇ (پلاستىنكا) غا ئېلىنغان ئالتە يۈرۈش نۇسخىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ۋە باشقىلار. ماقالەمنىڭ باش قىسمىدا يازغىنىمدەك يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان «قۇمۇل مۇقاملىرى» بىر

قانچە قېتىم رەتلىنىپ مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق رەتلەش، تولۇقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولمىغانىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 1982 - يىلى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام تەتقىقات يۇرتىدىن مۇقامشۇناس ۋەن تۇڭشۇ قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى قۇمۇلغا تەكلىپ قىلىپ، «قۇمۇل مۇقاملىرى»نى ئۇنىئالغۇغا ئېلىش، تېكىستىنى يېزىپ خاتىرىلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. بىراق، پېشقەدەم مۇقامچىلاردىن بەزىلىرى ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ھايات مۇقامچىلارمۇ ياشىنىپ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ۋە زېھنىي، روھىي كۈچى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن ئومۇمەن ئورۇنداش سەنئىتى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، مۇقام ۋە ناخشىلار تەلەپكە لايىق ئورۇندالمىغان. يوقىلىپ كەتكەن، ئۆزگىرىپ كەتكەن مۇقام ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى تولۇقلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان. مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا خاتىرىگە ۋە ئۇنىئالغۇغا ئېلىش ۋەزىپىسى تاماملانغانىدى. شۇ سەۋەبتىن شۇ قېتىمقى خاتىرىلەنگەن ۋە ئاۋازغا ئېلىنغان تېكىستتە نۇرغۇن كەمچىلىك، سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلغان. مەسىلەن، بىرىنچى، «قۇمۇل مۇقامى» ۋە 19 شۆبە مۇقامنىڭ مەخسۇس تېكىستلىرى ياخشى رەتلەنمىگەن ۋە تولۇقلانمىغان. بىر مۇقامنىڭ تېكىستىنى باشقا بىر قانچە مۇقامغا سىلىپ ئوقۇغان، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە تېكىستلەر ئۇنتۇلۇپ چۈشۈپ قالغان؛ ئىككىنچى، شۆبە مۇقاملارغا مۇقام ئوقۇلمىغان (قەدىمكى مۇقام قۇرۇلمىسىدا شۆبە مۇقاملارغا مۇقام ئېيتىش بار ئىكەن)؛ ئۈچىنچى، ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىدە تەكرارلىنىش ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كەتكەن. مەلۇم بىر ناخشىدا ئېيتىلغان نەزمە - بېيىتلەر باشقا ناخشىلاردىمۇ كۆپ تەكرارلانغان. ناچار بېيىتلەر ساقلىنىپ قالغان. قۇمۇل ناخشا بېيىت - نەزمىلىرى گويا دېڭىز - دەريا سۈيىدەك مول تۇرۇقلۇق، تېكىستلەردە تەكرارلىنىشقا يول قويۇلسا، ناچار بېيىتلەر شاللاپ چىقىرىۋېتىلمىسە، قۇمۇل مۇقامىنىڭ

ئىلمىي سىستېمىسى ۋە سۈپىتىگە چوقۇم تەسىر يېتىدۇ، ئەلۋەتتە. يېڭى تېكىستنى رەتلەپ نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۈزىتىلدى. «ئون ئىككى مۇقام»غا 96 مىسرا، 19 شۆبە مۇقامغا 76 مىسرا مەخسۇس مۇناسىپ بېيىتلەر سەپلىنىپ بېكىتىلدى. 800 مىسرادىن ئارتۇق سەر خىل بېيىتلەر سەپلەندى.

تۆتىنچى، مەشھۇر ناخشا ۋە داستانلارنىڭ تېكىستلىرى — مەسىلەن، «هاي ـ هاي ئولەن»، «شەمشىرۋا!»، «يالغۇز تۈيۈن»، «ياچىۋەك»، «ئىسلام بېگىم»، «تۆمۈر خەلپە»، «بورگەم»، «ئالىمخان» قاتارلىقلارنىڭ تېكىستلىرى تولۇق ۋە رەتلىك ئېيتىلمىغان بولۇپ، بۇ قېتىمقى يېڭى نۇسخىسىدا قايتىدىن رەتلىنىپ تولۇقلاندى. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن باشقا يېڭى نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا «قۇمۇل مۇقام» نىنىڭ ئاتىلىشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىمۇ ئويلىنىپ كۆرگەندىم.

قەدىمدىن تارتىپلا «قۇمۇل مۇقام» نىڭ مەخسۇس يەرلىك ناملىرى — ئىسىملىرى بار بولۇپ كەلگەن، ئۇ قۇمۇل ناخشىلىرىنىڭ مەزمۇن تەركىبىگە ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ قۇرۇلما خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن. شۇنداق بولسىمۇ يەنە يەتتە مۇقامنىڭ ئىسمى ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»لىرىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش ئاتىلىپ، قوللىنىپ كېلىنگەن. لېكىن بۇ يەتتە مۇقامنىڭ مەزمۇن، تەركىب، ئاھاڭ ـ كۈي شەكلى، ئورۇندىلىش ئۇسۇل تەرتىپى پۈتۈنلەي قۇمۇلغا خاس بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى» بىلەن ئوخشاشمايدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك ئىسىملىرىغا ئوخشاشمايدىغان بۇ ئىسىملار ئېھتىمال تارىختا ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامدىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىسىملار يەرلىك مۇقام ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ قوللىنىپ ئۇقۇم ھەم مەنە جەھەتتىن مۇرەككەپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مەزكۇر مۇقامنىڭ سىرتتىن كىرگەن نامىنى قوللانماستىن، قۇمۇلنىڭ يەرلىك مۇقام ئىسىملىرىنىلا قوللىنىشنى مۇۋاپىق كۆرگەندىم. بىراق، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ

بىرىشقا، كەڭ مۇقامچىلارنىڭ ۋە تەشكىلىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، يەنىلا ئەسلىدىكى «قۇمۇل مۇقام» ناملىرىنى ساقلاپ قېلىپ شۇ بويىچە نەشرگە تەييارلىدىم. قۇمۇل مۇقام ۋە ناخشىلىرىدىكى قەدىمكى تىل ۋە يەرلىك شېۋىلارغا تېگىشلىك ئىزاھاتلار بېرىلگەن بولسىمۇ، بەزى ناخشىلارنىڭ ئىسىملىرى چۈشىنىكسىز بولغاچقا، توغرا ئىزاھلاشقا قۇربىتىم يەتمىدى. «قۇمۇل مۇقاملىرى» نىڭ يېڭى تېكىستىنى ئاخىرقى بېكىتىشتە قۇمۇل مۇقامچىلىرى بىلەن بىللە بولۇپ بىر قانچە كونا ئەستايىدىل مۇزىكىلىق ئورۇنداش ۋە تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بېكىتتىم. مەلۇمكى، قۇمۇل مۇقامىنىڭ، ناخشا بېيىت ـ نەزمىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتابقا تېكىست قىلىپ كىرگۈزۈپ بولغىلى بولمايتتى. چۈنكى، كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ئۇيغۇرچە تېكىست، خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە نوتىسى بىلەن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تېكىست مىقدارى كۆپ بولۇپ كەتسە كىتابنىڭ ھەجمى چوڭ بولۇپ قېلىپ، سەرپىيات ۋە كىتابنىڭ تەننەرخى يۇقىرى بولۇپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر مۇقامغا ۋە ناخشىغا پەقەت 12 مىسرادىن 40 مىسراغىچە ۋەكىل خاراكتېرلىك بېيىت بېكىتىش بىلەنلا چەكلەندۇق. يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بۇ كىتابنىڭ 500 پارچىسى ئۈنئالغۇ لېنتىسى بىلەن قوشۇپ نەشر قىلىندى. بىراق بۇ لېنتىلارغا ئېلىنغان مۇقام ۋە ناخشىلار 1982 ـ يىلىدىكى ياخشى تەرتىپكە سېلىنمىغان ئاساستا ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر يېڭى نۇسخا كىتابنىڭ تېكىستى بىلەن قىسمەن ئوخشاشمايدۇ.

مەن بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلاش ئۈچۈن بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ جاپالىق ئىزدەندىم، تەتقىق قىلدىم. ئۆگىنىش خاتىرىسى يېزىش، تېكىستنى قايتا ـ قايتا رەتلەش ئارقىلىق «قۇمۇل مۇقاملىرى» توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. شۇ ئاساستا، «قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي ئورنى توغرىسىدا»، «قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ،

ئاپتونوم رايون بويىچە يەكەن ۋە قۇمۇلدا ئېچىلغان مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا سۆزلىدىم ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلدىم. 1993 ـ يىلى قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بىر قېتىملىق ياخشى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى بولۇپ، «قۇمۇل مۇقاملىرى»نى ئاپتونوم رايونىمىزغا ۋە مەملىكىتىمىزگە قايتا تونۇشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. جۈملىدىن، مېنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىلىرىممۇ قوشۇمچە تەتقىقات بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنى ئەستايىدىل ئىشلەپ تاماملاشتىن باشقا، كىتابنىڭ ئومۇمىي سىخېمىسى، يەنى كۆركەم، سۈپەتلىك ئۆزگىچە بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. بۈگۈن «قۇمۇل مۇقاملىرى» دىن ئىبارەت پارقىراپ تۇرغان كۆركەم كىتاب نەشىردىن چىقىپ قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن سەرپ قىلغان ئەمگىكىمنىڭ زايا كەتمىگەنلىكىنى، ئۇزۇندىن بۇيانقى پىلان ـ ئارزۇلىرىمنىڭ ئاخىر ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.

ئومۇمەن، ھەر قانداق بىر ئىلمىي مەھسۇلات كەمچىلىكلەردىن خالىي بولالمىغانغا ئوخشاش، تۈرلۈك چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن بۇ كىتابىمىزدىمۇ نۇقسانلارنىڭ بولۇشى چوقۇم. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ ئوقۇشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. لېكىن رازىمەنكى، بۇ كىتاب — «قۇمۇل مۇقاملىرى» نىڭ ئىلگىرىكى نۇسخىلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەنگەن، سەۋىيىسى، سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن ئىلمىي ئەسەر بولۇپ چىقتى. شۈبھىسىزكى، بۇ كىتاب «قۇمۇل مۇقاملىرى»نى مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا تونۇتقۇسى.

1995 ـ يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## 12. قوشۇمچە:
## «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» نەشردىن چىقتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى نەشرگە تەييارلىغان، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» كىتابى دۆلەتلىك خەلق مۇزىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىكى 50 - يىللاردىن باشلاپلا قۇمۇل مۇقاملىرىنى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قۇمۇل مۇقاملىرىنى قېزىپ توپلاش، خاتىرىگە ئېلىش، تولۇقلاش، رەتلەش، ئۈنئالغۇغا ئېلىش، نوتىغا ئېلىش خىزمەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئىگە بولدى. 1982 - يىلى 6 - ئايدا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مەيمىياۋ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇقامشۇناس، پروفېسسور ۋەن تۇڭشۇ ئەپەندىلەر قۇمۇلغا بېرىپ قۇمۇل مۇقاملىرىنى لېنتىغا ئېلىش، نوتىغا ئېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاتاقلىق ئەلنەغمىچىلەرنى ۋە مۇقامچىلارنى يىغىپ 1963 - يىلى ئىشلەنگەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئاساسلىنىپ، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى (19 چۇشۇرگە) ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. شۇ قېتىم 14 ناخشا ۋە بىر قىسىم ناخشا تېكىستلىرى تولۇقلىنىپ 258 ناخشا (ئاھاڭ) ئۈنئالغۇغا ئېلىنىپ، خاتىرىلەندى. شۇ ئاساستا 1983 - يىلى

شاپىگرافتا بېسىلىپ، پىكىر ئېلىش نۇسخا كىتابى ئىشلىنىپ مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس ۋە ئورۇنلارغا تارقىتىلدى.

1987 - يىلىدىن باشلاپ «قۇمۇل مۇقاملىرى» مۇزىكىلىق كىتابىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى ئىشلەندى، ئالدى بىلەن، نوتىغا ئېلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ بولدى. 1990 - يىلى «پىكىر ئېلىش نۇسخا كىتابى»غا ئاساسەن پۈتۈن تېكىستلەر قايتىدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىنىپ، ئىلمىي يوسۇندا رەتلەندى. تېكىستلەر ئىچىدىكى تەكرارلانغانلىرى، تېتىقسىز - سۈپەتسىزلىرى چىقىرىۋېتىلىپ، مۇناسىپ خەلق قوشاق، بېيىتلىرى سەپلەندى. مەنىسى ئېنىق بولمىغان، مۇجمەل، كەمتۈك بولغان سۆز - ئىبارىلەر، مىسرالار قايتا تۈزىتىلدى. يەرلىك شېۋە، دىئالېكت، قەدىمىي سۆزلەرگە ئىزاھات بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن، «قۇمۇل مۇقاملىرى» تېكىستلىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. مۇشۇ ئاساستا، قۇمۇل مۇقامچىلىرىنى يىغىپ تەشكىللەپ، قايتىدىن رەتلەنگەن تېكىستلەر نۇسخىسىنى ئاھاڭغا (مۇزىكىغا) سېلىشتۇرۇپ ئېيتىشتۇرۇپ ئورۇنداپ، مۇھاكىمە قىلىپ ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈپ ئاخىرقى تېكىست بېكىتىلدى. 1991 - يىلى شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالىي تەرجىمانى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى خاۋ گۇەنجۇڭ ئەپەندى مەزكۇر كىتابنى يۇقىرى سەۋىيىلىك، سۈپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىپ تەرجىمە قىلىپ تاماملىدى.

1993 - يىلى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى تاماملىنىپ، 1994 - يىلى دۆلەتلىك خەلق مۇزىكا نەشرىياتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. خەلق مۇزىكا نەشرىياتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر مەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش ۋە روناق تاپقۇزۇش، ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇش يۈكسەك نۇقتىئىنەزىرىدىن چىقىپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مەزكۇر كىتابنى قوبۇل قىلىپ، نەشرىياتنىڭ نۇقتىلىق كىتابلىرى قاتارىدا نەشر قىلىش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى تەلىپىگە ئۇيغۇن، بازار

ئىگىلىكى ۋەزىيىتىگە لايىق مۇنەۋۋەر كىتاب قىلىپ نەشر قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. مەزكۇر نەشرىياتنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىغا بولغان تولۇپ تاشقان قىزغىن مۇھەببىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ.

كىتابنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈزۈلمىسى — كىرىش سۆز، نوتا، ئۇيغۇرچە تېكىست، خەنزۇچە تەرجىمە، ئاخىرقى سۆز بولۇپ بەش قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. كىتابنىڭ شەكلى تۈزۈلۈشى مۇزىكا كىتابچىلىقى ساھەسىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، 16 فورماتلىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق، مۇقاۋا ھەم بەت كانارىسى نەققاشلىق، چىرايلىق، كۆركەم قىلىپ ئىشلەندى. ھەجمى 750 بەت بولۇپ، خەت سانى تەخمىنەن 750 مىڭ خەتكە يېتىدۇ. «قۇمۇل مۇقاملىرى - مۇزىكىسى» 10 قاپ ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىنىپ، مەركۇر كىتاب ھەجمىدىكى يەنە بىر ئوخشاش مۇقاۋىلىق قاپقا سېلىنغان بولۇپ، ئىككى توملۇق كىتاب بىر نەققاشلىق ساندۇققا قاچىلانغان.

# 13. «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بىباھا مەنىۋى بايلىقىدۇر. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئەنە شۇ ئۇيغۇر كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ قەدىمكى مەنبەسى ۋە ئەسلىي گەۋدىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«مۇقام» دېگەن سۆز ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدىكى كۈي ۋە كۈيشۇناسلىق چۈشەنچىسى بولۇپ، چوڭ ھەجىمدىكى يۈرۈشلەشكەن ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق مۇزىكا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇقام» يەنە «كامالەتكە يەتكەن»، «ۋايىغا يەتكەن»، «مەنتىقە»، «قانۇنىيەت» قاتارلىق كۆچمە مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 2 ـ ئەسىردە تيانشاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لوپنۇر ئەتراپلىرىدىن تارقالغانلىقى مەلۇم.

«قۇمۇل مۇقامى» قەدىمكى زاماندا 19 يۈرۈشتىن كۆپ بولۇپ، تارىختا ئۈزلۈكسىز رەتلىنىش، ئۆزگەرتىلىش، تولۇقلىنىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئادەتلەنگىنى بويىچە «ئون ئىككى» ئەڭ مۇكەممەل پۈتۈن رەقەم بولغانلىقتىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئون ئىككى يۈرۈشكە مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەردىن بۇيان «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، قەدىمىيلىككە ئىگە. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى مىلادىيدىن خېلى ئىلگىرى «شەرق ئۇيغۇرلىرى» ۋە «غەرب ئۇيغۇرلىرى» دېگەن ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ ياشىغان. شەرق ئۇيغۇرلىرى تىيانشان

تاغلىرىنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي جەنۇبى (قۇمۇل تاغلىرى) ئەتراپىدا ياشىغانلارنى «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئوغۇز» دەپ ئاتىغان. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ شەرق ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، قۇمۇل مۇقاملىرىنىمۇ شۇلار ئىجاد قىلغان ۋە بۈگۈنكى دەۋرگىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن. دېمەك، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنىڭ مەھسۇلى.

ئىككىنچى، مۇزىكا قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ بولۇپ، بىر قەدەر ئىپتىدائىي ئەنئەنىلىك مۇقام شەكلىنى ساقلاپ قالغان. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئون ئىككى مۇقەددىمە، 24 چۇشۇرگە (ھازىر 19 چۇشۇرگە بار)، 250 خىل ئاھاڭ (ناخشا) غا بۆلۈنىدۇ. ھەربىر يۈرۈش مۇقام مۇقەددىمە، ناخشا، ئۇسسۇللۇق ناخشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ھەربىر مۇقامنىڭ مۇقەددىمىسىنى، يەنى باشلىنىش مۇزىكىسىنى ئورۇندىغاندا پېشقەدەم مۇقامچى يالغۇز غېجەك بىلەن مەخسۇس مۇقام تېكىستىگە سىلىپ مۇڭلۇق ئېيتىدۇ. مۇقەددىمە ئورۇندانغان چاغدا باشقا ھەرخىل سازلار بىلەن تەڭ چېلىنمايدۇ. ناخشىمۇ ئېيتىلمايدۇ. ئۇسسۇل ئوينالمايدۇ، باشلىنىش مۇزىكىسى، يەنى مۇقام ناخشىسى ئىككى ياكى ئۈچ كۇپلېت تېكىست بىلەن ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنچى چۇشۇرگە باشلىنىدۇ، باشقا سازلارمۇ تەڭ چېلىنىدۇ، ناخشا تەڭ ئېيتىلىدۇ. ئۇسسۇللۇق ناخشىلار باشلانغاندا ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ. ھەربىر مۇقامدا ئىككىدىن چۇشۇرگە بولىدۇ. ھەربىر چۇشۇرگە ئاستىدا 10دىن 20گىچە ناخشا ئېيتىلىدۇ. ھەربىر ئاھاڭ بەش ياكى 10 كۇپلېت ناخشا بىلەن تاماملىنىدۇ.

ئۈچىنچى، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئاپتورلىرى نامەلۇم. مۇقام، ناخشا، مۇزىكىلىرى پۈتۈنلەي خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى مەنبە قىلغان. قۇمۇل خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرى تۈگىمەس مەنبە بولۇپ، ھازىرغىچە توپلاپ، رەتلىنىپ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغان خەلق ناخشا قوشاقلىرى 5000 كۇپلېتتىن ئاشىدۇ. قۇمۇل ئەمگەكچى خەلقى بۇ ناخشا ـ قوشاقلار

ئاساسىدا قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنى ئىجاد قىلىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ مەدەنىي مىراسقا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

تۆتىنچى، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى مەزمۇنغا باي، مۇزىكىلىرى مۇڭلۇق، ئاھاڭى رەڭدار، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ لىرىكىلىقى چوڭقۇر، تىلى چۈچۈك، ئاممىباب، تەلەپپۇزى يېقىملىق، روشەن، ئۇسسۇللىرى كۆپ خىل، ھەرىكەتلىرى شوخ، ئېستېتىك روھى كۈچلۈك بولۇپ، ھەرقانداق كىشى ۋە ھەرقانداق مىللەت خەلقى بەدىئىي ھۇزۇر ئالالايدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ بۇ مەشھۇر خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندا، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تارىخىي خاتىرىلەرگە ناھايىتى كۆپ يېزىلغان.

بەشىنچى، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامناملىرى ۋە ناخشا ناملىرىنىڭ ئاتىلىشى، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇن ئاھاڭلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى بىلەن ۋە باشقا رايونلارنىڭ يەرلىك مۇقام، ناخشىلىرىنىڭ نامى ۋە مەزمۇنى بىلەن ئاساسەن ئوخشاشمايدۇ. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ھەربىرىنىڭ مەخسۇس قۇمۇلچە ئاتىلىشى بار (ئالتە مۇقامنىڭ ئاتىلىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ناملىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ). 250 ناخشىنىڭمۇ ھەر بىرىنىڭ مەخسۇس ئاتىلىشى بار. مۇقام ۋە ناخشىلارنىڭ ناملىرى مەزكۇر مۇقام ۋە ناخشىلارنىڭ مەزمۇنلىرىغا مۇناسىپ ھالدا ئاتالغان.

ئالتىنچى، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق ئورۇندىلىنىش ئۇسۇلى ۋە شەكلى ئۆزگىچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككىنچى ئالاھىدىلىكتە بايان قىلغىنىمىزدىن تاشقىرى، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامدا مەشرەپ چوڭ نەغمىلىرىدىن باشقا مەرغول، داستان، سەلىقە قاتارلىق شەكىل (تەركىب) لىرى يوق. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسى ناخشىلىق مۇزىكىلاردىن ئىبارەت. ناخشىسى بولمىغان بىرمۇ مۇزىكا يوق. مۇقاملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇسسۇللۇق ناخشا بولۇپ، ھەممە

مۇقاملارنىڭ ئىچىدە مەشرەپ نەغمىلىرى بار. يەنى مۇقاملارنىڭ ئورۇندىلىشى مەشرەپ شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ناخشا تېكىستلىرى، ئاھاڭلىرى ئىنتايىن مول بو لۇپ، بىر مۇقامدا، بىر ناخشىدا ئىشلىتىلگەن تېكىست ۋە ئاھاڭ باشقا مۇقام، ناخشىلاردا پەقەت تەكرارلانمايدۇ. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 250 ناخشىسىنى بىر قېتىم ئورۇنداپ بولۇش ئۈچۈن ئومۇمەن 12 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ.

يەتتىنچى، قۇمۇل مۇقاملىرىنى ئورۇندايدىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئاساسەن غىجەك، داپ، راۋاب، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق سازلار بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقام چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئاز (قەدىمكى زامانلاردا قالۇن، ساتار، نەي، سۇناي، ناغرا قاتارلىق سازلارنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم)، لېكىن قۇمۇل غىجىكى بىلەن قۇمۇل راۋابى باشقا رايونلاردا يوق بولۇپ، ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن مەشھۇر. قۇمۇل غىجىكى بىلەن قۇمۇل راۋابى قۇمۇل مۇقام مۇزىكىلىرى ئىچىدە باشلامچىلىق — سەركىلىك رول ئوينايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، 50 - يىللاردىن 90 - يىللارغىچە جەمئىي بەش قېتىم توپلاش، رەتلەش، سىمغا - لېنتىغا ئېلىش، نوتىغا ئېلىش خىزمەتلىرى ئۈزلۈكسىز ئىشلىنىپ، يوقىلىپ كېتىشكە يۈزلەنگەن بۇ مەنىۋى بايلىق قۇتقۇزۇپ قېلىندى، تەتقىق قىلىندى، مەتبەئەدە ئېلان قىلىندى؛ كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. ھازىر ئەمدى ئىلگىرىكى رەتلەنگەن ئاساستا يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، جەۋھىرىنى تاللىۋېلىش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە تېخىمۇ ئەستايىدىل رەتلەپ، تەھرىرلەپ، سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى ئىلمىي ئەسەر قىلىپ نەشر قىلىشقا تەييارلانماقتا.

1993 - يىلى مارت، ئۈرۈمچى

# 14. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن

## كىرىش سۆز

سەنئەت گۈلزارىدا خۇش پۇراق گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان باھاردەك ياخشى ۋەزىيەتتە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى نەشردىن چىقتى. بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ۋە كەڭ ئاممىنى خۇشال قىلىدىغان زور ئىش. شۇنداقلا ۋىلايىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان زور ئىش. مۇشۇنداق بىر ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن ئارزۇ ـ ئۈمىدى ئىدى. بولۇپمۇ، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يۆتكەلگەندىن كېيىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇزۇن سەپىرىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىش جىددىي ئېھتىياج بولۇپ قالغانىدى. قۇمۇل يەرلىك كومىتېت ۋە مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن بۇ ژۇرنال نەشر قىلىندى.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى پارتىيىنىڭ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش يۆنىلىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىدۇ.

بۇ ژۇرنال ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى، ھەۋەسكارلارنى، ئەلنەغمىچىلەرنى، ئاقىنلارنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان بىر «تەشكىلات» بولۇپ قېلىشىنى، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئىجاد قىلىدىغان بىر «كۇرس» بولۇپ قېلىشىنى، زاۋۇت، كان، دېھقان، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىدە بىر «يېتەكلىگۇچى» بولۇپ قېلىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا تىرىشىدۇ.

قۇمۇل رايونى ئۇزۇن تارىختا ۋە مول مەدەنىي بايلىققا ئىگە بىر جاي بولۇپ، مەملىكىتىمىز تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇن ئالغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە لىن بياۋ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان مەدەنىي ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى قوغدايدۇ، توپلايدۇ، رەتلەيدۇ ۋە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ روھى، ئىلھامى ۋە قېرىنداش ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ خۇددى رەڭمۇ رەڭ ئېچىلغان گۈللەردەك ئارقىمۇ ئارقا نەشر قىلىنىشى بىزگە زور ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. ژۇرنىلىمىز ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەدەبىي ژۇرناللاردىن ۋە قېرىنداش ۋىلايەت ئوبلاستلارنىڭ ئەدەبىي ژۇرناللىرىدىن سەمىمىي ئۆگىنىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ۋە باشقا ۋىلايەتلەردىكى پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ، ھەۋەسكارلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇلار ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ۋە ماقالە، خەتلەر ئەۋەتىپ بىزگە سەمىمىي مەدەت ۋە ئىلھام بەردى، بىز بۇ يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

مالىيە ۋە ئادەم كۈچى يېتەرسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن ژۇرنىلىمىزدا كەمچىلىك، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. شۇڭا، بىز كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي

ياردەم بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

ئەنە ئالدىمىزدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىۋاتقان، ھەممە بۇلبۇللار بەس - بەستە سايراۋاتقان ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت باغ مەنزىرىسى كىشىنى جەلپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. قۇمۇل ئەدەبىيات - سەنئەت ھەۋەسكارلىرىمۇ بۇ باغنى سەيلە قىلىپ يايرىسۇن! قۇمۇل چېچەكلىرىمۇ بۇ باغ ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ مېۋە بەرسۇن! قۇمۇل بۇلبۇللىرىمۇ بۇ باغ ئىچىدە سايرىسۇن!

1980 - يىلى سېنتەبىر، قۇمۇل

## 15. «قوْموْل ئەدەبىياتى» نىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن

«قوْموْل ئەدەبىياتى» ژوْرنىلى دوْنياغا كەلگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ژوْرنالنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەپ خەت يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا، بوْنىڭدىن 11 يىل بوْروْن مەزكوْر ژوْرنالنى تەسىس قىلىشنى قولغا كەلتوْروْش يولىدىكى قايىنام ـ تاشقىن، قىزغىن ھېسسىياتلىرىمنى ئەسلىمەي تۇرالمىدىم. قوْموْلدا بىر ئەدەبىي ژوْرنال چىقىرىش ئوْز ۋوْندىن بوْياتقى ئورتاق ئارزوْيىمىز ئىدى. بوْ قوْموْل رايوندا پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنىڭ فاڭجېنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ، قوْموْل رايونىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتلىرىنى ياخشى راۋاجلاندوْروْشنىڭ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش موْۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتوْروْشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى ئىدى. پەقەت پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئوْموْمىي يىغىنىدىن كېيىنلا بوْ تەقەززالىق تەلەپنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت توْغوْلدى. قوْموْل ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمە ژوْرنال چىقىرىش دوكلاتىمىزنى ماقوْللىغاندىن كېيىن، 1980 ـ يىلى سىناق بىر سان ژوْرنال، بىر سان مەخسوْس قوشاقلار توپلىمى چىقىرىلدى. 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «قوْموْل ئەدەبىياتى» ژوْرنىلىنى چىقىرىشنى تەستىقلىدى. بوْ چاغدا، قوْموْل رايونىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشوْنىنىڭ ئارزوْ ـ ئوْمىدلىرى ئەمەلگە ئاشقانلىقى ئوْچوْن ئىنتايىن خوْشال بولوْپ ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم.

ھەر قانداق بىر يېڭى شەيئى دوْنياغا كەلگەندىن كېيىن تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ماڭىدوْ. «قوْموْل ئەدەبىياتى» موْ ئون يىللىق موْساپىنى

بىسىپ ئۆتتى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ئۇن يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە پارتىيىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپىدا ۋە ئىككى ھەممە فاڭجېندا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇش پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش كۇرىشىنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلىدى. دېمەك، ژۇرنال ئۇن يىللىق مۇساپىنى ساغلام قەدەملەر بىلەن بېسىپ ماڭدى. مەنچە بۇ ژۇرنالنىڭ باشقۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئامىل ۋە ئاساسىي ئۇتۇق. ژۇرنال ئۇن يىلدىن بۇيان قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى كەڭ كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى خادىملىرىنى، ھەۋەسكارلارنى، ئەلنەغمىچىلەرنى، ئاقىنلارنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ياخشى بىر «تەشكىلات»لىق رولىنى ئوينىدى. ژۇرنال ئاپتورلار قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاپتورلار سېپىنى كېڭەيتىپ، ئاپتورلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۇردى. ھازىرقى يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئىچىدىكى يېزىقچىلىق سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى يولداشلارنى ئەلۋەتتە «قۇمۇل ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت «مەكتەپ» قوينىدا يېتىلگەن دېيىشكە ھەقلىقمىز.

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، تەھرىر يولداشلار ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ۋە سىياسىي نىشانىدا چىڭ تۇرغاندىن تاشقىرى ژۇرنالنىڭ سۇپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. ئەسەرلەرنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مول، رەڭدار ۋە جانلىق، كۆركەم بولۇشىغا، بولۇپمۇ ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزگىچە يەرلىك پۇراققا ئىگە بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى، ژۇرنالنىڭ سىياسىي ۋە بەدىئىي سۈپىتىنى ئۆستۇرۇشكە تىرىشتى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى»نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان بېيجىڭ ۋە ئاپتونوم رايوندىكى، قېرىنداش ۋىلايەتلەردىكى بىر مۇنچە پېشقەدەم شائىرلار، يازغۇچىلار كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئەۋەتتى. بۇ ئەسەرلەر ۋە تەبرىك خەتلەر ژۇرنالنىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا

ئېرىشتى. بولۇپمۇ، 1980 - يىلى 12 - ئايدا نەشردىن چىققان مەخسۇس ساندا رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى شىنجاڭدىكى كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، خادىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ژۇرنال چىقىپ ئىككى يىل بولمايلا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ ۋە كىتابخانلارنىڭ قىزغىن، سەمىمىي تەبرىك خەتلىرى ۋە تەلەپ، ئۈمىدلىرى كېلىشكە باشلىدى. ژۇرنال يازما ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرلىرىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلىرىنى — خەلق قوشاق، بېيىتلىرى، داستانلىرى، چۆچەك، ماقال - تەمسىللەر، پاراڭ - لەتىپىلەر، تېپىشماق، رىۋايەت ... قاتارلىق تارىخىي مىراس، مەنىۋى تەۋەررۈكلىرىمىزنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردىمۇ ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، نۆۋەتتە قۇمۇل رايونىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىي تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە توپلاش خىزمىتىنىڭ بىر قەدەر ئۈتۈقلۇق بولۇۋاتقانلىقى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇلىنى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قۇرغان، ئاساسىنى تىكلىگەن. چۈنكى، ژۇرنال نەشر قىلىنىشى بىلەنلا مەزكۇر خىزمەتلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز دوكلات ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، تەشۋىقات ۋە تەتقىقاتنى كەڭ قانات يايدۇردى ھەمدە قۇمۇل 12 ۋاڭلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى ۋە بىر قانچە تارىخىي تەتقىقات ماقالىلىرى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدەك ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنغان ماقالىلەر ۋە بىر مۇنچە ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە ماقالىلىرى، سەھنە ئەسەرلەر، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى ھەققىدىكى ماقالىلەر، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، چەت ئەل يازغۇچىلىرى تونۇشتۇرۇلدى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ

ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئەسەرلەر ئۇزلۇكسىز ئېلان قىلىنىپ تۇردى. قېرىنداش ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئۆزئارا ئۆگىنىش ئاساسىدا ئېلان قىلىنىپ ياخشى تەسىرات پەيدا قىلدى.

ژۇرنال تېخى ئۇن ياشقا كىردى. كېيىنكى مۆچەللىرىدە يەنە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قازىنىدۇ، ئەلۋەتتە. مەن مۇشۇ ماقالەمنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا ژۇرنالنىڭ 1982 ـ يىلى 1 ـ ، 2 ـ قوشما سانىدا ئېلان قىلغان شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇشتەرىلەر ئەۋەتكەن تەبرىك خەت ۋە تىلەك ـ ئۈمىدلىرىنى قايتا ئوقۇپ چىقتىم. بۇ خەتلەر نېمىدېگەن سەممىي يېزىلغان ـ ھە! بۇ خەتلەر كەڭ مۇشتەرىلەرنىڭ تەلەپ ـ ئۈمىدلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا ژۇرنال تەھرىرلىكىنىڭ مەقسەت، مەجبۇرىيەتلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ تەبرىك ۋە ئۈمىدلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدى. ئۇن يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ كەڭ ئاممىنىڭ مۇشۇ تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئادا قىلالىغانلىقىنى يەنىمۇ ئەستايىدىل ئويلاپ، كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ سابىق تەھرىرى مەرھۇم تېيىپجان ھادىنىڭ 1981 ـ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى»نى تەبرىكلەپ يازغان خېتىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى تەكرار يېزىپ قويۇشنى لايىق كۆردۈم:

«. . . داڭلىق قۇمۇل قوغۇنى ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغاپ، ئېغىزلىرىمىزدا سېرىق سۇ كەلتۇرگىنىدەك ‹قۇمۇل ئەدەبىياتى› يۈرىكىمىزگە دائىم ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى پۇراقلىق گۇل بولۇپ چېچەكلىگۈسى. . . »

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# 16 . ئۇيغۇر تىل - يېزىق سەنئىتى ھەققىدە مۇھاكىمە

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ھەم ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە قەدىمكى مىللەت. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن مىڭ يىللا بۇرۇنلا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي يېزىقىمىز بولغان. «يېزىق تىلى تارىخىدىن ئېيتقاندا، ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ۋە يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە». بىزگە مەلۇم، تىل بۇرۇن پەيدا بولغان بولۇپ، تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يەتكەندە، ئاندىن يېزىق پەيدا بولغان. يېزىق تىلنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا، يېزىقنى تىلنىڭ مەھسۇلى دەيمىز.

ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق ئۇزاق جاپا - مۇشەققەتلىك، مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقە ۋاستىسى ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش قورال قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار تىل - يېزىق ئىلمى ساھەسىدە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاۋۋال قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغان بولۇپ، بۇ يېزىقنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قەدىمكى شىمالىي ياۋروپادىكى رۇنىك (Runic) يېزىقىغا ئوخشىغاچقا، ئادەتتە قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقى دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 5 ـ 6 ـ ئەسىرلەردە مۇھىم تاش ئابىدىلەر مۇشۇ يېزىق بىلەن ئويۇلغان. بۇ ئابىدىلەر موڭغۇل يايلاقلىرىدىكى ئۇرخۇن دەريا ساھىلى ۋە سىبىرىيىدىكى يېنىسەي دەريا ساھىلىدا تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئالىملار بۇ ئابىدىلەردىكى پۈتۈكلەرنى ئۇرخۇن - يېنىسەي يېزىقى دەپ ئاتىشىدىغان بولغان. مەڭگۈ تاش ئابىدىلەر كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە

«ئۇيغۇر بىلگىخان مەڭگۇ تېشى» ۋە «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىقۇت قاغان مەڭگۇ تېشى» قاتارلىق تاش ئابىدىلەر ئەڭ بۇرۇنقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت ئىكەنلىكى بايقالغان. بۇ يازما يادىكارلىقلاردا ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ھايات ـ پائالىيەتلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، سىنىپىي كۈرىشى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يېزىق شەكلى كۆركەم، تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، جانلىق، ئېپوسقا ئوخشاش ئۇلۇغۋار تۈس ئالغان. بۇ ھال بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ (ئالىملىرىنىڭ) دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان. دۇنيادا ھەر قانداق مىللەتنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭكىدەك مول ۋە مۇكەممەل بولمىغان. شۇڭا، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ تەتقىقات بىر مەخسۇس پەن قاتارىدا قويۇلغان، 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ چەت ئەل ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگوغا كېلىپ، ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇ ھەقتىكى سانلىق مەلۇماتلار ناھايىتى كۆپ (بۇگۈنكى مۇھاكىمە تېمىسىدىن يىراقلىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى سۆزلىمەيمىز). گابايىن خانىم، رادلوف، مالوف، ھۆسەيىن نامىق ئۇرخۇن، رەشىد رەخمەتى ئارات، ب. ئاتالاي، شىناسى تېكىن قاتارلىق چەت ئەللىك (ئارخېئولوگلار) قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە بەس ـ بەستە، ئەستايىدىل ـ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ شەكلىنىڭ گۈزەل، پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلام ـ پاساھەتلىكلىكى، قوللىنىلغان ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىق ـ چۈشىنىشلىكلىكى،

تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقىغا ھەيران قالغان.

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە تۇرپاندىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ئۇيغۇر يېزىقى ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ھۆججەتلىرى ھەم داڭلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. مەسىلەن، بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرى «مايتىرى سىمىت» مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇسالى تەرىپىدىن قەدىمكى قاراشەھەر تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئالتۇن يارۇق»، «شۋەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئوغۇزنامە»، «ئىككى تېكىن ھېكايىسى»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ» قاتارلىق ئەسەرلەر بىردەك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان («قۇتادغۇبىلىك» زادى قايسى تىلدا يېزىلغان دېگەن مەسىلىسىدە تىلشۇناسلار ئۇزاق يىللار مۇنازىرە قىلىشقان. نەتىجىدە، تۈركىيىلىك ئالىم رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ ئىسپاتلىشى بىلەن بۇ مۇنازىرە ھەل بولغان).

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى باشلانغاندىن بۇيان بۇ گىگانت ئەسەر تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقاتنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ، ئەسەرنى تىل ـ يېزىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغان ئالىملار، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ قۇرۇلمىسىنى تىل بايلىقىنى، تىل سەنئىتىنى، تىل ماھارىتىنى، تىل گۈزەللىكىنى ئومۇمەن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز بايان ـ ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن زامانىمىزغىچە بايقالغان ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن كىتاب بولۇپ پۈتكەن، ھەجىمى ئەڭ زور شېئىرىي ئەسەر. ئۇ 9 ـ 13 ـ ئەسىردىكى قەشقەرنى مەركەز

قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك، ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى لاڭ يىڭ خانىم ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا «قۇتادغۇبىلىك»نى تەپسىلىي شەرھلىگەن. «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتى باشتىن كەچۈرگەن ئۇلۇغ بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى»، «بۇ دەۋر ئۇلۇغ بىر ئالىمنى ياراتتى، بۈيۈك بىر ئەسەرنى تۇغدى»، «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىسى»، «بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە».

مېنىڭچە «قۇتادغۇبىلىك»نى ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئەسەرنىڭ تىلى. شائىر يۈسۈپنىڭ تىل ـ يېزىق سەنئىتى ئۇنىڭ ئەسىرىنى بىباھا گۆھەرگە، ئاجايىپ مۆجىزىگە ئايلاندۇرغان. سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان. يېزىق ـ تىل ئەسەرنىڭ ماددىي شەكلى. تىل ـ يېزىق سەنئىتى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئەسەرلا ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر بولالايدۇ. بىزگە مەلۇم شېئىرىي ئەسەرلەر تېخىمۇ ئۆزگىچە (باشقىچە) بولىدۇ. شېئىر تىلى نەسىر تىلىغا ئوخشىمايدۇ. شېئىرنىڭ تىلى ئاھاڭدارلىقى، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شۇڭا، شېئىرنى تىل سەنئىتى دەيمىز.

مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ چېتىشلىق دائىرىسى بەكمۇ كەڭ ئەسەر. ئۇ سىياسىي، پەلسەپە، ئىقتىساد، دىن، تىل، ئەدەبىيات، مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، شۇنىڭدەك ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، گېئومېترىيە، ماتېماتىكا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (ئۇلارنى مۇستەسنا قىلمىغان). مۇبادا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چېۋەرلىكى تىل ـ يېزىق سەنئىتى بولمىغان بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» ئوقۇرمەنلىرىنى جەلپ قىلالمايدىغان «داستان» بولۇپ

قالۇر ئىدى. كىتابخانىلارنى قىزىقتۇرالمىغان ۋە مىڭ يىللىق تارىخى قىممەتكە ئىگە كىتاب بولالمىغان بولاتتى. شائىر يۈسۈپ ئەدەبىي تالانتقا ۋە ناھايىتى يۇقىرى تىل ماھارىتىگە ئىگە بولغاچقا، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ناھايىتى جانلىق، گۈزەل بولۇپ، كۈچلۈك سەنئەت سېھرىي كۈچىگە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان قىممەتلىك سەنئەت بويۇمى بولۇپ قالغان.

شائىر يۈسۈپنىڭ تىل - يېزىق سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مەنئۋى ئوزۇق ئالغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا كىرگۈزۈلگەن نۇرغۇن ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرۇش، ئەقلىيە سۆزلەر، خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەتكەن. بۇ ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر «داستان»دا 250 دىن كۆپرەك جايدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن. مەزمۇنى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان بۇ سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، «داستان» نىڭ مىسرالىرىدا ئۈنچە - مەرۋايىتتەك نۇر چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ئوبرازىنى جانلاندۇرغان. شۇڭلاشقا، بۇ «داستان»نى ئوقۇغان كىشى لەززەت ۋە ئېستېتىك زوق ئالالايدۇ. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مىللىي تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ۋايىغا يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي تىلىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى.

«قۇتادغۇبىلىك»دىن كېيىنكى زامانلاردا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە «قۇتادغۇبىلىك»نى ئۆرنەك — ئۈلگە قىلىپ كەلدى. مەسىلەن: ئەخمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» كىتابىنىڭ ئۇسلۇبى «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە شېئىرىي ياكى نەسرىي جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، شائىر يۈسۈپنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبلىرىنىڭ ئەكس ئېتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

شائىر يۈسۈپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسەرىدە تىل، سۆز، پۈتۈن (يېزىق) توغرىسىدىمۇ كۆپ توختالغان:

«ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.»

شائىر بۇ شېئىردا ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كۆركى تىل دەيدۇ. يەنە كېلىپ تىلنى كۆركەم قىلىدىغان نەرسە سۆز دەيدۇ. تىل بىلەن سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىدە سۆزنىڭ ئورنى يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يەنە بىر بېتىدە تىل — سۆز خاتالىقى توغرىسىدىمۇ توختىلىدۇ.

شائىر يۈسۈپ يەنە پۈتۈكچى (كاتىپ) توغرىسىدىمۇ يازغان:

«ئەگەر بولسا خان، قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.
پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۆز بالاغەتتە بەك يېقىملىق.
خېتى ئۆز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.
پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.
پۈتۈكچى بولسا ھىرس، بىلىمنى بۇزار،
تاما بىرلە يازار، خېتى بۇزۇلار.»

دېمەك «قۇتادغۇبىلىك» قامۇس. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغىتى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلگىسى. نەمۇنىسى ۋە قېلىپى. ئۇن ئەسىردىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن سانسىزلىغان ھەر قانداق ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»

نىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتەلمىدى، ئۇنىڭ تىل سەنئىتى مىڭ يىلدىن بۇيان تارىخ سەھىپىسىدە پارلاق نۇر چېچىپ كېلىۋاتىدۇ. فارابى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىدىن كېيىن نەۋائى ۋە فۇزۇلى، سەككاكى قاتارلىق مەشھۇر ئالىم ـ ئەدىبلەر ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق سەنئىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ساقلاپ راۋاجلاندۇرۇپ كەلدى.

فارابى تىل ئىلىملىرىنى يەتتە قىسىمغا بۆلگەن: (1) يەككە ۋە ئاددىي سۆز ھەققىدىكى ئىلىم؛ (2) مۇرەككەپ ۋە قوشما سۆز ـ جۈملە (ناتىقلىق سەنئىتى ۋە ئىستىلىستىكا) ھەققىدىكى ئىلىم؛ (3) ئاددىي سۆزلەر ۋە ئاۋازلىق نۇتۇق قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛ (4) قوشما سۆزلەر ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛ (5) توغرا يېزىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛ (6) توغرا تەلەپپۇز قىلىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم؛ (7) شېئىر يېزىش قائىدىلىرى ھەققىدىكى ئىلىم.

فارابى يەنە تىل ۋە لوگىكا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى ئىلمىي تەپەككۇرنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ ھېسابلىغان (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» 240 ـ بەت).

ئەلىشىر نەۋائى:

«ياخشى يېزىلغان خەت، كىتابنىڭ بەتلىرىگە زىننەت بېرىپلا قالماستىن، ئوقۇغان كىشىگىمۇ راھەت بېغىشلايدۇ». «خېتى سەت يامان كاتىپنىڭ جايى قەلەمداندەك چوڭقۇر بولسۇن. ئۇنىڭ بېشى قەلەمدەك قارا ھەم يارا بولسۇن» دېگەن.

دېمەك. دانالىرىمىز تىل ـ يېزىق سەنئىتى توغرىسىدا ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى ۋە قورالى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى قوغداپ، ئىسلاھ قىلىپ، تۈزەپ بېيىتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ زامانىمىزغىچە ئېلىپ كەلگەن.

بىز ھازىر 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمىز. بىز ئاتوم

دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ تىلىمىز ئاتوم دەۋرىدىمۇ ئېھتىياجىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىل - يېزىق سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلماقتا.

نۆۋەتتە، تىل - يېزىق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان، تىل - يېزىق سەنئىتىنى بۇزىدىغان ئىللەتلەر ساقلانماقتا. بۇ ئىللەتلەر ئۇيغۇر تىل - يېزىق سەنئەت گۈزەللىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. بىز يەنە مۇشۇ ساھەدىكى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، كەڭ جامائەت پىكرى قوزغاپ تۈزىنىشىمىز، ئۇيغۇر تىل - يېزىق سەنئىتىمىزنى قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

1999 - يىلى ، ئۈرۈمچى

## 17. قەلبىمدىن رىيازەت چەككەنلەر ھەققىدە خاتىرە

ھەزرىتى نەۋائى مىلادىيە 1491 ـ يىلى «ماجالىسون — نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن 458 نەپەر شائىرنىڭ قىسقىچە تەزكىرىسىنى يېزىپ قالدۇرغان. جۇڭگودا نەشر قىلىنغان «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى» ناملىق 4 توملۇق كىتابتا 400 نەپەردىن ئارتۇق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان. جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات مەجمۇئەلىرىدە نۇرغۇن شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. مەن بۇ كىتابلارنى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى قاتارلىق كىتابلارنى ھەرھالدا ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇش يولىدا چەككەن ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى قايغۇ ـ ھەسرەت، كۆلپەتلىرىنى، بېشىدىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى چۈشەندىم. ئانچە ـ مۇنچە خاتىرىلەرمۇ يازدىم: «دۇنيادا قەلبىمدىن ئەلەم چەكمىگەن يازغۇچى ئاز ئوخشايدۇ. مەيلى قەدىمكى زاماندا بولسۇن، ياكى يېقىنقى زاماندا بولسۇن، مەيلى چەت ئەلدە بولسۇن ۋە ياكى جۇڭگودا بولسۇن يازغۇچى ـ ئەدىبلەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى ئومۇمەن ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەن . . . » دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم.

بىزگە مەلۇم دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان، بۇ دۇنيا ماددىي دۇنيا ۋە مەنىۋى دۇنيادىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىمۇ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ماددىي

بايلىق، يەنى ماددىي مەدەنىيەت يارىتىدۇ. ئەقلىي ئەمگەكچىلەر مەنىۋى بايلىق، يەنى مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدۇ. يازغۇچىلار ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ئىچىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقۇچىلاردۇر، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئەمگەك پائالىيەتلىرىنى ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ھەتتا غايىۋى دۇنياسىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسىنى يازغۇچىلاردۇر. بىز بىلىمىز تەبىئەت سىرلىق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ماددىي بايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، يەنە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرىشى ئومۇمەن ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتى كەسكىن، مۇرەككەپ ۋە جاپا - مۇشەققەتلىك بولىدۇ. يازغۇچىلار ئەنە شۇ مۇرەككەپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈپ بەدىئىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرگۈچىلەردۇر. يازغۇچىلار جەمئىيەتنى ئەينەكتەك ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تاغ ساداسىدەك ئىنكاس قايتۇرىدىغان، ئەڭ سەزگۈر ئىجتىمائىي قاتلامدۇر.

ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يازغۇچىلار ئۆز زامانىسىنىڭ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇپ تارىختا نامى قالغان. ئۇلارنىڭ سىنىپىي مەۋقەسى، ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي مەزمۇنلىرى پادىشاھ، ۋەزىر، فېئودال رەزىل كۈچلەرنىڭ، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتىگە قارشى بولغانلىقتىن، بۇ يازغۇچىلار ھەرخىل جازالارغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەسەرلىرى مەنئى قىلىنغان، كۆيدۈرۈلگەن. ئاپتورلىرى سۈرگۈن قىلىنغان، زىندانغا تاشلانغان، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، دارغا ئېسىلغان، ئائىلە خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ناھەقلىققە، زىيانكەشلىككە، تۆھمەتكە، ۋابالىققا چىداشلىق بېرەلمەي ھاياتىدىن ئايرىلغان، بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان. ھايات قالغانلىرى ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي تېخىمۇ

مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىلغار ئەدەبىيات مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ، دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ كۈچلۈك مەدەتكارى بولۇپ كەلگەن. بولۇپمۇ، پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرى ئەدەبىياتى، ئىنقىلاب ماشىنىسىنىڭ ھەرىكەتلىك چاقى رولىنى ئوينىغان. ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنىڭ تەقدىرى ئىنقىلاب بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندا، يازغۇچىلارنىڭ روھى قاتتىق ئازابلانغان.

ئۇنىڭدىن باشقا ئوردا، قەسىر، سارايلاردىكى پەسكەش تەمەخور، ئەمەلپەرەس، ھەسەتخور، پىتنەخورلارمۇ ئۇلۇغ ئەدىبلەرگە، نۇرغۇن مۇتەپەككۇر ـ شائىرلارغا زىيانكەشلىك قىلغان. ھاياتىغا خەۋپ ـ خەتەر يەتكۈزگەن، ئېغىر پاجىئەلەرگە ئۇچراتقان.

يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سىرلىق، مۇرەككەپ بولۇشى يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، ئىدېئولوگىيىسىنىڭ زىددىيەتلىكىنى، پسىخىكىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى بەلگىلىگەن بولسا كېرەك. ئۇلار ئىجادىيەت جەريانىدا ئىنتايىن جىددىي، تەقەززالىق تۇيغۇسى بىلەن غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئارام تاپماي ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ ئۆزىلا ئازابلىق ئىش. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي مەغلۇپ بولسا، بۇ يازغۇچى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز روھىي ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، بەزى يازغۇچىلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە مەجنۇنلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ كەتكەنلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

ئەسەرلىرىگە ناتوغرا باھا بېرىش، ھۇجۇم قىلىشلارمۇ ئاپتورلارنى ئېغىر رەنجىتكەن. يەنە نەشرىيات، تەھرىرات، تەپتىش قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە يۈز بېرىدىغان ناھەقچىلىقلارمۇ ئاپتورلارغا ئېغىر زەربە بولغان ۋە باشقىلار.

تۆۋەندە قەلىمىدىن رىيازەت چەككەن بىر قىسىم يازغۇچى ئەدىبلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن.

△ ئىمام بۇخارى، ئىسمى ئەبۇئابدۇللا مۇھەممەد بولۇپ، تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 194 - يىلى بۇخارادا تۇغۇلغان، بۇخارادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن بۇخارى دەپ ئاتالغان. «ئىمام بۇخارى ئەھلى ئىسلامنىڭ يېتەكچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىدۇر. ھەدىس ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملارنىڭ پېشۋاسى بولۇپ»، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ نوپۇزلۇق، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان، پەزىلەتلىك، مول، ھەقىقىي، ساغلام بىلىمگە ئىگە زات ئىدى. ئىمام بۇخارى ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ يېتىمچىلىكتە ئۆسكەن. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا قۇرئان كەرىمنى ياد ئالغان، ئەرەب تىلى بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىغان. ھىجرىيە 205 - يىلى ئۇ بۇخارا ئۆلىمالىرىدا ھەدىس ئىلمىنى ئوقۇشقا باشلىغان، ئىمام بۇخارى ئۇستازى ئەبۇئەھمەدنىڭ ھۇزۇرىدا ياد ئېلىپ ئوقۇغان ھەدىسلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن، زېرەكلىكىدىن ۋە سۆز ماھارىتىدىن ئەبۇ ئەھمەد تەپ تارتقان. ئۇ ياپياش تۇرۇپلا ئون مىڭلىغان ھەدىسلەرنى ياد ئوقۇپ ئاتاق چىقارغان. ھەدىس ئۆگەنگۈچى ئىلىم ئەھلىلىرى بۇخارىنىڭ ئارقىسىدا ئەگىشىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتكەن.

ھىجرىيە 210 - يىلى ئىمام بۇخارى ئانىسى ۋە ئاكىسى بىلەن ھەج قىلىشقا مەككىگە بېرىپ، ھەج پائالىيەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، مەككىدە قېلىپ ھەدىس ئىلمى تەھسىل قىلغان. كېيىن ئۇ خۇراسان، ئىراق، ھىجاز، مىسىر، شام قاتارلىق مەملىكەتلەرگە بېرىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىغا ھەدىس ئۆگەتكەن. ئىمام بۇخارى ھەدىسشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن ھەدىسلەرنى ئېنىقلاش، غەيرىي سەھىھ ھەدىسلەردىن ئايرىپ چىقىش، ھەدىسلەرنى تۈرگە ئايرىش، دەرىجىگە تىزىش جەھەتلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، شۇ زاماننىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. 600 مىڭ ھەدىس ئىچىدىن 9000 ھەدىسنى تاللاپ، 16 يىل ئىچىدە «سەھىھۇل بۇخارى» كىتابىنى يېزىپ تاماملىغان. ھەدىسشۇناس ئالىملار: ھەدىس

ساھەسىدە «سەھىھۇل بۇخارى» دەك دۇرۇس كىتاب يوق، دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىشقان. ئىمام بۇخارى ئۆمۈربويى باغدات، نىسابور قاتارلىق باشقا شەھەرلەردە يۈرۈپ ئاخىر يۇرتى بۇخاراغا قايتىپ كەلگەندە بىر مۇنچە پىتنە - پاساتلارغا ئۇچرايدۇ. يەنى بەزىلەر «قۇرئاننى مەخلۇق دەپ قارىغان. بۇخارى قۇرئاننىڭ لەفزى ۋە خېتى مەخلۇقتۇر. ئاللانىڭ زاتىدا ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كالامۇللانىڭ ئۆزى ئەزەلى بولۇپ مەخلۇق ئەمەستۇر دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇخارانىڭ ھاكىمى كىشىلەرنى ئىمام بۇخارىغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاپ ئۇنى بۇخارادىن ھەيدەپ چىقارغان». ئىمام بۇخارى ھىجرىيىنىڭ 256 - يىلى سەھەرقەنتنىڭ خەرتەڭ دېگەن يېزىسىدا يول ئۈستىدە قازا تاپقان. ئىمام بۇخارى ئون ئۈچ كۈنى كەم 62 يىل ياشىغان.

ھەدىس مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى، پائالىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ھەدىسلەر خاتىرىلەنمىگەن. پەقەت ساھابەلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن. ئىمام بۇخارى نەچچە ئەسىرلەر تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردىن ھەقىقىي ھەدىسلەرنى تەھقىقلاپ توپلام قىلىپ چىقىپ، «سەھىھۇل بۇخارى» دەپ نام قويغان. ھەدىس قۇرئاننىڭ ئىزاھاتى ۋە قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە قائىدە - تۈزۈملىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم ئاساستۇر. شۇڭا، ئىسلام شەرىئىتىدە «سەھىھۇل بۇخارى» دىن ئىبارەت ھەدىسلەر توپلىمى قۇرئاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەينى زاماندىكى بۇخارا ھاكىمى قاتارلىق رەزىل كۈچلەر، ئىمام بۇخارىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ ئەمگەكلىرىنى ئۆزىگە گۇناھ قىلىپ ئارتىپ، ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلىپ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مەڭگۈ لەنىتىگە قالغان.

△ شەيخ سەدى (مىلادىيە 1210 — 1292)، مەشھۇر پارس شائىرى. سەدى 13 يېشىدا دادىسىدىن يېتىم قېلىپ، شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەركىزى بولغان باغداتتىكى نىزامىيە مەدرىسىگە كېلىپ ئوقۇغان. لېكىن

ئۇ ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ دەرسلىرىگە ئانچە قىزىقمىغان. مەدرىسنى پۈتتۈرمەيلا مەدرىستىن چىقىپ 20 يىللىق جاپالىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىغان. 10 نەچچە قېتىم ھەجىگە بارغان. ھىندىستان، ئىران، سۈرىيە، ئەرەبىستان، شىمالىي ئافرىقىلاردا جاھان كېزىپ يۈرۈپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. سەدى پارس ئەدەبىياتىدا ئۆزگىچە يېڭى ئۇسلۇب ياراتقان. «كورىيامۇنارى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئەنە شۇ شېئىرىي شەكىلنىڭ ئۆلگىسى. سەدىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى «بوستان»، «گۈلىستان» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ داڭقى چىققان. جەمئىيەتتىكى ئەمەلدارلار، كاتتىلار ۋە سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيىسىنى دەرھال ئۆزگەرتكەن. پادىشاھ ئۇنى ئوردا شائىرلىقىغا تەكلىپ قىلغان. لېكىن، سەدى پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن تەسىرلىنىپ كەتمىگەن: «ئالتۇن كەمەر باغلاپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولغىنىمدىن، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ جان باققىنىم، تىنچ ئولتۇرۇپ ئارام ئالغىنىم ئەۋزەل» دەپ جاۋاب بەرگەن. سەدى دېھقانلارنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ھەققىدە پادىشاھقا كۆپ قېتىم نەسىھەت ۋە مۇراجىئەت قىلغان. ھوقۇقدارلارغا خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئاياغ ئاستى قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. سەدىنىڭ شېئىرلىرى خەلققە يۈزلەنگەن. ۋەز - نەسىھەتلىرى ئىنسانپەرۋەرلىكنى، ئادەمگەرچىلىكنى ئاساس قىلغان. سەدى شائىرلىق ھاياتىدا ئاچچىق ئەلەملەرنى، ئۆلۈم خەۋپى، ئاچلىق، مۇھتاجلىق دەردىنى كۆپ تارتقان.

△ ھاپىز شىرازى (مىلادىيە 1300 — 1389)، 14 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ پارس شائىرى، ھاپىز دادىللىق بىلەن قەسىدىلەر يېزىپ، جەنۇبىي ئىران خانلىقىنىڭ ھوقۇقدارىغا تەقدىم قىلىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئىراق، ھىندىستان پادىشاھلىرى ھاپىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ھەۋەس قىلىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئوردىسىغا شائىر بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. لېكىن، ھاپىز رەت قىلغان. ھاپىز 500 نەچچە پارچە شېئىر يازغان. ئۇ ئىدىيىۋىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان لىرىك شېئىرلىرىدا

ئۆزىنىڭ چىرىك ھۆكۈمرانلار سىنىپىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە بۇ شېئىرلارغا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ يىرگىنىشلىك رېئاللىقىغا قارشى چىقىشتەك ئىدىيىۋى كەيپىيات سىڭدۈرۈلگەن. روھانىيلارنىڭ ساختىپەزلىكى ۋە ئىدىيىۋى نامراتلىقى رەھىمسىز مەسخىرە قىلىنغان. ھاپىز ھۆكۈمرانلار سىنىپىنى مەدھىيىلەپ شېئىر يازمىغان. دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، تىنچلاندۇرۇش توغرىسىدا ھېچقانداق «رېتسېپ» بېرىپ بەرمىگەن.

△ ئىبنى مۇقەففە (مىلادىيە 759 — 724)، ئەرەب كلاسسىك يازغۇچىسى. ئۇ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەربىيىسىگە ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ بىلىملىرىگە ئىگە بولغان. ئىبنى مۇقەففە ياش چاغلىرىدىلا تەپەككۇر جەھەتتە ناھايىتى يېتىلىپ ئىلىم ئەھلىلىرى ئىچىدە نام ـ ئاتىقى چىققان. پادىشاھ، بەگلەرنىڭ ۋە مەرتىۋىلىك ئەربابلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، بەس ـ بەس بىلەن بەسىرە شەھىرىنىڭ باش دوتىيىنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسى، مەقسىتى، غايىسى ناھايىتى كۈچلۈك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ «كەلىلە ۋە دىمنە»، «كىچىك قائىدە يوسۇنلار توپلىمى» ۋە «چوڭ قائىدە يوسۇنلار توپلىمى» دېگەن ئەسەرلىرى 10 نەچچە ئەسىردىن بۇيان دۇنياغا كەڭ تارقىلىپ، ئەرەب ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە پادىشاھ خاقانلارغا پەند ـ نەسىھەتلەر، پادىشاھ ـ خاقانلار بىلەن پۇقرالارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قېلىپقا سېلىش ھەققىدە، «دوستلۇق ھەققىدە ھېكمەتلىك سۆزلەر» بولۇپ، ئىبنى مۇقەففەنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئىبنى مۇقەففەنىڭ قارىشىچە پادىشاھ ـ خاقانلاردىكى مەسىلە زوراۋانلىق، پۇقرالاردىكى مەسىلە نادانلىق، نادانلىقنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى ساۋابلىق ئىش قىلىش، كېڭەش بىلەن ئىش يۈرگۈزۈش، ئادالەتنى ئەقىل ـ ئىدراكنى ئاساس قىلغان تۈزۈمنى ئورنىتىش؛ نادانلىقنى

داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى مېڭىنى بېيىتىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش، دوستلۇق ئورنىتىش، ئۆزىنى ئىدارە قىلىش قاتارلىقلار ئۇنىڭ پۈتكۈل مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك سىڭدۈرۈلگەن توپ ئاساسىي ئىدىيىلەر ئىدى. ئىبنى مۇقەففەنىڭ ئابباس خاندانلىقىنىڭ خەلىپىسى مەنسۇرگە يازغان «ۋەزىرگە خەت» دېگەن ئەسىرىدىمۇ، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپە قائىدىلىرى جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئوچۇق كۆڭۈللۈك ۋە توغرا نۇقتىئىنەزەر بىلەن پەند - نەسىھەت قىلىنغان. ئۇ ئەدلىيە، قانۇن، باج، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى، ساقلانغان ئېغىر مەسىلىلەرنى تۈزەشنىڭ تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. خەلىپىدىن خەلققە ئادىل بولۇشنى، خەلق مەنپەئىتىنى قوغداشنى تەلەپ قىلغان. مەنسۇر خەلىپىنىڭ سۇكۇت قىلىشى بىلەن ئىبنى مۇقەففەگە «دىنىي ئېتىقادى ساختا» دېگەن جىنايەت توقۇلۇپ 35 يېشىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن.

ئىبنى مۇقەففەنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى، يېتەكچى ئىدىيىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەد يۈكنەكىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

△ رۇداكى (مىلادىيە 858 — 941)، تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى. رۇداكى پۈتۈن ئۆمرىدە ئىنتايىن مول شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شوغۇللانغان. ئۇ خەلق شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە سادىق بولغىنى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىدا تارقالغان بېيىت ۋە روبائىي شەكلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى يارىتىپ پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. رۇداكى 60 يىللىق ئۆمرىدە جەمئىي بىر مىليون 300 مىڭدىن كۆپرەك مەسنەۋى، 8 پارچە داستان يازغان. رۇداكىنىڭ مەزمۇنغا باي شېئىرلىرى، ئەقىل - پاراسەت بىلەن تولغان ئەقلىيە سۆزلىرى، ئۇرغۇلۇق جۈملىلىرى، ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش شائىرلارغا ۋە كېيىنكى پارس ئەدەبىياتىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، جامائەتچىلىك ئۇنى ھۆرمەتلەپ «پارس

شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى» ، «شائىرلار شاھى» ، «شائىرلار ئىچىدىكى ئادەم ئاتا» ، «شائىرلار ئۇستازى» ، «شېئىرىيەتنىڭ چولپىنى» ۋە «شېئىرىيەتنىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزى» دەپ ئاتىغان. رۇداكىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن پارس ئەتراپىغا سامانىيلارنىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە (994 — 874 - يىللار) ئېلىپ بېرىلىپ، بۇخارا، سەمەرقەنتلەرگىچە داڭقى كەتكەن، رۇداكىنىڭ شۆھرىتى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ناسىر I (مىلادىيە 913 — 942) ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، رۇداكى ئوردا شائىرى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، رۇداكىنىڭ ئەركىنلىك، ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئوردىدىكى قەسىدىچى شائىرلاردىن بولماستىن، بەلكى كىشىلەرگە ئەقىل ئۆگىتىدىغان، نەسىھەت قىلىدىغان شائىر بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ، رۇداكى كارمەت مەزھەبىنىڭ ئىلتىپاتىغا قاتناشقانلىقتىن ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ.

△ ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادىيە 934 — 1021) پارس شائىرى. فىردەۋسى «شېئىر مەملىكىتى» ئىراننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئوبدان تەربىيىلەنگەن. ئەرەبچىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، پارسچە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى مۇتالىئە قىلغان. قەدىمكى مىللىي ئېپوسلاردىكى ھەرخىل رىۋايەت، ھېكايىلەر بىلەن چوڭقۇر تونۇشقان. فىردەۋسى قورامىغا يەتكەن چاغلاردا، شەرق بىلەن غەربتىن ئىبارەت ئىككى بۆلەك ئىرانلىقلارنى بىرلەشتۈرگەن. سامانىيلار خاقانى چۈشكۈنلۈككە يۈزلەنگەن فېئودال زېمىندارلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل - ماجىرالار پەيدا بولۇپ، ھەر يىلى پەيدا بولغان ئۇرۇشلار دەستىدىن خەلق كۆن كەچۈرەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. فىردەۋسى فېئودال مۇتەئەسسىپ خانلىقى ھاكىمىيەت ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۆز زامانىسىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشاش «ئاللانىڭ ئىرادىسى» بىلەن قەدىمكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغاندەك خەلق

قەلبىدىكى دانىشمەن پادىشاھنىڭ دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان. ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدىن كۈچلۈك تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھ چىقسا، فېئوداللىق پارچىلىنىشتىن چەكلەپ، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇپ، خەلقنى بالايىئاپەتكە ئۇچراشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. مانا مۇشۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 994 ـ يىلى «شاھنامە» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ چىققان. «شاھنامە» ئېپوس بولۇپ، جەمئىي 120 مىڭ مىسرا (تارقىلىپ يۈرگىنى 100 مىڭ مىسرا)، 50 قىسىمدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا ئىراننىڭ 4000 يىللىق تارىخىدىكى 50 پادىشاھ، خانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، نۇرغۇن خەلق ھېكايىلىرى، قەدىمكى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پادىشاھلار قىسسەسى...

مىلادىيە 1010 ـ يىلى «شاھنامە» نىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پۈتۈپ چىققان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنئەنىلىك ئادەت بويىچە شائىر ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى «شاھنامە» سىنى پادىشاھقا سۇنغان. لېكىن، بۇ چاغدا «شاھنامە» دە مەدھىيىلەنگەن مۇنتەزىل تەرەققىيپەرۋەر ئىران پادىشاھى ھۆسەيىن، سامانىيلار خاندانلىقىدىكى تۈرك مۇھەممەد تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقتىن، يېڭىدىن تەختكە چىققان ئۇرۇشپەرەس، ئاچ كۆز، مۇستەبىت پادىشاھ تۈرك مۇھەممەد فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى قوبۇل قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىپلا قالماستىن، ئۇردىدىكى بىر قىسىم ياللانما ئەدىبلەرنى قۇترىتىپ شائىرغا ھۇجۇم قىلدۇرغان، مۇھەممەد شاھ شائىرنى ئۇرۇش پىلىغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرگەن.

△ مۇتەنەببى (لەقىمى يالغان ئەۋلىيا) (مىلادىيە 915 — 965) ئاتاقلىق ئەرەب شائىرى. قەدىمكى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. ياش ۋاقتىدا شېئىر يېزىپ ھۆكۈمرانلارنى مەدھىيىلىگەن. غايىسى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقتىن جەمئىيەتكە نارازى بولۇپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۆتۈپ، ئەۋلىيا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، قۇملۇق

رايون خەلقىنى خاندانلىققا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈرگەن. ئىسيان باستۇرۇلۇپ مۇتەنەببى قولغا ئېلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن. مۇتەنەببى 948 ـ يىلى شىمالىي سۇرىيە ھۆكۈمرانى سەيپۇل دەۋلە بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ سەيپۇل دەۋلەنىڭ تارتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئوردا شائىرى بولىدۇ. مۇتەنەببى ئەرەب خەلقىنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈمىدىنى سەيپۇل دەۋلەگە باغلايدۇ. ئۇ پايتەخت ئالغۇدا تۇرغان توققۇز يىل مەزگىلدە ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قەسىدە، لىرىك شېئىرلارنى يېزىپ ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مىللىي ئۇرۇشنى تەسۋىرلىگەن. مۇتەنەببى پادىشاھ بىلەن ئۆزىنى تەڭ ئورۇندا قويۇپ مەدھىيە شېئىرى ئوقۇغان. باشقا شائىرلارنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن سەيپۇل دەۋلەنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

△ ئەلىشىر نەۋائى (مىلادىيە 1441 — 1501). نەۋائى ھاياتىدا ھەيران قالغۇدەك نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. «خەزائىنول ـ مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق تۆت چوڭ دىۋانى، «خەمسە» ناملىق بەش داستانى نەۋائى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك، ئەڭ مەشھۇر نەمۇنىلىرىدۇر.

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن يۈكسەك ۋە پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە. نەۋائىنىڭ زامانداشلىرىنىڭ بىر قىسمى ۋە نەۋائىدىن كېيىن ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى دەپ ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان. نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەدرىسە مائارىپىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇلغان، ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەۋائى غەزەللىرىدىن ئىبارەت.

نەۋائى تۇغۇلغان ۋە ئاساسلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان ھىرات

شەھىرى 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى، نەۋائىي ئائىلىسىمۇ مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تەربىيىلەنگەنىدى. نەۋائىي ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق ئەڭ بىلىملىك ئۆلىمالاردىن بىلىم ئالغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى زور ئىجتىمائىي توقۇنۇشلار ئىچىدە ئۆتكەن. ھۇسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ ساۋاقدىشى ۋە زامانداش دوستى ئىدى. ھۆسەيىن بايقارا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، نەۋائىي ئوردا ئەمەلدارى بولۇپ، ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. شاھزادىلەرنىڭ جاڭجاللىرىنى تىنچىتىپ، پادىشاھنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ. مەرىپەت قۇرۇلۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ ئىلغار پائالىيەتلىرى ئوردىدىكى ئاچ كۆز ھەسەتخورلار گۇرۇھى ۋە دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، نەۋائىي پادىشاھدىن زور ئۈمىد ۋە مەدەت كۈتىدۇ، لېكىن پادىشاھ ھۇسەيىن بايقارا ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ، نەۋائىي ئادالەتنى ياقلاپ رەزىللىك بىلەن، شۇنداقلا پادىشاھنىڭ ۋاپاسىزلىقى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن نەۋائىينىڭ نۇرغۇن دوستلىرى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ. نەۋائىينىڭ ئىلغار غايىلىرى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ياخشىلىقتىن يامانلىق كۆرىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق، چىگىش زىددىيەتلەر نەۋائىينىڭ روھىنى قاتتىق ئازابلاپ، نەۋائىينىڭ ئىدىيىسىگە پاسسىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ ھال نەۋائىينىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

△ مەۋلانا ھۇسەيىن خارەزمى. خوجا ئەبۇلۋافانىنىڭ شاگىرتى بولۇپ، ئاساسىي ئىلىملەردە ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر، ئۇلۇغ ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ «مەقسەدى ئەقسا» (يىراق مەقسەت) ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇ يەنە مەۋلانا جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى»سىگە شەرھى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرىمۇ بار. مىرزا شاھرۇخ زامانىدا مەۋلانا ھۇسەيىن خارەزمىنى بىر غەزىلى ئۈچۈن «كاپىر» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ خارەزمىدىن ھىراتقا ئاپىرىۋەتكەن. لېكىن ئۇ دانىشمەن ۋە سۆزمەن كىشى بولغاچقا ئۇنىڭدىن ھېچبىر گۇناھ تاپالمىغان، ئاخىر يەنە ئۆز مەملىكىتىگە

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خارەزىمدە ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

△ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئالىملارنى ياخشى كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: بۇغراخان ھارۇن ئىلىك خان ناسىر ۋە يۇسۇپ قادىرخانلار مەرىپەتپەرۋەر ئالىملارنى، دىنىي زاتلارنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھەر دائىم ھۆرمەت - ئېھرام قىلىپ ئۇلارنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرى بويىچە ئەلنى ئىدارە قىلىپ شۆھرەت قازانغان. لېكىن قاراخانىيلارنىڭ بەزى ھۆكۈمدارلىرى كېيىن مەلۇم چۈشەنمەسلىكلەر تۈپەيلىدىن ئالىم - ئۆلىمالارنى ئۆلتۈرگەن. مەسىلەن: تاۋغاچ ئىبراھىم خان ئىمام ئۇبۇلقاسىم سەمەرقەندىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلك ناسىر ھىجرىيە 461 - يىلى (مىلادىيە 1068 - يىلى) ئىمام ئەبۇ ئىبراھىم ئىسمائىل بىن ئەبى ناسىر ئەسسافقارىنى ئۆلتۈرگەن. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نەزمىلەر يېزىلغان. «بىلىملىكلەرنىڭ ھالى خارابلاشتى، زامان ئۇلارنى چىشلەپ تارتتى» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 415 - بەت).

△ مەشھۇر كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرى بابارەھىم مەشرەپ (1640 — 1711) نىڭ ھايات - ماماتى كەڭ كىتابخانلارغا مەلۇم. مەشرەپ جاھالەت پىرى ئاپپاق خوجا (ھىدايىتۇللائىشان) دەۋرىنىڭ رەزىللىكلىرىگە قارشى ئىسيانكارلىق روھى بىلەن تولغان شېئىر يازغانلىقى ئۈچۈن ھىجرىيە 1123 - يىلى (مىلادىيە 1711 - يىلى) دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

△ مەۋلانا كاتىبى. ئۆز زامانىنىڭ تەڭداشسىز ئەدىبى بولۇپ، ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىدا ئاجايىپ سېھرىي مەنىلەرنى كۆپ ئىزھار قىلغان. خۇسۇسەن قەسىدىلەردە نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى نامايان قىلغان... «زۇل بەھرەين»، (قوش بەھر)، «زۇل قاپىيەتەين» (قوش قاپىيە)، «ھۆسىن ۋە ئىشق»، «ناسىر ۋە مەنسۇر»، «بەھرام ۋە گۈلئەندام» ناملىق كىتابلارنى يازغان. ئاخىرقى ئۆمرىدە «خەمسە»گە نەزىرە يېزىشقا تۇتۇش قىلىپ، تالاش - تارتىش تۈپەيلىدىن ئەسىرىنى تاماملىيالمىغان.

△ مەۋلانا ھۆسەيىن ۋائىز. كۆپ پەنلەردە ئالىم بولغان ئادەم بولۇپ، ۋەز - نۇتۇق، خەتتاتلىق ۋە ئاسترونومىيە پەنلىرى بويىچە مەشھۇر ئالىم. كۆزگە كۆرۈنەرلىك شېئىرى بىلەنمۇ داڭلىق. «جاۋاھىرۇت - تەفسىر» قاتارلىق جەمئىي يۈز تومغا يېقىن ئەسەر يازغان. مەۋلانا ھۆسەيىن ۋائىزنى كۆرەلمايدىغان نامەلۇم بىر كىشى خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ: «مېھراب ۋە مۇنبەردە شۇنداق ياخشى كۆرۈنىدىغان ۋائىزلار، خىلۋەت جايغا بارغاندا باشقا ئىشلارنى قىلىدۇ» دېگەن بېيىتنى يېزىپ مۇنبەر ئۈستىدە قويۇپ قويۇپتۇ. مەۋلانا بۇنى ئوقۇپ چىرايى ئۆڭۈپ، قاتتىق بىئارام بولۇپ، ئاغزىنى بۇزۇپ يامان گەپلەرنى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ۋائىزلىق قىلالمايدىغان بولغان.

△ ھەسەن ئەلى جالايىر. تەخەللۇسى «تۇفەيلى» بولۇپ، تالانتلىق، نەزمىلەردە زېھنى ئۆتكۈر، قەسىدە ئۇسلۇبىنى شائىرلار تائىپىسى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ سۇلتان ساھىپقىران نامىغا يازغان جۇشقۇن ئۇسلۇبتىكى قەسىدىسى بىلەن داڭ چىقىرىپ، ۋالىي، ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ مۇھۇردارى، مۇئاۋىن ۋەزىر قاتارلىق ئەمەللەرگە مۇيەسسەر بولۇپ، شاھنىڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ قالغان. كېيىن ھەسەتخورلار ھەسەن ئەلىنى ئازراق گۇناھى بىلەن شاھنىڭ دەرگاھىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن، بۇ قايغۇ - ئەلەمدىن ئۇنىڭ كۈندۈزى تاقىتى قالمىغان، كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمىگەن.

△ خوجا ئەفزەل. تالانتلىق، ئەخلاقلىق، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان يىگىت بولۇپ، ماتېماتىكا ئىلمىدە تەڭدىشى يوق. سۇلتان ساھىپقىراننىڭ خىزمىتىدە 15 يىل ۋازارەت مەھكىمە باشلىقى بولغان. مەجدىدىن مۇھەممەد قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ھالى خاراب بولمىغان ئادەم قالمىغان. خوجا ئەفزەلنىمۇ سۇلتانغا يامان كۆرسەتكەنلىكتىن، ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، مەككىگە كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

△ چۈي يۈەن (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 340 — 278 - يىللار). جەنگو دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە چۇ بەگلىكىدە ئۆتكەن

ئاقسۆڭەك شائىر. چۇ بەگلىكىنىڭ خارابلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چۇي يۈەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئۇمىد قىلغان. لېكىن، ئوردىدا ھوقۇق تۇتقان چوڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ، زالىم پادىشاھ ۋە مەككار ۋەزىرلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ چۇخۇيۋاڭ تەرىپىدىن ئوردىدىن قوغلانغان. كېيىن يەنە چۇ شياڭۋاڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 298 ـ 263) تەرىپىدىن چاڭجاڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا سۈرگەن قىلىنغان. چۇي يۈەن ئۆزۈن يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا خەلقنىڭ دەردى ـ ھالىنى چۈشەنگەن. خەلققە ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئۇ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل يېڭى شېئىر ژانىرىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، كېيىنكىلەر ئۇنى «چۇ نەزمىلىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇ «توققۇز ناخشا»، «تەڭرىگە سوئال»، «توققۇز پارچە» «جۇدالىق زارى» قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىچىدە «جۇدالىق زارى» ئەڭ داڭلىق بولۇپ، ئۇ مول تەسەۋۋۇر، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان لىرىكىلىق داستان. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ چۇ بەگلىكى ۋە خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئىپادىلەنگەن. چۇي يۈەن «جۇدالىق زارى» دا مۇنداق مىسرالارنى يازغان:

«ئاھ ئۇرۇپ، پەرياد چېكىپ، ياشلار تۆكۈپ زار يىغلىدىم،
ئەزدى باغرىمنى خالايىقنىڭ ئېغىر ـ كۈلپەت غېمى.»

«جۇدالىق زارى» چۇي يۈەننىڭ تالانتلىق ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى، يۈكسەك سىياسىي غايىسىنى ھەم ئۇنىڭ پاك ئارزۇسىنى، ئېسىل پەزىلىتىنى ئىپادىلىگەن. چۇي يۈەن ئەسەرلىرى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە چۇي يۈەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 278 ـ يىلى قەمەرىيە كالىندارى بويىچە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قايغۇ ھەسرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى مىلوجياڭ دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋالغان.

△ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 213 — 212 ـ يىللاردا چىن شىخۋاڭ «كىتاب ـ نامىلارنى كۆيدۈرۈش»، «ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈش» تەك

ئىنتايىن قەبىھ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىك ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ جۇڭگو تارىخىدا ئۆچمەس يامان نام قالدۇرغان. ئۇ ئىلگىرىكى چىن بەگلىكىنىڭ ۋە ئالتە بەگلىكنىڭ تارىخلىرىنى، ئۆلىمالار سارىيىدىكى «نەزمىنامە»، «نەسىرنامە» لەرنى، نۇرغۇنلىغان مۇھاكىمە كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. 460 دىن ئارتۇق ئۆلىمانى تىرىك كۆمۈۋەتكەن.

△ چېن زىئاڭ (مىلادىيە 702 — 661). تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى رېئالىزملىق شېئىرىيەتنىڭ پېشۋاسى. 24 يېشىدا تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن. ئايال پادىشاھ ۋۇ زېتيەن ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغاندا، ئوردىدا مەنسەپدار بولغان. چېن زىئاڭ پادىشاھغا تەكلىپنامە يېزىپ بەزەن ئىلغار سىياسىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ھاياتىدا دۆلەت ۋە خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن سىياسىي تەشەببۇسلارنى قويغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي يۇقىرى قاتلام تۆرىلىرىنىڭ چېقىمچىلىقى تۇپەيلىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

△ جاڭ جۇلىڭ (مىلادىيە 678 — 740) تاڭ شائىرى، شۈەنزۇڭ خان زامانىسىدا ئۇنىڭ مەنسىپى پەللىمۇ پەللە ئۆسۈپ باش ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ كەيىۋەن يىللىرى پادىشاھقا يۈزتۇرانە تەنقىدىي پىكىر بېرەلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر مەردانە، ئادالەتپەرۋەر دانىشمەن ۋەزىر ئىدى. كېيىن ئوردىدىكى لى لىنفۇ قاتارلىق رەزىل ئەمەلدارلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئوردىدىن ھەيدەلگەن.

△ ۋاڭ ۋېي (701 — 761). تاڭ دەۋرىدىكى بالدۇر پىشىپ يېتىلگەن ماھىر شائىرلارنىڭ بىرى. 21 يېشىدا تەشرىپدارلىققا ئۆتكەن. جاڭ جۇلىڭ باش ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ۋاڭ ۋېي ۋە باش مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن. ئۆڭلۇك - سۆيگون (ئەنلوسەن، لى شىمىن) توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلگەن. ۋاڭ ۋېي سىياسىي *ئارزۇسى، ئىرادىسى كۈچلۈك شائىر بولۇپ، دانىشمەن باش ۋەزىر جاڭ جۇلىڭنى قەتئىي قوللىغان، جاڭ جۇلىڭ ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلغاندا، ۋاڭ ۋېيمۇ تەڭ جازالىنىدۇ، ئۇنىڭ سىياسىيغا بولغان ئىخلاسمەنلىكى*

يوقىلىدۇ. 40 ياشتىن كېيىنكى ھاياتى تەركىدۇنيالىق بىلەن ئۆتىدۇ.

△ لى بەي (مىلادىيە 701 — 762) . تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئەڭ رومانتىك شائىرى. 15 يېشىدىلا شېئىر يېزىشنى باشلىغان. 25 ياشتا ئەل كېزەر تۇرمۇشنى باشلاپ جۇڭگونىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ چىقىپ ۋەتەننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق، چوڭقۇر كۆزىتىپ چۈشىنىدۇ. ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى ئاشىدۇ. مىلادىيە 742 - يىلى تيەنباۋنىڭ تۇنجى يىلى چاڭئەنگە كېلىپ ئوردىدا ئەمەل تۇتىدۇ. ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا زور ئۈمىد باغلايدۇ. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئىككى يىل بولا - بولمايلا ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن تۆھمەتكە ئۇچراپ چاڭئەن شەھىرىنى تاشلاپ چىقىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى يەنە باشلايدۇ. مىلادىيە 744 - يىلى لوياڭدا ئاتاقلىق شائىر دۇفۇ بىلەن ئۇچرىشىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ. لى بەي ئەدەبىي ئىجادىيەتتە خەلق قوشاق ۋە رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇپ، تەسەۋۋۇرىنىڭ موللۇقى، ئۆزگىچە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، شېئىرىي تىلىنىڭ گۈزەللىكى ساددىلىقى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن بۈگۈنگە قەدەر ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن.

△ دۇفۇ (مىلادىيە 712 — 770) . مەشھۇر تاڭ شائىرى، ئوردىدا كىچىك ئەمەلدار بولغان. دۇفۇ 746 — 755 - يىلغىچە پايتەخت چاڭئەندە 10 يىل تۇرىدۇ. ئۇ «خاننى ئۇندەپ، ياۋشەندىنمۇ ئۆتۈشكە، تۇرغۇزىمەن ئېسىل ئىستىل ھەرياندا» دېگەن ئارزۇ - ئىستەك بىلەن خانغا سادىق بولۇش، ۋەتەننى سۆيۈشنى مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتە قايتا - قايتا زەربىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ چىرىكلىكىنى رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئارقىلىق چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، 759 - يىلى قىشتا غەربىي جەنۇبتىكى مۇساپىرلىق ھاياتىنى باشلايدۇ، خەلققە تېخىمۇ يېقىن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدۇ.

△ بەي جۈيى (772 — 846) . مەشھۇر تاڭ شائىرى، ئوردىدا ئەمەلدار بولغان. بەي جۈيى سىياسىي جەھەتتە ئاۋام خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىمەن دېگەن ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكلىرى ئۈستىدە پادىشاھغا كۆپ قېتىم ئەرز يازغان ۋە شېئىرلار يازغانلىقى ئۈچۈن ھوقۇقدار تۆرىلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

△ خەن يۈي (مىلادىيە 768 — 824) . بۈيۈك تاڭ شائىرى، 29 يېشىدا مەنسەپدار بولغان. ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. خەن يۈي ئوردىغا سادىق، تۈز كۆڭۈل، مەردانە ئادەم بولغاچقا، ئىككى قېتىم خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئىككى قېتىم ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسىغا ئۇچرىغان.

△ ليۇ زۇڭيۈەن (مىلادىيە 773 — 819) . تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر. ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئەمەلدار بولۇپ ئۆسۈپ بارغان. ئىدىيە جەھەتتىن ۋاڭ شۇۋېن باشچىلىقىدىكى ئىسلاھاتچىلارغا قاتناشقان. ئىسلاھات مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ليۇ زۇڭيۈەن ئەمىلىدىن ئېلىۋېتىلگەن.

△ چېرنىشېۋسكىي (1828 — 1889) . ئۇلۇغ رۇس ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىسى، ماتېرىيالىست پەيلاسوپ، تەنقىدچى ۋە خىيالىي سوتسىيالىزمچى. 1860 ـ يىللاردىكى رۇسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتىزم ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىسى ۋە ئىدىيىۋى ئىلھامچىلىرىنىڭ بىرى. لېنىن: «چېرنىشېۋسكىينىڭ سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى پۈتكۈل بىر ئەۋلاد رۇس ئىنقىلابچىلىرىنى تەربىيىلىدى» دېگەن.

چېرنىشېۋسكىينىڭ رۇسىيىدە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىسى ئىنتايىن ئۇلۇغ. ئۇ، بىردىنبىر ھەقىقىي ئۇلۇغ رۇسىيە يازغۇچىسى بولۇپ، 1850 ـ يىللاردىن 1888 ـ يىللارغا قەدەر باشتىن ـ ئاخىر ماتېرىيالىستىك پەلسەپە مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، كانت، گېگېل، بېركلى، يۇم قاتارلىقلارنىڭ ئىدېئالىزمىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىپ، ماتېرىيالىزمنى راۋاجلاندۇرغان. بۇ

نۇقتىئىنەزەرلەر ماركسقىچە بولغان ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ قالغان. لېكىن، چېرنىشېۋسكىي يانچىلىق تۈزۈم شارائىتىدا كۈرەش قىلغانلىقتىن ماركسنىڭ دېئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم سەۋىيىسىگە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

چېرنىشېۋسكىينىڭ ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىي تەنقىد جەھەتتىكى تۆھپىسى ئىنتايىن ئۇلۇغ. ئۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى خۇددى بېلىنسكىي ۋە دوبرولیۇبوفلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئىلغار رۇس ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. چېرنىشېۋسكىي: «ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەر قۇپقۇرۇق غايىدە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە، تۇرمۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى ئىجتىمائىي ھالىتىگە قاراپ راۋاجلىنىشىدا بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان. چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى چېرنىشېۋسكىيغا دەھشەتلىك ھالدا ئېغىر زىيانكەشلىك قىلغان. ئۇنىڭغا يۇقىرالىق ئۆلۈم جازاسى» ھۆكۈم قىلغان. ئېغىر ئەمگەككە سالغان، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلغان، ئۇ يەردە 20 يىلدىن ئارتۇق تۇرغان، لېكىن بۇ ئاتاقلىق ئىنقىلابچى ئىرادىسىدىن قايتمىغان.

△ بېلىنسكىي (1811 — 1848). رۇسىيە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئۇلۇغ ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى، تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى، بېلىنسكىي ماركسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بېلىنسكىينىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق، ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارشى دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلار ۋە چار پادىشاھقا قارشى كۈنسايىن ئۆرلەۋاتقان كۈرىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن. بېلىنسكىي 1840 - يىللىرى ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق مەيداندا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئېزىلگۈچى دېھقانلارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئىدىيە جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ، چارروسىيىنىڭ ئۈچ «قورغىنى» — يانچىلىق تۈزۈم، مۇستەبىتلىك تۈزۈم

ۋە دىنىي جەمئىيەتنى رەھىمسىز ھالدا تەنقىد قىلغان. ئۇ: پەقەت خەلق ئىنقىلابىلا يانچىلىق تۈزۈمنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتالايدۇ، ئەمگەكچى خەلقنى ئازاد قىلالايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقارغان. ئۇ ئىنقىلابىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھاكىمىيەتنى بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش لازىم دەپ قارىغان.

بېلىنىسكىي 1847 - يىلى 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گوگولغا خەت يازغان (بۇ مەشھۇر خەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى تا 1905 - يىلىغا قەدەر مەنئى قىلىنغان). بۇ مەشھۇر خەت (ئىنقىلابىي ۋەسىيەت) بېلىنىسكىينىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى بولۇپ قالغان. بۇ خەت بېلىنىسكىينىڭ 40 - يىللاردا يازغان بارلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش ئېزىلگۈچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن. بېلىنىسكىي ئەسەرلىرى جەمئىي 13 توم، خەتلىرى ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان.

بېلىنىسكىي ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئېستېتىكا ۋە تەنقىدنىڭ بوۋىسى دەپ ئاتالغان. ژادانوف: «بېلىنىسكىينىڭ ئەدەبىي تەنقىد ئەسەرلىرى رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۆلچەرلىگۈسىز تەسىر كۆرسەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرلەر يەنىلا يېپيېڭى ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇپ تۇرماقتا» دېگەن.

بېلىنىسكىينىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى مۇرەككەپ بولغان. ئۇ 1830 - يىللىرى گېگېل پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئىدېئالىزم مەيدانىدا تۇرغان. 40 - يىللاردا ئىدېئالىزمدىن ماتېرىيالىزمغا بۇرۇلۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەس ماتېرىيالىست بولۇپ قالغان. بېلىنىسكىي دەسلەپتە خىيالىي سوتسىيالىزمچى بولۇپ، ئاخىرىدا ئىلمىي سوتسىيالىزمچى بولغان.

△ دوبرولىيۇبوف (1836 — 1861). ئۇلۇغ رۇس ئىنقىلابىي

دېموكراتىزمچىسى، ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىسى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا دوبروليۇبوف چېرنىشېۋىسكىيلەر بىرلىكتە ئون مىليون رۇسىيە دېھقانلار ئاممىسىنىڭ چار رۇسىيىگە قارشى دېموكراتىك تەلەپ ـ ئارمانلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە بايان قىلغان. دوبروليۇبوف رۇسىيە جەمئىيىتىدە ئەڭ قاتتىق ئېزىلگەن دېھقانلار سىنىپى ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كۈچ، ئۇ، پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدىكى پارچە ـ پۇرات دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى بىرلىشىدىغان بولسا، چار رۇسىيە ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىدۇ دېگەن. دەبروليۇبوف ئۆزىنىڭ بارلىق ھاياتىنى خەلقنىڭ دېھقانلار ئىنقىلابىغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. لېنىن دوبروليۇبوفنىڭ تۆھپىلىرىنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ زوراۋانلىققا قاتتىق نەپرەتلەنگەن، خەلقنىڭ قوزغىلىپ مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلغان.»

△ دوستويېۋىسكىي (1821 — 1881). رۇسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق يازغۇچىسى. ئۇ بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلانغان. 1843 ـ يىلى قۇرۇلۇش مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ بىر يىلدىن كېيىن، كەسپىي يازغۇچى بولۇش قارارىغا كەلگەن. ئۇ ياش چېغىدىلا نېكراسوف، بېلىنىسكىيلار بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان ۋە ئۇلارنىڭ فېئوداللىق يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. دوستويېۋىسكىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك بولغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرى ئىجابىي رول ئوينىغان. ئۇ پۇشكىن، گوگوللارنىڭ «ئادەتتىكى كىشىلەر» نى يېزىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «نامراتلار» (1846) ناملىق رومانىنى يازغان. ئاپتور «ئادەتتىكى كىشىلەر» گە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىر ـ بىرىگە ياردەمدە بولۇپ، ھايات كەچۈرۈۋاتقان نامراتلارنىڭ ئۇلارنى دەپسەندە قىلىۋاتقان بايلارغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئاپتور «نامراتلار» رومانىدا، گوگولنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن دېموكراتىزملىق روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان. شۇڭلاشقا، بېلىنىسكىي بۇ روماننى رۇس ئەدەبىياتى تارىخىدا «ئىجتىمائىي روманلارنىڭ تۇنجى سىنىقى» دەپ ماختىغان.

لېكىن، دوستويېۋسكىينىڭ «نامراتلار»دىن كېيىن ئېلان قىلغان بىرنەچچە پوۋېستلىرى بېلىنىسكىينىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. بېلىنىسكىي ئاپتورنىڭ «ئاددىي كىشىلەر»نىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىشنى غايىۋىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، «ئىككى ياقلىمىلىق خاراكتېر» دېگەن «خىيالىي ھېسسىيات» روماننى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار ئەدەبىياتتىن ئايرىپ تاشلىغانلىقىنى، «ئايال خوجايىن»دا ئەكسىيەتچىل سىرلىق تۈس، كېسەللىك روھى ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى تەنقىد قىلغان. بۇ تەنقىدلەردىن كېيىن دوستويېۋسكىينىڭ بېلىنىسكىي بىلەن بولغان ئىختىلاپلىرى چوڭقۇرلىشىپ كېتىدۇ.

1849 ـ يىلى دوستويېۋسكىي بېلىنىسكىينىڭ گوگولغا يازغان يانچىلىق تۇزۇمىگە قارشى ئىدىيىدىكى خېتىنى دېكلاماتسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋە مەخپىي باسمىخانا قۇرماقچى بولغان دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. چارپادىشاھ ئەمەلدارلىرى ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈم جازاسىنى ئېغىر ئەمگەك قىلىش بىلەن سۈرگۈن قىلىشقا ئۆزگەرتىدۇ. تۆت يىللىق ئەمگەك، ئالتە يىللىق سۈرگۈن ھۆكۈم قىلىنىدۇ. جازا مۇددىتى توشۇپ قايتىپ كەلگەن دوستويېۋسكىي ياشلىق دەۋرىدىكى ئىنقىلابىي ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. ئاينىپ ئىدىيە جەھەتتە ئىنقىلابنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى چېرنىشېۋسكىيغا ھۇجۇم قىلىپ سىياسىي ماقالە ئېلان قىلىدۇ.

△ برۇنو گوردانو (1548 — 1600). ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى پەيلاسوپ، ئىلغار يېڭى دۇنيا قاراشنىڭ بېشارەتچىسى، چېركاۋ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە، دىنىي پەلسەپىسىگە قارشى تۇرۇشتىكى تىز پۈكمەس جەڭچى، چېركاۋ تەرىپىدىن رىمدا

كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

△ بېكون - روجېر (1214 — 1294). ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى — يېڭىلىق تەرەپدارى، يېڭى دەۋر تەجرىبە پېنىنىڭ ھۆكۈماسى، بېكون قەدىمكى يونان، رىم ۋە ئەرەب پەنلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ بارلىق پەننىڭ مەقسىتى ئادەمنىڭ تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. ئۇ پەن - تېخنىكىدا نۇرغۇن يۇرەكلىك پەرەزلەرنى، ئىلغار نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىبادەتخانا تۈرمىسىگە قامىلىدۇ.

△ چاۋچاۋادزې (1837 — 1907). گرۇزىيىنىڭ مەشھۇر ئەدىبلىرىنىڭ بىرى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىۋى رەھبىرى. ئۇ پېتېربۇرگ ئونىۋېرسىتېتىدا تۆت يىل ئوقۇش مەزگىلىدە بېلىنىسكىي، گېرتسىن، چېرنىشېۋسكىي، دوبرولىيۇبوفلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىنقىلابىي دۇنيا قارىشىنى تىكلىگەن. چاۋچاۋادزې ئوقۇغۇچىلار «توپىلىڭى توپەيلىدىن پېتېربۇرگدىن ئايرىلىپ، گرۇزىيىگە بېرىپ بىر ئىلغار تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. گرۇزىيىنىڭ بارلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىكى ئاساسلىق شەخس ۋە تەشكىلاتچى بولۇپ قالغان. ئۇنى چار پادىشاھ ئەمەلدارلىرى چارروسىيىنىڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ قاراپ 1907 - يىلى 9 - ئايدا پايلاقچىلىرى ئارقىلىق ئۆلتۈرگەن.

△ ۋاسىلى سىمىيوتوۋىچ گىروسمان (1905 — 1964). سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1930 - يىللىرى ئىجاد قىلىنغان تۆت توملۇق رومان «ستىپان كىرىچىت» نىڭ ئاپتورى، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە «قىزىل يۇلتۇز گېزىتى» نىڭ ئالدىنقى سەپ مۇخبىرى بولغان. كېيىن جەڭ مەيدانى خەۋەرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئۇرۇش تېمىسىدا رومان يېزىپ، سوۋېت كىتابخانىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئەمما، 1946 - يىلى يازدا

گىروسمان ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت باش تەپتىشى ژىدانوفنىڭ ئاساسسىز تەنقىدىگە ئۇچرىغان. يەنى ئۇنىڭ 1952 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان ئۇرۇش تېمىسىدىكى رومانى «ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش» مۇدداسىنى پاش قىلغانلىقتىن، ئوخشاشلا ھۇجۇمغا ئۇچرىغان. 1961 ـ يىلى گىروسماننىڭ «ھايات ۋە تەقدىر» رومانىنىڭ ئورىگىنالى «ك گ ب» (دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى) خادىملىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، خىروششېۋ دەۋرىدىكى جاسۇسلار قول سالغان تۇنجى ئەدەبىيات دېلوسى بولۇپ قالغان. گىروسمان ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن بۇرۇن «ئۆمۈرلۈك ئېقىن» رومانىمۇ يېزىپ بولغان. بۇ رومان چەت ئەللەردە ئون نەچچە تىلدا نەشر قىلىنىپ، ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ رومانىنىڭ «قاراڭغۇ مەكتەپنىڭ قەبرىستانلىقى» دېگەن بابى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، جۇڭگودا ئاخبارات ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىنغان. ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر تەرىپىدىن يوقالدى دەپ قارالغان «ھايات ۋە تەقدىر» 1980 ـ يىلى فرانسىيىدە نەشر قىلىنىپ، دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىلزىلىگە سالغان.

△ ئاننا ئەخماتوۋا (1899 — 1966). سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان بۈيۈك شائىرەسى. «ھازىرقى زامان رۇس تىلى ئېپوسچىلىقىنىڭ ئابىدىسى» دەپ تەرىپلەنگەن. بىراق، 1946 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن نامى ئاتىلىپ تەنقىد قىلىنغان. 1988 ـ يىلى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى تەرىپىدىن رەسمىي نامى ئاقلانغان. ئاخماتوۋا نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، سوۋېت كىتابخانىلىرى ئالدىدا قايتا نامايان بولغان. ئاننا ئاخماتوۋا 67 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

تەخمىنەن 1946 ـ يىلغىچە ئۈچ يىل يازغۇچىلىق قىلغان. 1946 ـ يىلىدىن 1988 ـ يىلغىچە 42 يىل ئازابلانغان. 1966 ـ يىلى ۋاپات بولۇپ 1988 ـ يىلغىچە يەنە 22 يىل «گۇناھكار» بولغان.

△ سىۋېتايېۋا (1892 — 1941). سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخماتوۋاغا

ئوخشاش مەشھۇر چوڭ شائىرى. ھازىرقى زامان لىرىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. ئۇ ياۋروپادا ئۇزۇن يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. 1939 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەلگەن. 1941 - يىلى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان. گەرچە سىۋىتايېۋانىڭ نامى خېلى بۇرۇن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمى پەقەت غەربتىلا تارقالغان.

△ئاندرى فىلاتونوف (1951 — 1899) بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ پەقەت 15 يېشىغىچىلا ئوقۇيالىغان. بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1918 - يىلى ئەسەر يېزىپ ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1927 - يىلى ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 1931 - يىلى فىلاتونوفنىڭ يېڭى ئەسىرى «زاپاستىكى نامرات دېھقان» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلۇپ، قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە يازغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى زور بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىمۇ تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلۇپ قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن. فىلاتونوف تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە چەتكە قېقىلىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى تارىخىدىكى «ئۇنتۇلغان» يازغۇچى بولۇپ قالغان. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى فىلاتونوفنىڭ ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 - يىلى ئۇنىڭ ئۈچ توملۇق ئەسىرى تۇنجى قېتىم بىر مىليون تىراژ (دانە) نەشر قىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىتاب بازىرىنى ئىگىلىگەن. فىلاتونوفنىڭ 30 - يىللاردا يازغان «دەسلەپ تۇغۇلغان دېڭىز»، «زېمىن تۈۋرۈكى» قاتارلىق پوۋېست، رومانلىرى 1987 - ، 1988 - يىللىرى كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنغان.

△ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى مەسىلىسىدىمۇ، بىر قىسىم يازغۇچىلار نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كۈتۈلمىگەن ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇققان. بىر قىسىم يازغۇچىلار باشقىلارنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلالماي يېزىقچىلىقنى

بىر مەزگىل ئۈزۈپ قويغان. مۇكاپات پۇلى بەزىدە يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ ھەسەت قىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1994 ـ يىلى نەجىپ مەھپۇز بىر ئوچۇم ئىدىيە ئەركىنلىكىگە ۋە ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە قارشى تېرروروچىلار تەرىپىدىن ئېغىر زەخىملەندۈرۈلگەن. ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە تۇپەيلىدىن بىر قىسىم يازغۇچىلار كۆلپەتلىك تەقدىرگە دۇچ كەلدى.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ بىر ئەسىرلىك خىزمىتىدە زور ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن بەزى يىللىرى ھەقىقىي تالانتلىق ئەدىبلەرگە ۋە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە مۇكاپات بېرىلمىگەن. مەسىلەن، روسىيە يازغۇچىلىرىدىن تولستوي، چېخوف، فرانسىيە يازغۇچىسى ئېمىل زولا، ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تىۋېن، جىك لوندون، مىسىر يازغۇچىسى ئىھسان قۇددۇس، لىۋان يازغۇچىسى جىبران خېلىل جىبران، تۈركىيە يازغۇچىسى ياشار كامال، ئەنگلىيە يازغۇچىسى كونان دوئىل قاتارلىقلارغا مۇكاپات بېرىلمىگەن. جۇڭگونىڭ بۈيۈك يازغۇچىلىرى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىگەن.

△ لۇ شۈن 1933 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يازغان «جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پىغان» دېگەن ماقالىسىدە، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ئوتتۇرىغا چىققان تۆھمەتخور نەيرەڭۋازلارنى، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە ھۇجۇم قىلغۇچىلارنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىللار بىلەن تەنقىد قىلغان:

«بۇنداق نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئەمەلىيەتتە ئەدىب دېگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوندىن توققۇزى ئېتى ئۇلۇغ، سۆپرىسى قۇرۇق، سەللىسى يوغان، ئىمانى يوق ئوغرىلار . . . ئەدەبىيات مۇنبىرى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئادەملەرنىڭ سەۋەبى بىلەن يامانلىشىپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە تېخىمۇ سۈپسۈزۈك، تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. . . » دېگەن.

لۇشۈن: «بۇ مۇنبەر» كۆرەشتىن، ھەتتا تىل ـ ھاقارەتتىن ۋە تۆھمەت ـ بۆھتاندىن خالىي ئەمەس» دەيدۇ. ئۇ 1933 ـ يىلى 9 ـ ئايدا

يازغان «ئەدەبىيات كارۋىتىدىكى كۆزلۈك چۈش» دېگەن ماقالىسىدە، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى بىر - بىرىنى چىشلەپ تارتىپ كاردىن چىقىرىدىغانلارنى، ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ھېجىرىم ۋە پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان «ئەدەبىيات ئەمەلدارلىرى» نى قامچىلايدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى «قورشاپ يوقىتىش» ھەرىكىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دەھشەتلىك بولغان، ئۇلار كىتاب - گېزىتلەرنى مەنئى قىلىپ، كىتابخانىلارنى پېچەتلەپ ئىنقىلابىي يازغۇچىلارنى قولغا ئالغان، ئۆلتۈرگەن. سولقانات ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ (سولقاناتلار ئىتتىپاقىنىڭ) ئەزالىرىدىن رۇ شى، بەي ياڭ، خۇ يېپىن، لى ۋېيسېن، فېڭ كېڭ قاتارلىق بەش كوممۇنىستنى 1931 - يىلى 2 - ئايدا مەخپىي ئۆلتۈرگەن. لۇ شۈن 1931 - يىلى يازغان «زۇلمەت باسقان جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە، مەزكۇر بەش نەپەر كوممۇنىست يازغۇچىنى چوڭقۇر ئەسلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى باشىستلىق ھەرىكىتىنى ئۆتكۈر، غەزەپ بىلەن پاش قىلغان. لۇ شۈن يەنە مۇنداق يازىدۇ: «كېيىنكى ئەۋلادلار ئىلگىرىكى چاغلاردا ئەدەبىيات مۇنبىرى تىنچ بولسا كېرەك دەپ ئويلايدۇ... تەپسىلىيرەك يېزىلغان ئەدەبىيات تارىخلىرىدا شۇ چاغدىكى ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ تەپسىلاتىمۇ بار»... «چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىمۇ جاڭ شىزەي بىلەن يۈەن زىسەي، لى جۇنكې بىلەن جاۋ ۋېشۇ خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالماپتىكەن...».

دېمەك مەيلى جۇڭگودا ۋە ياكى چەت ئەلدە بولسۇن، مەيلى قەدىمكى زاماندا ۋە ياكى يېقىنقى زاماندا بولسۇن ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىدە مۇقىمسىزلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

1993 — 2001 - يىللار، ئۈرۈمچى

# 18. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قۇتلۇقلايمەن

مەن پېشقەدەم ئەدىب، ئىجتىمائىي پەنلەر ئالىمى، كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىكىنى ئەڭ قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئۆتكۈر ئەپەندىم ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي!

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش كومىتېتى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ شۆبىلىرىنىڭ بۇ پېشقەدەم ئەدىب ۋە ئالىمنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچقانلىقى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش. بۇ تەبرىكلەش ئالدى بىلەن پارتىيىمىزنىڭ زىيالىيلارغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ روھىغا زور ئىلھام بەخش قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دەۋرىدە تۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تەتقىقات ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ تەبرىكلەش ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ خەلققە تەقدىم قىلغان تۆھپىلىرىنى تەبرىكلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆتكۈر ئەپەندى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىدا، قەلىمىنى ئۆتكۈر قورال قىلىپ، خەلقنى، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى يېزىپ، ۋەتەن خەلقىغە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ياش چاغلىرىدىلا جۇڭگو ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنى، سوۋېت ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك

ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇ 1940 ـ يىللاردىلا خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە بولۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى بىر مۇنچە شېئىر، داستان ۋە دراممىلارنى يازغان. ئۇنىڭ «يېڭى جۇڭگو گۈلىستانىغا» ناملىق داستانى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى ئىلغار ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شائىر 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقنى كۆرەشكە چاقىرىدىغان، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى كۈيلەيدىغان «فەشقەر كېچىسى» قاتارلىق ياخشى ئەسەرلەرنى يازغان. «10 يىللىق ئاپەت» مەزگىلىدە تەقدىرداش زىيالىيلار قاتارىدا قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شائىر ئۆتكۈر ئەپەندى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىر ۋە غەزەللەرنى يازدى. شائىرنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتلىك پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 14 يىللىق ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى، ئىلمىي تەتقىقاتى ئىنتايىن مول، ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. شائىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان چىللىغان يېڭى باھارنى كۆپ ژانىرلىق ئەسەرلىرى بىلەن مەدھىيىلىدى. ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى، مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

بىزگە مەلۇمكى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى مول ۋە كەڭ ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىگە ئىگە ئالىم، ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشتى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تىل ـ تەرجىمە ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى تارىخ، پەلسەپە ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، مۇقام سەنئىتى تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ھارماستىن جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، زور نەتىجىلەر قازاندى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە

ئاكتىپ قاتناشتى. 1980 ـ يىللىرى ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماستىن، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئەستايىدىل ئىشلەپ، كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشىغا ۋە بۇ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسنى ئالەمگە تونۇشتۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى، ۋەتەنگە، خەلققە شان ـ شەرەپ كەلتۈردى.

يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بىر قانچە ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، بىر نەچچە ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، يەنى ئۇ ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتچى. جەمئىيەت، ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، تارىخ، تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى مەزمۇن قىلىنغان مەملىكەتلىك، خەلقئارالىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ئىجابىي رول ئويناپ كەلمەكتە.

دۇنيادا تۈز يول يوق. ئەگرى ـ توقاي يوللارنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشكەن ئادەملا ئۆزىنى پەخىرلىك ھېس قىلىدۇ. يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «ئۆمۈر مەنزىللىرى» نى ئەنە شۇنداق ئوتۇقلۇق بېسىپ ئۆتۈپ بۈگۈنكى پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشكەن پېشقەدەم ئەدىب. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن خەلققە، مىللەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئىلىم ئالىمى. ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۆتكۈر، كۆزى ئۆتكۈر، قەلبى ئۆتكۈر — ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۆتكۈر، ئالماس تۇياقلىق، ھارماس تۇلپار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىز ئۇنىڭ كەمتەر، سەمىمىي ـ سادىق، ئېھتىياتچان، سەۋرى ـ قانائەتچان، جاسارەت ـ شىجائەتلىك ياخشى خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىمىز، ئۇنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ 70 يىلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتكەن غەلىبىسىنى سەمىمىي ئىپتىخارلىق بىلەن قۇتلۇقلايمىز! ئۆتكۈر ئەپەندىگە ئۇزۇن ئۆمۈر، ئائىلىسىگە بەخت ـ سائادەت تىلەيمىز.

1993 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# 19. «ئەخلەتتىن چىققان شېئىر»نى ئوقۇپ

شائىر ئابدۇكېرىم خوجا «ئەخلەتتىن چىققان شېئىر» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرىنى ئېلان قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئەخلەتتىن چىققان شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتىم ۋە ئۆز تەسىراتىمنى يازغۇم كەلدى. گەرچە شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكى ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا قۇربىتىم يەتمىسىمۇ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتە بولسىمۇ ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ باققۇم كەلدى.

يولداش ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ كەڭ - كۇشادە يېڭى ئۆيلەرگە كۆچكەنلىكى راست. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرىدىن ئادەتتىكى ئۆي كۆچكەنلىك مەسىلىسىنىلا تەسۋىرلىمىگەنلىكىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس. شائىر يېڭى ئۆيگە كۆچكەنلىكىنى يېزىش ئارقىلىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت غەلۋە - غوۋغا، جەڭگى - جېدەل، بالايىئاپەتلىك تار جاھاندىن، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى تىپتىنچ، كەڭ - كەڭرى ئىللىق جاھانغا كۆچكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىن باشلاپلا دادىللىق بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ «ئەخلەتلىرى»نى غەزەپ - نەپرىتى بىلەن كەسكىن پاش قىلىپ، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار قىلىدىغان بىر قانچە ئۆتكۈر قىلىچتەك شېئىرلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلغانىدى. «ئەخلەتتىن چىققان شېئىر»ى ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان شېئىرى ئېقىنلىرىنىڭ دولقۇنلۇق داۋامى بولۇشى مۇمكىن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئازابىنى يەتكۈدەك تارتقان ھەربىر «قەلبى يارا»

كىشى شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

شائىرنىڭ تەقدىرداشلىرى، قەلبداشلىرى باھاردەك ھۆر زامانغا كۆچتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت «تار ئەسكى ئۆي»لەرنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن «بىساتلىرى» يېڭى ئۆيلەرگە يېڭى دەۋرگە لايىق كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، «كونا ئۆي»لەردىكى «ئەخلەت - چاۋا» لارنى، ئەسكى بىسات، ئەسكى جاھازلارنى قەتئىي ھالدا تاشلىۋېتىش كېرەك ئەلۋەتتە.

سەرگۈزەشتىلىرى شائىرغا ئوخشاش شائىرلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا، بىر پارچە ئەمەس، «بىر قوچاق» تەكشۈرۈشنامە يازغانلىقى راستقۇ؟ يېزىپ تۈگىتەلمىگەن تۆۋەنامە، تونۇپ بولالمىغان گۇناھ، جىنايەت، بىر باشقا بىر قانچە قالپاق . . . ھەربىر شائىرنىڭ ئۆيىدە بىر دۆۋە ئەخلەت بولۇپ كەتكەندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئۇۋال ئەنزە، يالغان ئەنزە، خاتا ئەنزىلەر قەدەممۇ قەدەم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيىنىڭ زىيالىيلىرى پارتىيىنىڭ ئىللىق قوينىغا قايتىپ كەلدى. ئون مىڭلىغان زىيالىيلارنى ئازابلىغان «تالاي ئەسكى قالپاق»، تۈگىمەس تەكشۈرۈشنامىلەر، گۇناھى كەبىرلەر ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلىنىپ ئەسكى - تۈسكى يىغقۇچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شائىر مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىدە ئون يىل يېتىپ چىققانلىقى ئۈچۈن بۇ تارىخىي جەرياننى ئەسلەپ يازغان شېئىرىي پىكىرنىمۇ «ئەخلەتتىن چىققان شېئىر» دېگەن كىنايە ئاستىغا ئېلىپ يازغان بولۇشى ئېھتىمال. مەن ئويلايمەنكى ئەخلەتتىن مۇشۇنداقلا شېئىر چىقىدىغان بولسا، شېئىرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەم ئۇنى شېئىردىنمۇ قىممەتلىك گۆھەر دەپ بىلگەن بولاتتى.

1986 - يىلى 16 - نويابىر، ئۈرۈمچى

## 20. «ئۇيغۇر غول نەزمىلىرى» گە باھا

«ئۇيغۇرغول نەزمىلىرى» 1 ـ تومىنىڭ نەشردىن چىقىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتىگە قوشۇلغان زور تۆھپە، ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 يىلدىن بۇيان، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى: «ئۇيغۇر كلاسسىك 12 مۇقامى» قۇتقۇزۇپ قىلىندى. «بۇلاق»، «مىراس» قاتارلىق مەخسۇس مەجمۇئەلەر تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلىرى بويىچە چوڭقۇر قېزىش، چوڭ توپلاش، كەڭ رەتلەش ئېلىپ بېرىلىپ داۋاملىق ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. ناھايىتى نۇرغۇن قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەر، ھېكايە، داستان، چۆچەك، قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، رىۋايەت، ئەپسانە، لەتىپە ـ يۇمۇرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قوشۇنى زورىيىپ، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، فولكلو ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندە دىيارىمىز قۇمۇل رايونىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي تۇرالمايمىز. قۇمۇل ۋىلايىتى خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتى جەھەتتە مۇھىم نۇقتىلىق رايون بولۇپ كەلدى ۋە بۇ خىزمەتنى قىزغىن، ئاكتىپ ئىشلەپ نەتىجە يارىتىپ ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن ئىدى. يولداش ئېلى ئىسمايىل ئىلغار شەخس

مۇكاپاتىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن زور ئىلھام ۋە مەدەت ئېلىپ، جاپالىق ئىشلەپ كوللېكتىپ ھالدا «قۇمۇل نەزمىلىرى» تومىنى نەشرگە تەييارلاپ چىقاردى. «نەزمە» نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، يولداش سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىيات جەمئىيىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قۇتلۇقلىشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئىگە بولدى. خەلق ئەدەبىياتى خادىملىرى ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

«قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ كىتاب بولۇپ چىقىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگە قوشۇلغان زور تۆھپە. گەرچە، 40 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن «قۇمۇل نەزمىلىرى» دەك ھەجمى چوڭ، مەزمۇنى مول، مىقدارى كۆپ، تېماتىك دائىرىسى كەڭ، ژانىرلىرى كۆپ خىل، قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى راۋان، يۇقىرى سەۋىيىلىك مۇنداق چوڭ ھەجىملىك بولۇپ چىققىنى يوق دېيەرلىك، بولۇپمۇ مەخسۇس بىر ۋىلايەت بويىچە مۇشۇنداق يەرلىك توپلام نەشر قىلىنغىنى يوق ئىدى. پەقەت شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇر مىللىتى ئەڭ ئاز بولغان بىر كىچىك ۋىلايەت — قەدىمكى يۇرت قۇمۇلدىنلا مۇنداق زور مەنىۋى بايلىقنىڭ قېزىلىپ، «جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسى» گە تەقدىم قىلىنغانلىقىنى بىر «مۆجىزە» دېسەك باھايىمىز يۇقىرى بولۇپ كەتمەس، ئەلۋەتتە.

«نەزمە» نىڭ ھەجمى ۋە مەزمۇن مىقدارىنىڭ چوڭلۇقى، تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ژانىرلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپلىكى ھەم مۇكەممەللىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشتە، كىتابنىڭ جەمئىي 10 چوڭ مەسىلىگە (10 بابقا)، 250 تېمىغا (تۈرگە) ئايرىپ يېزىلغانلىقى، 5000 كۇپلېت — 20 مىڭ مىسرالىق، 1010 بەتلىك ئەسەر بولالىغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئەگەر خەنزۇچە خەت ھېسابى

بويىچە بىر بەتتە 500 خەت بار دەپ ھېسابلىغاندا، تەخمىنەن 500 مىڭ خەتلىك چوڭ كىتاب بولىدۇ. دېمەك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ توم بولۇپ، يازما ئەدەبىيات شەكلىگە كىرگەنلىكى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك زور ئىش ۋە چوڭ ئۇتۇق.

«نەزمە» نىڭ مۇشۇنداق چوڭ كىتاب بولۇپ چىقىشى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇچۇن يارىتىلغان ياخشى ئۈلگە. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى «نەزمە» نىڭ چىققانلىقىنى قۇتلۇقلاپ ئايۇپ قۇربانغا ئەۋەتكەن خېتىدە: « ‹ قۇمۇل نەزمىلىرى › گە بارىكاللا! سىز ئەۋەتكەن بۇ ئېسىل كىتابنى ئوقۇپ بەك خۇش بولدۇم . . . سىلەر ئوبدان ئىش قىلدىڭلار. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن سىلەر يالغۇز قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭلا ئەمەس، بارلىق ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەل ئەدەبىياتى (ئەلنەغمىلىرى) نىڭ زامان ـ زامانلاردىن كۆمۈلۈپ ياتقان مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئېچىپ رەتلەپ، ئاممىغا تەقدىم قىلدىڭلار، بۇ تەقدىرلەيدىغان ئىش . . . «مۇھىم بىر تۆھپە» . . . «نەمۇنىلىك ئىش» . . . دەپ يازغان. دەرۋەقە، بۇ بىر ئۈلگىلىك، نەمۇنىلىك رول ئوينايدىغان بىر ئىش. «نەزمىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى تەبرىكلەيمىز، ئۇنى توپلاپ نەشرگە تەييارلىغۇچى كوللېكتىپ يولداشلارنىڭ توغرا يېتەكچى ئىدىيىسىگە، مەقسىتىگە، غەيرەت ـ شىجائىتىگە، جاپالىق ئەمگىكىگە يۇكسەك ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. ھەربىر ئۇتۇق ـ نەتىجە جاپالىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىباھا گۆھەر. گۆھەرنى پەقەت گۆھەر قازغانلار بىلىدۇ. خەلق ئەدەبىياتى تۈگىمەس ـ پۈتمەس مەنىۋى بايلىق. مەنىۋى بايلىقنى قېزىشمۇ خۇددى ماددىي بايلىقنى قېزىشقا ئوخشاش مۇشكۇل ئىش. «نەزمە» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقماي، ئەستايىدىل، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئىنچىكە ئىشلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ يولداشلار قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، ناھىيە، يېزا ـ يايلاقلىرىنى ئايلىنىپ 1500 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول باسقان. 38 يېزا

بويىچە 43 ئورۇندا 1000 غا يېقىن ئادەمنى زىيارەت قىلغان. ئەلنەغمىچىلەر ۋە خەلق قوشاقچىلىرى ھەم مەشھۇر زاتلار بىلەن 55 قېتىم كوللېكتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەن. بۇنىڭغا 372 ئادەم قېتىم قاتناشقان. زىيارەت ۋە سۆھبەتلەردىن يازما خاتىرە قالدۇرۇپ 10 مىڭ كۇپلېت قوشاق توپلىغان، ئۇنىئالغۇ لېنتىسىدىن 260 گە ئاۋاز ئالغان، 6 مىڭ كۇپلېت قوشاقنى تاللاپ توپلامغا كىرگۈزگەن. شۇنى ئالاھىدە كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىلگىرىكى يىللارغا قارىغاندا، بۇ قېتىم ناھايىتى چوڭقۇر قېزىش، چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، چوڭ يىغىپ توپلاش، چوڭ رەتلەش، چوڭ تولۇقلاش، چوڭ ئىسلاھ قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بولغان. مەسىلەن: 80 - يىللاردىن ئىلگىرى قېزىپ توپلانغان خەلق قوشاقلىرى 5000 كۇپلېتقا يەتمىگەنىدى. بۇ قېتىم 10 مىڭ كۇپلېتقا يېقىن ھەر خىل قوشاقلار، بېيىت - نەزمىلەر توپلانغان. ئىلگىرى تارىخىي داستانلار يوقىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم ناھايىتى كۆپ تولۇقلانغان. يەنە بۇ قېتىم «نەزمە» نىڭ قۇرۇلمىسىدا زور ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى ناھايىتى ئەستايىدىل، ئىنچىكە، ئۆلچەملىك، رەتلىك تۈزۈلگەن. بابلارغا، تېمىلارغا ئايرىلىشى، مەزمۇنداش، مەنىداش، ۋارىيانتلىق قوشاقلارنىڭ بېيىتلارنىڭ يېقىن گۇرۇپپىلاشتۇرۇش، ئەلنەغمىچىلەرنى، مۇقامچىلارنى تونۇشتۇرۇش، مۇھىم ئىزاھات، چۈشەندۈرۈشلەرگە ئالاھىدە تېخنىكىلىق كۈچ سەرپ قىلىنغان. مۇشۇنداق قىلىشنى مەنمۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئويلاپ كەلگەنىدىم. قۇمۇل بېيىت - قوشاقلىرى شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەر ئىچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن مەشھۇر. «ئىۋىرغول نەزمىلىرى» دە قۇمۇل ئۇيغۇر بېيىتلىرى خۇددى رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەردەك خۇش پۇراقلىرىنى تازا چاچقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. «گۈل خۇمار» لىرى ئۇنى ئىنلاپ - ئۆپۈپ ھۇزۇرلىنىدۇ. خەلق ئاممىسى

تارىخنى يارانقۇچى. پەقەت خەلقلا ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ «ئاپتور»لىرى ۋە ئىجادچىلىرىدۇر. خەلق ئاممىسى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، جەمئىيەتنى، تارىخنى، ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىلا، يۇقىرىقىدەك نەتىجىلەرنى يارانقىلى بولىدۇ. «نەزمە»نى نەشرگە تەييارلىغان كوللېكتىپ ئەنە شۇنداق قىلدى. مېنىڭچە بۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن بىر ياخشى تەجرىبە ۋە ياخشى ئۈلگە.

«نەزمە»نىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ بەزى يېتەرسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈشنى زۆرۈر تاپتىم:

ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈن ئەپەندى مۇنداق دېگەن: «بىر ئېرىق لاي سۇدىن بىر پىيالە سۈزۈك سۇ ئەۋزەل. ئەمما بۇ لاي سۇ سۈزۈلدۈرۈلسە، ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن بىر نەچچە پىيالە سۈزۈك سۇ چىقىدۇ». «نەزمە»دە ئاز - تولا يېتەرسىزلىكلەر بارلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، «نەزمە» بىر كۆل لاي سۇ ئەمەس، بەلكى ئاساسى جەھەتتىن سۈزۈلگەن سۈزۈك سۇ. ئۇنى تېخىمۇ سۈپسۈزۈك قىلغىلى بولىدۇ:

1. «نەزمە»گە قۇمۇل مۇقام تېكىستلىرىنى تەييارلاشتا سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلغان. «مۇقام تېكىستلىرى» نەزمىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى، مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، كىتابتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، مۇقامنى رەتلىگۈچىلەر ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتقان بولسىمۇ، بۇ خىزمەتنىڭ يېڭى باشلىنىشى ۋە مۇرەككەپلىكى تۈپەيلىدىن يەنىلا ئاز - تولا مەسىلىلەر كۆرۈلگەن. مەسىلەن، مۇقام ۋە ناخشا تېكىستلىرىدە تەكرارلىنىشلار كېلىپ چىققان. باش مۇقام ۋە شۆبە مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرى ئەستايىدىل تاللانمىغان ۋە مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان، داستانلار قىسمىدىمۇ، تۆمۈر خەلىپە بىلەن خوجىنىياز ھاجى ھەققىدىكى قوشاقلار ئارىلىشىپ ۋارىيانتلىق بولۇپ قالغان. قوشاقلار قىسمىدا بەزى قوشاقلار ئېپتىدائىي، قوپال ھالىچە يېزىلىپ قالغان. شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ ئىلمىي سەۋىيىدىكى قوشاقلارنى

كىرگۈزۈشكە دىققەت قىلىنمىغان. بۇ هال قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ۋە «نەزمە» نىڭ سۈپىتىگە، ئىلمىي قىممىتىگە ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە قىسمەن تەسىر يەتكۈزگەن.

2. «نەزمە» نىڭ كىرىش سۆزى ۋە «12 مۇقام ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلەردە پرىنسىپال كۆزقاراشلار، مۇقام تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يەكۈن خاراكتېرلىك كۆزقاراشلىرى بىلەن بەزى جەھەتتىن بىردەك بولالمىغان. مەسىلەن: مۇقامشۇناسلار قۇمۇل، دولان، كۇسەن، سۇلى، ئۇدۇن، ئىدىقۇت مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كونا مەنبەسى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى دېگەن كۆزقاراشنى بىردەك قەيت قىلىشقاندى. «نەزمە» نىڭ بەزى ماقالىلىرىدە بولسا، «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە» دېگەنگە ئوخشاش كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مېنىڭچە «تەركىبىي قىسمى» دېيىلسە بىر ئېنىقسىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تەركىبىي قىسمىدا قۇمۇل مۇقام ۋە ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى پەقەتلا يوق. ئورۇندىلىش ئۇسلۇبى، كۈي، ئاھاڭ، نەغمە شەكىللىرى جەھەتلەردىمۇ ئوخشاشلىق ئاساسەن يوق. پەقەت بىر نەچچە قۇمۇل مۇقامىنىڭ قوشۇمچە ئاتىلىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەن. لېكىن، ئىسمى ئوخشاش بولغان بىلەن مەزمۇنى، مۇزىكىلىق ئورۇندىلىش شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ.

3. قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى ئادەتتە 12 باش مۇقام، 24 شۆبە مۇقام (چۇشۇرگە) 360 ناخشا (ئاھاڭ) دىن تەركىب تاپىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ كەلگەن. لېكىن، «نەزمە» نىڭ ماقالىلىرىدە، قۇمۇل مۇقامىنىڭ 360 چۇشۇرگىسى بار دەپ يېزىلغان. يەنە «نەزمە» نىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدە هازىر 262 چۇشۇرگە بار دېيىلگەن. لېكىن، ھازىر «نەزمە» گە كىرگۈزۈلگىنى 246 ناخشا. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ھازىر 12

باش مۇقام، 19 شۆبە مۇقام، 245 ناخشا ـ ئاھاڭ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، 5 شۆبە (چۇشۇرگە) مۇقام، 115 ناخشا يوقىلىپ كەتكەن. بۇ نۆۋەتتە قۇمۇل 12 مۇقامىنى قېزىپ تولۇقلاشتىكى مۇشكۇل ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى.

4. «قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ نەشرگە تەييارلىنىش جەريانىنى بايان قىلغان تەپسىلاتتا، «نەزمە» دىن ئىلگىرى ئىشلەنگەن نەتىجىلىك خىزمەتلەر، قېزىلغان، توپلانغان، رەتلەنگەن، خاتىرىلەنگەن فولكلورنىڭ مىقدار سانلىرى، قۇمۇل مۇقاملىرىنى رەتلەش، ئۈنئالغۇغا ئېلىش خىزمەتلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. قۇمۇلدا مۇقام ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا باشلىنىپ نۇرغۇن زور نەتىجىلەر ۋە تەجرىبە قولغا كېلىپ چوڭ ئاساسلار تىكلەنگەنىدى. «نەزمە» شۇ ئاساسلار زېمىنىدە دۇنياغا كەلدى. ئىلگىرى ھازىرلانغان شەرت ـ شارائىت ۋە ئاساسلار بولمىغان بولسا، «قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ چىقىشى تەس ئىدى.

گەرچە «قۇمۇل نەزمىلىرى» قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتىدە زور ئۇتۇق ۋە مول تەجرىبىلەرنى يارىتىپ بەرگەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى بۇ ساھەنىڭ خىزمەتلەرگە ئۇل ۋە ئاساس سالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىمىز تېخىمۇ مۇشكۇل ھەم كۆپ.

1. «قۇمۇل نەزمىلىرى» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان «قۇمۇل مۇقاملىرى» قىسمى «قۇمۇل بەششارنەغمىسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. قۇمۇل بەششار نەغمىسى قارا دۆۋە يېزىنى ئاساس قىلغان، لاپچۇق، توغۇچى، ئاستانە، سۇمقاغا قاتارلىق بەششارنىڭ ئەلنەغمىسى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە نەغمىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل بەششار نەغمىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، رەتلەپ، كىتاب قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك.

2. قۇمۇل مۇقاملىرىدىن يوقالغان بەش شۆبە مۇقامنى، 115 ناخشا (كۈي) نى ئىزدەپ تېپىپ، قۇمۇل مۇقاملىرىنى تولۇقلاپ

مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم.

3. قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى (فولكلور) يەنە داۋاملىق چوڭقۇر قېزىپ، توپلاپ، رەتلەپ چىقىشىمىز، ئۆمەر باتۇر، ياچىۋەك، ئىسلام بىگىملارنىڭ داستانلىرىنى، قاسىم سوغ لەتىپىلىرىنى تولۇقلاپ چىقىشىمىز كېرەك.

4. ھېكمەت، مۇناجات، مەرسىيە، قەسىدە، داخانلىق، مەدداھلىق ماتېرىياللىرىنىمۇ توپلاپ رەتلەپ چىقىشىمىز كېرەك.

5. يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر مۇقامچىلار، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى تۇرغۇزۇپ ئۇلارنىڭ «مەنىۋى قەبرىسى»نى تىكلىشىمىز كېرەك.

6. قۇمۇل ھۈنەر - سەنئىتىگە دائىر مەسىلەن، مىمارچىلىق، نەققاشچىلىق، چاشمىچىلىق، گۈل كەشتىچىلىك، ئالتۇنچىلىق (زەگەرچىلىك)، كالاتۇنچىلىق، ئويمىچىلىق، كۇلالچىلىق، سىرچىلىق قاتارلىق ماتېرىياللارنى يىغىشىمىز كېرەك.

7. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ئىشلىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا قۇمۇل خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى.

1992 - يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# 21. «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى» توغرىسىدا

## (1)

### لەقەم توغرىسىدا بەزى چۈشەنچىلىرىم

تارىخىي ماتېرىيالىزم تارىخنى خەلق ئاممىسى ياراتقان دەپ ھېسابلايدۇ. خەلق ئاممىسى ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى قىممەتلىك بايلىقتۇر. جۈملىدىن، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ساھەسىدە مۇھىم ۋە ناھايىتى كەڭ ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۇيغۇرشۇناسلىق تارىخىدا مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلدى. پروفېسسور، فولكلورشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق سەنئەتلىك كىتاب بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى ئەمگەك مېۋىسى ۋە ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. لەقەم ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. قۇمۇل ئۇيغۇر لەقەملىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئايرىلماس قىسمىدۇر.

لەقەم دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە مەۋجۇت. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يازما تارىخىي يادىكارلىقلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ لەقەم قويۇش، لەقەم قوللىنىش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن. ئىنسانشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار لەقەمنىڭ ئىنسانلار

تۇرمۇشىدىكى تۇتقان مۇھىم ئورنىنى قەيت قىلىدۇ، ئىنسانلارغا ئىسىم - فامىلە مۇھىم بولغاندەك، لەقەممۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر يۇرتنىڭ لەقەملىرى شۇ يۇرتنىڭ تارىخىنى، تارىخي ۋەقەلەرنى، جۇغراپىيىلىك جاي ناملىرىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر - كەسىپ، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، خەلق فولكلورنى ۋە باشقا جەھەتلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. بەزى تارىخي لەقەملەر بىزگە ئۇزاق تارىخنى ئەسلىتىدۇ، يەنە ئالىدىغان بولساق بەزى ئادەملەرنىڭ ئەجدادىنى، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىسىم - فامىلىسى بىلەنلا بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن لەقىمى ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇرلاردىكى ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ تەكرار - تەكرار ئوخشىشىپ كېتىشى بىلەن جەمەتلەرنى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ، لەقەم بولسا بۇ مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

قۇمۇل خەلق ئارىسىدا، «ئاتىنى ئاتاڭ قويۇر، لەقەم ئاسماندىن چۈشۈر» دېگەن تەمسىل بار. لەقەم كىشىلەر تەرىپىدىن ئىستىخىيىلىك ھالدا بىر - بىرىگە قويۇلىدۇ. كىشىلەر لەقەمنى مەيلى قوبۇل قىلسۇن، ياكى قوبۇل قىلمىسۇن، لەقىمىنى قوللىنىش جەريانىدا، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىشىپ ئادەتلىنىپ قالىدۇ. بەزى لەقەملەر ھەقىقەتەن «ئاسماندىن چۈشىدۇ» لەقەم ئىگىسىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا، مىجەز - خاراكتېرى، پسىخىك ھالىتى، تەن تۈزۈلۈشىگە ئىنتايىن مۇناسىپ كېلىپ قالىدۇ. ھەتتا ئىسىم - فامىلىدىنمۇ ئىنچام ياخشى تەخەللۇس بولۇپ قالىدۇ، قۇمۇل لەقەملىرى ئىچىدە بۇنداق مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ.

قۇمۇل لەقەملىرىنىڭ تارىخىيلىقى، ئىجتىمائىيلىقى، قاراتمىلىقى، كونكرېتلىقى ۋە باشقا جەھەتلىرىدىن ئۇنى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بەزى لەقەملەر تارىخىيلىققا ئىگە. مەسىلەن: ئالتۇنچىلار (زەرگەرچىلەر) جەمەتى قۇمۇل بۇددىستلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە رول ئوينىغان،

دېگەن رىۋايەت بار. تورپاقلار 1907 ـ يىلىدىكى مەشھۇر تورپاقلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرى، قايناق سۇلارنىڭمۇ تارىخى بار. يەنە بەزى لەقەملەر قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: قارلۇق، ئەۋار، ئابدال قاتارلىقلار. بەزى لەقەملەر هايۋانلار نامىدا ئاتالغان. بەزى لەقەملەر كىشىلەرنىڭ ئەيىب ـ ئىۋەنلىرىگە قارىتىپ كۆرسىتىلىپ ئاتىلىپ قالغان. بەزى لەقەملەر نەرسە ـ كېرەك (شەيئىلەر) نىڭ نامىدا، بەزىلىرى خەنزۇچە، بەزىلىرى ئەمەل ـ مەنسەپ، مال ـ دۇنياسىغا، بەزىلىرى هۈنەر ـ كەسپكە قارىتا ئاتىلىپ قالغان. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى لەقەملەر شۇ يۇرتنىڭ، مەھەللىنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

يېقىن قۇمۇل ئۇيغۇر جەمەت لەقەملىرىنى توپلاش، رەتلەش نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن. بۇ كاتتا ئىشلارنى ئىپتىخارلىق بىلەن قوللاش يۈزىسىدىن ئويلىغان خىيال ـ پىكىرلىرىمنى ۋە توپلىغان 300گە يېقىن لەقەم ناملىرىنى تەقدىم قىلىمەن.

(2)

ناھايىتى ئەپسۇسكى، بەش كۈنلۈك مۆھلەت چەكلىمىسى بىلەن بۇ نۇسخىنى پەقەت بىر قېتىملا ئوقۇپ چىقالىدىم. ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلمىدىم. شۇڭا، يۈزەكى پىكىرلىرىمنى يېزىپ ئەۋەتتىم، توغرا بولۇشى ناتايىن، بۇنى كۆڭۈل بۆلمىگەندىن ياخشى، دەپ ئويلايمەن.

بىرىنچى، كىتاب ھەقىقەتەن ياخشى تۈزۈلۈپتۇ.

ئاپتورلارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ئاپىرىن! كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ياخشى بوپتۇ. لۇغەت تەرتىپى بىلەن بايان قىلىنىپتىكەن «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» شەكلىنى ئاپتۇ.

ئاپتورلار كىتابنى تۈزۈشتە تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق مەۋقەئە ۋە پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىتابنىڭ ۋەزىپىسى جەمەت لەقەملىرىنى چۈشەندۈرۈش، بايان قىلىش بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر جەمەت لەقەم ئىگىلىرى ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتە ئۆزىگە تۇشلۇق تەسىرى ۋە ئورنى بار تارىخىي شەخسلەردۇر. ئۇلار ئۆزى ياشىغان يۇرت ۋە بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىدلىرىدۇر (مەسىلەن، تورپاقلار، قايناق سۇلار). ئۇلار ھەرگىز يەككە ـ يېگانە ياشىمىغان. ئاپتورلار قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ، شۇ جەمەتنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنى، كەسپىي ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ كىتابنىڭ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن، ئالتۇنچىلار (زەرگەچىلەر)، ئاخۇنلۇقلار، تورپاقلار، قايناق سۇلار ۋە باشقىلار ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ئىزاھلانغان. قۇمۇلدا بۇ ھەقتە تەزكىرە يوق ئىدى. مانا ئەمدى جەمەت لەقەملىرىنى ئىزاھلاش ئارقىلىق بىر قىسقىچە تەزكىرە مەيدانغا كەلگۈسى. كېيىنكى ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى، ئىسمىنى، پائالىيەتلىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنى لەقىمى ئارقىلىق بىلىۋالىدۇ. دەرۋەقە، نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنى، ئائىلە نەسەب تارىخىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار ئەمدى مۇشۇ كىتاب چىقسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ جەمەتىنى تونۇۋېلىشى مۇمكىن.

بەزى مەشھۇر جەمەتلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان تارىخىي رولىنى قىستۇرۇپ قىسقىچە ئىزاھلاپ قويۇلسا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن: داڭلىق ھۈنەرۋەنلەر، باتۇرلار، قەھرىمانلار. يەنە بەزى لەقەملەر قىسقا رىۋايەت، ئەپسانە، لەتىپە، ۋەقەلىكلەر بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇمۇ كىتابنىڭ ئىلمىيلىكىنى كۆچەيتكەن. ئەلۋەتتە ھەر قانداق جەمەت لەقەملىرىنى شۇنداق ئۇسۇل ۋە شەكىللەر بىلەن ئىزاھلاپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كىتابنىڭ ياخشى تۈزۈلگەنلىكىنى

ئېتىراپ قىلىشىمىز ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ۋە قوللىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى كىتابنى ياخشى چىقىرىشىمىز كېرەك.

ۋاقىت يار بەرمىگەنلىكتىن كىتابنىڭ ئورىگىنالىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلالمىدىم. بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى ئۇچراتتىم، لېكىن مەن قوسۇر دەپ قارىغانلىرىم نۇقسان بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. مىللىتىمىزنىڭ ۋە يۇرتىمىزنىڭ كىتابى بولغاندىكىن دەپ تارتىنماستىنلا تەلەپ ۋە ئۈمىدلىرىمنى يازدىم.

1. كىتاب ئورىگىنالىنى بىر تەرەپتىن كۆرۈپ ھېس قىلغان پىكىرلىرىمنى ئۇدۇللۇق كىتابنىڭ ـ لەقەملەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ تولۇقلاپ يېزىپ ماڭدىم. كىتابنى كۆرۈپ بولۇپ قارىسام 110 تولۇقلىما پىكىر يېزىپتىمەن. بۇنىڭ بەزىلىرى تۈزىتىش پىكىرلىرى.

2. تۈرلەرگە ئايرىلىشى توغرىسىدا

كىتاب چوڭ 12 تۈرگە — بابقا ئايرىلىپ يېزىلىپتۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بوپتۇ. لېكىن، كونكرېتنى جەھەتتىن بەزى مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك قىلىدۇ. مەسىلەن، بەزى لەقەملەر كۆپ تەكرارلانغان، بەزى لەقەملەر زورمۇ زور تۈرگە ئايرىلغان. بەك ئۆلۈك، جانلىق ئەمەس. مەن تەكرار لەقەملەرنى ياكى لەقەم ۋارىيانتلىرىنى ساناپ كۆردۈم: ئاقساقاللار، ساقاللار ، پاقىلار، تۈلكىلەر، توخۇلار، قايماقلار، پايپاقلار، تۇغانلار، قارنى قارا، ئالتايلار (ئالتە ئايلىق) تاغارلار، تەخەيلەر، كىۋەكلەر، كاردانلار، شامالار، چىۋىنلەر، ئاسلانلار، پەرەڭلەر، تېكىلەر، جىڭلىقلار، تىدو (دىدو) لار، كۈچۈكلەر، ئۆردەكلەر، پولداڭلار، شارلىقلار، چىلانلار، تۆگىلەر ۋە باشقىلار. كىتابتا بۇ لەقەملەر ھەر قايسى تۈرلەرگە ئايرىلىپ ئىزاھلانغانلىقتىن 2 دىن 4 كىچە تەكرارلانغان. بۇ ھال كىتابخانلارغا تەكرارلىق چۈشەنچىسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بىر خىل لەقەم تۈرلەرگە ئايرىلىپ چۈشەندۈرۈلگەندە مەنىسى باشقا ـ باشقا بولىدۇ. ئەگەر بۇ لەقەملەرنى

ۋارىيانتلىرى بويىچە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىلىپ ئىزاھلانغاندىمۇ مەنىسى باشقا ـ باشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ① پاقىلار: (فىزىئولوگىيە ئالاھىدىلىكى) ② پاقا مىجەز، خۇلقى لەقىمى. يەنە ئاقساقاللار: ① ئەمەل لەقىمى؛ ② ساقاللىق كىشى؛ ③ بىلەرمەن، لوقمىچى، قوشۇقچى. مېنىڭچە تۈرگە ئايرىلىش كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىدا مۇھىم. قايتىدىن ئەستايىدىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

### 3. لەقەملەرنى ئىزاھلاش توغرىسىدا

جەمەتنى ۋە ئۇنىڭ لەقەملىرىنى توغرا، دەل ـ جايىدا ئىزاھلاش مېنىڭچە كىتابنى تۈزۈشتە ئۇچرايدىغان ئەڭ قىيىن، ئەڭ نازۇك مەسىلە. يەنە كېلىپ كىتابنىڭ ئىلمىيلىكىگە، سۈپىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. ھېس قىلىشىمچە لەقەملەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلاشتا بەزى مەسىلىلەر باردەك قىلىدۇ.

1) بەزى ئىزاھاتلار تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، بەزىلىرى مۇجمەل، چۈشىنىكسىز، مەنتىقىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس، تەخمىنچىلىك كۆپرەك، دەلىللىرى ئاجىز. بۇنىڭ سەۋەبلىرى، مېنىڭچە بىرىنچىدىن، جەمەت لەقىمى تارىخى ئۇزۇن ئۆتمۈش بولغانلىقتىن بەزى تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى كونا ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن. يېرىم ـ يارتا، تەخمىنەن ياكى بۇرمىلاپ ئېيتىپ بەرگەن. شۇڭا، ئىزاھلاش توغرا، دەل بولماي قالغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى سۆھبەت ئوبيېكتلىرى ئۆتمۈشنى، ئەجدادىنى ياخشى بىلگەنلىكتىن ۋە سۆزمەن بولغانلىقتىن تولۇق، پاكىتلىق سۆزلەپ بەرگەنلىكتىن ئىزاھلاش توغرا بولغان. ئىككىنچىدىن، بەزى ئاپتورلارنىڭ جەمئىيەتنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش تەجرىبىسى ئاز، تارىخىي بىلىمى كەم، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يۇقىرى ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ لوگىكىلىق پىكىر قىلىش سەۋىيىسىمۇ، قەلەم كۈچىمۇ ئاجىز بولغانلىقتىن لەقەملەرنى ئىزاھلاشتا مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بىزگە مەلۇم سۆھبەت ئوبيېكتلىرى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەندە خىيالىغا كەلگەن سۆزلىرىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن

تەلەپكە لايىق سۆزلەپ بېرىشى ناتايىن. خاتىرىلىگۈچى گىراماتىكا، لوگىكا، تارىخىي ۋەقەلىك ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن يېزىشى كېرەك. سۆزلەپ بەرگۈچىنىڭ تەرتىپسىز، بىر - بىرىگە زىت گەپلىرى ئۆز ئەينىچە يېزىپ قويۇلسا چاتاق چىقىدۇ. مەسىلەن: «چوقچۇقلار» ئىزاھلاشقا قارايلى: «بۇ جەمەتتىن نىياز بوۋا دېگەن كىشى جېدەل - ماجىرادىن قورقمايدىغان، خۇش چاقچاق، كىچىك باللارغا چاقچاق قىلىپ چېقىلىپ قويىدىغان مىجەزى بولغاچقا، «چوقچۇق» دېگەن لەقەم سىڭگەن». بۇ ئىزاھ مۇۋاپىق بولمىغان. مېنىڭچە، جېدەل - ماجىرادىن قورقمايدىغان ئادەم قوپال، ئۇرۇشقاق، جېدەل تېرىپ يۈرىدىغان ئادەم بولىدۇكى، ئۇ ھەرگىز خۇش چاقچاقچى ئادەم بولالمايدۇ. خۇش چاقچاق ئادەم ھەرگىز «چوقۇلۇ» جېدەلخور بولمايدۇ. بۇنداق مىساللارنى بىر نەچچە يەردە ئۇچراتتىم. بۇنىڭغا دىققەت قىلىنىشى كېرەك.

2) يەنە بىر مەسىلە جەمەت لەقەملىرىنى ئىزاھلاشتا مۇمكىن قەدەر ئىلگىرىكى كونا ئەۋلاد لەقەم ئىگىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يازغان ياخشى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بەزى مەشھۇر جەمەتلەرنىڭ لەقەملىرى مۇئەييەن تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالغان. بۇنداق لەقەم ئىگىلىرىنىڭ نام شەرىپى مۇشۇ تارىخىي كىتابىمىزدا خاتىرىلىنىپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا شۇنداق مەقسىتىم بىلەن مەزكۇر كىتابنى كۆرۈش داۋامىدا مەن بىلىدىغان كونا لەقەملەرنىڭ ئىگىلىرىنى يېزىپ قويدۇم. بۇ كونا لەقەملەر تارىخنى جەمئىيەتنى چۈشىنىشتە ئەھمىيەتلىك.

3) جەمەت لەقەملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلاشتىكى يەنە بىر قىيىن مەسىلە شۇكى، كونا لەقەملەر ئېھتىمال كونا ئادەملەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، مىجەز - خۇلقى، ئىش، كەسىپ، ئەمگەك پائالىيەتلىرى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسەن قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، لەقەم ئىرسىيەتلىك نەرسە ئەمەس، شۇڭا كېيىنكى ئەۋلاد لەقەم ئىگىلىرىدە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئالامەتلىرى قالمىغانلىقتىن بەزى لەقەملەر ئىسمى - جىسمىغا لايىق بولماي قالغانلىقىدىن توغرا ئىزاھلانماي قېلىشى مۇمكىن.

4) قۇمۇلدا لەقەم مەسىلىسىدە بەزى ئەنئەنىلىك لەقەملەر قويۇلۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئېگىز بويلۇقلار «تۆگە» لەقەملىك بولىدۇ. ئوسمان ئىسىملىكلەرگە «كالا» دەپ لەقەم قويۇلىدۇ. ئىبراھىم ئىسىملىكلەرگە «چاشقان» لەقىمى قويۇلىدۇ.

4. يەنە قېپقالغان لەقەملەر توغرىسىدا

قۇمۇلدا قانچىلىك لەقەم بارلىقىنى بىلىش تەس. مەزكۇر كىتابقا ناھايىتى كۆپ لەقەملەر توپلىنىپ كىرگۈزۈلۈپتۇ. مەن ئىلگىرىكى قېتىم بۇ كىتابقا ئېلىپ بەرگەن لەقەم تىزىملىكىدىكى لەقەملەردىن بەزى مۇھىملىرى قېلىپ قاپتۇ: سوكچىلىكلەر، دۇنخۇاڭلار، قارلۇقلار، ئابداللار، ئىمىزپىيانلار، شاخاڭلار، پۆكىلەر، ياپىلاقلار، ماشقاقلار، ماتاڭلار، جامبۇرلار، يامداقلار، يومشاقلار، گۆر - گۆرچىلەر (گوركار)، قالتىسلار، سەۋلەتلەر، قالغاچلار، تۈگپۈرلار، تۈگچىلار (تەرجىمان، تىلماش)، داڭ - داڭچىلار، دالىچىلار...

5. بەزى لەقەملەرنى شاللىۋېتىش كېرەك

كىتابقا توپلانغان لەقەملەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بايلىقىمىز. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە خېلى بىر قىسىم لەقەملەرنىڭ لەقەم دېگۈچىلىكى يوق، ئەھمىيىتىنى يوقاتقان، ئۇلارنى ئىزاھلاشمۇ ئىلمىي بولمىغان. بۇ ھال كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. مەسىلەن، يېڭشىلەر، چاڭۋىلار، جاجاڭلار، لەنجاڭلار ۋە باشقىلارنى شاللىۋېتىش كېرەك.

6. ئاخىرقى پىكرىم: (1) ئاپتورلار، تەھرىرلەر يۇكسەك مەسئۇلىيەتچان تۇيغۇسى بىلەن كىتابنى قايتا رەتلەپ چىقسا. (2) كىتابنىڭ كىرىش سۆزى، خاتىمىسى ياخشى يېزىلسا، كىتاب ئوقۇرمەنلەرگە، پۇتكۈل جەمئىيەتكە ئەتراپلىق، توغرا چۈشەندۈرۈلسە.

1998 - يىلى 20 - ماي، ئۈرۈمچى

# ئىككىنچى باب ئەسلىمىلەر

## 22. ئانا مەكتىپىمنى ئەسلەيمەن

پارتىيىمىز يەن - مائارىپنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىلىمنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەۋاتقان، ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان شانلىق يىللاردا ئانا مەكتىپىمىز — قۇمۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش، دىيارىمىز قۇمۇلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مەلۇم تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

قۇمۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، خۇددى گىگانت ئادەمدەك ياشاپ 50 ياشقا كىردى. يېرىم ئەسىردىن بۇيان بۇ مەكتەپ ئۆز بېشىدىن گۆدەكلىك، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرلىرىنى ئۆتكۈزدى. بەختسىزلىك كۈنلىرىنىمۇ ئۆتكۈزدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا ياشلىق باھارىنى يېڭىدىن باشلاپ، ئۇزۇن سەپەردە ئوتتۇرا ياش ساغلام ئادەمدەك مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا باسماقتا.

مەن 1940 - يىلى ئەتىيازدا ئائىلەمنىڭ كۆچۈشىگە ئەگىشىپ، قۇمۇل ناھىيىلىك ئاستانە يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 3 - سىنىپىدىن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 4 - سىنىپىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئوقۇدۇم. 1942 - يىلى يازلىق تەتىلگىچە 4 -، 5 -، 6 - سىنىپلىرىنى ئوقۇپ پۈتتۈردۈم. مەكتەپنىڭ نامى «قۇمۇل شەنلى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ» دەپ ئاتىلىدىكەن. شەھەر ئىچــى باشلانغۇچ مەكتەپتە 1 - سىنىپتىن 6 - سىنىپقىچە ئالتە ئوغۇللار سىنىپى، ئىككى قىزلار سىنىپى

جەمئىي سەككىز سىنىپ بارلىقىنى ئەسلىدىم. تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بارئىدى. 1942 ـ يىلىغىچە ئابدۇرېھىم ئابلايوف مەكتەپ مۇدىرى ئىدى. 1942 ـ يىلىدىن باشلاپ ئابلا تۇرسۇنوف مۇدىر بولدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئوقۇتقۇچىلاردىن مەرھۇم يۇنۇس ئىمىنوف، ئابلا نويى، توختايوف، نىياز قۇربان، ھەسەن تۆمۈر، ئەخمەت قۇربان، ئىمىن نۇرۇللا، يۇسۇپ ئابلا، ئەمەت ئىسمايىل، ئابدۇۋايىت ئىساق، چىنتاش قادىر، مۇختار ئادىل، پەيزۇل قارى (دىنىي مۇئەللىم) دىن ئىبارەت ئىدى.

كېيىنكى يىللاردا سوپا تۇرانوف، ماچــى، ئابلىــز بەمەنلەرمۇ ئوقۇتقۇچى بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئاتمىشىنچە 40 ـ يىللاردا شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپكە ھوشۇر مۇسايوف، ئىمىن ھوشۇر، مىجىت زايىدىن، ئادىلخان دېگەن كىشىلەرمۇ مۇدىر ۋە ئوقۇتقۇچى بولغانىكەن. ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ناھايىتى خىل، سۆلەتلىك، مەدەنىي، كىيىــم ـ كېچەكلىرى پاكىز، ئېسىل ئىدى. قىشلىقى ئۇزۇن پەلتو ياكى شىرىق چاپان، گەلەپى ئىشتان، خۇرۇم ئۆتۈك كىيەتتى. يازلىقى كاستۇم ـ بۇرۇلكا، خۇرۇم بەتىنكە ياكى گىمناستىيوركا كىيىپ، تاسما بەلۋاغ باغلايتتى. دەرس ئۆتۈش مېتودى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئىدى. تەشكىلىي ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى. ئەخلاق دەرسىنى ئەستايىدىل ئۆتەتتى. تەنھەرىكەت ۋە دەرس ۋاقتىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى. تەنھەرىكەتكە ۋە دەرسكە كېچىكىپ قالغانلارنى تەنقىد قىلىپ ۋەدە ئالاتتى. تەكرارغا كېچىككەن ياكى دەرستىن قالغانلارغا تازىلىق قىلمىغانلارغا تەن جازاسى بېرەتتى ياكى تامغا قارىتىپ قولىغا خىش كۆتۈرتۈپ قوياتتى. ئىككىنچى سائەت دەرس مۇئەللىمى سىنىپقا كىرگەندە ئاندىن جازالانغان ئوقۇغۇچىلار دەرسكە قاتناشتۇرۇلاتتى. سوقۇشقان، تاماكا چەككەن، ئوغرىلىق قىلغان، كەپتەر ئوينىغان، قىز ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىقىنىغا بىستەر بىلەن ئۇرۇپ جازالايتتى. مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئابلايوف، ئەمەت ئىسمايىل، ئابلا نويىلار ناھايىتى ئاچچىــقــى يامان بولۇپ،

ئەخلاقسىز، ئىنتىزامسىز ئوقۇغۇچىلارنى غەزەپ بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ جازالايتتى. جازالانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ياخشى تۈزۈلۈپ كېتەتتى (ئەلۋەتتە تەن جازاسى بېرىش خاتا، لېكىن شۇ يىللاردا ئاددىي، قوپال ئۇسۇللار مەلۇم رول ئوينىغان). تەشكىللىي ئىنتىزام قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى كۈچلۈك، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خىل، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى، ئىلمىي نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى.

شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ، 2 ـ سىنىپ دەرسلىكلىرى ئەينى زاماندا شىنجاڭدا تۈزۈلگەن قوللانمىلار ئىدى. 3 ـ سىنىپتىن يۇقىرى سىنىپلارنىڭ دەرسلىكلىرى ئاساسىي جەھەتتىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىدى.

مەسىلەن: تەبىئەت، جۇغراپىيە، تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا (قارا نىيازنىڭ ھېساب مەسىلىلىرى، بىرزانىسكى ھېساب دەرسلىكى) خەرىتە ۋە باشقىلار.

ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىچىدە ئابدۇرېھىم ئابلايوف، يۇنۇس ئىمىنوپ، سوپا تۇرانوۋ قاتارلىقلار تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا دارىلفونۇنىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن زىيالىيلار بولغانلىقتىن، شۇنىڭدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان دەرسلىكلەرنى ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدا كەڭ تەشۋىق قىلاتتى. تىل ـ ئەملا كىتابلىرىدىمۇ لېنىن ـ ستالىنلار تونۇشتۇرۇلغان. قارا نىيازنىڭ ھېساب دەرسلىكىدىمۇ سابىق سوۋېت ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىن مەسىلىلەر تۈزۈلگەن. ئەدەبىيات دەرسلىكىدىمۇ ماكسىم گوركىي، پۇشكىن، ئابدۇللا توقاي، ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ئەسەرلىرى ئۆتۈلەتتى. يەنى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت

ئالتە ماددىلىق سىياسەت ئىدى. جاھانگىرلىككە، خۇسۇسەن ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ سۆزلىنەتتى. يەنى ياپون جاھانگىرلىكى جۇڭگوغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ جۇڭگو خەلقىنى ئەزمەكتە دەپ چۈشەندۈرۈلەتتى. گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ئۈچ فاشىست جاھانگىردىن باشقا ئەنگلىيە، فرانسىيە، پورتۇگالىيە، گوللاندىيە، جاھانگىرلىرىگە قارشى تۇرۇپ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش؛ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىمۇ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىمۇ جاھانگىرلار قوزغىغان؛ جاھانگىرلار يەر يۈزىدىن يوقالمىغۇچە تىنچلىق بولمايدۇ دېگەن چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغاندۇق. سوۋېتلەر ھۆكۈمىتى بىلەن دوست بولۇش دېگەن ماددىنى ئۆتكەندىمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ماختاپ سۆزلەپ بېرەتتى: ئۆكتەبىر ئىنقىلابى سوۋېت خەلقىنى ئازاد قىلدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورناتتى. سوۋېت خەلقى 8 سائەت ئىشلەيدۇ. 8 سائەت دەم ئالىدۇ. 8 سائەت ئۇخلايدۇ. مىللەتلىرى ئەركىن، باراۋەر دېگەن مەزمۇنلاردا سۆزلەپ بېرەتتى. تارىخ دەرسىدىمۇ دۇنيا تارىخى، جۇڭگو تارىخى، يېقىنقى زامان تارىخىنى ئوقۇغان. 5 خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق چىرىك ئىجتىمائىي تۈزۈمى، جاھانگىرلارنىڭ 100 يىللىق بوزەك قىلىشى، ئەپيۇن ئۇرۇشى، سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابى، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ياپونغا قارشى بىرلىك سېپى قاتارلىق مەسىلىلەردە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە بولغاندۇق. مەن ھازىر ئەسلىسەم 40 - يىللاردىكى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 -، 6 - سىنىپ دەرس پروگراممىلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا 2 - يىللىق سىنىپلار سەۋىيىسىگە تەڭ ئىكەن، شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ كېتەيلى، شۇ يىللاردا ئوقۇغان دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن يادىمدا قالغانلىرىنى يۇقىرىقىدەك ئەسلەپ يازدىم. ھەرگىزمۇ ھازىرقى سەۋىيەم ياكى چۈشەنچەمنى قوشۇپ يازمىدىم. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 40 - يىللاردىكى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى

خېلى يۇقىرى ئىدى.

40 ـ يىللاردىكى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇ مەكتەپ ئاددىيلا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمەس ئىدى. بەلكى مەزكۇر مەكتەپ شەھەر ئىچى يېزىسىدا، سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەشۋىقات مەركىزى بولۇپ رول ئوينىغانىدى. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ شۇ يىللاردا ساۋاتسىزلىققا، نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. پۈتۈن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ شەھەر ئىچى بويىچە 25 مەھەللىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، قاتتىق تەشكىللەپ ئوقۇتتى. مەكتەپ ئىچىدە دېھقان ياشلار ئۈچۈن بىر نەچچە سىنىپ كەچ كۇرسى ئېچىپ ساۋاتىنى چىقاردى. كەچ كۇرسى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەدەنىيەتنى، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىپ، نادانلىقنى، كونىلىقنى تەنقىد قىلدى. مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىنى چەكلەپ، ئاتا ـ ئانىسى مەكتەپكە بەرمىگەن بالىلارنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويدى. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىرلىكتە ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى ۋە جەمئىيەتتىكى پارىخورلۇق قىلىش، ئەپيۇن چېكىش، قىمار ئويناش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنى، تىياتىر ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل، كومېدىيىلەرنى تەييارلاپ دېكوراتسىيە، ئېلېكتر چىراغلىق، سەھنە قاتارلىق زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بولمىغان ئىنتايىن ناچار شارائىتتىمۇ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاجايىپ ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ، ئۈنۈملۈك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باراتتى.

مەكتەپنىڭ تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ بويىچە تەشكىللىنەتتى. تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن باشقا مەكتەپ مۇدىرى،

ئىلمىي مۇدىر، مەسئۇل مۇئەللىملەرمۇ تەنھەرىكەت دەرسىنى تەشكىللەشكە ۋە باشقۇرۇشقا ئەستايىدىل رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇلار دائىم تەنھەرىكەت مەيدانىدا تەنتەربىيە تەرتىپىنى بۇزغان ئىنتىزامسىز ئوقۇغۇچىلارغا تەنقىد ـ تەربىيە بېرەتتى.

«12 ـ ئاپرېل» ۋە «18 ـ سېنتەبىر» بايراملىرى ئىنتايىن زور داغدۇغا بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. ئاممىۋىلىقى، ئىجتىمائىيلىقى بەك كەڭ بولاتتى. بايرام دەپ بېكىتىلگەن كۈنلىرى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىغىن مەيدانىغا مېڭىشى پۈتۈن شەھەر ئىچى يېزا خەلقىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. بازار كوچىسىدا ماڭغىنىمىزدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە مىڭلىغان ھەر مىللەت خەلقى بىزنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تاماشا قىلاتتى. 40 ـ يىللاردىكى شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ناھايىتى سەر خىل ئىدى. بولۇپمۇ، يۇقىرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى 18 ياش ئەتراپىدا ئىدى. يىغىن مەيدانى ھازىرقى شەھەرلىك سوتنىڭ ئارقا ھويلىسىنىڭ ئورنى بولۇپ، گەنسۇ خۇيگۇەن (گەنسۇلۇقلار ئۇيۇشمىسى) دېيىلەتتى. ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قاتنىشاتتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 ـ پولكى دۇخوي مۇزىكا ئەترىتى مېڭگان چېلىپ بېرەتتى. . . بارلىق مەكتەپلەر بايرام ئۈچۈن تەييارلىغان نومۇرلىرىنى كۆرسىتەتتى. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ شۇ يىللاردىمۇ ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق مەكتىپى ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن دىققەت شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپكە قارىتىلاتتى ۋە ئالدى بىلەن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ پىرامىداسىنى كۆرسىتەتتى. 100 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن قۇرۇلغان 4 ـ 5 قەۋەتلىك پىرامىدا شەكلىنىڭ ئېگىزلىكى 6 ـ 7 مېتىر كېلەتتى. پۈتۈن مەيداندىكى ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ بىرىنچىلىكنى قولغا كەلتۈرەتتى.

ھەر يىلى 18 ـ سېنتەبىر كۈنى تەنھەرىكەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. يەنى 1931 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى شەرقىي

شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كۈرىشى باشلانغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى تەنھەرىكەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ بۇ بايرامغىمۇ ئاكتىپ قاتنىشاتتى. تەنھەرىكەتنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىدە تېگىشلىك مۇكاپات ئالاتتى. بولۇپمۇ، 5000 مېتىر ئۇزۇنلۇققا يۈگۈرۈشتە يولداش سادىر تۇرشا (ھازىر شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى) ئۈدا ئۈچ يىل بىرىنچىلىكنى ئالغان. بۇ بايرامدا ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغداش روھى بىلەن تولغان شېئىرلارنى ئوقۇپ مۇسابىقىلىشاتتۇق. ھازىر ئەسلىسەم شۇ يىللاردىكى بەزى شېئىر - غەزەللەر ھېسسىياتقا خېلى باي بولۇپ، مەزمۇنى تەسىرلىك ئىدى. تيەن خەننىڭ «قوزغال» دېگەن شېئىرىنى شۇ چاغلاردىلا ئوقۇيتتۇق. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ «ئەتە ئۇرۇش بولسا، دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا» دېگەن شېئىرلىرىنىمۇ ئوقۇيتتۇق. دېمەك، شۇ دەۋردىكى مەلۇم ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە، شۇ چاغدىكى ئۆسمۈرلەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەنىدى.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكى كۈچلۈك، ئىنتىزامى قاتتىق، ئوقۇتقۇچىلىرى قابىل، سىياسىي ئاڭ، سەۋىيىسى ئۈستۈن، ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى ۋە ئىلمىي نەتىجىسى يۇقىرى ئىدى. بىزدىن ئىلگىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ تەقسىم قىلىناتتى. بىر قىسمى ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا چىقاتتى. 1941 - يىلى قىشتا بولسا كېرەك ئۈرۈمچىدىن ئۆلكىلىك ئىمتىھان ئېلىش كومىسسىيىسى كېلىپ، قومۇل ناھىيىسىگە بىۋاستە قاراشلىق ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئىمتىھان ئالدى. شۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئەلا نەتىجىگە ئېرىشتى.

مەكتەپتە دائىم ھاۋا مۇداپىئە تەربىيىسى، ئوقۇغۇچىلار مانېۋىرى

ئېلىپ بېرىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك، راھەتباغ ۋە ئۈستەڭ بويلىرىدا يازلىق ساياھەت پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. يەنە مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى، شېئىر مۇسابىقىسى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. سىنىپلار بويىچە تام گېزىت چىقىرىپ باھالاپ سېلىشتۇرۇش بولۇپ تۇراتتى.

مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىدى. ھازىرقى شەھەر ئىچى مەكتەپنىڭ ئورنى مەدرىسىنىڭ تېرىلغۇ يېرى (كونا باغچا) بولۇپ، ھوشۇر قازى ئاخۇنۇمنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن مەكتەپكە بېرىلگەن بولسا كېرەك. ۋاڭ ئوردىسىنىڭ بۇزۇلغان ئۆيلىرىنىڭ توپىسىنى ئوغۇت قىلىپ بۇ يەرگە بۇغداي تېرىپ مەكتەپكە قوشۇمچە كىرىم قىلاتتۇق. ھەر يىلى يەنە خالىس كۆچەت تىكەتتۇق.

40 ـ يىللاردا شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىشخانا، سىنىپ بىنالىرى ئىنتايىن ئاددىي، شەرت ـ شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. مەكتەپ رەھبەرلىكىدە ھەقىقەتەن جاپاغا چىداپ مەكتەپ باشقۇرۇش روھى بار ئىدى. بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ جاپاغا چىداپ ئوقۇپ بىلىم ھاسىل قىلىش روھىمىز كۈچلۈك ئىدى. ئۇ چاغلاردا سانائەت، قاتناش، ترانسپورت تەرەققىي قىلمىغان، قەغەز، قەلەم، سىياھ، دەپتەر، كىتاب ناھايىتى قىممەت ئىدى. بىز دېھقان بالىلىرىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش راسخوتىنى تەييارلىشىمىز ناھايىتى قىيىن. شۇڭا، بىز ئوقۇغۇچىلار دەپتەر، قەلەمنى ئىنتايىن ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىشلىتەتتۇق. ھەرگىز ئىسراپ قىلمايتتۇق. دەپتەر ـ كىتابلىرىمىزنى پاكىز، رەتلىك تۇتاتتۇق. شۇلارنى ھازىرقىغا سېلىشتۇرىدىغان بولسام، تارىختا تۇنجى قېتىم قۇرۇلۇپ ئەمدىلا 5 ـ 6 يىل بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن بۇ ئەخلاقىي پەزىلەتلەر ھازىرقى ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئۈچۈن مەلۇم ئەنئەنىلىك ئۈلگە دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، مەن مەنىۋى جەھەتتىن مۇشۇ مەكتەپتە تۇغۇلدۇم دېسەممۇ بولىدۇ. چۈنكى، تىلىم، ساۋاتىم مۇشۇ مەكتەپتە چىققتى. باشلانغۇچ

دەرىجىدىكى ئەقلىي ـ ئەخلاقىي بىلىمگە، تەشكىلىي كۆز قاراشقا، ئەمگەك كۆز قارىشىغا ئىگە بولدۇم. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى ھازىر بار بولغان بىلىمنىڭ دەسلەپكى ئاساسى مۇشۇ مەكتەپتە يارىتىلغان. ھازىرقى تەشكىلىي تۈزۈم كۆز قارىشىمنىڭ باشلانغۇچ ئامىللىرىمۇ (ئاساسىمۇ) شۇ مەكتەپتە شەكىللەنگەن دېسەممۇ بولىدۇ. ئومۇمەن، مېنىڭ 40 نەچچە يىل ئىلگىرى ئىلىم ـ بىلىم ئىستىكىدە باسقان ئەگرى ـ توقاي مۇساپەمنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئەنە شۇ مەكتەپتىن باشلانغان دېيىشكە ھەقلىقمەن. مۇشۇ قەدەمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېيىنكى يىللاردا ئوتتۇرا مەكتەپكە، ئالىي مەكتەپكە چىقتىم. مۇشۇ قەدەمنى داۋاملاشتۇرۇپ پارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلقنىڭ خىزمەتچىسى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدۇم. شۇڭا، مەن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئانا مەكتىپىم دەيمەن. مەن ئانا مەكتىپىمنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن. مەن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن.

40 ـ يىللاردا قۇمۇلدا مائارىپ نېمە ئۈچۈن شۇنداق تېز تەرەققىي قىلىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: 40 ـ يىللاردا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر كوممۇنىست رەھبەرلەرنى شىنجاڭ خەلقىغە ياردەم قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن شېڭ شىسەي ئالتە سىياسەتنى تۈزگەن ۋە ئىجرا قىلغان. شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلگەن. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئىچكى ئۇرۇشتىن، نادانلىقتىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ، تىنچلىققا، ئىلىم ـ مائارىپقا ئىنتايىن تەشنا بولغان. ئالتە سىياسەت شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرىنىڭ، زىيالىيلىرىنىڭ كۈچلۈك ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئىلىم ـ پەنگە تەشنا ھەر مىللەت خەلقى مائارىپنى قىزغىن ھىمايە قىلغان. 40 ـ يىللاردا قۇمۇل ۋىلايىتىدىمۇ، چى تيەنمىن، جاڭ دۇڭيۇي (ھازىرقى شىنجاڭ داشۆ مەسئۇلى) قاتارلىق بىر نەچچە كوممۇنىست قۇمۇلدىكى ھەر مىللەت ئىلغارلىرى، زىيالىيلىرى بىلەن

ئىتتىپاقلىشىپ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆچلۈك رەھبەرلىك قىلغان. مائارىپ سىيى ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئويغىتىپ، جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپ قۇرغان . . . شۇڭا قىسقىغىنا بىر نەچچە يىلدىلا مائارىپ ئىشلىرى ئۆچقاندەك تەرەققىي قىلغان. بىز بۈگۈن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان كۈنلىرىمىزدە شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىغە بەخت ـ سائادەت يارىتىش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان يولداش چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمىز. جۈملىدىن، مەرھۇم چې تيەنمىن ۋە يولداش جاڭ دۇڭيۈي قاتارلىق كوممۇنىستلارنى مەڭگۈ ئەسلەيمىز.

1943 ـ يىللىرى شىڭ شىسەي ئەكسىيەتچىللىككە يۈزلەنگەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ جۈملىدىن قۇمۇل رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپمۇ زۇلمەتكە پېتىپ ئىلگىرىكى يىللارغا ئوخشىماي قالدى. كوممۇنىستلار، ئىنقىلابچىلار ئىلغارلار تۇتقۇن قىلىندى. ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار يۆتكىۋېتىلدى. چەتكە قېقىلدى ياكى قولغا ئېلىندى. ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك يۈكسەك كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىلغار پائالىيەتلەر يوقالدى، پۇل پاخاللاشتى. بۇ مەزگىلدە مال باھاسى تۇراقسىزلاشقان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى چۈشۈپ كەتكەن، تۇرمۇشى ناچارلاشقانىدى. بۇنىڭ بىلەن، شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ ئىلگىرىكى يىللاردىكى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى يوقاتتى. بەزى ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مەكتەپتىن ئايرىلىپ باشقا كەسىپ قىلدى. بەزىلەر دېھقانچىلىق قىلدى. بەزىلەر سودىگەر بولدى، بەزىلەر مەدرىستە دىنىي دەرس ئوقۇدى ۋە باشقىلار.

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەھۋالنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئازادلىقتىن

بۇرۇنقى بىر نەچچە سىنىپلىق مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ 20 ـ 30 سىنىپلىق مەكتەپكە يەتتى. شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ دۆلەتكە تارىخىي تۆھپىسى زور بىر مەكتەپ. قۇمۇل رايونىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىپ بەردى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدەك، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئۇنىۋېرسىتېتلارغا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى ئەسلىدە شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغانلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر ئۈرۈمچىدە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، بېيجىڭ ـ لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلەۋاتقان ھەر كەسىپتىكى قۇمۇللۇق خادىملار ئىچىدە ئەسلىدە شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان يولداشلار مەلۇم سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قۇمۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ مىسالى بىر ئىلىم ـ پەن بۇلىقى. بۇ بۇلاق يېرىم ئەسىر توختىماي ئاقتى. بولۇپمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن قاينام بۇلاق بولۇپ ئاقتى. بۇلاق سۈيىدىن سانسىز كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى. قاينام بۇلاق مەڭگۈ قاينام بولۇپ ئاقسۇن! تېخىمۇ نۇرغۇن مايسا كۆچەتلەر سۇ ئىچسۇن!

1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

## 23. قۇمۇل ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى توغرىسىدا ئەسلىمە

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدە بىر ئىزىڭ قالار.
خاھ ماختان، خاھ ئۆكۈن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

بىلىم — ئۇ يۇگەنسىز بىر ئۇچقۇر تۇلپار،
مىنەلىگەن كىشى مۇرادقا يېتەر.
ئۇ شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىدۇركى،
قارا تاش ئۈستىگە تېرىساڭ ئۈنەر.

—— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بول بۇلبۇل،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق.

—— نىمشېھىت

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغىنىغا يېرىم ئەسىر بولدى. بۇ مەكتەپ خۇددى دۇنيادىكى باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىش، ئۆگۈشسىزلىقلارنى يېڭىپ گۈللىنىشتىن ئىبارەت قانۇنىيىتى بويىچە 50 يىللىق تەرەققىيات

مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى. مەكتەپنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پېشقەدەم قۇرغۇچى رەھبەرلىرى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ھەم كېيىنكى ۋارىسلىرى مەكتەپ تارىخىنىڭ شاھىدلىرىدۇر. تارىخ ئەڭ ياخشى ئەينەك، قۇمۇلدىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇر ياشلىرى قۇمۇل جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا مائارىپ تارىخىنى بىلمەيدۇ. باشلانغۇچ مائارىپ تارىخىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. قۇمۇل مائارىپ تارىخى قۇمۇل ئومۇمىي تارىخىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مائارىپ تارىخىنى بىلمەسلىك قۇمۇلنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى تولۇق بىلمىگەنگە تەڭ. بىز بۈگۈن 50 يىللىق شانلىق تارىخنى ئەسلەپ ۋە خاتىرىلەپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئېسىل مائارىپ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك مىللىي روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، كەلگۈسى پارلاق مۇساپىنى پۇختا قەدەملەر بىلەن بېسىشىمىز كېرەك.

تارىخنى ۋاراقلاپ قارايدىغان بولساق، خەن سۇلالىسىدىن مەنچىڭ خاندانلىقىغىچە بولغان 1758 يىللىق ئۇزاق تارىخ قۇمۇلدا ئۇيغۇر مائارىپى مەۋجۇت بولمىغان تارىخ ئىكەن. مەنچىڭ خاندانلىقى چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (مىلادىيە 1758 - يىلى) دىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان 240 يىللىق تارىختىمۇ قۇمۇل ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى مائارىپتا ئاق ياكى قالاق جاھالەت ئىچىدە ياشىغان. باشلانغۇچ مەكتەپ بولمىغانلىقتىن ئۇيغۇر بالىلىرى پەقەت دىنىي مەكتەپلەردىلا ئوقۇپ كەلگەن. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ئىستىبدات ھاكىمىيەتلىرى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1935 - يىلىدىن باشلاپ قۇمۇلدا خىزمەتكە كەلگەن جاڭ دۇيىۋي، چى تيەنمىن قاتارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ھەم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن قۇمۇلدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، قۇمۇل ئۇيغۇر تارىخىدا باشلانغۇچ مەكتەپ بولماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىلگەن، لېكىن شۇ يىللاردا ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلمىغانلىقتىن، باشلانغۇچ مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار

ئائىلىلىرىگە قايتىپ كېتەتتى. ناھايىتى ئاز ساندىكى تاللانغان ئوقۇغۇچىلارلار ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا چىقالايتتى. شېڭ شىسەي كوممۇنىستلارنى، ئىلغار كۈچلەرنى باستۇرۇپ، مائارىپ تەرەققىياتىنى بوغدى. شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى تەختتىن چۈشۈپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندىن كېيىن مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلمىدى، قۇمۇلدا يەنىلا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلمىدى. 1945 - يىلىغا كەلگەندە جەمئىيەتنىڭ جىددىي تەلىپى ئارقىسىدا ئۆلكىلىك قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ، ھازىرقى قۇمۇل 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىدا قۇرۇلۇش قىلىپ تۆت سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىلغان. 1946 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغان. ئورنى كونا شەھەر شەرقىي دەرۋازىغا يېقىن ئەينى چاغدىكى مائارىپ ئىدارىسى ئىچىدە بولۇپ بىر خەنزۇ، بىر ئۇيغۇر سىنىپى ئېچىلغان. ئابلىز قادىر مەسئۇل بولغان («قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە قورچاق ناھىيە ھاكىمى چېن شۈيىڭ قوشۇمچە مۇدىر بولغان). ئۇيغۇر سىنىپىغا ئېلى ھامىت، سابىت مەھمۇدى، ئەھمەد قۇربان، ئابدۇۋاھىت گالى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار دەرس بەرگەن. ئېلى ئۆمەر، سالى يارى، ئابلىلىم يارى، مەخمۇد سىدىق، ئابدۇۋاھىت يۈسۈپ، ھىمىت ۋەيىل، سەمەت ئېلى، ئىبراھىم ئەلىشا، مىجىت ئابلەي قاتارلىق 40 قا يېقىن ئوقۇغۇچىنى مەجبۇرىي يىغىپ ئوقۇتقان. ئوقۇغۇچىلار تاماقنى ئۆيدە يەپ، ئائىلىسىدە يېتىپ ئوقۇغان. مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش بېرەلمەي، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرالماي ئوقۇ - ئوقۇتۇش بىر يىلغىمۇ داۋام قىلالمىغانلىقتىن، ئۇيغۇر سىنىپى تارقىلىپ كەتكەن. 1947 - يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تارقىتىۋېتىلىپ، ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغان. ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. سەي جىسېن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. بۇ مەكتەپ تەركىبىدە ئۈچ سىنىپ قۇرۇلۇپ، بىر خەنزۇ ئوغۇللار سىنىپى، بىر

خەنزۇ قىزلار سىنىپى ۋە بىر ئۇيغۇرلار سىنىپى ئېچىلغان (ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئوقۇمىغان). مەكتەپ ئورنى سابىق سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتىنىڭ قومۇل سودا ئىشلىرى ۋاكالەتخانىسى (هازىرقى قومۇل شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) نىڭ ئورنىدا بولۇپ بۇ جاينى ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى سوۋېت كونسۇلخانىسىدىن 1000 تاختا كۆرەك چايغا سېتىۋالغان. 1948 ـ يىلى ئۆلكىلىك قومۇل ئوتتۇرا مەكتىپى ئۆلكىلىك قومۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئۆلكىلىك قومۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىننى ئۆلكىلىك قومۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتكەن. ئەسلىدىكى بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆلكىلىك قومۇل ئوتتۇرا (هازىرقى قومۇل 2 ـ ئوتتۇرا) مەكتىپىگە يىغىلدى. بۇ مەكتەپ تەركىبىدە ئۈچ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، ئۈچ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىلدى. ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن (هازىرقى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) كە جەم بولدۇق. مەن 1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئۆلكىلىك قومۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدىم. شۇڭا، مەن بۇ ئىككى مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى ۋە ئورۇن ئالمىشىش ئەھۋاللىرىنى قىسمەن بولسىمۇ بىلىمەن.

بۈگۈن بىز قومۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلىۋاتقىنىمىزدا، دارىلمۇئەللىمىن ۋە 1 ـ ، 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن ئىبارەت قومۇلدىكى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئۈچ كونا ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنىڭ تارىخى، ئۆزئارا ئىجتىمائىي «قېرىنداشلىق» مۇناسىۋەتلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ ھېس قىلىمەن، چۈنكى خېلى بىر قىسىم يولداشلار قومۇلدىكى بۇ ئۈچ چوڭ بىلىم يۇرتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بىلمەيدۇ. بۇ مەكتەپلەرنىڭ قانداق تارىخىي شارائىتتا قۇرۇلغانلىقىنى ۋە قومۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قانداق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ياخشى بىلمەيدۇ. بولۇپمۇ، 1955 ـ يىلىدىن

بۇرۇنقى دارىلمۇئەللىمىننى 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. بۇ ئۈچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئازادلىقتىن بۇرۇن قۇرۇلغان بولۇپ، تەڭلا 50 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئورۇن ئالمىشىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش جەريانلىرى ھەم بۇ جەھەتتىكى سەرگۈزەشتىلىرى مەلۇم ئورتاقلىققا ئىگە.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۆلكىلىك قۇمۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن دەپ ئاتىلاتتى. 1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مىللىي دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلگەن، 1955 ـ يىلغىچە ئېچىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇپ 1962 ـ يىلى 7 ـ ئايدا باشقۇرۇشتىن توختىتىلدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەييارلىق قىلىنىپ، 1965 ـ يىلى ھازىرقى ئورنىدا قايتا قۇرۇلغان. 1995 ـ يىلى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغانلىقىغا 50 يىل بولىدۇ. 1955 ـ يىلىدىن 1965 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېچىلماي قالغان سەككىز يىلنى ھېسابتىن چىقىرىۋەتكەندىمۇ، قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن شانلىق 42 يىللىق تارىخقا ئىگە. 42 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىدە دارىلمۇئەللىمىن ئوتتۇرا تېخنىكومى ئاساسىدا، مائارىپ ئىنستىتۇتى تەشكىلىي قاتلىمىمۇ قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولۇپ قالدى ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ، جۈملىدىن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاساسى 1946 ـ يىلى قۇرۇلغان ناھىيىگە قاراشلىق قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئىبارەت. 1947 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1948 ـ يىلى ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتەپ يەنە ئۆلكىلىك قۇمۇل (مىللىي) دارىلمۇئەللىمىنگە ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، 1955 ـ يىلغىچە بولغان سەككىز يىل

جەريانىدا قۇمۇل مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپى مەۋجۇت بولمىدى. ئەمما، قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن تەركىبىدە ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى داۋاملىق ئېچىلىپ تۇردى. 1955 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن 1955 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئاساسىدا قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، شەھەر ئىچى يېزىسىدا بىنا سېلىپ هازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كىردى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

قۇمۇل 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئىككى بولۇپ، بىرى، 1945 ـ يىلى قۇرۇلۇپ 1948 ـ يىلى ئۆزگەرتىلگەن ئۆلكىلىك قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئورنى، سىنىپ، ئىشخانا بىنالىرى، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى، خەنزۇ، خۇيزۇ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن قۇرۇلغان. يەنە بىر مەنبەسى، 1947 ـ يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى، خىزمەتچىلىرى، پارتا ـ ئورۇندۇق قاتارلىق مەنقۇلاتلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1955 ـ يىلدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئىزچىل ئېچىلىپ كېلىۋاتقان، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى خىل، باشقۇرۇلۇشى بىر قەدەر ياخشى مەكتەپ بولۇپ، قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە خەنزۇ مائارىپىنىڭ ئاساسىي بازىسى بولۇپ قالدى. 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 50 يىللىق تەرەققىياتىدا قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى خەنزۇ ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى.

يۇقىرىدىكى ئۈچ بىلىم يۇرتىنىڭ 50 يىللىق تەرەققىياتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرىنى دەۋرلەر بويىچە سانلىق مەلۇماتلار

بىلەن يېزىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانىنى يېزىش بىلەنلا چەكلەندىم.

ئومۇمەن، بۇ ئۈچ كونا بىلىم بۆشۈكى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا تولۇقلاپ ۋە ئۆزئارا باغلىنىپ، قۇمۇلنىڭ مائارىپ سېپىدىكى تەقدىرداش، ئورتاق تۆھپىكارلاردىن بولۇپ كەلدى.

مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئەگەر 1948 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە سەككىز يىللىق تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم دەرىجىسىدىكى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇلالمىغان بولاتتى ھەم بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولۇپ نوپۇزلۇق، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ ئايلىنالمىغان بولاتتى، چۈنكى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك، 1946 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ بىر سىنىپ مىللىي (ئۇيغۇر) ئوقۇغۇچى مەلۇم مەزگىل ئوقۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماستىن تارقىلىپ كەتكەن، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارمۇ تارقىلىپ كەتكەن. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بولسا داۋاملىق ئوقۇغان. 1947 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن چاغدىمۇ ئۇنىڭدا مىللىي ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى (مىللىي سىنىپ) يوق ئىدى. پەقەت 1948 ـ يىلى قىش پەسلىدە ئۆلكىلىك قۇمۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغان چاغدىلا قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ۋە 46 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى مىللىي سىنىپ ئېچىلغانىدى. دېمەك، 1947 ـ يىلىدىن 1955 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ئىچىدە قۇمۇلدا مۇستەقىل ۋۇجۇدقا ئاشقان مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ياكى مىللىي سىنىپ بولغان ئەمەس، ماددىي ۋە مالىيە كۈچى، ئوقۇتقۇچى ئاساسىمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، 1955 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىغا قۇمۇل

ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ بەرپا قىلىنغان. دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى، رەھبەرلىك بەنزىسى، تەشكىلىي ئاپپاراتى، ئىقتىساد ـ مالىيە، پارتا ـ ئورۇندۇق، ئوقۇتۇش مەشغۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلگەن. پەقەت قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئورنى يۆتكەلدى، ۋۇۇسكىسى ئەمەلدىن قالدى، خالاس. بۇ بىر تارىخىي پاكىت، بۇ پاكىتنى بۇرمىلىغىلى بولمايدۇ. دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ سەككىز يىللىق تارىخىنى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخىغا يېزىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ سەككىز يىللىق دارىلمۇئەللىمىن تارىخى يەنىلا دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئۆزىگە يېزىلىدۇ. 1955 ـ يىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىنى پەقەت قايتا قۇرۇش دېيىشكە بولىدۇ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇش دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دۇنياغا كېلىش تارىخىي شارائىتىنى ئەسلىگىنىمدە، تەبىئىي ھالدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىي شارائىتى، سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپىم، ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىم ۋە ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىم كۆز ئالدىمدا ئايان بولىدۇ.

1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۆلكىلىك قۇمۇل ئاددىي دارىلمۇئەللىمىندە بىر ئۇيغۇر سىنىپى ئېچىلىپ، قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىسمىلىكى قۇمۇل ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئالدىغا چاپلىنىپتۇ. ئازادلىق ھارپىسىدا ۋەزىيەت جىددىي، ئالۋان ـ سېلىق كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر دېھقان ياشلىرىنىڭ كۆپچىلىكى تىنچ ئائىلە ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلاپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇشنى ئانچە خالىمايتتى. ئۈرۈمچىدە تىل كۇرسى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان سالى يارى، ئابلىمىت ئەھمەت، ياقۇپ ئىسمائىل، يۇسۇپ ئىسمائىل قاتارلىق ياشلارمۇ قۇمۇلغا — ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئىسمىلىكى ئېلان قىلىنغانلار ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغانلىقتىن، ھۆكۈمەت جايلارغا ئادەم

ئەۋەتىپ، تىزىملىكتىكى ياشلارنى مەجبۇرىي تۇتۇپ دارىلمۇئەللىمىنگە يىغدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى يۇسۇپجان باي، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جاكارچىسى جوڭغار نىيازلار مىنىمۇ خاماندا بۇغداي يانچىۋاتقان يېرىمدىن تۇتۇپ، قومۇلدا دارىلمۇئەللىمىنگە (ھازىرقى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنىدا) تاپشۇرۇپ بەردى. مەن شۇ يىلى 18 ياشتا ئىدىم. بۇنىڭغا توپتوغرا 47 يىل بوپتۇ. ھامۇت خالىق، ھامۇت نامان، نۇرمۇھەممەد، ئەمەت ئىسمائىل، ياقۇپ يارى، مەخمۇد ئىدىرىس، ئابدۇللا خوجامنىياز، ئابدۇللا ھوشۇر، ئەبەيدۇللا نىياز، ئابدۇكېرىم تاھىر، ئابلىمىت سالى، مۇھەممەد تىيىپ قاتارلىق 40 قا يېقىن ئوقۇغۇچى جەم بولۇپ 10 - ئايدا دەرس باشلىدۇق. ئەھمەت قۇربان، نىياز قۇربانلار دەرس بېرەتتى. جياڭ سۇڭچاڭ تەرتىپ مۇدىرى بولۇپ، بىزگە خەنزۇ تىلى دەرسى بېرەتتى، لى فامىلىلىك بىر پۈتى يوق ئادەم مۇدىر بولۇپ، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى. پېشقەدەم مائارىپچى دۇ جياشاڭ قاتارلىق قابىلىيەتلىك خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. بىز بىر سىنىپ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى قوشقاندا تۆت سىنىپ بار ئىدى. دۇنخۇاڭ، ئەنشىلەردىن كەلگەن كۆك ماتا كىيىم كىيگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ دارىلمۇئەللىمىن تەمىناتى بىلەن ئوقۇيتتى. بارلىق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار سەھەر تۇرۇپ، مەيدانغا يىغىلىپ گومىنداڭ دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىپ، سۇن جۇڭشەننىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ئوقۇپ ھۆرمەت بىلدۈرەتتۇق. ئاندىن كېيىن رەتلىك تىزىلىپ يۈگۈرۈپ يىراقنى ئايلىناتتۇق. ئۇ يىللاردا دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئەتراپىنى قوم بارخانلىرى ئوراپ تۇراتتى. ئەتراپىدا ئۆي - ئىمارەتلەر يوق ئىدى. دارىلمۇئەللىمىن 1945 - يىلى قۇرۇلغان بولسىمۇ سىنىپ، ياتاق، پارتا - ئورۇندۇق، تاماق قاتارلىق جەھەتلەردە ئوقۇش ۋە تۇرمۇش شارائىتىمىز ناھايىتى ناچار ئىدى. تۇز سېپىلگەن بەسەي بىلەن جېكموما يەيتتۇق ياكى سۇيۇقئاش ئىچەتتۇق. قورساق تويمىغانلىقتىن، ئائىلىمىزدىنمۇ نان ئەكىلىپ يەيتتۇق. قىش پەسلى كىرگەندىن كېيىن سىنىپ ۋە ياتاقلىرىمىز سوغۇق

بولۇپ چىدىيالمىغانلىقتىن، بۇ ئەھۋالنى مۇدىرغا ئىنكاس قىلغىنىمىزدا، ئۇ بىزگە قوپاللىق قىلغانلىقتىن، مەن ۋە بىر نەچچە ئۇيغۇر ساۋاقداش ۋەكىل بولۇپ سابىق ۋالىي يولۋاسقا ئەھۋالىمىزنى ئېيتىپ ئوقۇش، تۇرمۇش شارائىتىمىزنى بىر ئاز ياخشىلىدۇق. 1948 ـ يىلى قىش پەسلىدە ئۆلكىلىك قۇمۇل مىللىي دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ئابدۇراخمان سەئىدىنى مۇدىرلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇشتىن توختاپ قالغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابلىلىم يارى، ھىممەت ۋەبىل، ئېلى ئۆمەر، يۇسۇپ تالىپ، قاسىم نىياز، ئابدۇكېرىم شېرىپ، مىجىت ئابلەي، ئىبراھىم ئەلىشا، ئىمىن شاكىر، مەخمۇت بارات قاتارلىق 30 غا يېقىن ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلەشتۇق ۋە ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتەپ (ھازىرقى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ) نىڭ ئورنىغا كۆچۈپ كەلدۇق. بۇ ئورۇن ئەسلىدىكى سوۋېت ـ قۇمۇل سودا ۋەكالەت ئورنى بولۇپ، شۇ زامانغا نىسبەتەن ئالىي ئىمارەتلەر ئىدى. ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ياخشى، سىنىپ، ئىشخانا، ياتاقلىرىغا تاختاي ياتقۇزۇلغان ۋە كلىيونكا (دىبەنجاۋ) سېلىنغان، دەل ـ دەرەخلىك، مەنزىرىسى ياخشى، ساپ ھاۋالىق ئورۇن ئىدى. بىراق، بەلگىلىمە بويىچە ئەسلىدىكى ئۆلكىلىك قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىن بىلەن ئۆلكىلىك قۇمۇل ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پارتا ـ ئورۇندۇق، ئوقۇتۇش جاھاز ـ مۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي مەزكۇر مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغانىدى. شۇڭا، ئابدۇراخمان سەئىدى ئۆلكىلىك قۇمۇل مىللىي دارىلمۇئەللىمىننى پۈتۈنلەي يېڭىۋاشتىن قۇرۇشقا ئىقتىساد، ئوقۇتقۇچى، پارتا ـ ئورۇندۇق، دەرسلىك كىتاب قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دۈچ كەلدى. يولۋاس بىلەن ئابدۇراخمان سەئىدىنىڭ مۇناسىۋىتى ماھىيەت جەھەتتىن ياخشى بولمىغانلىقتىن، دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يولۋاسنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاڭلىشىمچە، مائارىپ نازارىتى قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىننى

قۇرۇش ئۈچۈن ئابدۇراخمان سەئىدنىگە بىر تاغار قەغەز پۇل بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇ پۇلنى مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپ بولغۇچە پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ پاخاللىشىپ كەتكەن. ئۆلكىلىك قۇمۇل مىللىي دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇمۇل خەلقى ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ زىيالىيلار، ئىلغار مۆتىۋەرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولدى. قۇمۇلدىكى پېشقەدەم تەجرىبىلىك مائارىپچىلاردىن ئېلى هامىت، سابىت مەھمۇدى، تاھىر بوسۇق، ئەھمەد قۇربان، مەمەتئېلى ئىبراھىم، ھەسەن تاش، ماچى، ھاجىيۇف، ئىبراھىم ھاشىم، ئەخمەت نىياز قاتارلىق بىر تۈركۈم زىيالىيلار ئابدۇراخمان سەئىدنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، ئارقا - ئارقىدىن دارىلمۇئەللىمىنگە يىغىلدى. كېيىنرەك يەنە ئىمىن ئوسمان، ساتتار، ھېسامىدىن مەسۇم، ھەسەن سوپى، ھامۇت خوجا، قادىرشىڭ قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار كېلىپ قوشۇلغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى. ئابدۇراخمان سەئىدى مۇشۇ بىر تۈركۈم تالانتلىق زىيالىيلارغا تايىنىپ شۇ زاماندىكى قىيىن شارائىتتا قۇمۇل دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ چىقتى. 1949 - يىلى باھار بايرىمىدىن كېيىن ئىككى سىنىپ ئېچىلىپ 80 نەپەر ئوقۇغۇچى رەسمىي دەرس باشلىدۇق. ئېلى هامىت ئىلمىي مۇدىر بولۇپ، كۆپ خىل پەنلەرنى ياخشى ئوقۇغان ئۇنىۋېرسال ئوقۇتقۇچى ئىدى. قەدىمكى زامان، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنى چوڭقۇر سۆزلەيتتى. ئۇ، قوشۇمچە ئالگېبرا، گېئومېترىيە، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق دەرسلەرنى بېرەتتى. ئابدۇراخمان سەئىدى تارىخ، جۇغراپىيە دەرسى بېرەتتى. سابىت مەھمۇدى زوئولوگىيە، بىئولوگىيە، مەمەتئېلى ئىبراھىم فىزىكا، گېئومېترىيە دەرسلىرىنى، ھېسامىدىن مەسۇم، تاھىر بوسۇقلارمۇ ماتېماتىكا دەرسى ئۆتەتتى. كېيىنچە «A» سىنىپقا يۇقىرىدا ئىسمى يېزىلغان ساۋاقداشلاردىن باشقا ئابدۇرېقىپ تۆمۈر، ئابدۇكېرىم شېرىپ قاتارلىق بىر قانچە ساۋاقداش قوشۇلدى. «B» سىنىپقا ئابلا

ھوشۇر، يۇسۇپ تالىپ، ئىبراھىم ۋاھىت، ئابلىز سۇبۇر، قاسىم تاش، ئابلا ئەخمەت، قادىر خامۇش، ھەسەن مامۇت، ئەسەت ھوشۇر، ئابدۇكېرەم ئاقچى، روزى نىياز، ئابلا ئېلى، لاتىپ رازىق، مجىت خەمىت، يۇنۇس يۇسۇپ، يۇسۇپ ئىبراھىم، مۇھەممەت زىپەر قاتارلىق 30دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇندى. ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ مائاشى تۆۋەن، خىــزمەت شارائىتى ناچار، تۇرمۇشى قىيىن بولسىمۇ، ئۇلار 40 - يىللاردىكى مەرىپەت دولقۇنى دەۋرىدە تاشكەنت ۋە شىنجاڭ ئۆلكە مەركىزىدە ياخشى تەربىيە ئالغان غايىلىك، ئۆزىنى خەلق مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان ئىلغار خەلقچىل زىيالىيلار بولغانلىقى ئۈچۈن قۇمۇل ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمــىغان يېڭــى شەيئــى قۇمۇل مــىللىي دارىلمۇئەللىمىندىن ئىبارەت مائارىپ بۆشۈكىنىڭ ئۇلىنى سالدى. مەن بۈگۈن قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرقى زامان قۇمۇل ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلغان پېشىۋالىرىمىز ۋە ئۇستازلىرىمىزنى چوڭقۇر ئەسلەيمەن. ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇستازلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنى چوڭقۇر سېغىنىمەن. ئۇلار يېقىپ بەرگەن مەرىپەت مەشئىلى 50 يىلدىن بۇيان ئەۋلادلار قولىدا يۆتكىلىپ كۆتۈرۈلمەكتە، ئۇ مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى!

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى قالاق جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن ھەربىر يېڭى ئىش جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايتتى. شۇ زامانلاردا بىرەر ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇپ چىقماق ئىنتايىن قىيىن، شۇنداقلا ناھايىتى قالتىس چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ دۇنياغا كېلىشى كىشىلەردە ئەنە شۇنداق تەسىرات پەيدا قىلغانىــدى. دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆزىمىزنى پەخىرلىك ھېس قىلاتتۇق.

1949 - يىلى ياز پەسلىدە يولۋاس ئابدۇراخمان سەئىــدىنىــى مۇدىرلىقتىن يۆتكىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى ھوشۇر ئۇلۇغ (ۋۇ فەنشىڭ) نى مۇدىر قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، يولۋاس ئابدۇراخمان سەئىدىدىن ئانچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. 1948 - يىلى

دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغان چاغدىلا يولۋاس ئۆزىنىڭ 3 - ئوغلى ئەخمەت بەگنى تەرتىپ مۇدىرلىقىغا، نەۋرە كويئوغلى قادىر شىڭنى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىقىغا، نەرۋىسى ناسىر بەگنى مەكتەپ شتاتىدىن مائاش ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەخمەت بەگ خالىسا پوچتا (خادىك) قا ئولتۇرۇپ ئىشخانىسىغا كېلەتتى، خالىمىسا كەلمەيتتى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە مەكتەپ ئىشلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى.

هوشۇر ئۇلۇغ مۇدىر بولغاندىن كېيىن يەنە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ سىنىپ سانىنى ئۈچكە كۆپەيتتى، لېكىن مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ياخشىلالمىدى، ئەكسىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش تۈزۈملىرى بوشاپ، تەشكىلىي تەرتىپ تارقاقلىشىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق نورمىسى ئازلاپ، تاماق سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتتى. يىراق يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى توي قىلىپ بولغانلىقتىن، ئوقۇش قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ مەكتەپتىن كېتىپ قالدى. مەن ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە تاماق ھەيئىتى بولۇپ، مەكتەپ ئىچىدە مەلۇم ئىناۋىتىم بار ئىدى. مەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى نارازىلىق پىكىرلەرنى ئاساس قىلىپ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىگە ئىنكاس خېتى يازغانىدىم. بۇ خەت ساۋاقداشلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېگە بولۇپ پوچتىغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ھوشۇر ئۇلۇغ بىلىپ قېلىپ خەتنى پوچتىخانىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار چوڭ يىغىنى ئېچىپ مېنى تەنقىد قىلدى. چوڭ يىغىندا بىز ئوقۇغۇچىلار مۇنازىرە قىلىپ مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىش ئەركىنلىكىنى چەكلىگەن خاتالىقىنى پاش قىلىپ مۇنازىرىدە يېڭىپ چىقتۇق. ھوشۇر ئۇلۇغ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن خەتنى ئۇرۇمچىگە ئەۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى، ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ھەل قىلدى. بۇ ۋەقە جەمئىيەتكە تارقىلىپ مەلۇم ئىنكاس پەيدا قىلدى. ھوشۇر ئۇلۇغ بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق زىيالىي ئىدى. ئۇ «تاشكەنتچى» لەرگىمۇ، ئۈرۈمچىدە بىلىم ئالغان زىيالىيلارغىمۇ

ئوخشمايتتى. بۇ ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش ۋە تەربىيىلىنىش ئەھۋالىنىڭ ئوخشىمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىز ئۇنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن مۇستەقىل قارشى بارلىقىنى ئاز ـ تولا سەزگەندۇق. ئۇ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈچ ئالمىدى، بەلكى مېنىڭ بىلەنمۇ نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالدى. ئازادلىق ھارپىسىدا ئوقۇغۇچىلار ۋەزىيەتكە بەك قىزىقىدىغان بولۇپ كەتتۇق. شۇ چاغلاردا، تاشكەنت، ئالمۇتالاردا چىقىدىغان «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ژۇرناللار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا كىرىپ قالاتتى. ئۇنىڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بېسىلغان بولۇپ، ئۇنى قولدىن قولغا ئېلىپ مەخپىي ئوقۇيتتۇق. گومىنداڭنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرىغا ئانچە ئىشەنمەيتتۇق. ھوشۇر ئۇلۇغ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى بۇ ئىدىيىۋى ئەھۋاللارنى بىلىپ قالسا گومىنداڭغا، يولۋاسقا مەلۇم قىلىپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتۇق، لېكىن ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش، ئازادلىقنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىسىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى. شۇڭا، بىز ھوشۇر ئۇلۇغنى ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. بۇ 1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ دوكلاتىدا: كوممۇنىستلار پىرقىسىنىڭ ئىنقىلابى توغرا، ئىستىقبالى پارلاق، گومىنداڭ پىرقىسى مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلغاندا، بىز ئوقۇغۇچىلار قانائەتلىنىپ چاۋاك چالغاندۇق. شۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئازادلىقنى ھىمايە قىلىدىغان سىياسىي پوزىتسىيىسىنى بىلگەندۇق، ئازادلىقتىن كېيىن يولۋاس باندىت بولۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ھوشۇر ئۇلۇغنىڭ يولۋاس ۋە ياقۇپ بەگ بىلەن ئىختىلاپلىرى بارلىقى مەلۇم بولدى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىندى. گومىنداڭنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 178 ـ

لۈيىنىڭ لۈيجاڭى مۇۋارۇ، ۋالىي يولۋاس، ھاكىم ياقۇپ بەگ (ياۋداۋخۇڭ) لەر ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان شىنجاڭنى تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ، 28 - سېنتەبىر كۈنى ھەربىي قىسىم ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى ئېلان قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار خۇشاللىقتا چۆمدۇق. لوزۇنكا، شوئار، تەشۋىق ۋەرەقە تەييارلاپ نامايىشقا چىقىشقا ئاز قالغاندا جيۇچۈەن ئازاد بولغان كۈنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جيۇچۈەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامايىشىنى قوراللىق باستۇرۇپتۇ، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئارقىلىق يولۋاسقا مەلۇم قىلىپ، گومىنداڭنىڭ نامايىشىمىزنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق. يولۋاس كاپالەت بەرگەندىن كېيىن، رەتلىك تىزىلىپ قىزغىن، روھلۇق ھالدا نامايىشقا چىقتۇق. لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن ماۋزېدۇڭ جانابلىرى!»، «ياشىسۇن جۇدې سىلىڭ!»، «ياشىسۇن ئازادلىق ئارمىيە!»، «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!» دېگەن شوئارلارنى ئۈنلۈك توۋلاپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا شوئار چاپلاپ، تەشۋىق ۋەرەقە تارقىتىپ ئازادلىقنى تەنتەنە قىلدۇق. دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ بۇرۇن كوچىغا نامايىشقا چىققانلىقىمىز ئۈچۈن، كىچىككىنە بازار كوچىسى زىلزىلىگە كېلىپ، بازار خەلقى ھەيران قالغانىدى. ھەربىي بەلگىلىرىنى ئېلىۋېتىپ كوچىدا يۈرگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئالاقزادە بولۇپ، نامايىشچىلارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. نامايىشتىن كېيىن مەكتەپ ئىچىدە ئازادلىق ئارمىيە، كومپارتىيىنىڭ شىنجاڭغا تېزرەك يېتىپ كېلىشى ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. چۈنكى ئۇ چاغدا ئازادلىق ئارمىيە تېخى شىنجاڭغا يېتىپ كەلمىگەنىدى. شۇ كۈنى ئوقۇغۇچىلار ئائىلىمىزگە قايتىپ، ئازادلىققا چىققانلىقىمىزنى ئائىلىمىزدىكىلەرگە خەۋەر قىلدۇق. جەمئىيەتتە شۇ كۈنى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بازارنى بۇلاپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىدىكەن،

دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. ئائىلىمىزدىكىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىزنىڭ مەكتەپكە قايتىشىمىزغا رۇخسەت قىلمىدى. مەن ئاپام ۋە ئاكاملارغا: دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىغا ئىشەنمەڭلار، گومىنداڭ ئۆزى تەسلىم بولغان تۇرۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرسە قانۇن ئالدىدا سوتقا تارتىلىدۇ، پۈتۈن جۇڭگونى ئازاد قىلغان ئارمىيە ئەتە - ئۆگۈن يېتىپ چىقىدۇ، دېگەن مەزمۇندا ئاددىي چۈشەنچىلەرنى بېرىپ مەكتەپكە قايتتىم. مەكتەپكە كەلسەم، ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بازارنى بۇلاپ ئوت قويىدىغانلىقى راست ئىكەن، دېيىشتى. دىجۇرنى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى دەرھال مەيدانغا يىغدى. قادىرشىڭ: ۋەزىيەت جىددىي تۇرىدۇ، سىلەر بۈگۈن نامايىشقا چىقتىڭلار، ئەمدى سىرتقا چىقماڭلار، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ئوقۇغۇچى دېگەنلەر سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك، دېگەن سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا دايىڭفاڭ قاتارلىق بىر قانچە ھەربىي گازارمىدىن تەڭلا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار تىرىپىرەن بولۇپ، ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتۇق. بىر ئازدىن كېيىن بازاردا ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، قاراڭغۇ كېچە ئاسمىنىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەنلىكىنى كۆردۇق، تاڭ ئاتقۇچە ئوق ئاۋازى توختىمىدى. پۈتۈن بازار خەلقى ۋە بانكا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. مانا بۇ قۇمۇل تارىخىدىكى «28 - سېنتەبىر ۋەقەسى» ئىدى. بۇ ۋەقە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىنى، تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئوقۇش تەرتىپلىرىنى بۇزۇۋەتتى. دارىلمۇئەللىمىندىمۇ دەرس توختىدى. 11 - ئايدا مەكتەپ ئېچىلىپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈردۇق.

ئازادلىقتىن كېيىن دەرسلەرنىڭ تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، چۈنكى مائارىپ پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكىگە ئۆتكەنىدى. قۇمۇلنىڭ باشلانغۇچ مائارىپ ئىشلىرىغا ئەمگەك تەرىنى سىڭدۈرگەن پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇرېھىم ئابدۇللايوف قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، ۋالىي مەھكىمە

مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمىگە باشلىق بولدى. ئابلىز قادىر، ئەخمەت روزى قاتارلىق پېشقەدەم مائارىپ خادىملىرى ئابلايوف بىلەن بىللە دارىلمۇئەللىمىننى يوقلاپ تۇراتتى. كېيىنرەك قۇمۇل يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىمۇ دارىلمۇئەللىمىنگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. دارىلمۇئەللىمىننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
ئازادلىقتىن كېيىن بىز ئوقۇغۇچىلاردىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ، قىزغىن ئوقۇش كەيپىياتى، ئالغا ئىنتىلىش ئىستىكى، ئىستىقبالغا بولغان ئىشەنچ تۇرغۇزۇلغانىدى. شۇڭا، ئوقۇش ۋە تۇرمۇش شارائىتىمىز قىيىن بولسىمۇ، تىرىشىپ ئوقۇپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ بىلىمىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالغاندۇق. مەكتىپىمىزنىڭ ئالاقىسى ۋە تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيگەنىدى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، ئىتتىپاق كومىتېتى، 16 - دىۋىزىيە تەشۋىقات - سەنئەت ئۆمىكى، مىللىي ئارمىيە سەنئەت - تەنتەربىيە بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى سەنئەت بۆلۈمى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى مەكتىپىمىز بىلەن قويۇق ئالاقىلىشىدىغان بولۇپ كەتتى. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا چىققان تەشۋىقات - سەنئەت ئەترەتلىرى، شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ماڭغان ئۆگىنىش - ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى چوقۇم بىزنىڭ مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئۆتەتتى، توپ مۇسابىقىلىرى، شېئىر - ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىلىرى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى كوچا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە بىز ئەڭ قىزغىن، ئەڭ ئاكتىپ قاتناشتۇق ھەم نەتىجە قازىنىپ مەكتىپىمىزگە شەرەپ كەلتۈرەتتۇق. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىمىز ھەسەن تۆمۈر لايىھىلەپ ياسىغان سەككىز جاھانگىرنىڭ نىقابلىق قەغەز چاپانلىرىنى كىيىپ، پىلىموت تۇتقان ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يالاپ مېڭىشى ئاستىدا زور بىر تەشۋىقات ئەترىتى بولۇپ كوچىغا چىقتۇق، بىزنىڭ بۇ ئاجايىپ تەشۋىقات ئەترىتىمىز كوچىغا چىققاندا، بىر - ئىككى

مىڭدەك تاماشىبىن ھەيرانلىقتا بىزگە ئەگىشىپ ماڭغانىدى. مەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ باشلىقى ترومېن زوڭتۇڭنىڭ سەلبىي رولىغا چىققانىدىم. ئىبراھىم ئەلىشا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ باشلىقى چېرچىلنىڭ رولىغا چىقتى. باشقىلار گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ سەلبىي ئوبرازىنى كۆرسەتتى. شۇ كۈندىكى تەشۋىقات پائالىيىتىدە باشقا كوچا تەشۋىقات ئەترەتلىرى تاماشىچىلارنىڭ دىققىتىنى بىزنىڭ تەشۋىقات ئەترىتىمىزدەك ئۆزىگە جەلپ قىلالمىغانىدى. شۇ كۈنى غەربىي ئۆستەڭدە ئېچىلغان ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئارمىيە، خەلق چوڭ يىغىنىدا 16 - دۇيزىيە تەشۋىقات ئەترىتى بىزنى ئالاھىدە سۈرەتكە تارتقانىدى، ئۇمۇمەن ئازادلىقتىن كېيىنكى ماددىي شەرت - شارائىتىمىز ناچار ئەھۋالدىمۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ئىنتايىن مول ئىدى. ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئەمگەك پائالىيەتلىرى مەكتىپىمىزنى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدۈرۈپ تۇراتتى.

ئازادلىقتىن كېيىن دارىلمۇئەللىمىندە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلدى. سىياسەت دەرسىدە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» ئوقۇتۇلدى. يەنە «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى»، «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئوقۇش تەشەببۇس قىلىندى. ئەدەبىيات دەرسىدە ماكسىم گوركىينىڭ «ئانا» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىمۇ ئوقۇتۇلدى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەردىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيەتلىرىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى خىزمەتلىرى چىڭ تۇتۇلدى. مەن، نۇرمۇھەممەت، قاسىم نىياز، ئىبراھىم ۋايىت قاتارلىق بىر قانچە ساۋاقداش كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا تۇنجى قېتىم ئەزا بولۇپ كىردۇق. 1951 - يىلى 4 - ماي كۈنى غەربىي ئۆستەڭدە قۇمۇل ۋىلايىتى بويىچە ياشلار ئىتتىپاقى

ئەزالىرىنىڭ تۆنجى قېتىم قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەن قەسەم بەرگۈچىلەرگە ۋاكالىتەن هاياجان ئىچىدە سۆز قىلدىم. كېيىن مەكتىپىمىزدە ئىتتىپاق تەشكىلى قۇرۇلۇپ ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىدە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالدى.

1950 - يىلى يازلىق تەتىلدە ھۆشۆر ئۆلۈغ ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان ئىدىيە ئۆزگەرتىش كۇرسىغا قاتناشقاندىن كېيىن، مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلدى. جالام تۇرقى مۇدىر بولدى. ئېلى ھامىت داۋاملىق ئىلمىي مۇدىر بولدى. 1951 - يىلى ھەسەن تۆمۈر، ياقۇپ قادىر، ئەيسا ھەسەن، يۈسۈپ سەيپۇللا، ئەخمەت نىياز، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرلەر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. 1951 - يىلى باش ئەتىيازدا دارىلمۇئەللىمىننىڭ غەربىي بىناسىغا ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتتى، جالام تۇرقىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىندى. 8 - ئايدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچىلار ئىدىيە ئۆزگەرتىش كۇرسىدا جالام تۇرقى مەسىلە تاپشۇردى. كېيىن، مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلۇپ، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلدى.

1951 - يىلى 7 - ئايدا دارىلمۇئەللىمىننىڭ 48 - يىللىق «A» سىنىپىدىكى 20 نەچچە ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردۇق (ئازادلىقتىن كېيىن بۇ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇرۇمچىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن، بەزىلىرى ئارمىيىگە قاتناشقان ۋە بەزىلىرى خىزمەتكە چىقىپ كەتكەنىدى). مەن ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇدا ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇدۇم. ئۆگىنىش، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت جەھەتلەردە ئەلا نەتىجىگە ئىگە بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ گۇۋاھنامە ئالدىم. 9 - ئايغىچە يازلىق ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىندۇق. مەن قۇمۇل ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە خىزمەتكە كىردىم. ھامۇت نامان، ئابلىلىم يارى، ئابلىمىت سالى قاتارلىق ساۋاقداشلار مالىيە، سودا ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىندى. باشقا ساۋاقداشلار پۈتۈنلەي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا بۆلۈندى. بۇ سىنىپ كوللېكتىپى

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر ئوتتۇرا مائارىپى تارىخىدىكى تۇنجى قارار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققان ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ قالدى.

1950 - يىلى دارىلمۇئەللىمىندە يەنە بىر سىنىپ ئوقۇتقۇچىلار قىسقا كۇرسى ئېچىلدى. بۇ كۇرستا شاراپەتخان سالى، خەيرىنساخان مۇسا، ئىبراھىم مېھرى، تۆمۈر ئىبراھىم قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئوقۇپ، 1951 - يىلى 9 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

1951 - يىلى كۆزدە ھەسەن تۆمۈر دارىلمۇئەللىمىنگە مۇدىر بولدى (ھەسەن تۆمۈر 1940 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە قۇمۇل ناھىيىلىك شەھەر ئىچى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 5 - ، 6 - يىللىق سىنىپلىرىغا دەرس بەرگەن بولۇپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەن. بۇ پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى ئازادلىقتىن كېيىن قۇمۇلنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن يەنە قۇمۇلغا كەلگەن). ئېلى ھامىت داۋاملىق ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى. 1952 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىدىن كېيىن ھەسەن تۆمۈر مۇدىرلىقتىن قالدۇرۇلدى. تاھىر بوسۇق مۇدىر بولدى. ئەخمەت نىيازنىڭ ئىلمىي مۇدىر بولغانلىقى مەلۇم.

1955 - يىلى دارىلمۇئەللىمىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1960 - يىلى شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كىردى. 1957 - يىلى تاھىر بوسۇق قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ يۆتكەلدى. ئېلى ھامىت پارتىيىگە كىردى ۋە ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە مۇدىر بولدى. ياقۇپ قادىر ئىلمىي مۇدىر بولدى. ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ سابىق دارىلمۇئەللىمىن ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بىلىم ئىگىلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا چىقىرىپ بەردى.

1966 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. 1967 ـ يىلى ھوقۇق تارتىۋېلىندى. ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋجىگە چىقىپ دەرس توختىدى. شۇ يىلى يازدا ئەلەم كۈرىشى باشلاندى. ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ئەلەم كۈرىشى بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار ۋە قىسمەن ئوقۇتقۇچىلار «قىزىل قوغدىغۇچى» باتۇرلارغا ئايلاندى. پېشقەدەم ئۇستازلار بولسا جىنايەتكارلارغا ئايلىنىپ جازاغا تارتىلدى ... 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مائارىپنى ئۆز تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئايرىپ، مەكتەپلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. ئېغىر روھىي ۋە جىسمانىي ئازاب بەزى ئۇستازلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتتى! قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپمۇ 50 يىللىق شانلىق مۇساپىسىدە مۇشۇ بالايىئاپەت يىللىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ نۇرى ئاستىدا پارلاق ئىستىقبال يولىغا قايتا قەدەم باستى ...

بۈگۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئوخشىمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ 1 ـ سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان مىڭلىغان 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پەرزەنتلىرى سۆيۈملۈك ئانا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە!

1995 ـ يىلى ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## 24. قۇمۇل ئاستانە توغرىسىدا ئەسلىمە

1931 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە، تەڭسىزلىككە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. شۇ يىلى 5 - ئايدا مىلىتارىست ماجۇڭيىڭنىڭ قۇمۇلغا كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا قۇمۇل شەھىرىنى ساقلاۋاتقان ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان قۇمۇل خەلقى «قاچ - قاچ» بولۇپ، يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ قۇمۇل تاغلىرىغا قېچىپ چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى قاچ - قاچتا بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ شارلار تېغىغا چىققان. ئۇرۇش مالىمانچىلىقى پەسەيگەندىن كېيىن 1932 - يىلى سوپاھاجىنىڭ ئاستانە چاشقانچىدىكى كارىزىغا چۈشۈپ بىر يىل ئولتۇرغان. ئائىلىمىز سوپا ھاجىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاستانە ئوردا كارىزىدىن ئۈچ كۈنلۈك سۇ (يەر) ئىجارىگە ئېلىپ، 1933 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېشىمنىڭ چوڭيىشىغا ئەگىشىپ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا تۇرغان سۆيۈملۈك دىيارىم — ئاستانە توغرىسىدا بىر ئەسلىمە يېزىپ چىقىشنى كۆپ ئويلاندىم. ئاستانە مەندە خېلى تەسىر قالدۇرغاچقا، ئاستانىغا بولغان مۇھەببىتىم غالىب كېلىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

بۇ ئەسلىمەمدە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى ئاستانە يېزىسىنىڭ قىياپىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور تەرەققىياتلارنى يېزىشقا ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. ئەسلىمەمدە پەقەت ئاستانىنىڭ تارىخى

توغرىسىدا ئۇقۇغان، ئاڭلىغانلىرىم ۋە 1933 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنىڭ بىر قىسمىنىلا يازدىم. بۇنىڭ ئاستانە تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا، ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا سېلىشتۇرما ماتېرىيال بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنىمەن. ئەسلىمىدە، يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىشىنى، تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئاستانە شەھىرى

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئاستانە قەدىمىي يۇرت بولۇپ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىدىكى سۇمقاغا، توغۇچى، لاپچۇق، قارا دۆۋىدىن ئىبارەت قەدىمكى بەش شەھەرنىڭ بىرىدۇر. ئاستانە دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پايتەخت» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىپ كەلگەن. لېكىن، ئاستانىنىڭ قاچان پايتەخت بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە «تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەننىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 630 ـ يىلى) ئېۋىرغول شەھىرىنىڭ سەركەردىسى شى ۋەننيەن يەتتە شەھەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى ئاستانە ئېۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلىدۇ»، «تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەننىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 632 ـ يىلى) ئاستانە ئايمىقىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېۋىرغول، رويان، لاپچۇق ناھىيىلىرى، 1332 ئائىلە، 6778 نوپۇس قارايدۇ» دەپ يېزىلغان. بۇ مەلۇماتلار ئاستانە شەھىرىنىڭ قۇمۇلنىڭ پايتەختى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

ئاستانە شەھەر سېپىلىنىڭ خارابىسىدىن قارىغاندا، ئاستانە شەھىرى ئىسلام دىنى قۇمۇلغا كىرىشتىن خېلى بۇرۇن بىنا قىلىنغانلىقى مەلۇم. ئىسلام دىنى قۇمۇلغا 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىرگەن. ئەرەبىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي شىنجاڭلاردىن نۇرغۇن خوجا، سوپا ـ ئىشانلار قۇمۇلغا ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن

كەلگەن. ئاستانە خوجام - سۇلتان ئابدۇلئېلىم تۇركىستانى، يەنە بىر ئىسمى سۇلتان سەيپىدىن سوپى دانىشمەن دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ زاتنى بەزىلەر بۇخارادىن كەلگەن دېيىشىدۇ، بەزىلەر ئىراندىن كەلگەن دېيىشىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ زات قۇمۇلغا ھەممىدىن بۇرۇن كېلىپ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئاساس سالغان. ئۇ تۆگە مىنىپ ئاستانىدىن قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ، كوچىلاردا بالىلارغا جىگدە چېچىپ بېرىپ ئىمان ئۆگەتكەنىكەن.

بۇ زات ۋاپات بولغاندا، ئاستانىدە دەپنە قىلىنغان، قەبرىسىگە گۇمبەز ياساپ، يېنىغا چوڭ جامائە سېلىپ، ئەتراپىغا باغ - ئورمان ئەھيا قىلىنغان.

1605 - يىلى مۇھەممەد شاھى غازىبەگ قۇمۇلدىكى موڭغۇللارنى قورالىق بويسۇندۇرۇپ، بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، ئىسلام دىنى بىلەن يەرلىك ھاكىمىيەت بىرلەشكەن ۋاڭلىق تۈزۈمىنى تىكلىگەن. كېيىن قۇمۇل ۋاڭلىقىغا تەۋە بولغان بەش شەھەر، 12 تاغقا ئەئلەم ئاخۇنۇم، قازى، يەر باشقۇرغۇچى، دورغا، مىراپ، مۆتىسىپ، خېتىپ، شاڭيۇ، يوسۇل، قورمال قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپ شەرئەت ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزگەن. 1922 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت تەشكىللىرى توغرىسىدىكى يازما خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، ئاستانىغا شانىياز شەيخ قازى، يۈسۈپ ئاخۇنۇم مۆپتى، توقسۇن دېھقان، يارى دېھقان، يۈسۈپ مىرابلار يەر باشقۇرغۇچى بولغان. ئەسلىشىمچە، 1940 - يىلى ئاستانىدا شانىياز قازى، يۈسۈپ ئاخۇنۇم، توقسۇن دېھقان، يارى دېھقان قاتارلىق كىشىلەر ھايات ئىدى.

ئاستانە شەھەر ئاتىلىپ ئۆزىگە قاراشلىق بولاق، كارىز يەرلىرى ئاستانىنىڭ يېزىلىرى ھېسابىدا بولۇپ كەلگەن. شارلار تاغلىرى بەش شەھەر تاغلىرى بولۇپ، جۈملىدىن ئاستانىنىڭمۇ تاغلىرى ھېسابلانغان.

ئاستانە شەھەر ئىچىدىكى ھاللىق دېھقانلار غەرب تەرەپتە چاشقانچى،

دامباي، تاللىق، ئاقچوققا، تېرەك؛ شەرق تەرەپتە ئازغان، قوشتىكەن، تۆگە قارنى، شوچى، ئوردا كارىز، ۋەخپە كارىز؛ جەنۇب تەرەپتە سۇمقاغا، گۆڭشاڭ قاتارلىق جايلاردا كارىز قېزىپ، بۇلاق كولاپ، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن ئۇلار ئاستانە شەھەر ئىچىدىن كۆچۈپ چىقىپ شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مەسىلەن، ناسىر باي، روزى مەمەت دېھقان، توختىنياز باي، خوجەشباي، شانىيار، ئابدۇنىياز باي، مەمەتسادىق، توختىشاھاجى، سۇلايمان ھاجى، توقسۇن دېھقان، يارى دېھقان، ئابدۇراھمان ھاجى، ئابدۇخالىق ھاجى، موللا ئوسمان، سىدىق موللا، ئەلەم شاڭيۇ، مەمەتنىياز (دوڭ ـ دوڭ) دېھقان، شامەنسۇر دېھقان قاتارلىق كىشىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاستانىدا كارىز قېزىپ، بۇلاقلىرىنى ئېچىپ كەنتلەرنى بىنا قىلغان ئەمگەكچى دېھقانلاردۇر.

## ئاستانىدە زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە

تارىخي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇل خەلقى تارىختىن بۇيان دەھشەتلىك زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. بەش شەھەر خەلقى، جۈملىدىن ئاستانە ئەمگەكچى خەلقى تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيە ئاستىدا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «قۇمۇل ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم. 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىختا، بۇ يەردە ئۇرۇش ئوتلىرى ئۆچمىگەن. ئۇرۇش ـ تالاشلار كەسكىن بولغان. خەن سۇلالىسى بىلەن هونلار، تاڭ سۇلالىسى بىلەن توبۇتلار ھەم تۇركلەر، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار، مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيراتلار، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتكەن. ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ھۆكۈمەتلەر

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ۋەتەن چېگراسىنى چىڭ ساقلاش ئۈچۈن، كۆپىنچە قومۇلنى چوڭ ھەربىي گازارما قىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بۇ يەرنى ساقلىغان. بولۇپمۇ، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە قومۇل مۇھىم رول ئوينىغان. ياقۇپبەگ (بەدەۋلەت) نىڭ تاجاۋۇزىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشىدە قومۇل مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك بازا بولغان. كېيىن زوزۇڭتاڭمۇ چوڭ گازارمىسىنى قومۇلغا يۆتكەپ، چاررۇسىيىنىڭ قولىدىن ئىلىنى قايتۇرۇۋېلىشنى پىلانلىغان.»

بۇنىڭدىن باشقا، قومۇل تارىخىغا دائىر ماتېرىياللاردا يەنە تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنغان: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدا بىر - بىرىگە تەۋە ئەمەس بىر قانچە خانلىقلار مەيدانغا كەلدى. مىڭ ھۆكۈمىتى قومۇلدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، تۇرپاننىڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرى بىرقانچە قېتىم قومۇلغا جازا يۈرۈشى قىلدى ھەمدە خېشى كارىدورىغا بېسىپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك سالدى. قومۇللۇقلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن بىزار بولۇپ، ئۆي ماكانىنى پاك - پاكىز كۆيدۈرۈپ تاشلاپ شۇيجوۋغا قېچىپ كېتىدۇ»، «چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارلار قومۇلنى ئىگىلىۋېلىپ خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان...»

مىلادىيە 1696 - يىلى ئەبەيدۇللا چىڭ خاندانلىقىغا ئەل بولغاندىن كېيىن، قومۇل جۇڭغارلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن قۇتۇلغان...»، «مىلادىيە 1696 - يىلى ئەبەيدۇللا چىڭ خاندانلىقىغا بەيئەت قىلغاندىن تارتىپ مىلادىيە 1766 - يىلى ئىسھاق ۋاڭلىققا تەيىنلەنگەن قەدەر تۆت ئەۋلاد ۋاڭ 70 يىل ھۆكۈم سۈرۈش داۋامىدا قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ تەۋەلىك زېمىنى پەقەت قومۇلنىڭ غەربىدىكى ئالتە شەھەر بىلەنلا چەكلىنەتتى». چىڭ خاندانلىقى ئىسھاققا قومۇلنىڭ ۋاڭلىقىنى بەرگەندىن كېيىن «ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئالتە ئۇيغۇر شەھىرى بار بولۇپ، ئۇلار: قومۇل، سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋەلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىسھاقنىڭ قولى ئىدى، ئائىلىلەر

ئاز بولۇپ، ئىككى مىڭغا يەتمەيتتى ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەمىن ئېتەلمەيتتى». «19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋاڭنىڭ ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئېزىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياقۇپبەگنىڭ مالىمانچىلىقى، بەييەنخۇنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشى قۇمۇلنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر يارىلاندى ۋە ئۆلدى. كىشىلەر كۆپلەپ قاچتى، يەرلىرى ئاق تاشلاندى، ئاھالىسى بۇرۇنقىدىن 90 پىرسەنت كېمەيدى. مىلادىيە 1874 ـ يىلى (تۇڭجىنىڭ 13 ـ يىلى) زوزۇڭتاڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە يازغان دوكلاتتا: «قۇمۇلنى تىلغا ئالساق، ئۇيغۇرلار بۇرۇن 20 ـ 30 مىڭ بولغان بولسا، ھازىر پەقەت 2 ـ 3 مىڭ ئادەم قالدى. قاراقچى بەييەنخۇ بۇلاپ كەتكەنلەرنىڭ سانى بىر نەچچە مىڭ بولۇپ، ئالۋان ـ ياساقتىن قېچىپ يەرلىرىنى تاشلاپ تۇرپانغا قېچىپ كەتكەنلىرىنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايتتى» دېگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە قۇمۇل ۋاڭنىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىسى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولغان. قۇمۇل ئەمگەكچى خەلقى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە چىدىيالماستىن كۆپ قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى، مەشھۇرلىرى 1907 ـ يىلىدىكى تورپاقلار قوزغىلىڭى، 1912 ـ يىلىدىكى تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى، 1931 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قاتارلىقلاردۇر. چىڭ ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭدىكى ياڭ، جىن، شېڭ ھۆكۈمەتلىرى بۇ قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. ھايات قالغانلىرى باشقا يۇرتلارغا قېچىپ سەرگەردان بولۇپ كەتتى. ئائىلە، نوپۇس ئازىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئاجىزلىشىپ، خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. 1929 ـ يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، سومقاغا، ئاستانە،

توغوچى قاتارلىق جايلاردا 196 ئائىلە، 1210 نوپۇس قالغان.

1929 ـ يىلىغىچە شامەخسۇت ۋاڭ 25 كارىز قازدۇرغان. بۇنىڭ 17 سى قۇمۇلدا، سەككىزى تۇرپاندا بولۇپ، پەقەت ئاستانىدىلا 15 كارىز قازدۇرغان ۋە سېتىۋالغان. 10 مىڭ مو بوز يەر ئاچتۇرغان. ھەر يىلى مىڭ دادەن ئاشلىق، 200 دادەن ياغلىق دان ئالغان. ئاستانە ئوردا كارىزدىكى 60 مولۇق باغدىن يىلىغا مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم قىلغان، تاللىقتىكى ئۈچ مولۇق بېغىدىن ھەر يىلى بەش يۈز سەر كۈمۈش، جىگدىدىكى باغلىرىدىن يۈز سەر كۈمۈش كىرىم قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، باغۋەنلەرنىڭ ھەر يىلى ۋاڭ ئوردىسىغا 10 مىڭ دانە ياڭاق، بەش دادەن چىلان، بەش دادەن جىگدە ۋە 30 جىڭ جىگدە يىلىمى تاپشۇرۇشىنى بەلگىلىگەن. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاستانە خەلقىمۇ پۈتۈن قۇمۇل خەلقىگە ئوخشاشلا ئېغىر زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان.

ئاھالىسى ئاز، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق ئەمگەكچى دېھقانلار قۇمۇل ۋاڭىغا بۇ بايلىقلارنى قانداق يارىتىپ بېرەلىگەندۇ؟ «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە: «شامەخسۇت ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، ھاشار ۋاقتىنى كۆپەيتىپ بەش كۈنگە يەتكۈزدى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يەتتە كۈنگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ، دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ يەرلىرىنى تېرىپ بولۇپ ئاندىن ئۆز يېرىنى تېراتتى. كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە ئالدى بىلەن ۋاڭنىڭ ئاشلىقىنى يىغىپ بولۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاشلىقىنى يىغاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئاقساقاللىرى دېھقانلارنى ئۆزىگە چاكارلىققا ئىشلەپ بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. ئەمرىگە بويسۇنمىغانلارنى يەڭگىللەرەكى قامچىلايتتى، ئېغىرراقى پۇت ـ قولىغا كىشەن ـ كويزا سېلىپ قاماپ قوياتتى. بىر ئايدا دېھقانلارنىڭ ئۆز ئىلكىگە قالىدىغان ۋاقتى ئاز بولغاچقا دېھقانلار دائىم تېرىقچىلىق ۋە ئاشلىق

يىغىۋېلىش پەسلىنى ئۆتكۈزۈپ قوياتتى ـ دە، ئالدىغان ھوسۇلىغا تەسىر يېتەتتى. . . » دەپ يېزىلغان. دېمەك، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئاستانىدا بىنا قىلىغان كارىز، يەر ـ زېمىن، باغۋاران، قەسىر، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى ۋە ئىگە بولغان بارلىق بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسى ئاستانىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان ـ تەرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئاستانىدا ۋاڭغا قاراشلىق 15 كارىز ئىچىدە ئەڭ چوڭ كارىز ـ كەپتەر خانا دەپ ئاتىلىدىغان كارىز بولۇپ، شامەخسۇت ۋاڭ بۇ كارىزدا بىر كىچىك ئوردا (قەسىر) سالغۇزغان. شۇڭا بۇ كارىز تەخمىنەن يۈز نەچچە يىللاردىن بۇيان ئوردا كارىز دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. چوڭ دەرۋازا ئالدىدا جاۋمىڭ تام، دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن كەڭتاشا كورە (ھويلا) بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان قاتار ئۆيلەر، ساڭ، ئاختاخانا، مەپەخانا قاتارلىقلار بار ئىدى. ياغاچتىن ياسالغان نەقىشلىق ئىككىنچى دەرۋازىدىن دەھلىزلىك ھويلىغا كىرەتتى. ھويلا ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك ساراي، دالان، ھۇجرىلار سېلىنغان. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە چوڭ مېۋىلىك باغ ۋە چوڭ كۆل بولۇپ، پەنجىر ھەم تام تۈگىلۈكلىرى باغقا ـ كۆلگە قارايتتى. ئىلگىرىكى قۇمۇل ۋاڭلىرى مەگەش، ئارتام، باغداش قاتارلىق جايلاردىكى ئوردىلىرىدا راھەتلىنىپ پەيز سۈرگەندەك، شامەخسۇتمۇ بۇ كارىزدىكى ئوردىسىنى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بەدىلىگە ياستىپ، ياز كۈنلىرى كېلىپ ئەيش ـ ئىشرەت، كەيىپ ـ ساپالىق تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزەتتى. كارىز ئوردىسىدا ۋاڭنىڭ يۇسۇپ مىراب قاتارلىق ئەمەلدارلىرى ۋە دېھقان ئاقساقاللىرى بولۇپ، دېھقانلارنى ھاشارغا تۇتۇپ كارىز چاپتۇرۇپ، بوز يەر ئاچتۇراتتى، يەرلىرىنى تېرىتىپ ئاشلىقنى يىغدۇراتتى. مەن يۇقىرىدا يازغىنىمدەك، بىزنىڭ ئائىلىمىز 1933 ـ يىلى ئوردا كارىزغا كۆچۈپ كېلىپ كارىز ئاچما ئېرىقىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى بىر چوڭ ئەسكى قوتان ئىچىدىكى ئىككى ئېغىز كونا سوقما ئۆيدە ئولتۇرغانىدى. كېيىن يەنە ئۆي، ئېغىل ـ سامانلىق سېلىپ يېتەرلىك قىلىۋالغانىدۇق. مۇشۇ قوتاننىڭ ئالدىدا ئۈچ چوڭ ئاشلىق ئورىسى

بارئىدى. بۇ ئورىلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى يېرىم مېتىر، ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلەتتى. بۇ ئورىلارغا ۋاڭنىڭ ئىجارە ھەققى ئاشلىقلىرى كۆمۈپ قويۇلاتتى. بۇ ئورىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم بۇغداي، قوناق، پۇرچاقلار كۆمۈلەتتى (قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن بۇرۇن ۋاڭنىڭ كارىز ئوردىسى ئىچىدە ئاشلىق ساڭلىرى بار بولۇپ، قوزغىلاڭدىن كېيىن ساڭلارنى دېھقانلار ئۆي قىلىپ ئولتۇرۇۋالغان بولغاچقا، ئىجارە ئاشلىقى بۇ ئورىلارغا كۆمۈلىدىغان بولۇپ قالغان). ئىجارىكەش دېھقانلار، جۇملىدىن بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ كۆزدە ئىجارە ئاشلىقى تاپشۇراتتى. بۇ مېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم بولغاچقا، ھەر يىلى قانچىلىك ئىجارە ئاشلىقى يىغىۋالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيمەن، لېكىن شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا ئاساسەن مۆلچەرلىگەندىمۇ 500 دادەندىن كەم بولمىسا كېرەك. ھەر يىلى ئىجارە ئاشلىقى يىغىپ كۆمىدىغان، ئەتىيازدا ئورنى ئاچىدىغان چاغدا بىزنىڭ ئائىلىمىز مالىمان بولۇپ كېتەتتى. توقسۇن مىراب قاتارلىقلار بىزنىڭ ئۆيدە ئىجارىكەش دېھقانلارنى تىزىملىكتىن ئۆتكۈزۈپ ئىجارە يىغاتتى. بىر قىسىم دېھقانلار ئىجارە ھەققى تاپشۇرالمايتتى. دېھقانلار قوزغىلىڭىدا خانىۋەيران بولغان نامرات دېھقانلار ھوسۇل ئالالمىغانلىقتىن، ئىجاەر ھەققىنى تولۇق تاپشۇرالماي ھال ئېيتىپ يىغلاپ كېتەتتى. بۇ ئۈچ ئورىغا كۆمۈلگەن ئىجارە ئاشلىقى پەقەت شامەخسۇتنىڭ چوڭ نەۋرىسى بىشرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئىككىنچى نەۋرىسى ئابدۇللانىڭ يەر ـ زېمىن ۋە كارىزلىرى باشقا جايدا ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاستانە يېزا تەۋەسىدە ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن ئەلىشابەگ، ئىمىن بەگ، شادى بەگ ھاجى، ئابلىز قازىبەگ، شېرىپ ھاجى، سوپامىراب، قادىر ھاجى، سوپام بەگ ھاجى قاتارلىقلارنىڭ كارىز يەرلىرىنىمۇ ئىجارىكەش دېھقانلار تېرىاتتى.

ئاستانە دېھقانلىرى يۇقىرىقىدەك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە كۆكيار ئۆستىڭىنى ياساش، ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇش، ھەربىي ئاشلىق، يەر بېجى تاپشۇرۇش، كۆمۈر كاندا ئىشلەش، تاشيول،

ياساش، دايىڭفاڭ (سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 - پولكىنىڭ ھەربىي گازارمىسى) قورۇلۇشىغا ياغاچ توشۇش قاتارلىق ئېغىر ئالۋان - سېلىقلارغا ئۇچراپ تۇراتتى. قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىكى چوڭ ھەربىي قوشۇنلار شەرق ياكى غەربتىن كېلىپ قومۇلدىن ئۆتكەندە ئاستانە خەلقىگە يەم - خەشەك، ئوت - سامان، ئوتۇن ۋە ئېغىر سېلىقلارنى سېلىپ تۇراتتى. قومۇلدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا ئاستانە دېھقانلىرىنىڭ مال - مۈلكى، ئات - ئۇلاغلىرى ئەسكەرلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىغا، خوتۇن - قىزلىرى ئاياغ ئاستى قىلىشقا ئۇچراپ كەلگەن، ھەتتا ئۇرۇلۇش - چېپىلىش، باغلاپ ئۆلتۈرۈلۈشتەك دەھشەتلىك زۇلۇملارنى باشتىن كەچۈرگەن.

قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئاستانە دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغانىدى. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي بىساتى، دېھقانچىلىق ھايۋان - سايمانلىرى ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. بەزى دېھقانلار يېمەكلىك ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق، ئات - ئۇلاغ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆتنە - لاپقۇت قىلىپ كۈن كەچۈرگەن.

## كارىزلىرى

كارىز — يەر ئاستى سۈيىنى يەر ئۈستىگە باشلاپ چىقىرىدىغان بىر خىل سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلق ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۆجىزىدۇر.

مەن كىچىك چاغلىرىمدا كارىزغا ھەيران قالاتتىم. كارىزنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكى، سۈنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن بۇ كۆلگە يىغىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئېتىزغا باشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتىم. ئائىلىمىز ئوردا كارىزدا دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىغاندىن

كېيىنلا كارىز توغرىسىدا ئاز ـ تولا چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم. كارىزدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنى قاچان، كىم ئىجاد قىلغانلىقى توغرىسىدا ياشانغان كىشىلەرمۇ بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى. ئەينى يىللاردا ئاستانە دېھقانلىرى ئارىسىدا: كارىز ئەڭ بۇرۇن تۇرپان، پىچانلاردا بەرپا بولۇپ، كېيىن قۇمۇل خەلقى تۇرپان خەلقىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق قۇمۇلدىمۇ كارىز پەيدا بولغان، دېگەن گەپلەر بار ئىدى. بىراق، قۇمۇلدا زادى قاچان كارىز چېپىش باشلانغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندا كارىز توغرۇلۇق بەزى ماتېرىياللار تەكشۈرۈپ تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ماتېرىياللار كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيتتى. «1905 ـ يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 31 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا، گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى لىكوك قۇمۇلدىن ئۆتكەندە قۇمۇل ۋاڭىنىڭ تۇرپانلىق كارىزچى ئۇستىلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ كارىز كولاتقانلىقىنى كۆرگەن»، «1907 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى ستەين، سۋن ھىدىن قۇمۇلدىن ئۆتكەندە سەپەر ئۈستىدە سۇمقاغىغا كەلگەندە كارىزنى كۆرگەن» دېگەن ئىككى پارچە ماتېرىيال ئاساس قىلىنىپ «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» گە قۇمۇلدا كارىز 1905 ـ يىلى ئەتراپىدا پەيدا بولغان دەپ يېزىلدى. «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ قولىيازمىسى پۈتۈپ، پىكىر ئېلىش نۇسخىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندىمۇ، يىغىن قاتناشقۇچىلىرى قۇمۇلدا كارىزنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى 1905 ـ يىلىدىن 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 80 يىل ئەتراپىدا دەپ ھېسابلىغاندا بەك قىسقا بولۇپ قالىدۇ، مەزكۇر ئىككى پارچە ماتېرىيالدىن باشقا يازما خاتىرىنىڭ يوقلۇقى 1905 ـ يىلىدىن ئىلگىرى قۇمۇلدا كارىز يوق ئىدى، دېگەننى بىلدۈرەلمەيدۇ، 1905 ـ يىلىدىن ئىلگىرىمۇ قۇمۇلدا ئەڭ بۇرۇنقى كارىزلار بار بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پىكىرلەرنى بەرگەنىدۇق. دەرۋەقە، «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىقىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ كارىز تارىخى توغرىسىدا باشقا يېڭى ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم.

بىرىنچى، قۇمۇل ئايال ۋاڭى مېھرىبانۇ توغرىسىدىكى ماتېرىياللاردا بەيىەنخۇ يېغىلىقىدىن كېيىن 1877 ـ يىللىرى «مېھرىبانۇ چىڭۋاڭ (ۋەيران بولغان قۇمۇل ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن) خانلىقتىن ياردەم سوراپ، كىشىلەرنى كارىز چېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى كارىزلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن»[1] دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيال قۇمۇلدا 1870 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرىلا كارىز بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئىككىنچى، مىلادىيە 1929 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەن ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە: «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ كارىزى 25 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇلدا 17، تۇرپاندا سەككىزى بار ئىدى. ئۇلارنى شامەخسۇت 1912 ـ يىلى سېتىۋالغان». «قۇمۇلدىكى 17 كارىزنىڭ 15 ئاستانىدا . . . بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ كارىز بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ كەپتەرخانا كارىز دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن 1000 مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى. بۇ كارىز ئەسلىدە رابىخان موماي، كۆسۈنىياز، دوڭ ـ دوڭ مەمەتنىياز ۋە سىدىق دېھقانلارنىڭ زېمىنى ئىدى. ئۇنى ۋاڭ زورلۇق بىلەن سېتىۋالغان». «ئاستانىنىڭ[2] كەپتەرخانا كارىزى ئەتراپىدا 135 دادەن ئۆرۈك سالىدىغان پىششىق يەر بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1300 دادەندىن ئارتۇق بۇغداي، ئاق قوناق، كۆممىقوناق ئېلىناتتى»[3]، «قۇمۇل ۋاڭىنىڭ ئاستانىدىكى كەپتەرخانا كارىزىدا كۆلىمى 60 مو كېلىدىغان باغچىسى بولۇپ، ئۇ باغلاردا قىزىل ئالما، ئاق ئالما، يېشىل ئالما، غەشلىك ئالما، جىنەستە، ياڭاق، چىلان، جىگدە قاتارلىق مېۋىلەر بار ئىدى. يىلىغا بىر مىڭ سەر كۆمۈش كىرىم قىلاتتى»[4]. ئۈچىنچىسى، 1930 ـ يىللاردا ئاستانە ئوردا كارىزىدا سانىسىزلىغان كۆك دەرەخ، ئاق دەرەخ «تال (سۆگەت)، جۇجەم، قارىياغاچ دەرەخلىرى بار ئىدى. ئەڭ يوغان سۆگەت، كۆك دەرەخلەرنىڭ توپ ئايلانمىسىغا ئىككى ئادەمنىڭ

---

① «قۇمۇل تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە 1 ـ توپلام، 231 ـ بەت.
② يۇقىرىقى توپلام، 140 ـ بەت.
③ يۇقىرىقى توپلام 143 ـ ، 142 ـ بەت.
④ يۇقىرىقى توپلام، 145 ـ بەت.

غۇلىچى يەتمەيتتى. دەرەخلەرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 25 مېتىر ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇردا كارىزنىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى بىر قانچە سالا كەڭ ئېتىزلار بويىچە جەنۇبتىكى قەدىمكى «خان يولى» غا قاراپ سوزۇلغانىدى. پەقەت ئۇردا كارىزىدىلا 20 ئائىلىدىن ئارتۇق ئىجارىكەش دېھقان بولۇپ، ھەربىر ئائىلە تەخمىنەن 30 ـ 40 مو يەر تېراتتى.

دېمەك، يۇقىرىدىكى تەپسىلاتلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، قۇمۇل ۋاڭلىقى پەقەت 1905 ـ يىلىدىن 1929 ـ يىلىغىچە بولغان 20 نەچچە يىل ئىچىدىلا شۇنچىلىك كۆپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرالايدىغان كارىز ئىگىلىكىنى بەرپا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئاز دېگەندىمۇ 100 يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن. كارىز ئاچما ئېرىقلىرىنىڭ بويىدا ئۆسكەن چوڭ سۆگەت، كۆك دەرەخلەرنىڭ يىل ھالقىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئاستانىدىكى ئۇردا كارىز ئەڭ بۇرۇنقى كارىز بولۇشى ناتايىن. چۈنكى، ئاستانىدا گۇمۇرۇلۇپ ـ تىقىلىپ سۇيى تارتىلىپ كەتكەن كارىزلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن ئەينى يىللاردا بۇنداق كونا كارىزلارنى كۆرگەنىدىم. بۇنداق كارىزلارنىڭ خارابە ئىزلىرىدىن قارىغاندىمۇ ئۇنىڭ تارىخى، ئۇردا كارىزنىڭ تارىخىدىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

1698 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ۋاڭى ئەبەيدۇللا مانجۇخانى كاڭشى خاننى ئاۋاپ قىلىشقا بېيجىڭغا بارغاندا، كاڭشى خان ئەبەيدۇللانى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئەبەيدۇللانىڭ تۆھپىلىرىنى ماختاپ: «... قۇمۇل باتۇرلار يۇرتى، سىز جۇڭخۇانىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا زور تۆھپە قوشتىڭىز، يەنە قۇمۇلدا كارىز چېپىپ، قۇرغاق چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ ئاستىنى تېشىپ ئۆتۈشمە قىلىپ، سۇ چىقىرىپ، چېگرادىكى ھەر مىللەت پۇقرالىرىغا غايەت زور بەخت

ياراتتىڭىز. . . » دېگەن.[1] مۇبادا بۇ ماتېرىيال ھەقىقىي پاكىت بولالايدىغان بولسا، قۇمۇلنىڭ كارىز تارىخىنى 300 يىل دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

تۇرپان قۇمۇلنىڭ چېگرىداش قوشنىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇل ۋاڭلىرى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، تارىختا بۇ ئىككى رايوننىڭ باردى ـ كەلدى ئىشلىرى قويۇق بولۇپ كەلگەن. ئەگەر قۇمۇلدا كارىز 1900 ـ يىلىدىن كېيىن قېزىلغان، دېيىلسە، ئۇنداقتا تەبىئىي ھالدا، تۇرپاننىڭ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە كارىز مەدەنىيىتىنى قۇمۇل رايونى شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەر ئۆتكەندىن كېيىن قوبۇل قىلغانمىدۇ، دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## بۇلاقلىرى

ھەممىگە مەلۇمكى، سۇ ھاياتلىقنىڭ ئاساسى. قەدىمكى ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئېرىق ـ ئۆستەڭ، بۇلاق بويلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ ئۆي ـ ماكانلىق، يەر ـ زېمىنلىك بولۇپ مەھەللە ـ يۇرت بىنا قىلغان.

ئاستانىدا كارىز قېزىلىشتىن ئىلگىرى ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئاستانىدىكى بۇلاقلار ئاستانە خەلقىنىڭ جان تومۇرى بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى ئاستانە خەلقى بۇلاق بويلىرىغا ئولتۇراقلىشىپ، بۇلاق سۈيىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئاستانىدا كارىز قېزىلغاندىن كېيىنلا دېھقانلار كارىزلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.

تارىخىي ماتېرىيال «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «سۇمقاغىدا 25 بۇلاق بار، ئاستانىدا 23 بۇلاق بار» دېيىلگەن. ئەينى يىللاردا ئاستانە شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قوشتىكەن، ئازغان،

① تارىخىي كىنو فىلىم سىنارىيىسى «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى».

چاجىلىق (سالجىلىق)، قىرساي، سۆمقاغا، ئۆدۆك، ئايپاڭ، گۆڭشاڭ، تېرەك، تاللىق، دامباي، چاشقانچى قاتارلىق كەنت - مەھەللىلەرنىڭ ئەتراپلىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن بۇلاقلار بار ئىدى. دوبۇلاق، ئازايىم بۇلاق، بوستان بۇلاق، قاينام بۇلاق، توشقان بۇلىقى قاتارلىق بۇلاقلار سۈيىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. گۆڭشاڭ كەنتىنىڭ شەرقىدىكى قاينام بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز كۆك تېرەكلەر ئۆسكەن بولۇپ، بۇلاقنى سۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈپ تۇراتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئادەتتە تىپتىنچ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيى ئادەم بېرىشى بىلەنلا بۇلدۇقلاپ چىقاتتى. ئەل ئارىسىدا قايناق بۇلاق ھەققىدە تارقالغان ئاجايىپ - غارايىپ رىۋايەتلەرمۇ بار ئىدى.

ئاستانىدىكى بۇلاقلار ئاستانە - سۆمقاغا ئۆتەڭلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قەدىمكى «يىپەك يولى» بويىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە دۆلەت سىرتىدىن كېلىدىغان ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلار، پوچتا، سودا كارۋانلىرى، تەكشۈرگۈچى ئالىملار، زور ھەربىي قوشۇنلار ۋە باشقا يولۇچىلار بۇ بۇلاقلاردىن سۇ ئېچىپ، ئاستانە، سۆمقاغا راباتلىرى (سارايلىرى)نى چۈشكۈن قىلىپ ئۆتكەن.

## مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى

ئاستانە قەدىمكى يۇرت بولۇپ قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە. «يىپەك يولى» ئاستانىدىن ئۆتكەچكە ئاستانە خەلقى باشقا جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان.

ئاستانىدا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ خارابىلىرى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، لېكىن توغۇچى، بۇگۇر تەيزاڭدىكى مەشھۇر بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بۇددا دىنى دەۋرىدىكى ئاستانە خەلقىنىڭمۇ ئىبادەتخانىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئاستانە خەلقى ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن پېرىخونلۇق، ئادەم ئوقۇش، جىنكەشلىك قىلىش، كەتمەن بېسىپ ئادەم ئوقۇش، ئوت بىلەن

ئۆچۆغداش، قىز كۆچۆرگەن هارۋىلارنى ئۆتتىن ئۆتكۆزۆش قاتارلىق ئادەتلەرنى شامان دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيەتلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئاستانىدا مەدەنىي ئاسارئەتىقىلەردىن ئاستانە، سۇمقاغا شەهەر سېپىللىرى ۋە چوڭ يول بويىدىكى تۇرالارنىڭ خارابىلىرى ساقلىنىپ قالغان. قۇمۇلدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئاستانە خەلقى ئىسلام مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى كىتابلىرى كۆپلەپ تارقالغان.

ئاستانىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن. ئاستانە خەلقى ئويۇن ـ تاماشىغا بەكمۇ هېرىسمەن بولۇپ، دېهقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا، بولۇپمۇ كۈز، قىش پەسىللىرىدە توي ـ مەرىكە، تۇرلۇك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باراتتى. بۇ ئۆلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالغان.

قىز ـ يىگىت تويى ئۈچ كۈن داۋام قىلاتتى. تويىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە يىگىت تەرەپتىن بىر توپ ئادەم قىزنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ بېرەتتى. بۇ «توي باشلاش» دەپ ئاتىلاتتى (بۇ ئادەت ئاستانىدا هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە). تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچتە قىزنى يىراق مەهەللىگە كۆچۆرۆش توغرا كەلسە، يىگىت تەرەپتىن هەربىرىگە ئۈچتىن ئات قوشۇلغان بىر نەچچە توي هارۋىلىرى جابدۇلۇپ 20 — 30 دەك ئەر ـ ئايال قىزنىڭ ئائىلىسىگە باراتتى. ئەڭ ئالدىدا ماڭغان هارۋىدا ئولتۇرغان سازەندە ـ هېپىزلار توي ناخشىسى «هاي ـ هاي ئۆلەن»نى ئېيتىپ ماڭاتتى. قىز تەرەپنىڭ يىگىتلىرى ئارغامچا تارتىپ توي هارۋىلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالاتتى. يىگىت تەرەپنىڭ ئادەملىرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تاماشا قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن قىزنى ئۆزىتىپ قوياتتى. توي هارۋىلىرى بىر نەچچە يەرگە يېقىلغان گۇلخانلار ئۈستىدىن ئۆتۈپ نەغمە ـ ناۋا بىلەن يىگىتنىڭ مەهەللىسىگە يېتىپ كېلەتتى. بۇ كۈنى كەچتە توي ئىگىلىرى ئايرىم ـ

ئايرىم توي مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. توينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ ئايال مېھمانلىرى يىگىت تەرەپنىڭ ئائىلىسىدە سورۇن تەييارلاپ «يۈز ئاچقۇلۇق مۇراسىمى» ئۆتكۈزەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ ئايال ۋەكىللىرى قىز - يىگىتنىڭ توينى مۇبارەكلەپ، ئۇلارغا بەخت - سائادەت تىلەپ يۈز ئاچقۇلۇق بېيىتلىرىنى ئېيتىشىپ قىزنىڭ يۈزىنى ئاچاتتى. بۇ چاغدا، «هاي - هاي ئۆلەن» ناخشىسى ئېيتىلىپ ئۇسسۇل ئوينىلىپ قىزغا تەييارلانغان سوۋغاتلار قويۇلاتتى. توينىڭ 3 - كۈنى قۇدىلار بىر - بىرىنى (ئالدى بىلەن قىز تەرەپ) چىللىشىپ مېھمان قىلاتتى. بۇ ئادەت «چىللاشقۇ» دەپ ئاتىلاتتى.

ئاستانە دېھقانلىرى قىش پەسلى ۋە باش ئەتىيازدا قاتارى مەشرەپ، كۆك مەشرىپى — مايسا مەشرىپىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. سازەندە - ھېرىزلار شۇنچە زوق - شوخ بىلەن ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، پېشانىلىرىدىن ئېقىپ تۇرغان تەرلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ چولىسى تەگمەي ناخشا - مۇزىكىسىنى داۋاملاشتۇرغان. قىزىقچىلارنىڭ پەتنۇسنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىقاس بېيىتلىرىنى توۋلاپ مەشرەپنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەن قىياپەتلىرى ۋە قاراچىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان كەڭتاشا ئۆيلەرگە تولۇپ ئولتۇرغان ئەر - ئايال مەشرەپ ئەھلىنىڭ داستىخانغا تىزىلغان نازۇ نېمەت، مېۋە - چېۋىلەرگە ئېغىز تېگىپ خۇشال - خۇرام، ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن پوتا ئويناپ، بېيىت ئېيتىشقانلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مەشرەپلەردە يەنە توخۇ ئۇسسۇلى، بۇرگەم باتۇر، جاقا - جۇمبۇرچاق قاتارلىق ئويۇنلارمۇ ئوينىلاتتى.

توي مەشرىپى، كۆك مەشرىپى قاتارلىق مەشرەپلەردە ئاساسەن «قۇمۇل 12 مۇقامى» نىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرى ئورۇندىلاتتى. يۈز ئاچقۇچلۇق بېيىتلىرى، پوتا بېيىتلىرى ۋە كۆك بېيىتلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە قاراتمىلىقى بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ ئېيتىپ قويۇلسا مەسخىرە قىلىناتتى.

ئاستانە دېھقانلىرى يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا بىر نەچچە ئائىلە

ئۆزئارا ياردەملىشىپ قوناق چاغلىمى، بۇغداي ئورمىسى قىلاتتى. ماتا ياكى چەكمەندىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگەن دېھقانلار پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ ئەمگەك قىلاتتى. بۇ دەردلىك ـ پىغانلىق ناخشىلار يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قىش پەسلىدە دېھقانلارنىڭ كىتاب ئوقۇش مىلىسلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوردا كارىزدىكى كىچىك ئاخۇن ئىمام، ئىسمايىل ئاخۇن، مۇھەممەت قارىلار سورۇن ئەھلىگە كىتاب ئوقۇپ بېرەتتى. بۇنداق سورۇنلارغا بالىلارنى كىرگۈزمەيتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ خىل مىلىسلەردە ئوقۇلغان كىتابلارنىڭ ئاساسەن «يۇسۇپ ـ ئەھمەد»، «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «تاھىر ـ زۆھرە» ۋە جەڭنامىلەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئاستانىدا ھەر يىلى باش ئەتىيازدا شامال ئىلەڭگۈچ (سارغايدى) ئويۇنى بولۇپ تۇراتتى. شامال ئىلەڭگۈچ چوڭ خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىلەتتى. ئاستانىنىڭ ھەرقايسى كەنت ـ مەھەللىلىرىدىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ ئويۇن كۆرۈپ كېتەتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نورۇز بايرىمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ نورۇز ھەققىدىكى تەتقىقات قانات يايدۇرۇلدى. ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئېيتقاندا، كۆز پەسلىدە توي ـ مەرىكە قىلىش، قىشتا قاتارى مەشرەپ، باش ئەتىيازدا كۆك مەشرىپى، چوكانتال مەزگىلىدە زارەخەتمە، نورۇز ئۆتكۈزۈش بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، ئاستانە خەلقى بۇ خىل ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

ئاستانە ئەزەلدىن ئاتاقلىق ئەلنەغمىچىلەر نىسبەتەن كۆپ چىققان يۇرت ئىدى. 30 ـ يىللاردا ياشىغان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېتىشىپ چىققان سازەندە ـ ھېپىزلاردىن زاھىر ئاخۇن، زاھىت ئاخۇن، تالىپ ئاخۇن، روزىقىز، توختىنىياز يارى، نىياز ھاجى، ئابدۇراخمان شەيخ، ياسىنخان ئىسمايىل (يۇقىرىقى كىشىلەر ئالەمدىن ئۆتكەن)، يۇسۇپ خېلىل، ھېلىم شەيخ قاتارلىق كىشىلەر بار. ئۇلار «قۇمۇل 12 مۇقامى»

نى ساقلاپ، ئۇنى ئىجادىي يوسۇندا بېيىتىپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈپ كېلىشكە زور ئەجىر سىڭدۈرگەن تۆھپىكارلاردۇر.

ئەينى يىللاردا شوچى كارىزدا «پىرە ئويۇنى»مۇ بولۇپ تۇراتتى. دىنىي خۇراپاتلىق ئەۋج ئالغان فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە پىرە ئويۇنى ساراڭنى داۋالاش ئۇسۇلى بولسىمۇ، دېھقانلارنىڭ ئويۇن ـ تاماشىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ قالغان. پىرە كۆرۈش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن ئادەم يىغىلاتتى. شوچى كارىزدىكى پېرىخون سىدىق موللا ناھايىتى سۇرلۇك، غەلىتە چىراي ئادەم بولۇپ، پىرە باشلىنىشتىن ئىلگىرى كۆپچىلىكتىن پىچاق، يىڭنە قاتارلىق تىغلىق نەرسىلەرنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەگەر ئۆزى قول سېلىپ ئاختۇرۇپ تېپىۋالسا، يېنىدىن تىغ چىققانلارنى قامچىلايتتى. ئاندىن ساراڭ ئادەمنى تۇغ باغلانغان نۇرغۇن قارا چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغان دالانغا ئەكىرىپ، قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيۋە قىلىپ تۇغنى ئايلىنىشقا مەجبۇرلايتتى. ئۇ «جىن قوغلايدىغان» پىرە ئوقۇشلىرىنى غىجەك بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، پېرىخوننىڭ نەغمىچىلىرى يوغان داپلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى. پىرە نەغمىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئەلنەغمىلىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ساراڭ كىشى تۇغنى ئايلىنىپ، داپنىڭ رىتىملىق ساداسىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇر بولۇپ، ھېرىپ ـ چارچىغانلىقتىن ياۋاشلىشىپ قالاتتى. بۇنى ساراڭغا چاپلاشقان «جىن»لار قاچقانلىقنىڭ ۋە ساراڭنىڭ ساقىيىشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دېيىشەتتى. بەزىدە ئايرىم نېرۋا كېسىلى بار ئادەملەرمۇ پېرىخوننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ساراڭ ئادەمگە ئەگىشىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولاتتى. شۇ چاغلاردىكى پىرە ئويۇنى ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا ئۆزلىرى چوقۇنغان دىنلارنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىنىڭ ئىسلام دىنى دەۋرىدە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولسا كېرەك.

1936 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا سانايىنەپىسەمۇ قۇرۇلدى.

ئۆزۈن ئۆتمەي ھەرقايسى يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ شۆبە ئۇيۇشما، شۆبە ئۆمەكلەر قۇرۇلغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئاڭلىشىمچە، ئاستانىدە قۇرۇلغان شۆبە ئۇيۇشمىغا ھاپىز سالمان رەئىس، مەھمۇد ئەھەدى مۇئاۋىن رەئىس، نەمەت ھامىدى، توختىمەت سۇبۇرى، نەمەت خوجانىيازلار ھەيئەت ئەزا بولغانىكەن.

قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سانايىنەپىسەدىن چاڭچى تالىپ خېتىپ، دۇتارچى ئىبراھىم ئاخۇن (ئاق داتو) قاتارلىق سازەندە ـ ئارتىستلار ئاستانىغا كېلىپ ئاستانە شۆبە ئۆمەككە ئارتىس، سازەندىلەرنى تەربىيىلەپ بەرگەن. سۇمقاغىلىق نىياز ھاجى تەمبۇرچى، ئابدۇرېھىم سالمان دۇتارچى، سوپا خوجىمەت چاڭچى بولغان، شۆبە ئۆمەك ئاستانە باشلانغۇچ مەكتەپ ھويلىسىدا سەھنە ياساپ، يېڭى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نىڭ تەلىپى بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشنى، نادانلىق ـ قالاقلىقنى تەنقىد قىلىپ يېڭى مەدەنىيەت مائارىپىنى تەشۋىق قىلىدىغان، فېئودال خۇراپاتلىقنى پاش قىلىپ نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دراما، كونسېرتلارنى قويغانىدى. نىكاھ ئەركىنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان درامىدا مەھمۇد ئەھەدى پاشاخاننىڭ رولىنى، ھاپىز سالمان ئوسمانجاننىڭ رولىنى، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى، ھاراقكەش، قىمارۋازلارنى سۆكىدىغان كومېدىيىلەردە ئەمەت ساۋۇت، نىياز يارى، ئەمەتشالار، ساۋاتسىزلىقنى تەنقىد قىلىدىغان نومۇردا نەمەت ھامىدى بىلەن يونۇس باقى رول ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «غېرىب ـ سەنەم» ناخشا ـ مۇزىكىلىرى، «سوۋارغا ئۇسسۇلى»، «مەشكەقەدەم» ۋە ئابدۇكېرىم رازىيوف ئورۇندىغان «كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقسام»، «سەنسەن، مېنى سەن»، «چىمەندە گۇل»، «داۋانچىلىك»، «بادام قاپاق»، «قارافاش ئۇكام»، «سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت»، «ئالمىخان»، «ئىستەك ـ ئىستەك» قاتارلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە لەپەرلەر ئامما ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان نومۇرلار بولۇپ قالغانىدى.

ئاستانە خەلقى يېڭى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىنى ھىمايە قىلىپ، ئاستانە شۆبە ئۆمەك قويغان ئويۇنلارنى زور قىزىقىش بىلەن كۆرىدىغان بولۇپ كەتكەندى. ئويۇن قويۇلغاندا ئويۇن كۆرگۈچىلەر مەكتەپ ھويلىسىغا پاتمىغانلىقتىن، سىنىپلارنىڭ ئۆگزىلىرىمۇ ئادەم بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بۇ ئويۇنلاردا ئورۇنلانغان ناخشىلار تېزلا ئامما ئىچىگە تارقىلىپ ئوقۇغۇچىلار، ياشلارمۇ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان ناخشىلار بولۇپ قالغان. ھەتتا سازەندە - ھېپىزلارمۇ مەشرەپلەردە ئېيتىلىدىغان ناخشا - مۇزىكىلارغا كىرىشتۇرۇپ ئېيتىدىغان بولغانىدى.

1939 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق 8 - پولكىنىڭ كىنو قويۇش ئەترىتى ئاستانە مەكتەپتە بىر قانچە قېتىم كىنو قويۇپ بەردى. بۇ يېڭىلىق ئالمىساقتىن بۇيان مۇنداق «مۆجىزە» نى كۆرۈپ باقمىغان ئاستانە خەلقىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنىدى.

## مائارىپ ئىشلىرى

ئەينى يىللاردا ئاستانىدا مەدرىس بارلىقى ئېسىمدە يوق، لېكىن ئاستانە شەھەر ئىچىدە ناسىر موللامنىڭ دىنىي مەكتىپى، ھەر قايسى كارىزلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى باشقۇرغان دىنىي مەكتەپلەر بار ئىدى. مەن ئۇردا كارىزدىكى كىچىك ئىمام ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانىدىم.

يېڭى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە 1937 - يىلى 9 - ئايدا ئاستانە شەھەر ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلۇپ ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى (بۇنىڭ بىرى قىزلار سىنىپى ئىدى). بۇ مەكتەپكە ئاستانە تەۋەسىدىكى چاشقانچى، دامباي، تاللىق، ئاقچوقا، تېرەك، قوشتىكەن، گۇڭشاڭ، ئۇدۇك قاتارلىق جايلاردىنمۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئېشەك مىنىپ قاتناپ ئوقۇيتتى. شۇ چاغلاردا، مائارىپ سىياسىتى چىڭ، تەشۋىقات كۈچلۈك بولغانلىقتىن

ھەرقايسى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان باللار، ھەتتا ياشلارمۇ بۇ مەكتەپكە مەجبۇرىي قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇ چاغلاردا، ئوقۇش شارائىتى ناھايىتى جاپالىق ئىدى. بىراق مەھەللىلەردىن قاتناپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئېشەك مىنەلمەيدىغان كىچىك باللارمۇ بار ئىدى. قىشتا ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە ئوتۇن - كۆمۈر قىس بولغاچقا، كۆپىنچە يالاڭ ئوقۇغۇچىلار سىنىپتا تىترەپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى. بۇنى ھازىرقى مەكتەپلىرىمىزدىكى ئوقۇش شارائىتى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. مەنمۇ 1937 - يىلىدىن 1940 - يىلى 12 - ئايغىچە بۇ مەكتەپنىڭ 3 - سىنىپىغىچە ئوقۇپ، ئائىلىمىزنىڭ قۇمۇل شەھەر ئىچىگە كۆچۈشى بىلەن شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغانىدىم.

ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1940 - يىلغىچە مەھمۇد ئەھەدى مۇدىر ھەم ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەد ساۋۇت، ھەبىبۇللا ئابلايۇفلار مۇدىر بولغان. يۇنۇس باقى، نەمەت ھامىدى، توختىمەن سۇبۇرى، مۇختار ئادىل، ئىمىن ئىبراھىم، ئىسمايىل ئىبراھىم، ئەمەتشا، يۇسۇپ توختى، كىچىكئاي سالى قاتارلىق كىشىلەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

يېڭى مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتى، يېڭى مائارىپ ئاستانە يېزىسىغا ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. تارىختىن بۇيان پەننىي مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەن دېھقان باللىرىنىڭ قاتار - قاتار پارتا - ئورۇندۇقلار قويۇلغان سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ ئوقۇتقۇچىلار ئۆتكەن دەرسنى ئاڭلاپ بىلىم ئېلىشىمۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىلىق ئىدى. ئوقۇغۇچىلار قاتار تىزىلىپ بايراق كۆتۈرۈپ رەتلىك قەدەم تاشلاپ، غەزەل ئوقۇپ مەكتەپ مەيدانىدا ياكى كوچىدا ماڭغاندا ئاتا - ئانىلىرى زوقلىنىپ قارايتتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۆگىنىشتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ جۈمە مەسچىتكە ئېلىپ بېرىپ جامائەت ئالدىدا ئوچۇق ئىمتىھان ئالاتتى. مەكتەپ مۇدىرى جامائەتكە مەكتەپ خىزمىتىدىن دوكلات بېرىپ، يېڭى مائارىپنى

يولغا قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، مەكتەپكە ئىئانە يىغاتتى.

ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش، تىنچلىقنى قوغداش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندا ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇراتتى.

ئاستانە باشلانغۇچ مەكتەپ جەمئىيەتكە نۇرغۇن يارامل‍ىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەپ دۆلەتكە، خەلققە تۆھپە قوشۇپ پېنسىيىگە چىققان كىشىلەرمۇ خېلى كۆپ. ئومۇمەن، ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى ئاستانە تەۋەسىدىكى باشقا مەكتەپلەرنىڭ ئانا مەكتىپى، شۇنداقلا ئاستانە يېزىسىنىڭ مەرىپەت بۆشۈكى بولۇشقا مۇناسىپ!

## يېزا ئىگىلىكى

ئاستانە يېزىسىنىڭ شۇ چاغلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىدىن تولۇق خەۋىرىم بولمىغاچقا، ئەسلىمەمنىڭ بۇ قىسمىدا ئاساسەن ئۇردا كارىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ئورمانچىلىق ئىشلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئاستانىدا قىشتا قاتتىق سوغۇق، يازدا بەك ئىسسىق بولاتتى، ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئەتىياز پەسلى بورانلىق بولۇپ قاتتىق بوران، ئەتىياز قويۇنلار دەل - دەرەخ، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلاتتى. ئۆگزىلەرگە بېسىپ قويۇلغان ئوت - چۆپ، شاخ - شۇمبىلارنى ئۇچۇرۇپ كېتەتتى. دېھقانلار قۇم - بوراننىڭ كارىز قۇدۇقلىرىنى تىقىۋېتىشىدىن، قىشتا توڭلاپ گۇمۇرۇلۇپ كېتىشىدىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى كۈزدە قۇدۇق ئاغزىنى شاخ - شۇمبا ۋە توپا بىلەن يېپىپ قوياتتى.

ئەينى يىللاردا ئاستانە دېھقانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىمۇ ناچار

ئىدى. كۆپلىگەن دېھقانلارنىڭ تۆمۈرچاقلىق ھارۋىسى يوق ئىدى، ياغاچ ھارۋا، ياغاچ ساپان، ياغاچ گۈرجەك قاتارلىق سايمانلارنى ئىشلىتەتتى، بەزى دېھقانلارنىڭ مۇنداق سايمانلىرىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. ئوغۇت توپلاشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى، ئېغىل - قوتانلاردىكى ئوغۇتلارنى چىرىتمەيلا يەرگە قوياتتى. ئوغۇت يېتىشمىگەنلىكتىن كارىز قۇدۇقلىرى ئەتراپىدىكى قاراشورلۇق توپىلارنى ئوغۇت ئورنىدا يەرگە قوياتتى. دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە ئاساسەن، تۇپرىقى ناچار، ئۈنۈمسىز يەرلەرگە كۆك قوم، ئات قىغى قويۇش، يۇرچاق تېرىش ۋە كۈزدە 2 - 3 قېتىم ئاغدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇراتتى.

ئاستانە دېھقانلىرى شۇ يىللاردا ئاساسەن بۇغداي، ئارپا، ئاق قوناق، يۇرچاق، كەندىر، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېراتتى. كۆممىقوناق ناھايىتى ئاز تېرىلاتتى. بۇ خىل زىرائەتلەرنىڭ سورتلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. دېھقانلار ئۇرۇق تاللاشقا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. ئېھتىمال 1938 - يىلى بولسا كېرەك، قۇمۇل ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى نەسرۇللا ئەيسا قاتارلىق تېخنىك خادىملار ئاستانىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىنى ئەكىلىپ ئۇرۇق تاللاپ بەرگەن ۋە ئۇرۇق تاللاپ تېرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلغانىدى.

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قالاق، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ناچار بولغان كونا جەمئىيەتتە ئاستانە دېھقانلىرى يىل بويى جاپالىق ئەمگەك قىلسىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھوسۇل ئالالمايتتى. ئەمگەك كۈچى كۆپ، يېرى مۇنبەت، سۈيى يېتەرلىك ئاز ساندىكى تەجرىبىلىك دېھقانلار ھەر موسۇمدىن بىر دادەن (تەخمىنەن 440 جىڭ) بۇغداي ئالالايتتى.

بۇغداي خامانلىرى تەييار بولغاندا، خامان ئىگىسى يەر قوشنىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ خاماندا نەزىر ئۆتكۈزۈپ خامانغا بەرىكەت تىلەيتتى. خامان ئىگىسى چەشلەنگەن ئاشلىقنى ئوڭ ئايلىنىپ تۆت يەردىن ئاشلىق ئۇسۇپ ئېلىپ ئۇنى ئايرىم يەرگە تۆكۈپ قوياتتى. ئۇ «شەك سەدىقە» دېيىلەتتى.

بۇنداق قىلىش بۇغداينى يانچىش جەريانىدا ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ سىيىپ، تېزەكلەپ بىر قىسىم ئاشلىقنى پاسكىنا قىلىپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىنلا باشقا ئاشلىقلارنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمەسلىكنىڭ شەرتى ئىكەن. ياردەمگە كەلگەن دېھقانلار كۆرە بىلەن ئاشلىق كەملەپ تاغارلارغا ئۇساتتى. ئاخىرقى ھېساب ئېلان قىلىنغاندا، مول ھوسۇل ئېلىنغان بولسا خامان ئىگىسى خۇشال بولاتتى، ياردەمگە كەلگەنلەرمۇ ئۇنى تەبرىكلىشەتتى. ئۇ چاغلاردا ناھايىتى نۇرغۇن دېھقانلار خۇشال بولغۇدەك ھوسۇل ئالالمايتتى. ھەممىلا دېھقان مول ھوسۇلدىن ئۈمىد كۈتۈپ، بىر مۇنچە مەقسەت ـ پىلانلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، خامان ئۇسۇلغان كۈنى ھامان كۆڭلى بىئارام بولاتتى. ئىجارە ھەققى، كېلەر يىللىق يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۇرۇقلۇق، يەم ـ بوغۇز ۋە باشقا خەج ـ خىراجەتلىرى قاتار تىزىلىپ كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، غەم ـ ئەندىشىدە قالاتتى. ئاستانىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار كونا جەمئىيەتتە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مۇشۇ تەرىقىدە ياشاپ كەلگەن.

ئاستانىدە تېرىلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ ئەمەس ئىدى. دېھقانلار ئۆز ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك سەۋزە، پىياز، چوكە پۇرچاق، جاڭدۇ، چامغۇر، تۇرۇپ (لوبو)، يېسىۋىلەك، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېراتتى. قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ۋە مىراس يەر ـ سۈيى بار ئاز ساندىكى ھاللىق دېھقانلارنىڭ مېۋىلىك باغلىرى بارلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ بېغى يوق ئىدى. ئۇلار مېۋە پىششىقىدا ھاللىق دېھقانلارنىڭ بېغىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تۈپىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ باھا قويۇپ، ئاشلىققا تېگىشىپ يەيتتى. ھەربىر ئائىلە دېھقان قوغۇن ـ تاۋۇز تېراتتى. قوغۇن سورتلىرىدىن ئاساسلىقى ھەر خىل كۆكچى، بىشەكشىن، پوستىپىياز، شېكەر سۈيى، مىجىگەن قاتارلىقلار بار ئىدى. لېكىن چۈرۈكلىكى، تەمىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى. كۆپىنچە قوغۇنلارغا پىچاق تېگىش بىلەن «چارس» قىلىپ يېرىلىپ كېتەتتى.

ئاستاننىڭ چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، چارۋا ماللار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. سالمان روزى (تۆمۈرھاجى) ئاستانە بويىچە ئەڭ چوڭ چارۋىدار ئىدى. باشقا ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ ئاز ساندا دېھقانچىلىق ھايۋانلىرى ۋە ئۇششاق چارۋا ماللىرى بار ئىدى. چارۋىلار يازدا شارلار تېغىدا، قىشتا ئاستانە تەۋەسىدە بېقىلاتتى.

## قاتناش ئىشلىرى

«يىپەك يولى» سۇمقاغا، ئاستانىلەردىن ئۆتەتتى. بۇ يولدا تۆگە، ئېشەك كارۋانلىرى، ھارۋىلار قاتنايتتى. يول بويىدا سىمتاناپ تۈۋرۈكلىرى (تېلېفون سىم يولى) بار ئىدى. يىپەك يولى ھەم پوچتا يولى ئىدى. بەزىدە بۇ يولدا قوڭغۇراق ئېسىلغان قېچىر ياكى ئېشەك مىنگەن، غەلىتە كىيىم كىيگەن ئادەملەر قاتنايتتى، كىشىلەر ئۇلارنى «پوچتا» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ يولدا ئاندا ـ ساندا ماشىنا ماڭغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ قالاتتۇق.

«قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە: «1935 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل تاشيولى قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاشيول پۈتۈپ قاتناش باشلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان. تاشيول قۇرۇلۇشى باشلانغان چاغلاردا قۇمۇل شەھىرىدىن نۇرغۇن تاشيول ئىشچىلىرى ھارۋا بىلەن كېلىپ ئوردا كارىز ۋە توقسۇن دېھقانىنىڭ كارىزىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، شىمالىي سايدا تاشيول ياسىغانىدى. ئاستانە دېھقانلىرىغا توشقان بۇلىقىدىن قۇمۇل كېچىكىگىچە بولغان يول بۆلۈنگەنىدى. مەن تاشيول قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتقان ئاكام ياسىنخانغا يېمەكلىك، ئات ـ ئۇلاغلارغا ئوت ـ سامان ئاپىرىپ بەرگەندە، دېھقانلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ بەك جاپالىق ئىكەنلىكىنى، بىر كۈب مېتىر شېغىل ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن 10 ھارۋا شېغىل توشۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل تاشيولى پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، يىپەك يولىدا ماشىنا قاتنىشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تاشيولدا قاتنايدىغان

ماشىنىلارمۇ كۆپىيىپ قالدى. تېلېفون سىم يولىمۇ تاشيول ياقىسىغا يۆتكەلدى. تاشيولدا تۆگە، ئېشەك كارۋانلىرى، هارۋىلارنىڭ قاتنىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇلار يەنىلا كونا يولدا قاتنىدى. ئېهتىمال، 1938 ـ يىلى بولسا كېرەك، ئۈرۈمچى ـ قۇمۇل ئارىلىقىدا ئايروپىلان قاتنىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا هەربىي ئايروپىلانلارمۇ مەشىق قىلدى.

## سودا ـ سېتىق ئىشلىرى

ئاستانە دېهقانلىرىنىڭ ئاشلىقتىن باشقا كىرىمى يوق ئىدى. مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات، توخۇ ـ تۇخۇم، ئوت ـ سامان قاتارلىق نەرسىلىرىنى پۇلغا ئالماشتۇرالمايتتى. شۇڭا، ئاستانىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرى ئاساسەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى.

ئاستانىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەخسۇس سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ياكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر يوق ئىدى. ئاستانە شەهەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق خەنزۇ سودىگەر چې رېڭ ئاستانە بويىچە ئەڭ چوڭ جازانىخور ئىدى. ئۇ دېهقانلارنىڭ قولىدا نەق پۇل بولمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاشلىقنى تۆۋەن باهادا پۇلغا سۇندۇرۇپ گەز مالغا تېگىشىپ بېرەتتى. سېرىقتال مەزگىلىدە دېهقانلارنىڭ قولىدا ئاشلىقمۇ قالمىغاچقا، نېسىگە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق سودىنىڭ جازانە ئۆسۈمىمۇ بەك يۇقىرى ئىدى. چې رېڭ مۇشۇنداق جازانىخورلۇق قىلىپمۇ كۆز پەسلىدە دېهقانلاردىن نۇرغۇن بۇغداي، كۆممىقوناق ۋە مايلىق دان يىغىۋېلىپ هەسسىلەپ پايدا ئالاتتى. قۇمۇل شەهىرىدىن كېلىدىغان سودىگەر ـ خولاڭزىچىلارمۇ ئاستانىدە نەق ـ نېسى سودا قىلىپ نۇرغۇن پايدا ئالاتتى. شۇ چاغلاردا رەخت، چاي، سوپۇن، يىپ ـ يىڭنە، بوياق، دەپتەر، قەلەم قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باهاسى بەك قىممەت ئىدى. چې رېڭ ئادەتتە بىر دانە دەپتەر (تىتىرات) نى بىرشىڭ (تەخمىنەن 4.4 جىڭ) بۇغدايغا تېگىشەتتى.

## ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى

كونا جەمئىيەتتە ئاستانىنىڭ داۋالاش ئىشلىرى قالاق ھالەتتە ئىدى. كېسەللەر ئاساسەن يەرلىك ئۇسۇل ۋە خوراپىي ئۇسۇللاردا داۋالىناتتى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىمۇ تۆۋەن ئىدى.

ئاستانىدە مەخسۇس تېۋىپ ياكى دوختۇر يوق ئىدى. ئادەم ئوقۇيدىغان مولىلار، پېرىخونلار خوراپىي ئۇسۇلدا كېسەل داۋالايتتى. داۋالاش ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغاچقا، تەپ قاتارلىق ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللەر پات - پات تارقىلىپ تۇراتتى. باش تەمرەتكىسى (تاز)، پوقاق قاتارلىق يەرلىك كېسەللىكلەرمۇ بىر قەدەر كۆپ ئىدى. بوۋاقلارغا چېچەك ئەملەش پەسلى كەلگەندە، قومۇل شەھىرىدىن قوڭغۇراقلار ئېسىلغان ئېگىز قارا قېچىر مىنگەن، قارا تاۋاردىن تىكىلگەن چەكلىك چاپان، مونچاقلىق بۆك كىيگەن، كۆزەينەك تاقىغان خەنزۇ تېۋىپ ئاستانىگە كېلىپ چېچەك ئەملەيتتى. بىر بالىغا چېچەك ئەملەش ھەققى ئۈچۈن بەش شىڭ بوغداي ئالاتتى.

ئاستانە دېھقانلىرى مال - چارۋىلارنىڭ يېغىرىنى داۋالاش، ئاختىلاش، نوخلىسىنى ئېلىش ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى، قورتلىغان يارىلارنى كەكرە ئوت ياكى كۆك تاماكا يوپۇرماقلىرىنى تېگىش قاتارلىك يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن ئۆزلىرى داۋالايتتى.

## قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى

ئاستانىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ ئانچە تەرەققىي قىلمىغانىدى. 30 - يىللاردا ئاستانىدە بىرقانچە ھۈنەرۋەن ئۇستىلار بار ئىدى.

ئىمىن ئۇستا (ئىمىن خېمىر) ئاستانە شوچى كارىزىدا ئولتۇرۇشلۇق

بولۇپ، داڭلىق تۆمۈرچى ئىدى. ئۇ ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياسىيالىغاندىن باشقا يەنە ئوۋ مىلتىقى، قاپقان ياسايتتى، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلاتتى. ئىمىن ئۇستا سوققان ئورغاق، پالتا، كەكە، قەلەمتىراچ قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلار ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ئاستانىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قۇمۇل بويىچىمۇ داڭلىق ئىدى.

ئابدۇللا ئۇستا ئەسلىدە لاپچۇقلۇق بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئاستانە شەھەر ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇ چويۇنچىلىق ھۈنىرى بىلەن داڭلىق بولۇپ، ساپان چىشى، قازان، چويۈن مەش، ھاۋانچا، هارۋا چونى قاتارلىقلارنى قۇياتتى.

ئاستانە تەۋەسىدە يەنە بىر قانچە موزدۇز، كىگىزچى، ياغاچچى ئۇستىلار بار ئىدى. ئاستانە شەھەر ئىچىدىكى ئادىل دېھقاننىڭ بىر جۇۋازخانىسى (يۇفاڭ) ، تۆگە قارنىدىكى ئابدۇراخمان ھاجىنىڭ كارىزىدا بىر خاراز بارئىدى. ئاستانىدا تۈگمەن بولمىغاچقا، ئاستانە دېھقانلىرى توغۇچى، لاپچۇق ۋە قۇمۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىكى سۇ تۈگمەنلىرىدە ئۇن تارتىپ كېلەتتى. بىر قېتىم ئۇن تارتىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ ھەپتە - ئون كۈن ۋاقىت كېتەتتى. ئاستانە دېھقانلىرى ئاددىي دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆزلىرى ياسىۋالاتتى.

## ئاستانىدىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر

خوجىنىياز ھاجى (1881 — 1941) غەربىي تاغ يېزىسىنىڭ تاراتى كەنتىدە تۇغۇلغان، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىنى ئاستانىنىڭ قوشتىكەن كارىزىدا ئۆتكۈزگەن. خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل شەھەر ئىچى مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا 1907 - يىلىدىكى تورپاقلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1912 - يىلىدىكى تۆمۈرخەلپە قوزغىلىڭىغا، 1931 - يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. 1932 - يىلى 6 - ئايدا ئېچىلغان «تاراتى يىغىنى» دا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ رەھبىرى بولۇپ

سايلانغان. 1934 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنىلىرى باقىنىياز ھاجى، ئابدۇرېھىم ھاجى، يارى قارىلارمۇ ئاستانىدە چوڭ بولغان، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. بۇ ئۈچ قېرىنداش 1941 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرۈلگەن.

**سوپاخۇن سوبۇروۇف** 1915 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاستانىنىڭ ئۇدۇك كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1936 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە خۇاڭپۇ ئۈرۈمچى شۆبە ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 31 ـ ئاتلىق تۇەنگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەينىڭ 4 ـ ئىنىسى شېڭ سىجىن قوماندانلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە تۇەننىڭ 9 ـ ليەنگە ليەنجاڭ قىلىپ تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىنگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، پەۋقۇلئاددە تۇەننىڭ 8 ـ ، 9 ـ ليەنىدىكى ئەسكەرلەر سوپاخۇننىڭ قوزغىتىشى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن قول ئۈزۈپ، ئىنقىلابىي سەپكە، خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلىغان. 120 نەپەر ئەسكەر سوپاخۇننىڭ باشچىلىقىدا 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مايتاغدىن قوزغىلىپ، شىخو، مايتاغ، جىڭ ئەتراپلىرىدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، قوغلاپ كەلگەن گومىنداڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ، سەككىز كۈن جاپالىق سەپەر قىلىپ، ئاخىر بۆرتالا شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قوشۇلغان.

سوپاخۇن مىللىي ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە خەلق ئازادلىقى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم ئالتۇن مېتال ۋە كۈمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، تېكەس 1 ـ ئاتلىق تۇەننىڭ قوماندانى قاتارلىق

ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. پودپولكوۋنىك، پولكوۋنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. سوپاخۇن ئازادلىقتىن كېيىن ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى.

سوپاخۇن سۇبۇرۇف ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئېلىپ بېرىلغان «بەشكە قارشى»، «ئۈچكە قارشى» تۇرۇش ھەرىكىتىدە ناھەقچىلىككە ئۇچراپ، دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلىپ، قاتتىق نازارەتتە بولۇم باشلىقى قىلىپ قويۇلدى، لېكىن ئۇ يەنىلا تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەنە ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى، باتۇر جەڭچى، پاراسەتلىك قوماندان سوپاخۇن سۇبۇرۇف ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

سوپاخۇن ھازىر ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلاب مۇساپىسىدىن ئەسلىمە يېزىپ، ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزمەكتە.

**ھاپىز سالمان** (1903 — 1995) ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدە خېلى چوڭقۇر دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

ھاپىز سالمان ئاستانىنىڭ ئىلغار مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ، 30 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان، ئۇ ئاستانە شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىللەردە ئاستانە خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئىئانە يىغىپ، ئۆزى پۇل، ياغاچ ياردەم قىلىپ ئاستانە مەكتىپىنى سالغۇزغان. ئاستانە مەكتىپىنى ياخشى باشقۇرۇپ نۇرغۇن ياراملىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىشقا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ھاپىز سالمان مەرىپەتپەرۋەرلىكى ۋە سېخىيلىقى بىلەن خەلقنىڭ

ھۆرمىتىگە، ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

**نەمەت ھامىدى** (1893 — 1992) ئاستانە شەھەر ئىچىدە دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، دىنىي ئەدەبىياتنى خېلى پىششىق ئۆگەنگەن. ئاستانىدا مەدەنىيەت ئاقارتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۆھپە قوشقان. ئاستانە باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغاندا دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن نەمەت ھامىدى سابىق قۇمۇل ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن.

1996 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# 25. يولداش ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز

1981 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئۇلۇغ ماركسىزمچى، ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، ھەربىي ئىستراتېگىيىچىسى ۋە نەزىرىيىچىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 90 يىل تولىدۇ. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئۇلۇغ كۈننى پرولېتارىياتلىق چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن داغدۇغىلىق خاتىرىلىمەكتە. بىزمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنى چىن قەلبىمىزدىن خاتىرىلەيمىز.

يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش زور سىياسىي ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى يولداش ماۋ زېدۇڭ قۇرۇپ بەرگەن ئۇلۇغ، توغرا، شەرەپلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدە ئىجاد قىلىنغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئىككى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى تارمار قىلدى. تارىخىي ئەھمىيەتلىك پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 6 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرى ئېچىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى، سىياسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي لۇشيەنى توغرىلاندى، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ئوڭشالدى. پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى. يولداش ماۋ زېدۇڭغا، ماۋ

زېدوڭ ئىدىيىسىگە دىئالېكتىك تارىخىي ماتېرىيالىزملىق باھا بېرىلدى، پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئىنقىلابىي ئەنئەنىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھازىر پارتىيىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ۋە 12 - قۇرۇلتايىنىڭ لۇشيەن، سىياسەت، فاڭجېنلىرى راسا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا. 2 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئىزچىللاشتۇرۇلماقتا. ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىپ، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللىنىش، سىياسىي جەھەتتىن تىنچ، ئىتتىپاق ۋەزىيەتتە تۇرماقتا. بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ تارىخىي دەۋردە يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. بۇ خاسىيەتلىك خاتىرىلەش پائالىيىتى تەبىئىيكى، چوقۇم پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسى، پارتىيە تارىخى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىي تەربىيىسى بولغۇسى.

بىز يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۇلۇغ، ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى داۋاملىق ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىزنى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىش، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆچمەس ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتتى. ئۇ ياش دەۋردىلا ئۆزىنى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جۇڭگو خەلقىنى ئازاد قىلىش، جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ئۆمۈربويى كۈرەش قىلدى. پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىز يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە غەلىبىگە ئېرىشكەنگە قەدەر زور تۆھپىلەر قوشتى. پارتىيىمىزنىڭ ئاتاقلىق داھىيلىرى ئىچىدە

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆھپىسى ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۆپ، ئەڭ گەۋدىلىك. بولۇپمۇ بىر نەچچە قېتىملىق زور تارىخىي بۇرۇلۇش پەيتلىرىدە يولداش ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە يېتەكلەپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىنى توغرا ئىگىلەپ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش رولىنى ئوينىدى. ئۇ يېتەكلەپ ماڭغان سوتسىيالىزم يولى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغان سوتسىيالىزم تۈزۈمى، ئۇنىڭ ۋەكىللىكىدە ئىجاد قىلىنغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، ئۇ تەشەببۇس قىلغان پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى پارتىيىمىزنىڭ تارىخىدا ئۇزاققىچە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ رول ئوينايدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىدىن قىلچىمۇ ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى، تارىخىي رولىنى ئىنكار قىلىش ماھىيەتتە پۈتۈن پارتىيىنى، پارتىيە تارىخىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. بىز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىنى مەڭگۈ قوغدىشىمىز لازىم، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمەتلىرى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئەسلەپ باقايلى: 1927 ـ يىلى ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ چېۋەر رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تا ھازىرغىچە غەلىبە قىلالماسلىق ئېھتىمالى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇنداق بولغاندا، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى ھېلىھەم جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان بولاتتى. پارتىيىمىز ھېلىھەم قاراڭغۇلۇقتا تىرمىشىپ يۈرگەن بولاتتى. شۇڭا، بىز ماۋجۇشى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگومۇ بولمىغان بولاتتى دەيمىز. بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلغانلىق ئەمەس»، «يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ كەمچىلىكى ۋە خاتالىقى يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە ئىنقىلابىي داھىينىڭ كەمچىلىكسىز، خاتالىقسىز بولۇشىنى تەلەپ

قىلىش ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس. بىز بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى، پۈتۈن ئارمىيىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ئىلمىي ھالدا، تارىخىي يوسۇندا تونۇشقا يېتەكلىشىمىز ۋە ئۆگىتىشىمىز لازىم.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆھپىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خاتالىق - سەۋەنلىكلىرى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «بىز بۈگۈنكى خەلقئارا شارائىتتا تۆت» نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كىرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تۆھپىلىرىنى مەڭگۈ ئەستە تۇتماي تۇرالمايمىز. باشقا ھەر قانداق كىشىگە ئوخشاش، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭمۇ كەمچىلىكى ۋە خاتالىقى بار. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ھاياتىدا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى خەلققە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرى بىلەن قانداقمۇ تەڭلەشتۇرگىلى بولسۇن؟ بىز ئۇنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا شەخسىي جاۋابكارلىقىنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئەمما، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى، مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتنى تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا تارىخقا، تارىخىي شەخسكە ئادىل، ئىلمىي يوسۇندا، يەنى ماركسىزم ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغان بولىمىز. كىم مۇشۇ جىددىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىشتا ماركسىزمدىن چەتنەيدىكەن، ئۇ پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان نېمىسى بار؟

يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانمىنى ياخشى ئۆگىنىپ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلىشىمىز كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەڭ ئىلمىي، توغرا، ئەترابلىق بايان قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىمىزگە شانلىق

ئۈلگە تىكلەپ بەردى. ئۇ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىر ئىدىيە سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش لورۇڭخۇەن بىلەن ئىككىمىز لىن بياۋغا قارشى كۈرەش قىلغان. ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بىر سىستېما دەپ قارىماي، چاكىنىلاشتۇرغانلىقىنى تەنقىد قىلغاندۇق. بىز بايراقنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، بۇ ئىدىيە سىستېمىسىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەتبىق قىلىشىمىز كېرەك». «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئايرىم جەھەتلەردە ئەمەس، نۇرغۇن ساھەلەردە راۋاجلاندۇردى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆزى بىر سىستېما، راۋاجلانغان ماركسىزم، نەزەرىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنى ھەر قايسى تەرەپتىن شەرھلەش ئۈچۈن خېلى كۆپ ئەجىر قىلىشى كېرەك. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسى ئارقىلىق پارتىيىمىزنى تەربىيىلىشىمىز، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنى ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلىشىمىز لازىم.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئايرىم جەھەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ساھەلەردە، يەنى پارتىيە قۇرۇلۇشى، پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت - مائارىپ، دىپلوماتىيە قاتارلىق بىر قانچە جەھەتلەردە راۋاجلاندۇردى. دېمەك ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى راۋاجلانغان ماركسىزم - لېنىنىزم، بىر پۈتۈن سىستېما، ئۇنى پارچىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ خېلى بۇرۇنلا لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى پارچىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشلىرىغا قەتئىي قاشى تۇرغانىدى. كېيىن ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى چاكىنىلاشتۇرۇشىغا بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىشكە، قالايمىقانلاشتۇرۇشىغا قارشى تۇردى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا خاس جاسارەت ۋە شىجائەت بىلەن مەردانە ئوتتۇرىغا چىقىپ، «ئىككى ئومۇمەن»نى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي

قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، پارتىيىمىزگە ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى داۋامىدا تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، ماركسىزم - لېنىنىزم ئومۇمىي ھەقىقىتىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆزىگە يېتەكچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تۈپ ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىجادىي تەتبىق قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەردى. يولداش ماۋزېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل بولغان ئىجادىي تەجرىبىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەپ، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيىنى بەيدىنپەي شەكىللەندۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە جۇڭگو خەلقى بۇ يېتەكچى ئىدىيىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى دەپ ئاتىدى. دېمەك، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى جۇڭگو ئىنقىلابى كۈرىشى تەجرىبىلىرىنىڭ ۋە يېڭى سوتسىيالىستىك جۇڭگو قۇرۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جەۋھىرى.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يالغۇز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆزىنىڭلا ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇ پارتىيە ۋە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك كوللېكتىپ كۈرەشلىرىنىڭ مەھسۇلى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ بىر مۇنچىلىغان مەشھۇر رەھبەرلىرى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى خەزىنىسىنى بېيىتتى.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش

جەھەتتە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تۆھپىسى ئەڭ زور. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ باشقا مەشھۇر داھىيلىرى ئىچىدە ئاساسىي ۋەكىل. پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش تامامەن توغرا. بۇ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە، يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ زور مەسىلىدە ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ تۆھپە ياراتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرىنى مۇكەممەل، توغرا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز ھەمدە ئۇنى يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدا راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بەزى زور مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» لايىھىسىنى تۈزەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا «يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بۇ ئەڭ يادرولۇق مەزمۇن. بىز بۇگۈنكى كۈندىلا ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز كېرەك» دېگەن پىكىردە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرغان. «قارار»نىڭ پۈتۈن روھىغا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ پرىنسىپال پىكرى سىڭدۈرۈلگەن. «قارار» پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىغان شانلىق تارىخىي ھۆججەت. مۇنداق زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك «قارار»غا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىكرى يېتەكچىلىك قىلىنغان.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە باھا بېرىشتە ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش

ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا دىئالېكتىك تارىخىي ماتېرىيالىزم مەيداندا ۋە نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرغان. بىزگە مەلۇم دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىلىرىنىڭ داھىيلىرىغا ۋە داھىيلارنىڭ تەلىماتلىرىغا باھا بېرىشتە ماركسىزملىق دىئالېكتىك تارىخىي ماتېرىيالىزمغا خىلاپ ئېغىر ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ ھەقتە ئېغىر تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلار بار. مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقىدا خرۇششېۋ ستالىننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلدى. دۆلىتىمىزدە لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پۈتۈنلەي ئەكسىيەتچى ئىدېئالىزم بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، لېنىنىزمنىڭ ئامما، سىنىپ، سىياسىي پارتىيە ۋە داھىي توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماۋجۇشىنى ئىلاھىيلاشتۇردى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى چاكىنىلاشتۇردى، بۇرمىلىدى، ئۆزگەرتتى، ھەتتا دىنىي ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ماۋجۇشىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، «ئىككى ئومۇمەن» چىلەر مەيدانغا چىقىپ يولداش ماۋ زېدۇڭغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىغا نىسبەتەن «سول» چىللىق، دوگماتىزملىق پوزىتسىيە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى. يەنە بەزىلەر ئوڭدىن چىقىپ ماۋزېدۇڭنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي رولىنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلماقچى بولدى. پەقەت يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىلا يولداش ماۋزېدۇڭغا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ ئەڭ زور مەسىلىنى ئوبيېكتىپ، توغرا، ئادىل، ھەل قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئىنتايىن ياخشى باھاغا ئىگە بولدى.

پارتىيىمىز ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرگەندە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى مۇكەممەل توغرا چۈشىنىشنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىنتايىن ئىلمىيلىق ۋە ئىنتايىن دانالىقتۇر. بۇ ئىلگىرى بولۇپ

باقمىغان ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ جەھەتتە بىزگە بىر ئالتۇن ئاچقۇچ تېپىپ بەردى. بىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ئۈلگە قىلىپ ئىككى خىل خاتا پوزىتسىيىگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

بىرىنچىدىن، يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاتالاشتى دەپ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇشقا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلىشقا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماسلىققا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى — پارتىيىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. ئۇ جۇڭگو ئىنقىلابىي كۆرىشىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىناقلىرىدىن ئۆتكەن ئىلمىي ھەقىقەت. ئۇ ھەرگىزمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن خاتا نەرسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىلمىي نەزەرىيىنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقلىرىدىن قاتتىق پەرقلەندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن چەتنەپ ئۆتكۈزگەن خاتا نەرسىلىرىنىلا ئىنكار قىلىمىز. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىيلىقىدىن گۇمانلانماسلىقىمىز ۋە ئۇنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز لازىم. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىيلىقىدىن گۇمانلىنىش ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى ئىنكار قىلىش ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ئىنقىلابىي كۆرىشىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە تارىخىي ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپنى ۋە ئىنقىلابنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمغا قوشقان تۆھپىسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «ئىككى ئومۇمەن» چىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. «ئىككى ئومۇمەن» ئادەتتىكى بىر نەچچە ئېغىز سۆز خاتالىقى مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئېغىر سىياسىي خاتالىق، نەزەرىيە خاتالىق مەسىلىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئىككى ئومۇمەن» نىڭ ماھىيىتىنى

ئەڭ بالدۇر كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەڭ بۇرۇن پاش قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ «ئىككى ئومۇمەن» ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ كەسكىن تەنقىد قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماركس، ئېنگېلسلار «ئومۇمەن» دېگەننى تىلغا ئېلىپ باقمىغان. لېنىن، ستالىنلار تىلغا ئېلىپ باقمىغان، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆزىمۇ تىلغا ئېلىپ باقمىغان.

دېمەك، ماركستىن تارتىپ ماۋ زېدۇڭغىچە ھەممىسى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى، قىلغان ئىشلىرىنى مۇتلەق توغرا، ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلمىغان.

«ئىككى ئومۇمەن» ماركسىزملىق دىئالېكتىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىپ قالغان دوگما دەپ قارايدۇ. ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. مەيلى توغرا بولسۇن، مەيلى خاتا بولسۇن، ھەممىسىنى «ھىمايە» قىلىدۇ. «ئىككى ئومۇمەن» ماۋ زېدۇڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» شوغۇللانغان نەرسىلەرنى بازارغا سالدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، «ئىككى ئومۇمەن» ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە خىلاپ، ئىنقىلابقا ئىنتايىن زىيانلىق نەرسە، زور يوشۇرۇن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى قوغداپ قالدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ سادىق ۋارىسى، ئۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە زور تۆھپە قوشتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيىمىز ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، يولداش دېڭ

شياۋپىڭنىڭ تۆھپىسى تېخىمۇ زور، ئەلۋەتتە.

يولداش ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدىكى يۈكسەك ئورنىنىڭ قوغداپ قېلىنغانلىقى بىلەن، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى بىلەن، يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىمىز بىلەن، يېڭى تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇۋاتقانلىقىمىز بىلەن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز! يولداش ماۋ زېدۇڭ قۇرۇپ بەرگەن ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ باشلاپ بەرگەن سوتسىيالىزم يولىدا داغدام كېتىپ بارغانلىقىمىزدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىمىز!

1983 ـ يىل ماي، قۇمۇل

## 26. شاۋشەننى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى

(1959 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 1959 - يىلى 10 - ئايدىن 1960 - يىلى 2 - ئايغىچە 15 ئۆلكە - شەھەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مەن بۇ ئۆمەكنىڭ بىر باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇشۇم ھاياتىمدىكى زور خۇشاللىقلىرىمنىڭ بىرى بولدى.

### شاۋشەن بوستانلىقىدا كۆرگەنلىرىم

بىز شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتتىن تەركىب تاپقان 60 نەچچە كىشىلىك شىنجاڭ مائارىپچىلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىر نەچچە ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، چاڭسا شەھىرىدىن شاۋشەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. بىز چاڭسا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شاڭجياڭ دەرياسى كېچىكىدىن ئۆتكەندە ئەتىگەن سائەت 8:20 بولغانىدى. ئاپتوموبىللار پاراخوتتىن چۈشۈپ تاشيولغا چىقىپ شاۋشەنگە قاراپ داۋاملىق مېڭىشقا باشلىدى. يولباشلىغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە چاڭسادىن شاۋشەنگە 90 كىلومېتىر يول مېڭىش لازىم ئىكەن. بىر ئازدىن كېيىن تاشيول ياسىغۇچى ئىشچىلار توپى ئارىسىدىن ئۆتۈشكە باشلىدۇق. خۇنەن ئۆلكىسى يېزا - كەنتلەرگە تۇتىشىدىغان تاشيوللارنى ياساشقا 450 مىڭ ئادەمنى سەپەرۋەر قىلغانىكەن. بۇ يولدىكى ئىشچىلار شۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. ئۇلار يول لىنىيىسى

بويلاپ، گاھ ئېگىز دۆڭ، گاھ تۈزدە، گاھ ئويماندا قىزىل بايراقلارنى قاداپ قويۇپ ئەمگەك قىلماقتا. يول ياسىغۇچىلار خۇددى ئۇرۇش فرونتىدا دۈشمەندىن بىر ئېگىزلىكنى تارتىۋېلىپ، ئىككىنچى ئېگىزلىكنى قولغا ئېلىشقا ئاتلانغاندەك غەيرەت - جاسارەت بىلەن ئەمگەك دولقۇنىنى ھاسىل قىلماقتا ئىدى. ئايال ئىشچىلار ئەترىتىنىڭ «مۇگۈيىڭ» ناملىق بايراقلىرى، يەنە قانداقتۇر شوئارلار يېزىلغان چوڭ سەكرەپ - ئىلگىرىلەشنىڭ قىزىل بايراقلىرى لەپىلدەيتتى. ئەمگەك مەيدانىدىكى ۋاڭ - چۇڭ، خاڭ ۋە ئەپكەشلەر رىتىمىغا ماس كەلتۈرۈپ ئېيتىلغان ھە - ھۇ چوقانلار، ئاھاڭلىق قوشاق - ناخشىلار تاغ قاپتىلىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ يۇرتىنى قۇرۇش قىزغىنلىقىنى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرگەنىدى. ماشىنىلىرىمىز تەخمىنەن بىر سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن، مۇھىتنى كۆكەرتكۈچى قوشۇن ئىچىدىن ئۆتۈشكە باشلىدۇق. كۆكەرتكۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ئىكەن. ئۇلار مۇ ۋەتەننى يېشىللىققا ئايلاندۇرۇش شوئارلىرى يېزىلغان بايراقلىرىنى كۆتۈرۈپ، توپا تاغلارغا «يېشىل نەقىش» چېكىپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرمەكتە. بىزنىڭ مائارىپ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىز ۋەتەنپەرۋەر كەسىپداشلىرىنىڭ چېۋەر ئەمگەكلىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلىق سۆزلىرىنى قىلغىلى باشلىدى. يول بويىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى، ئېتىز قىرلىرى، تاغ باغىرلىرى ئومۇمەن چوڭ خەتلىك شوئار، شېئىرلار بىلەن تولغان. پارتىيىنى، ماۋجۇشىنى، ئۈچ قىزىل بايراقنى مەدھىيىلىگەن. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بولغان ئىرادىلىرىنى ئىپادىلىگەن. ئۆمەك باشلىقىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شې شى ئىدى. يولداش شې شى خەنزۇ كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇغان چوڭ زىيالىي ئىكەن. ئۇ ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا، مەيلى قايسى شەھەرگە بارمايلى، ئۇچراتقان چوڭ خەتلىك شوئار، قوشاق، مەدھىيە قاتارلىقلارنى چوڭقۇر مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرۈپ قوياتتى. قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىش

يىغىنلىرىدا ساھىبخانلارنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە جاۋابەن مۇۋاپىق ۋە دەللىكى بولغان مەزمۇنلاردا سۆز قىلىپ، يىغىن ئەھلىنى قايىل قىلاتتى.

## شاۋشەن مېھمانخانىسىدا. . .

بىز شاۋسەنگە چاپسانراق يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتۇق. ماشىنىلىرىمىز تىز ماڭغاندەك قىلىدۇيۇ، يولىمىز ئۇزىراپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتۇق. يول باشلىغۇچى يولداش يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدۇق دەيتيۇ، يېتىپ بارالمايتتۇق.

ماشىنىلىرىمىز ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇك - باراقسان بامبۇكزارلىقتا پۈركەنگەن تاغ ئۈستىگە يېتىپ باردى. ماشىنىلىرىمىز ئىككى قەۋەتلىك قىزىل بىنا ئالدىدا توختىدى. بۇ شاۋشەن مېھمانخانىسى ئىكەن.

بىز بۇ مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، شاۋسەن يېزىلىق ئىدارىلەر پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يولداش ماۋنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇش دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق. بۇ يېزا گوڭشېلەشكەندىن كېيىن بىر چوڭ دادۇي بولۇپ قۇرۇلغان. 600 دىن ئارتۇق ئائىلە بار ئىكەن. %50 ئاھالىنىڭ فامىلىسى «ماۋ» ئىكەن. بىز ئىلگىرى مەملىكىتىمىزدە ماۋ ئىسىملىكلەر مۇنداق مەركەزلەشكەن يېزا بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىمىزدىن ھەيران قىلىپ بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ كەتتۇق. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ئائىلە جەمەتىنىڭ فامىلىسى «ماۋ» بولۇپ ئاتىلىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك دېيىشتۇق. يولداش ماۋ (سېكرېتار) داھىيمىز ماۋجۇشى ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى، ماۋجۇشى دۇنياغا كېلىپ بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ئەھۋاللىرىنى ئاددىي قىسقىچە تونۇشتۇردى: داھىيمىز ماۋ زېدۇڭ بالىلىق، ياشلىق دەۋرلىرىدىن باشلاپلا ئەمگەكچان، تىرىشچان بولۇپ تەربىيىلەنگەن. ئەمگەكنى، ئەمگەكچى كەمبەغەل دېھقانلارنى سۆيگەن. باشلانغۇچ ۋە

ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا ئوقۇغان. ماۋجۇشى خۇنەن چاڭسادا جۇڭگو ئىنقىلابىغا قاتناشقاندىن كېيىن، سەي خېسىڭ قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىنقىلابىي تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، كەسكىن، خەتەرلىك سىياسىي ۋەزىيەتتە، قەيسەرلىك بىلەن ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارغان. بىز ماۋ سېكرېتارنىڭ دوكلاتى ئارقىلىق داھىيمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدىكى ئىنقىلابىي ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە بىر قېتىم سىياسىي تەربىيىگە ئىگە بولدۇق. سېكرېتار ماۋ يەنە مۇنداق دېدى: بۈگۈن 1959 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئەتە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنى بولىدۇ. شىنجاڭ مائارىپ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ناھايىتى خاسىيەتلىك - ياخشى خاتىرە كۈندە شاۋشەنگە كەلگەنلىكىڭىزلەر ئۈچۈن مەن سىزلەرنى سەمىمىي تەبرىكلەيمەن (بىز ھاياجان ئىچىدە قىزغىن چاۋاك چالدۇق). بىز شاۋشەن يېزىسىدىكى گۈڭشې ئەزالىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، كادىر - خىزمەتچىلەر ماۋجۇشىنىڭ تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇق، سىزلەرنى خاتىرىلەش پائالىيىتىمىزگە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز (بىز يەنە ئالقىش ياڭراتتۇق). سېكرېتار ماۋ سۆزىنى داۋام قىلدى: رەئىس ماۋ زېدۇڭ بۇ يىل — 1959 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شاۋشەنگە كەلدى. ماۋجۇشى 1927 - يىلى 1 - ئايدا، شاۋشەندىن چىقىپ كەتكەنىدى، 32 يىلدىن كېيىن ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شاۋشەن يېزىسىغا كەلدى. شاۋشەنلىكلەر ماۋجۇشىنى سېغىنغانىدى، شاۋشەنلىكلەر ئۆز ئىچىدىن ماۋ زېدۇڭدەك ئۇلۇغ داھىي چىققانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ماۋجۇشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، يۇرتداشلىرىنى، تۇغقانلىرىنى يوقلىشى يېزىمىز خەلقىگە ئالەمشۇمۇل خۇشاللىق ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى. ياش - قېرى شاۋشەنلىكلەر يىراق - يېقىندىن كېلىپ، ماۋجۇشى بىلەن ھاياجان ئىچىدە كۆرۈشتى. ماۋجۇشىنىڭ ئائىلە قورۇسى «زىيارەتگاھ» بولۇپ قالدى. ماۋجۇشى ھايات ياشانغان يۇرتداشلىرى بىلەن مۇلايىم، سەمىمىي ھالدا قول ئېلىشىپ

كۆرۈشۈپ هال ـ ئەھۋال سورىدى، سەككىز جوزا تاماق تەييارلاپ يۇرتداشلىرىغا زىياپەت بەردى، ھەممە جوزىلارغا بىرىپ چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال مېھمانلار بىلەن رومكا چېقىشتۇرۇپ ھاراق ئىچتى، مېھمانلار ئىچىدە، ئەينى يىللاردا ماۋجۇشى بىلەن بىللە ئىنقىلاب قىلغان، ماۋجۇشىنىڭ مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ، يولىيورۇقلىرىنى ئاڭلىغان ۋە بۇ يولىيورۇقلارنى ئىجرا قىلغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ماۋجۇشى بىلەن دىدار كۆرۈشمەككە 13 چاقىرىم يول بېسىپ كەلگەن. ماۋجۇشى ئۇلار بىلەن بىللە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. ماۋ سېكرېتار رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ شاۋشەننى زىيارەت قىلغان پائالىيەتلىرىنى ئاددىيلا سۆزلەر بىلەن باشلىغاندى، كېيىن دوكلات داۋامىدا ئۇ ئۆزىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازلىرى جاراڭلىق چىقىشقا باشلىدى، قىياپىتىدىمۇ سۆز ـ ھەرىكەتكە مۇناسىپ بىر تۈرلۈك ئالامەتلەر كۆرۈلدى. بىز دوكلاتنى ئاڭلاۋېتىپ، گەرچە بىز ماۋجۇشىنىڭ يۇرتىدا ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىغان بولساقمۇ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق.

## زىننەت دەرۋازىسىدىكى چوڭ خەت

بىز شاۋشەن مېھمانخانىسىدىن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ كونا ئائىلىسىگە قاراپ پىيادە ماڭدۇق. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلەندى. دۆلەت ئىچىدىن ۋە خەلقئارادىن نۇرغۇن ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى دۆلىتىمىزنى زىيارەت قىلغان. جۈملىدىن، ماۋجۇشىنىڭ يۇرتىنىمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلغان. شۇڭا، شاۋشەن يېزىسى ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، مېھمانخانا ۋە ماۋجۇشى خاتىرە سارىيى، چوڭ زىننەت دەرۋازىسى ياسىغان، چوڭ خەتلىك شوئار،

دىئاگرامما ۋە تەشۋىقات تاختىلىرى ياسىغان. شاۋشەندە ياسالغان زىننەت دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چوڭ خەتلىك دۇيلەن يېزىلغان. دەرۋازا بېشىغا يەنە خەت يېزىلغان. بىز بۇ ھەيۋەتلىك دەرۋازىدىن ئۆتۈش ئالدىدا خەنزۇ يولداشلار بۇ مەسنەۋىنى ئوقۇپ، مەنىسى چوڭقۇر، ياخشى يېزىلىپتۇ دېيىشتى. ئۆمىكىمىزدىكى خەتتات ھەۋەسكارلىرىنىڭ دېيىشىچە دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە: ئاسىيا، ئافرىقىدىن، ياۋروپا، ئامېرىكىغىچە پۈتۈن يەر شارىدىكى خەلقلەر ئىنتىپاق، ھەمكارلىقنى كۈچەيتسۇن! يەنە بىر تەرىپىگە: مىڭ تۈمەن تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ كېلىپ شاۋشەننى زىيارەت قىلىپ چوڭقۇر تەسىرات ئالسۇن! دەپ يېزىلغان. ھەقىقەتەنمۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە دۇنيا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ كۈچلۈك ئىنتىپاقچىسى بولغان جۇڭگو خەلقى ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەن مۇقەددەس جاينى زىيارەت قىلىش ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكا، ياۋروپا — ئومۇمەن پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلانغان. بۇنى بىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ شاۋشەن مېھمانخانىسىدىكى ۋە ماۋجۇشىنىڭ شاۋشەن خاتىرە زالىدىكى خاتىرە قالدۇرۇش دەپتىرىگە يېزىلغان تەسىرات ۋە ئىمزالاردىن، شاۋشەن سۈرەتخانىسىدا قالدۇرۇلغان سۈرەتلەردىن كۆرۈپ چۈشەندۇق.

## ئۇلۇغ ئادەم دۇنياغا كەلگەن ئائىلە

ئەتە رەئىس ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 66 يىللىقىنى خاتىرىلەش كۈنى بولىدۇ. بۇ خاتىرىلەشكە ئالدىن كەلگەنلەر ماۋجۇشىنىڭ تۇغۇلغان ئۆيىنى زىيارەت قىلىشنى باشلاپتۇ. ياپيېشىل بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق بىلەن پۈركەنگەن تاغلار باغرىدىكى يولدا ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان، كېلىۋاتقان ئادەملەر توپى ئارىسىدا كېتىۋاتىمىز. قىزىل خەتلىك ئاق سىرلانغان تاختاينى كۆردۇق. تاختايغا يېتىپ باردۇق. تاختاينىڭ ئۈزۈنلۈقى

تەخمىنەن $1\frac{1}{2}$ مېتىر، كەڭلىكى 1 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا داھىيىمىز ماۋ زېدۇڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى يېزىلغان. تاختاينىڭ غەرب تەرىپىدە ئاددىيغىنا كېسەك تاملىق، لېكىن خېلى كۆركەم ئۆيلەر بار ئىكەن. مانا بۇ ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋ زېدۇڭ دۇنياغا كەلگەن ۋە ئۆسكەن ئائىلە ئىكەن. بىر - بىرىگە تۇتاش سېلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماۋجۇشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى ئىكەن، تاشقىرىقى ئۆيگە كىرگەن ھامان كۆزىمىزگە بىر جۈپ كىچىك بۇد كۆرۈندى. ئىچكىرىدىكى ياتاقنىڭ تېمىدا ماۋجۇشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ فوتو سۈرىتى بار ئىكەن. يەنە ئاددىي ئۆي سەرەمجانلىرى خاتىرە ئۈچۈن قويۇلۇپتۇ. ئاندىن ماۋجۇشىنىڭ، ماۋ زېتيەن، ماۋ زېمىنىنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ ھۇجرا ئۆيلەردىمۇ ئۇلارنىڭ ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ سۈرەتلىرى جاھازغا ئېلىنىپ تامغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. كارىۋاتلارغا كۆرپە - ئەدىياللار سېلىنغان، پاشىلىق تارتىلغان، جوزا، ئىشكاپ، بەندۇڭلار بار ئىكەن. ئاندىن كېيىن چوڭ دالان ئۆيگە كىردۇق. بۇ ئۆينى «دوستلۇق ئۆيى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئۆيگە مەركەزدىن كېلىپ زىيارەت قىلغان پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، دېموكراتىك پارتىيە - گورۇھ رەھبەرلىرىنىڭ، خەلقئارا دوستلارنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلۇپتۇ. ئاخىرىدا بىز يەنە ئاشخانا، ئاشلىق ئىسكىلاتى، يارغۇنچاق، قازىناق، ئېغىل، بېلىق كۆلى، خامان قاتارلىقلارنى كۆردۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ماۋجۇشى ئائىلىسىنىڭ ئەينى يىللاردا خېلى ھاللىق ئائىلە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئائىلە بۇيۇملىرىنى كۆردۇق. لېكىن، بۇ ئائىلىدە ماۋجۇشىنىڭ ھايات قېرىندىشى ياكى تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىمۇ يوق ئىدى، ماۋ زېمىن، ماۋ زېتيەن، ياڭ كەيخۇي، ماۋ ئەيىڭلار ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان. مانا بۇ ئاددىيغىنا كېسەك تاملىق ئائىلىدىن ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلار تۇغۇلغان . . .

شىنجاڭ مائارىپ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بۇ مۇقەددەس ئىنسانلار ئائىلىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، كېيىن يەنە ئۆي ئالدىدىكى تۆت بۇرجەك

چوڭ كۆل بويىدا خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇق. 12 ـ ئاي قىش پەسلىدە، شاۋشەن تاغلىرى، كەنت ئىچى يېشىل مەنزىرىسى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. شاۋشەننىڭ ئاسمىنىــــدا شالاڭ بولۇتلار خۇددى ئاق پاختىدەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىز كۆڭلىمىز قىيمىغان ھالدا گۈزەل شاۋشەندىن ئايرىلىپ، چاڭساغا قايتىپ كەلدۇق.

1959 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر، كېچە چاڭسا مېھمانخانىسىدا

# 27. قۇمۇل تىياتىرى تارىخى توغرىسىدا ئەسلىمە

### خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن مىنگو يىللىرىغىچە

### (مۇقەددىمە ئورنىدا)

قۇمۇل ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى دەپ ئاتالغان شىنجاڭدىكى داڭلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل يۇرتى. قۇمۇل ناخشا ـ ئۇسسۇلى ھەم ئالنەغمىچىلىكى ئۇزاق تارىخقا، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. خەن، سۇڭ، سۇي، تاڭ، يۈەن، چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى ۋە ئەدەبىي ماتېرىياللىرىدا ئېۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بولغان تەسىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەر ۋە شېئىر ـ نەزمىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. «خەننامە مۇزىكا تەزكىرىسىدە» خاتىرىلىنىشىچە جاڭچيەن «مۇقدۇر نەغمىسى» دېگەن كۈينى چاڭئەنگە ئېلىپ بارغان. «مۇقدۇر مۇقامى» قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىسى بولغان «ئۇلۇغدۇر مۇقامى»نىڭ ئەسلىسىدۇر. «ئۇلۇغدۇر مۇقامى» قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئانىسى بولۇپ، ھازىرغىچە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى «دۇر»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى «ئۇلۇغدۇر» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «مۇقدۇر» چوڭ بىر يۈرۈش كۈي ـ ناخشا دېگەن مەنىدە بولۇپ، «مۇقدۇر مۇقامى» چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن ۋۇدى بىر مۇزىكا مەھكىمىسى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۇستازى لى يەننيەننى مەسئۇل قىلغان. ئۇ «مۇقدۇر مۇقامى»دىن پايدىلىنىپ 28 مۇزىكا ئاھاڭى ئىشلەپ چىققان.

شۇ ئاساستا، بىر ئورکېستىر تەشكىل قىلىنغان. بۇ مۇزىكىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئېۋىرغول نەغمىسى» ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆگىنىدىغان ئوقۇش يۇرتىنىڭ سەنئەت دەرسلىكى قىلىنغان. تاڭ دەۋرىدىكى سۇي لىڭچىڭنىڭ «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى»دە: «ئوقۇتۇش يۇرتىدىكى ئۆگەتكۈچىلەر ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ ئېۋىرغول نەغمىلىرىدىن نېرى كېتەلمىگەن» دەپ يېزىلغان. ئېۋىرغول چوڭ نەغمىسى ئوقۇتۇش يۇرتىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن ئوردىدا، چاڭئەننىڭ تىياتىرخانا، چايخانا، قاۋاقخانىلىرىدا، رەستىلىرىدە، ھەتتا ئائىلىلەردىمۇ زور ئىشتىياق بىلەن ئېيتىلىپ كەڭ تارقالغان.

سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېۋىرغول نەغمىلىرى تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ قىزىقارلىق، تېخىمۇ داڭلىق ئاممىباب ناخشا - ئۇسسۇللارغا ئايلانغان. سوڭ دەۋرىدىكى ئوردا زىياپەتلىرىدە ئورۇندىلىپ كېلىۋاتقان 18 مۇقام، 40 نەغمە ئىچىدىكى يۆدىياۋ «ئېۋىرغول»، «شىجىندىياۋ ئېۋىرغول»لارنىڭ ھەممىسى ئېۋىرغول چوڭ نەغمىلىرىدىن ئېلىنغان.

سوڭ دەۋرىدە ئۆتكەن گو ماچيەننىڭ «ئوردا نەغمىلىرى توپلىمى»نىڭ 79 - جىلدىغا ئېۋىرغول نەغمىلىرىنىڭ پۈتۈن تېكىستى كىرگۈزۈلگەن. ئېۋىرغول چوڭ نەغمىلىرى سوڭ سۇلالىسىنىڭ تىياتىر ۋە كۈيلىرىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ۋاڭ گوۋېينىڭ «سوڭ، يۈەن تىياتىر مۇزىكىلىرىنى تەكشۈرۈش» دېگەن كىتابىدا «ئىككى سوڭ ئوردىسىنىڭ تىياتىرى 280 نۇسخا، كۈيگە سېلىنغانلىرى 103 نۇسخا» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، «ئاشپۇزۇل ئېۋىرغول ئويۇنى»، «بىشاۋجۇن ئېۋىرغول ئويۇنى»، «لىڭ ئېۋىرغول ئويۇنى»، «تۆمۈر نىقابلىق ئېۋىرغول ئويۇنى»، «قىزىقارلىق بەش بوۋاي ئېۋىرغول ئويۇنى» قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇر ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئوردىدا ئېۋىرغول نەغمىلىرى يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قۇمۇللۇق ھەربىي

سەركەردە گېنېرال تابىل ئۇستا سەنئەتكار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېۋرغول مۇقامىدىن پايدىلىنىپ ئىشلىگەن ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ئۆز زامانىسىدا بېيجىڭ شەھىرىدىكى يىخېيۈەن باغچىسى يېنىدىكى ھازىرقى ۋېيگۇڭسۇندە ئوينالغان.

قۇمۇل مۇقام، نەغمىلىرىنىڭ قەدىمىيلىكىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كونا مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. قۇمۇل مۇقاملىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىغا ئوخشىمايدۇ. قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تەركىب قۇرۇلمىسى، تېكىستلىرى، ئاھاڭى، ئورۇنداش ئۇسۇلى، بەزى مۇزىكا ئەسۋابلىرى، مەشرەپ ـ سەنەم شەكىللىرى ۋە باشقا تەرەپلىرى ئۆزگىچە. قۇمۇل مۇقام مەشرەپلىرى، كۆك مەشرەپلىرى، توي مەشرەپلىرى (ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىللە ئوينايدىغان ئۇسسۇلى، پوتا ئۇسسۇلى، بېيىت ـ قوشاق ئېيتىشىش ئويۇنلىرى ...)، ھېيت ـ ئايەم، نورۇز بايراملىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ناغرا ـ سۇناي، چېلىشىش تاماشىلىرى، ھەجەڭگە (ساغايدى) ئۆچۈش ۋە باشقا تۈرلۈك سەنئەت شەكىللىرىنى بۇگۈنكى تىياتىر ئۇقۇمى چۈشەنچىمىز بويىچە ئېيتقاندا مانا بۇ مەزمۇن، شەكىللەرنىڭ ھەممىسى شۈبھىسىزكى، قۇمۇلنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى تىياترى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇمۇل خەلقى ئەمگەكچان، كۆرەشچان، باتۇر خەلق، شۇنداقلا ئويۇن ـ تاماشىغا ئامراق سەنئەتخۇمار خەلق. قۇمۇل مۇقاملىرىنى، قۇمۇل ئويۇنلىرىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە دېگىنىمىزدە، ئۇنى قۇمۇل خەلقى ئۆزى ئىجاد قىلغانلىقىنى، يەنە ئۇ قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۇزاق ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قۇمۇل خەلقى، بۇ مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل شەكىللىك ۋە رەڭدار، ئويۇنلىرىنى ئەسىرلەر بويى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قىلىپ ياشاپ كەلدى. قۇمۇل تاغلىرىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئوبرازلىق قىياپەتلىرى قەدىمكى زامان قۇمۇل خەلقىنىڭ تاش قورال دەۋرىدىلا ناخشا ـ ئۇسسۇل

بىلەن مەشغۇل بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىلادىيە 8 - ، 9 - ئەسىرلەر ئەتراپىدا يېزىلغان 27 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى «مايتىرى سىمىت» نىڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنىڭ قۇمۇل تاغلىرىدىن تېپىلىشى قۇمۇل خەلقىنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىلا بۇددا تىياتىرلىرىغا ھەۋەس قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇمۇلدا ۋاڭلىق تۈزۈم 233 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. فېئودال ۋاڭلار ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. ۋاڭ ئوردىسىدا ھەر دائىم قۇمۇل مۇقامچىلىرىنى، ناخشا - ئۇسسۇلچىلارنى، ئويۇنچى - قىزىقچىلارنى يىغىپ چوڭ مەشرەپ ئويۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان.

قۇمۇل يىپەك يولىدىكى مۇھىم قاتناش ئۆتكىلى بولغاچقا، باشقا جايلار بىلەن، بولۇپمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن مەدەنىيەت - سەنئەت ئالماشتۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي يىللىرىدىن مىنگو يىللىرىغا قەدەر بولغان ئۇزاق ۋاقىتتا قۇمۇلدا ناھايىتى نۇرغۇن بۇتخانىلار ۋە ئويۇن قويۇش ئويۇنشىملىرى قۇرۇلغان. مەسىلەن، گەنسۇ، شەنشى، سەنشى، خۇنەن، خۇبېي، جىڭجۇ يۇرتداشلار ئويۇنشىملىرى، يەنە ئۈچ ئۆلكە يۇرتداشلار ئويۇنشىملىرى مەشھۇر بولغان. لۇڭ ۋاڭ بۇتخانىسى، گۇەندى بۇتخانىسى، شەپقەتچى مەبۇدە راۋىقى، باركۆل بۇتخانىسى، سەيخۇ بۇتخانىسى قاتارلىقلار مەشھۇر بولغان. بۇ ئويۇنشما ۋە بۇتخانىلاردا سەھنىلەر ياسالغان بولۇپ، 1940 - يىللىرىغىچە يۆجۈي تىياتىرى، چىڭچاڭ، مىخۇ، جىڭجۈي، پىڭجۈي تىياتىرلىرى داۋاملىق ئوينىلىپ كەلگەن. قۇمۇلدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي شىمالدىكى ئۆلكىلەردىن، بولۇپمۇ گەنسۇدىن كۆچۈپ كەلگەنلەر بولغاچقا چىڭچاڭ تىياتىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. «قۇمۇل ناھىيە تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە يۇقىرىدىكى تىياتىرخانا ۋە بۇتخانىلار ناھايىتى نۇرغۇن تىياتىر ئەسەرلىرىنى ئوينىغان. مەسىلەن، «ۋۇجيابۇ»، «شىخۇنى سەيلە قىلىش»، «بەيىۈي راۋىقىغا سۈرەت ئېسىش»، «ئايال مەھبۇسنى

يۈتكەش» ، «خويەنجوي» ، «ئاق يىلان ھەققىدە قىسسە» ، «راھىب تونىنى سېتىۋېلىش» ، «گۈللۈك راۋاقتا ئۇچرىشىش» ، «يېرىم كېچىدە غوۋغا چىقىرىش» ، «ئوغلىنى ئۇزىتىش» ، «ئىتىنى ئۆلتۈرۈپ خوتۇنىغا نەسىھەت قىلىش» ، «ئەپيۇن چىرىغىنى چېقىش» ، «ساندۇق ئىچىدىكى تەقدىر» ، «جاڭلياڭنىڭ رەخت سېتىشى» ، «لەنچاۋ كۆۋرۈكىدە ئۇچرىشىش» قاتارلىقلار. بۇ تىياتىرلار قۇمۇلدىكى خەنزۇ خەلقىنىڭ ۋە قىسمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە قۇمۇل تىياتىرچىلىقىنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىغان. تەزكىرىدە يېزىلىشىچە لۇڭۋاڭ بۇتخانىسىدا ھەر يىلى قەمەرىيە 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چوڭ تەييارلىق بىلەن بۇت سەيلىسى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. بۇت سەيلىسى مەزگىلىدە بايلار مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار بۇتقا تاۋاپ قىلغاچ نۆۋەت بىلەن ئويۇن قويدۇرۇپ بەرگەن. ئەينى زاماندا بۇ بۇت سەيلىلىرى چوڭ ئۆتكۈزۈلەتتى. ھەر مىللەت سەيلە - ساياھەتچىلىرى، شەھەر - يېزا خەلقى يىراقلاردىن ئاتلىق، ھارۋىلىق ئويۇن كۆرگىلى كېلەتتى. ھەر يىلى باھار بايرىمى، بۇتخانا سەيلىسى مەزگىللىرىدە ھەرقايسى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مەخسۇس تىياتىرخانىلىرىدا ئويۇن قويۇلاتتى. تەزكىرىدە خاتىرىلىنىشىچە ئەينى يىللاردا قۇمۇلدا بىر مۇزىكىلىق تىياتىر ئۆمىكى بولۇپ ئۇيغۇرچە مۇزىكا، ناخشىلارنى ئۆگىنىپ، خەنزۇچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئويۇن قويۇپ، بىر مەزگىل داڭ چىقارغان. مۇزىكىلىق تىياتىر ئۆمىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چۆەنشۈي، قىزىل يۇلغۇن، تاشۋېلىق (تاشبالىق) قاتارلىق يېزىلاردا ئويۇن قويسا دۆربەجىن قاتارلىق يېزىلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ قىزىقىپ كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان. 1940 - يىللاردا «ئاپرېل بايرىمى» مەزگىلىدە خەنزۇ تىياتىرچىلىرى ئويۇن قويسا ئۇيغۇرلارمۇ قىزىقىپ كۆرەتتى. شۇ يىللاردا قۇمۇل شەھەر ئىچى (خۇيچىڭ) دېھقانلىرىدىن سوپۇر قاسساپ (لاۋزا سوبۇر) ، مەمەت نىياز گوەنجا، مەڭلىك ئۇستام، ئالتۇنچى نىياز ئاخۇن، ماتاڭ ياقۇپ ئاخۇن، ئېزىز پاراچ، مەخمۇت ئاخۇن، سىدىق شېرىپ، سادىق ئۇستا ۋە

سوكچولوكلەرنىڭ دائىم چاڭچىلە - تىياتىرلارنى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇلار بەلكىم جەڭنامە كىتابلارغا سېلىشتۇرۇپ چۈشەنسە كېرەك.

## 1930 - يىللاردىن ئازادلىق ھارپىسىغىچە

1935 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى رەئىسلىكىگە ئابدۇكېرىم ئىمام (ھەسەنباي مەسچىتىنىڭ ئىمامى) تەيىنلەنگەن. ئېزىز ئاخۇن (پېشقەدەم خەتتات، شائىر ئېزىز نىيازى) باش كاتىپ بولغان. «قۇمۇل ناھىيە تەزكىرىسى»دە قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەسلىمىگە تەكشۈرۈشلىرىمگە ئاساسلانغاندا دۆلەت قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان 15 يىل ئىچىدە 13 كىشى ئۇيۇشما رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىس بولغان. ئۇلار: ئابدۇكېرىم ئىمام، ھاشىم ھاجى، غوپۇر ھاجى، توقۇم سالى ئاخۇن، يۈسۈپجان باي، ئابلا تۇرسۇنوف، ئېزىزجان سەئىدى، ئىسمائىل تاھىرى، ئابدۇۋاھىت ھاجى، ئىمىن يۇنۇس، ئوشۇر ئۇلۇق، نىياز ئوشۇر، يەھيا ئەلىملاردىن ئىبارەت. ئۇيۇشمىغا باش كاتىپ بولغانلار: ئېزىز نىيازى، ئابلىمىت ھاجى، يەھيا ئەلىمى، ئىسمائىل تاھىرى، ئابلىمىت نىيازى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى: كاتىبات بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت - سانايىنە پىسە بۆلۈمى، مالىيە - خوجىلىق بۆلۈمى، تەپتىش بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىقلار. ئۇيۇشمىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى: ھوشۇر قازى، نەمان قازى، ئابلىمىت ھاجى، غوپۇر ھاجى، يەھيا ئەلىمى، ئامۇرخان، ئادىلخان، نىياز شېرىپ، ئابدۇرېھىم ئابلايوف، نىياز ئوشۇرلاردىن ئىبارەت. ئۇيۇشمىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خىزمەت قىلغانلار تەخمىنەن 29 نەپەر بولۇپ ئۇلار: ياقۇپبەگ يولۋاس، مىجىت شاھىدى، ھامۇتخان راشىدىن، ئادىلخان

جامال، ئابلانوي، ھەمدۇللا ئادىل ھاجى، يۇسۇپ ئابدۇللا، ئەمەت روزى، ئىسمائىل ئوشۇرى، زىكىرىيا سالى، ئابدۇل ئەلىم، ئابدۇخالىق، يۇسۇپ ئېلى ھاجى، يۇنۇس ئىمىنوف، ئابدۇرېھىم تۇردى، ئابدۇرېھىم ئوشۇر (ساندۇقچى)، ئابدۇۋاھىت ئىسھاق، ئەخمەت قۇربان، ئابدۇراخمان سەئىدى، سوپى تۇرانوف ۋە بىر قانچە ئارتىسلاردىن ئىبارەت.

1936 - يىلى قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۇيمىسى قۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ھەر قايسى ناھىيە ۋە مەكتەپلەردە شۆبە ئۇيمەكلەر قۇرۇلغان. قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسە ئۇيمىسىگە ياقۇپبەگ (يولۋاسنىڭ ئىككىنچى ئوغلى) باشلىق بولغان. ئەمەت قالتىس، تالىپ خېتىپ، نەمەت بوسۇق، روزى ھاشىم، ئىبراھىم ئاقداتۇ، پايىڭ سوپاخۇن، ياقۇپ موللا، ئايىمخان ئىسمائىل، ئايشەمخان توختى، قەمبەرنىسالار ئارتىسلىققا قوبۇل قىلىنغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۇيمىسى كەسپىي جەھەتتىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى سانايىنەپىسە ئۇيمەكلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. سەھنە ئەسەرلىرىنى، سەنئەت يېتەكچىلىرىنى ئەۋەتىپ بەرگەن.

1936 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سانايىنەپىسە ئۇيمىسى ئۇيمەك باشلىقى ئابدۇكېرىم رازىيوفنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇمۇلغا كېلىپ ئويۇن قويۇپ، قۇمۇلنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ئۆلكىلىك ئۇيمەكنىڭ قۇمۇلدا تىياتىر قويۇشى قۇمۇل خەلقىنىڭ سەنئەت ھاياتىدا ئاجايىپ يېڭى ھەم تۇنجى ئىش بولۇپ، ئۇ قۇمۇلدا ئۇيغۇر يېڭى زامان تىياتىرىنىڭ تۇنجى سەھنە پەردىسىنى ئېچىپ بەرگەن. ئابدۇكېرىم رازىيوف 30 - يىللاردا ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان تالانتلىق مۇزىكانت، داڭلىق ناخشىچى بولۇپ، ئۇ ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان. ئۇ ئېيتقان (يارى - يارەي» (كۆك قومۇشقا ئوتنى باقسام)، «سەن - سەن مېنى سەن» قاتارلىق ناخشىلىرى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان. ئۇنىڭ ناخشىلىرى تاشكەنتتە پلاستىنكىغا ئېلىنىپ تارقىتىلغان. ئۆلكىلىك ئۇيمەك قۇمۇلدا

«غۇنچەم» ، «زەينەپكە تۆھمەت» قاتارلىق دراممىلارنى؛ «دىلخاراخ» ، «نىمپەدە» ، «بايات» ، «ئوسمانىيە» قاتارلىق ئۇسۇللارنى؛ «يارى - يارەي» ، «سەن - سەن مېنىڭ سەن» ، «گۈليارىخان» ، «سۇۋارغا ئۇسسۇل» ، «مەشكە قەدەم» ، «ئەسكەر تاغى» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنى؛ «چىمەندە گۈل» ، «بادام قاپاق» ، «قارىقاش ئۇكام يارىيار» ، «ئالمىخان» ، «سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت» ، «يار ساڭا مەيلىم بار» ، «داۋانچىلىك» قاتارلىق لەپەرلەرنى؛ «ناچار ئىللەتلەرگە تەنقىد» قاتارلىق كومېدىيىلەرنى ئوينىغان. قۇمۇل خەلقى بۇ يېڭى زامان تىياتىرلىرىنى ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن كۆرگەن. تىياتىر شاكىر ھاجىنىڭ سارىيىدا سەھنە تىكلىنىپ ئوينالغان. تىياتىر بۇ چوڭ كاتتا سارايدا بىر نەچچە قېتىم ئوينالغاندىن كېيىن ئۆمەك ئۇرۇمچىگە قايتقان. يېڭىدىن قۇرۇلغان قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى ئۆلكىلىك ئۆمەك كۆرسەتكەن تىياتىرلاردىن زور ئىلھام ۋە چوڭقۇر تەربىيە ئالغان، ماھارەت ئۆگەنگەن ۋە ئۇيغۇر يېڭى زامان تىياتىرى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى شۇ ئىلھاملار تەسىراتلىرى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ قۇمۇل سەنئەتلىرى بىلەن يېڭى زامان تىياتىرىنى بىرلەشتۇرۇپ ئويۇن تەييارلاپ، قۇمۇل تىياتىرىنى سەھنىگە ئاچىقىپ كەڭ تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، بىر قىسىم نەتىجىلەرنى ياراتقان. قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى ئۆلكىلىك ئۆمەك قۇمۇلدا ئوينىغان نومۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئوينىيالايدىغان سەۋىيىگە يېتىشكە تىرىشقان. «غېرىب - سەنەم» ، «غۇنچەم» ، «زەينەپكە تۆھمەت» ، «رابىيە - سەئىدىن» ، «شاڭخەي كېچىسى» ، «ناچار ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش» قاتارلىق نومۇرلارنى سەھنىدە ئويناپ فېئوداللىق كۆزقاراشلارنى، زالىملىقنى، جاھالەتنى، نادانلىقنى، پارىخورلۇقنى، خىيانەتچىلىكنى كەسكىن پاش قىلغان، قاتتىق قامچىلىغان. ئازادلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى، بولۇپمۇ ئاياللار ئازادلىقىنى، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغان ۋە تەشۋىق قىلغان.

ئايىمخان ئىسمائىل، ئايشەمخان توختىشا، قەمبەرنىساخانلار سەھنىدە رول ئېلىپ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە جەڭ ئېلان قىلىپ جەمئىيەتتىكى خانىم ـ قىزلارنى ئويغاتقان. تىياتىر تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى بىلەن فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە چەك قويۇلغان. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار سانى ۋە قىز ئوقۇغۇچىلار سانى كۆپەيگەن. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ نادانلىق، خۇراپاتلىق ئازايغان.

1938 — 1940 ـ يىللىرى قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى تەرەققىي قىلىپ ئارتىسلارنىڭ سانى كۆپەيگەن، كەسپى ساپاسى ئۆسكەن، كىيىم ـ كېچەك ۋە سەھنە ماتېرىياللىرى تولۇقلانغان. ئەلنەغمىچىلىكتىن كېلىپ چىققان ئەمەت قالتىس، تالىپ خېتىپ، نەمەت بوسۇقلار، ئوقۇغۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان ياش خانىم ـ قىزلاردىن ئايىمخان، ئايشەمخانلار ئۆمەكنىڭ تايانچ مۇزىكانت، ئارتىسلىرى بولۇپ قالغان. ئۇيۇشما ئەزالىرىدىن مىجىت شاھىدى، ئابلانويى، يەھيا ئەلىمى، نامان مۇنۇپ، ئادىلخان، ئابدۇرېھىم ئوشۇرى (ساندۇقچى)، ئابلىمىت نىيازلار ئاددىي سەھنە ئەسەرلىرىنى يازالايدىغان، رېژىسسورلۇق، سوپىلورلۇق قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى، 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمى»، «8 ـ مارت خانىم ـ قىزلار بايرىمى»، 18 ـ سېنتەبىرنى خاتىرىلەش، 7 ـ ئىيۇلنى خاتىرىلەش بايراملىرىدا ئويۇن قويۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان «كۆرەش قىزى» (ل. مۇتەللىپ)، «شاڭخەي كېچىسى» (ئابدۇشۈكۈر يالقۇن)، «ئىپپەت قۇربانى» قاتارلىق ئىنقىلابىي تىياتىرلارنى يۇقىرى ماھارەت، چوڭقۇر ھېسسىيات، ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئويناپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ئالدىنقى سەپكە ئىئانە ـ ياردەم توپلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، «خىيالىي تېۋىپ»، «يالغان سائەتچى»، «جان كىرىپ قاچقان ئالتۇن»، «توغان پالۋان» (نامان مۇنۇپ، يەھيا ئەلىملەر

يازغان) قاتارلىق كىچىك سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىغان. 1939 ـ يىلى ماۋدۇن (شىڭيەنبىڭ)، جاڭجۇڭشى قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلار قۇمۇلدىن ئۆتكەندە قۇمۇل ۋالىيسى ليۇ شىپىڭ ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش كېچىلىكىدە قۇمۇل سانايىنەپىسە ئۆمىكىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ رازى بولغان. 1940 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى بويىچە ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇنىڭغا قۇمۇل سانايىنەپىسە ئۆمىكىمۇ قاتناشقان. قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكىنىڭ قارىمىقىدا ھەرقايسى ناھىيە، يېزا ۋە مەكتەپلەردە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇپ، يېڭىچە ئۇيغۇر تىياتىرى قويۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى. قۇمۇل ئاستانە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ماھمۇت ئەھەدى، يۇنۇس باقى ۋە ئۇيۇشما رەئىسى ھاپىز سالمانلارمۇ سانايىنەپىسە ئۆمىكى قۇرۇپ تىياتىرلارنى ئوينىغان، قۇمۇل سانايىنەپىسە ئۆمىكى ناچار ماددىي شارائىت ئاستىدا يېزا ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يۈزلىنىپ، كۇلۇب، سەھنە چىرىغى، دېكوراتسىيە، كىيىم، گىرىم بۇيۇملىرى، قاتناش قوراللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ئۇلاغ مىنىپ، گازۋاي لامپا ياكى كىرسىن چىراغ ياندۇرۇپ، يېزا ـ چارۋا رايونلىرىدا ئويۇن قويۇپ يېڭى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلار تىياتىرلىرى يېڭى دولقۇنى قوزغالدى. يادىمدا قېلىشىچە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ۋە خەنزۇچە ناخشا ـ شېئىرلارنى ئۆگىتەتتى. مەسىلەن، «سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى بويىدا»، «پىدائىيلار مارشى»، «بىز تەيخاڭشەن تېغىدا»، «جاھانگىرلىككە قارشى ئارمىيە مارشى»، «ئەتە ئۇرۇش بولسا» (سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مارشى)، «ئاخىرقى غەلىبە بىزگە مەنسۇپ»، (ماي ئېيىدىكى گۇللەر)، «18 ـ سېنتەبىر ناخشىسى» قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇن قىلىنغان ناخشىلارنى ئوقۇغاندۇق (مەن

شۇ چاغدا شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇيتتىم. ئىمىن نۇرۇللا شېئىر مۇئەللىمى ئىدى). كېيىن مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار خور ئۆمەكلىرى قۇرۇلۇپ ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار چوڭ خور ئۆمەكلىرىنىڭ مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلدى. يەنە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىق سىنىپلىرى بويىچە ياپونغا قارشى تۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار تىياتىرلىرى ئوينالغانىدى. يۇنۇس روزى، سادىر تۇرشا، ئىمىن ئوسمان، ئابلىز بەھەن، ئېلىياز نىيازلار ئىجابىي ۋە سەلبىي باش روللارغا چىقاتتى. بىز ئادەتتىكى روللاردا ياپون ئەسكىرى روللىرىغا چىقاتتۇق، بەزىدە سەھنە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتۇق. دېمەك، 1940 ـ يىللىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ساداسىغا چۆمگەنىدى.

1940 ـ يىلدىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى «چىن مودەن» درامىسىنى «سەلەي گاس» (گاس كۈيئوغۇلنىڭ قېيناتىسىنى يوقلىشى)، «ئالمىخان»، «ئىستەك ـ ئىستەك» قاتارلىق ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئويناپ چىقتى. يەنە «چىن مودەن» (ئىلى ۋارىيانتى)، «خانلەيلۇن»، «سادىر پالۋان» ناخشىلىرىنى ئېيتتى. شۇ يىللاردا قۇمۇل جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن قادىر ھەسەن، (خاپۇشىڭ)، خايىمىڭ، سەلىموف ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى سانايىنەپىسەگە قاتناشقانلىقى مەلۇم. ئەمەت قالتىس سەلەي گاس رولىغا، ئابدۇرېھىم ھوشۇرى قېيناتا رولىغا چىققانىدى.

قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكىنىڭ خەلق سەنئەتچىلىرى بىلەن ئالاقىسى قويۇق ئىدى. مەڭلىك ئۇستام، ئاقپاشا، ئاخۇنبەگ، يۇنۇس سۇلەت، سەيدۇللا، كىچىك ئاپپاق، داڭ ـ داڭ تۇرسۇن، روزى غىجەك قاتارلىق مۇقامچى، ئەلنەغمىچىلەر ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئىشلىرىنى قوللاپ خالىس ھەمكارلىشىپ تۇرغان. ئابدۇكېرىم ئىمام، ئابدۇرېھىم دادەيلەرمۇ ئۇستا سازەندىلەر بولۇپ، قۇمۇل رايونىدا «غېرىب ـ سەنەم» ناخشىلىرىنى، ئالتەشەھەر ناخشىلىرىنى تارقىتىش رولىنى ئوينىغان.

ئەسلىشىمچە شۇ يىللىرى مىجىت شاھىدى، ئابلانوي، ئادىلخانلار قۇمۇلدىن ئايرىلغان.

1942 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئىلى ھارۋىكەشلىرىنىڭ شىڭشىڭشىيادىن يۇڭ يۈتكەپ قۇمۇلدىن ئۆتكەندە ئېيتقان ئىلى خەلق ناخشىلىرى ئېلى ئاخۇن كۆك كۆزنىڭ ناخشىلىرى، سادىر پالۋان ناخشىلىرى، چىن مودەن، خانلەيلۇن، يارى ـ يارەي ناخشىلىرى قۇمۇل سەھنىلىرىدىمۇ ئېيتىلىدىغان بولدى، خەلق ئارىسىغا تارقالدى.

1944 ـ يىلى ئۇيۇشمىنىڭ چارۋا ماللىرىدىن 500 قوينى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا قۇمۇل خۇاگوسەندە «مىللەتلەر كۇلۇبى» دېگەن بىر تىياتىرخانىنى سالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن تىياتىرلار شۇ كۇلۇبتا قويۇلىدىغا بولدى.

1945 ـ يىلىدىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكىگە ئىبراھىم شاھى، سالى تۆمۈر، مەمتېلى ھاجىيوف، ئابدۇكېرىم رېھىم، چىنتاش قادىر، پاتەم توختىلار قوشۇلدى.

1946 ـ يىلى يولۋاس چۈڭچىڭدىن قۇمۇلغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن ياقۇپبەگ (ياۋ داۋخۇڭ) قۇمۇلنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. شۇ يىللاردا قۇمۇلغا ياش ئۇسسۇلچى ئىبراھىمجان، ياش ئىسكىرىپكىچى نادىرجانلار پەيدا بولۇپ قالدى. كېيىن ئاڭلىشىمچە بۇ ئىككى ئارتىسنى ياقۇپبەگ ئالدۇرۇپ كەلگەنىكەن. ئىبراھىمجان ئايالچە ياسىنىپ ئۇسسۇل ئويناپ بىر مەزگىل قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكىدە داڭ چىقاردى. كېيىن بۇ ئىككى ئارتىس ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

1947 ـ يىلى يولۋاس بىر ئوغلى، بىر جىيەنى، ئىككى نەۋرىسىنىڭ توينى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزدى. قۇمۇلدىكى بارلىق ھەر مىللەت ئەمەلدارلىرىنى، يۇرت چوڭلىرىنى، بايلارنى، مۆتىۋەرلەرنى چىللاپ توينى چوڭ ئۆتكۈزدى. قۇمۇل ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى، مۇقامچىلار، ئەلنەغمىچىلەر بىر نەچچە كۈن ئويۇن قويدى، ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى توختىمىدى. بولۋاس ئىككى قەۋەتلىك «كىچىك ئوردا» سىنىڭ ھويلىسىغا

مەخسۇس سەھنە ياساپ، ئىچكىرىدىن بىر پىئژجۇي تىياتىرى ئۆمىكىنى ئالدۇرۇپ چىقىپ نەچچە كۈن ئويۇن قويدۇردى. بۇ ئۆمەكنىڭ پىئژجۇي تىياتىرىنى قۇمۇل خەلقىنىڭ بىر قىسمى كۆرگەنىدى.

1948 ـ يىلى يازدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئويۇن قويۇپ قايتقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇمۇلدىن ئۆتۈشىدە قۇمۇل گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا ئويۇن قويدى. بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە ياش، داڭلىق ئارتىسلاردىن قەمبەرخانىم، مۇنەۋۋەر خانىم، پەرىدە خانىم، ئايىمنىسا خانىم، خالىدە خانىم، تاجىنىسا خانىملار ۋە روزەك باشى، تاشپولات قاتارلىقلار بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردا مەرھۇم قەمبەرخانىم، ئايىمنىسا خانىملارنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە قەمبەرخانىم شۇ قېتىم قۇمۇلدا «نىمپەدە»، «مۇناجات»، «دىلخاراج»، «بايات»، «جەڭچى قىز» ئۇسۇللىرىنى ئويناپ بەرگەن. ئايىمنىسا خانىم «مىزانگۈل» دېگەن ناخشىنى، تاجىنىسا خانىم تۈركچە «ئاپىرىن» دېگەن ناخشىنى، روزەك باشى راۋاب بىلەن «تاشۋاي»، «ئاتۇشۇم» مۇزىكىسىنى، تاشپولات بىلەن نۇرنىسا «ۋاي جېنىمەي ھېكىم ئاخۇن» دېگەن لەپەرلەرنى ئورۇنداپ بەرگەن. ھازىرمۇ ئېنىق ئېسىمدىكى شۇ ئاخشامقى ئويۇن ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولغانىدى. گەنسۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى ھويلىسىغا، ئىككىنچى قەۋەتتىكى پېشايۋانلارغا ئادەم سىغماي قالغانىدى. ئىشىك ۋە ئۆگزىلەردە قورallىق ساقچىلار مۇھاپىزەت قىلغانىدى. قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى خىزمەتچىلىرى، ئارتىسلار مۇلازىمەت قىلغانىدى. شۇ قېتىمقى ئويۇننى يولۋاس ۋالىيمۇ خوتۇنى بىلەن بىللە كۆرگەنىدى.

1949 ـ يىلى8 ـ ئايدا ئەيسابەگ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئەيسابەگ باشچىلىقىدا لەنجۇغا ھال سوراشقا بېرىپ قايتىشىدا قۇمۇلدا بىر قېتىم ئويۇن قويدى. ئويۇن جۇڭسەن خاتىرە زالىدا قويۇلدى. قەمبەرخانىم ئىلگىرى ئوينىغان ئۇسسۇللىرىنى ۋە ئوفىتسېرلىق كىيىمى بىلەن «جەڭ ئۇسسۇلىنى ئويناپ بەردى. ئازادلىق ھارپىسىدا

ۋەزىيەت جىددىي بولغاچقا، ئۇيۇننىڭ ئانچە قىزغىن كەيپىياتتا قويۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم.

## ئازادلىقتىن 1990 ـ يىللارغىچە

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل سانايىنەپىسە ئۆمىكى ئازادلىقنى زور خۇشاللىق ئىچىدە كۈتۈۋالدى. شىنجاڭغا كىرگەن ئازادلىق ئارمىيە قىسىملىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا ئەڭ ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ ئۇيۇشمىنىڭ سانايىنەپىسە ئۆمىكىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر دۆلەت (ھۆكۈمەت) قارىمىقىغا ئۆتتى. ئۇيغۇر سانايىنەپىسە ئۆمىكى قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ۋالىي مەھكىمە مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەت فاڭجېنى پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىغان بولدى. يەنى سەنئەتنى ئىشچى ـ دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، پارتىيىنى، ماۋجۇشىنى، ئازادلىق ئارمىيىنى، خەلق ئاممىسىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغان ۋە مەدھىيىلەيدىغان يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىش، سەنئەت خادىملىرى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق مەزمۇنلاردىن ئىبارەت بولدى. سەنئەت ئۆمىكى يۇقىرىقى خىزمەت فاڭجېنى بويىچە ئىشلەشكە باشلىدى.

1950 ـ يىلىدىن باشلاپ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 16 ـ دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكى ۋە مىللىي ئارمىيە باتالىئون سەنئەت

ئۆمەكلىرى قۇمۇلدا يېڭىچە ئوپېرا، تىياتىر، كونسېرتلارنى قويۇشقا باشلىدى. «ئاق چاچلىق قىز» ئوپېراسى ۋە مىللىي ئارمىيە تىياتىرلىرى قۇمۇل خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدى. خەلقنى چوڭقۇر ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى ھەربىي سەنئەت ئۆمەكلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۆزئارا ئۆگەندى. كۆپ قېتىم ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئارىسىغا بېرىپ ھال سورىدى.

1950 - يىلى ئەتىيازدا سوۋېت ئۆزبېكىستان، قازاقىستاننىڭ شىنجاڭ خەلقىدىن ھال سوراش بىرلەشمە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ شۆبىسى قۇمۇلغا كېلىپ جۇڭسەن خاتىرە زالىدا ئويۇن قويدى. سارا ئىشەنتۆرىۋا، مۇكەررەم، خىزمەت ئابدۇللىن، ئابدۇللا ئابدۇللىن قاتارلىق داڭلىق ئارتىسلار ئويۇن كۆرسەتتى. قۇمۇل خەلقى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋى تىياتىرلىرىنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ ھۇزۇرلاندى. قۇمۇلدا تېخى توك بولمىغانلىقتىن كىنو دېۋىزىكى بىلەن توك ھاسىل قىلىپ چىراغ يورۇتۇپ بەردى.

1950 - يىللىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ناخشىلارنى ۋە ئاقپاشانىڭ ناخشىلىرىنى پلاستىنكىغا ئېلىپ تارقاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قۇمۇل ناخشىلىرى شىنجاڭ ئاسمىنىدا ياڭراشقا باشلىدى. 1951 - يىللىرىدىن باشلاپ مۇئاۋىن ۋالىي ھامۇتخان، ئىتتىپاق رەئىسى ئابدۇرېھىم ئابدۇللايوف، ئابلىز قادىرلار قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى. تەشكىللىنى تەرتىپكە سالدى. شتات، مالىيە جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ھېسامىدىننى، ئىتتىپاق كومىتېتى شۇجىسى ئويغۇر مۇنۇپنى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمىتىگە ياردەمگە ئەۋەتتى. سەنئەت ئۆمىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش، ئىجارە كېمەيتىش ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ ئويۇن قويدى. 1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكىدىن شاھىدىن گۆھەرى، خالىدەم سەلەي، پاشا ھەسەن،

خالىسخانلار قومۇل سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلدى. قومۇلدىن خەلق ئىچىدىكى ھەۋەسكار سەنئەتچىلەردىن خېدىسخان، خاسىيەتخان، ئالتۇنخان ھەسەنلەر سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى. شاھىدىن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولدى. ئۇ قومۇل خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قومۇل مۇقام، ئەلنەغمە ۋە ناخشا - قوشاقلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى ناخشا تېكىستلىرىنى ئىجاد قىلىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. سەنئەت ئۆمىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ شاھىدىن ئىجاد قىلغان قىسقا تىياتىرلارنى يىراق، چەت يېزىلارغا ئېلىپ بېرىپ قويۇپ، دېھقانلارنىڭ سىنىپىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە چوڭ رول ئوينىدى. سەنئەت ئۆمىكى توغۇچى، دۆربەجىن كەنتىدە ئويۇن قويغاندا ئابلىلىم سوپى ئېزىلگەن دەردمەن دېھقانىنىڭ رولىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئورۇنلاپ، قايغۇلۇق ناخشا ئېيتقاندا كەنتتىكى دېھقانلارمۇ تەڭ يىغلاپ كەتكەنىدى. خېدىسخانىنىڭ ناخشىلىرى، خالىسخانىنىڭ ئوبرازلىق ئۇسۇللىرى، نەمەت بوسۇق، خالىدەملەرنىڭ لەپەرلىرى دەردمەن دېھقانلارنىڭ قەلبىنى يايراتقانىدى.

1952 - يىلى ئابلاجان بىلەن ئالتۇنخان ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۈرۈمچىدىن قومۇل سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئىشلىدى. ئابلاجان «قارايورغا» (قومۇلدا نازىركوم، ئالتە كەپتەر دېيىلەتتى) ۋە بىر قىسىم خەنزۇچە شەكىلدىكى قىزىق ئۇسسۇل - كومېدىيىلەرنى سەھنىگە ئاچىقتى.

1955 - يىلى قومۇل سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى. شاھىدىن، سالى تۆمۈر، ئابلاجان خېدىسخانلار مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى بولۇپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىدى. قالغان ئارتىسلارنىڭ بىر قىسمى باشقا ئىدارە ئورگانلارغا تارقىتىلدى. تالىپ خېتىپ، نەمەت بوسۇقلار ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى.

1956 - يىلى ناھىيىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەككە تالىپ خېتىپ، نەمەت بوسۇقلار يەنە قوبۇل قىلىندى.

مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى يېتەكچىلىك قىلدى. ئىسمائىل ئىبراھىم، شاھىدىن، سالى تۆمۈرلەر بىرلىشىپ «شىڭشىڭشىيا»، «شىشلىشىپ ئويناڭ ئازادە» دېگەن تارىخىي ناخشىنى ئۇسسۇللۇق ناخشا قىلىپ ئىشلەپ چىقتى. ئابلاجان، ئالتۇنخانلار ئۇسسۇل ئوينىدى، نەمەت بوسۇق ناخشىنى ئورۇندىدى. بۇ نومۇر شىنجاڭ يېزا سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كېيىن بۇ نومۇر مەملىكەتلىك ئەلنەغمە سەنئەت كۆرىكىگە تاللىنىپ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. نەمەت بوسۇق شۇ قېتىم ئىبراھىم بارات يېتەكچىلىكىدىكى شىنجاڭ يېزا سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ مۇئاۋىن رەئىس ليۇ شاۋچىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

1956 - يىلى مەمتىمىن، تۇرسۇن سايىت، نىياز كىچىك، ھامۇت مۇسا، ئوسمان، ھاۋاخان، يۇنۇس ئاۋۇت، ھامۇت نەيچىلەر شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ (ھاۋاخان شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن) قۇمۇلغا تەقسىم قىلىندى. 1956 - يىللىرى يوقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە جياڭسۇ ئۆلكىسىدە چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەمگە چىققان مىڭلىغان خەنزۇ ياشلارنى قارشى ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلدى. سەنئەت ئۆمىكى بولمىغان شارائىتتا قۇمۇل مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنى قۇمۇل تۆمۈريول كادىرلار مەكتىپىنىڭ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى، ئۈرۈمچىدىن يېڭى كەلگەن مەمتىمىن قاتارلىق سەنئەتچىلەرنى تەشكىللەپ زور سەنئەت قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ جياڭسۇ ياشلىرىنى (بىر نەچچە تۈركۈم) قايتا - قايتا قارشى ئالدۇق. 1957 - يىلى يازدا سەيپۇل يۇسۇپ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇمۇلغا كېلىپ قىزىل يۇلتۇز تىياتىرخانىسىدا ئويۇن قويدى. قۇمۇل خەلقى ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشانىنى، داڭلىق ئۇسسۇلچى ھاجى راخمانلارنى تۇنجى قېتىم كۆردى. «ئازاد زامان»، «لەيلى گۇل»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ»، «خانلەيلۇن» قاتارلىق ناخشىلارنى،

ھاجى راخماننىڭ تەخسە ئۇسسۇللىرىنى ۋە باشقا سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆردى. 1958 ـ يىلى مەملىكىتىمىز سەكرەپ ئىلگىرىلەش دەۋرىگە قەدەم باستى. قۇمۇلدىكى سەنئەت خادىملىرى ئۈچ قىزىل بايراقنى مەدھىيىلەيدىغان نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ ئويۇن قويۇشقا باشلىدى. خەلق گۇڭشىلىرىغا، پولات تاۋلاش ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويدى. سەنئەتچىلەر بوغاز چۆللۈكىدىكى پولات تاۋلاش مەيدانىغا بېرىپ ئويۇن قويغاندا ياش ناخشىچى خېدىسخان ليۇ خۇلەن، ئاق چاچلىق قىزنىڭ ناخشىلىرىنى خەنزۇچە ئېيتىپ، چۆللۈكتە ناخشا ساداسىنى ياڭراتقانىدى. مەن شۇ چاغدا پولات تاۋلاش مەيدانىدا ئىدىم.

1959 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قادىر جاپپار، ئەمەت جېلىل، ئايەتخان، ئايخان، ئىبادەتخان، رابىيەم، مەريەم سالى، ئايشەم مەنسۇر، ئايىم قۇربان، ئابدۇرېھىم ئابلىلىم، سىدىق ئىمىن، تامارا قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش ھەۋەسكارلار قوبۇل قىلىندى. مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى ۋە باشقا ئىدارىلەرگە يۆتكىۋېتىلگەن ئارتىسلار قايتۇرۇپ كېلىندى. پېشقەدەم ئارتىسلارغا ياشلار قوشۇلۇپ، قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى قايتىدىن جانلاندى. 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئەمدىلا قايتا قۇرۇلغان سەنئەت ئۆمىكى جىددىي تەييارلىق قىلىپ بىر قىسىم نومۇرلارنى تەييارلاپ، كۆرەككە قاتناشتى (شۇ قېتىمقى كۆرەككە مەن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ قىرىق ئادەمنى باشلاپ ئۈرۈمچى خەلق تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتىم). ئۆمىكىمىز يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نومۇرلارنى ئورۇنداپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. «پاختىكار قىز»، «لەۋلىرىڭ بولاي»، «ساماۋەرىم»، «توي ناخشىسى»، «قۇمۇل ناغرا ئۇسسۇلى»، «گۈلبارەي گۈلبار» قاتارلىق ناخشا ـ ئۇسسۇل لەپەرلەرنى؛ خەنزۇ گۇرۇپپىسى «گىگانت بەسەي»، «نىقابلىق مۇنازىرە» قاتارلىق نومۇرلارنى ئوينىغان. قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىدىكى بىر قىسىم ياش ئارتىسلارنىڭ سەنئەت ئاساسى ئاجىز ئىدى.

ئۇلار شۇ قېتىمقى سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ ئەمەلىي تەربىيە ئالدى.

1959 ـ يىللىرى قۇمۇل تىياتىرخانىسى قۇرۇلۇشقا باشلىندى.

1960 ـ يىلى شىنجاڭدىكى 80 كىشىلىك «سۇنئىي ھەمراھ پىگجۇي تىياتىرى»نى قۇمۇلغا يۆتكەپ ئاچىقىپ، پىگجۇي تىياتىرخانىسىدا ئويۇن قويۇشقا باشلىدى. شۇ يىللاردا تۆمۈريولدا قاتناش باشلانغانىدى. تارانچى كۆمۈركانى رايونى قۇرۇلۇپ، ئون مىڭلىغان تۆمۈريول ۋە كۆمۈر كان ئىشچىلىرىغا قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى بىلەن پىگجۇي ئۆمەكلىرى بىرلىشىپ ئويۇن قويۇپ ھال سورايتتى.

1962 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈرۈمچىدە سەنئەت كۆرىكى يەنە ئۆتكۈزۈلدى. كۆرەكتە ئايەتخان قاتارلىق ئالتە قىز ئورۇندىغان ئاياللار كىچىك خورى، قادىر جاپپار بىلەن خالىدەم ئورۇندىغان لەپەر، خېدىسخاننىڭ قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى قىزغىن ئالقىشقا ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنخۇاشى ۋە شىنجاڭ مۇخبىرلىرى خېدىسخان ۋە كوللېكتىپنى زىيارەت قىلىپ ئېلان قىلغان خەۋەر ماقالىلەرنى ۋە سۈرەتلەرنى شىنجاڭ گېزىتىدىن كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولغانىدىم. مەن شۇ چاغدا بېيجىڭدىن تۇرپانغا كېلىپ سوتسىيالىستىك تەربىيىگە قاتنىشىۋاتقانىدىم. شۇ قېتىمقى كۆرەكتە قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭغا تونۇلۇشقا باشلىغانىدى.

1965 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن ھەمراھ خانىم، ئابلىزخان مامۇت، تۇرسۇن ھەسەن، مامۇت سىدىقلار قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كەلدى. بۇ پېشقەدەم ئارتىسلار ئۆزلىرىنىڭ قۇمۇلغا غەيرىي نورمال يۆتكىلىپ قالغانلىقىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىدىكى يېڭى كەسپداشلىرى بىلەن سەمىمىي ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ قۇمۇلنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى.

1966 ـ يىلى يازدا باشلانغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا بىر قىسىم پېشقەدەم ئارتىسلار ئېغىر زەربە يېدى. يەنە بىر

قىسىم ياش ئارتىسلارمۇ روھىي ئازاب چەكتى. سەنئەت ئۆمىكى ئەلەم كۆرۈشى بازىسىغا ئايلاندى...

1970 ـ يىللاردا مەملىكەت بويىچە ئاتالمىش ئۈلگىلىك تىياتىرلارنى ئويناش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندىكى سەنئەت ئۆمەكلىرى، ئوپېرا ئۆمەكلىرى «قىزىل چىراغ»، «قىزىل ئاياللار قوشۇنى» قاتارلىق ئۈلگىلىك تىياتىرلارنى ئويناپ چىقتى. قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىمۇ ئەلەم كۆرۈشى نەتىجىسىدە ۋەيران قىلىنغان ئىشخانا، رەپىتىس زاللىرىنى ياساشتۇرۇپ، سەنئەت قوراللىرىنى تولۇقلاپ «قىزىل چىراغ»، «شاجياباڭ»، «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» ئوپېرالىرىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ سەھنىگە ئاچىقتى. «قىزىل چىراغ» تىياتىرىدا ليۇ يىخې رولىغا نىياز كىچىك، لى ئانا رولىدا ئايخان، تېمېي رولىدا ئايەتخان، جۇسەن رولىدا قادىر جاپپار چىقتى. «شىيا جاباڭ»، «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» تىياتىرلىرىدىمۇ ئاساسلىق روللارغا نىياز كىچىك، ئايخان، ئايەتخان، قادىر جاپپار، ھامۇت مۇسا، تۇرسۇن سايىتلار چىقتى. بۇ تىياتىرلار ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى. ئارتىسلارنىڭ خاراكتېر يارىتىشى، ھېسسىيات ئىپادىلىشى، ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتلەردە خەنزۇچە تىياتىرلاردىن قېلىشمىدى. قۇمۇل پىڭجۈي تىياتىرى ئارتىسلىرىنى قايىل قىلىۋەتتى. بۇ قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تارىخىدا يارىتىلغان مۆجىزە بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، تۇرسۇن ھەسەندەك رېژىسسورنىڭ بولغانلىقى، سالى تۆمۈر، ئابلىزخان مامۇت، ئىسھاق سوپىدەك كومپوزىتورلارنىڭ بولغانلىقى، ئارتىسلارنىڭ قىزغىنلىقى، ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئەنە شۇنداق ياخشى ئوينالغان. ئابلىزخان مامۇت بىلەن سالى تۆمۈرلەر ئۈلگىلىك تىياتىرلارنىڭ تەرجىمە تېكىستلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇمۇل ئاھاڭلىرىغا سالدى. بولۇپمۇ، «لۇڭجياڭغا مەدھىيە» تىياتىرىغا سەپلەنگەن قۇمۇل ئاھاڭلىرى ئىنتايىن سەر خىل ۋە مۇناسىپ بولغاندى. 1974 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۈلگىلىك تىياتىرلار كۆرىكىدە قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى ئوينىغان «لۇڭجياڭغا

مەدەنىيە» تىياتىرى دىققەتكە سازاۋەر بولغان ھەمدە ياخشى باھاغا ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغانىدى. كۆرەكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى ئۈرۈمچىدىكى زاۋۇت، كارخانىلاردا ئون نەچچە قېتىم تىياتىر قويغانىدى. شۇ قېتىمقى قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولغان مەمتىلى (ماچى)نىڭ ئېيتىشىچە قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى ئويۇن قويغاندا سەھنە ئالدىنى نۇرغۇنلىغان ئۇنئالغۇ، ئاپپاراتلار قاپلاپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ناخشا مۇزىكىلىرىدا قۇمۇل ناخشا ئاھاڭ پۇراقلىرى چىقىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تىياتىر سەۋىيىسى ئۆسۈپ تىياتىر ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتتى. بۇ جەھەتتە باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئۆمەكلىرى قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تىياتىر سەۋىيىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولدى.

تارىخىي ئەھمىيەتلىك پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىدىمۇ پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، يالغان، ناھەق ئەنزىلەر تۈزۈلدى. ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە خانىۋەيران بولغان سەنئەت ئۆمىكى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى. پېشقەدەم ۋە ياش ئارتىسلار قايتىدىن ئىتتىپاقلىشىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ بەس - بەس بىلەن سەھنىگە چىقىپ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئۇسسۇل پېشىۋاسى ھەمراھ خانىمنىڭ «ياشلىق باھارى» خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ سەھنىگە چىقىپ پەرۋاز قىلدى. ئۇ خەلق سېغىنىپ كەتكەن «نىمپەدە»، «دىلخاراج»، «تەزە»، «بايات» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى لەرزان ئويناپ خەلقنى ھوزۇرلاندۇردى. خېدىسخان، ئايىمخان، مەلىكە تۆمۈر، ھەنىپە ئابدۇللالار قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى ۋە باشقا يۇرتلارنىڭ ناخشىلىرىنى سەھنىدە قايتىدىن ياڭراتتى. «گۈلنىسا»، «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «غۇنچەم»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ئوپېرا ۋە درامىلىرنى ئارقا - ئارقىدىن ئويناپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ

ئون يىلدىن بۇيان چاڭقاپ كەتكەن يۇرەكلىرىنى قاندۇردى. بۇ تىياتىرلاردا پېشقەدەملەردىن خالىدەم، ئالتۇنخانلار ۋە ياشلاردىن ئايەتخان، ئايخان، ئىبادەتخان، رابىيەم، قادىر جاپپار، ئەمەت جېلىل، نىياز كىچىك، مەمتىمىن، مەخمۇت، هامۇت موسا، تۇرسۇن سايىتلار رول ئېلىپ ئامممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1981 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇريي مەهكىمە سەنئەت ئۆمەككە بولغان ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەسلىدىكى مۇنەۋۋەر سەنئەت نومۇرلىرىنى ئاساس قىلىپ ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىپ «گۈلنىسا»، «ھەسىنىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» دراملىرىنى ۋە «پەريادەي»، «سارىخان»، «قارلىغاچ قارا»، «چىن مودەن خېنىم»، «شېرىنجانلار»، «ساماۋەرىم» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنى، قۇمۇل ناغرا ئۇسۇللىرىنى تېلېۋىزىيىگە تەييارلاپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سەنئەت بۆلۈمىنى قۇمۇلغا تەكلىپ قىلىپ سۈرەتكە ئېلىپ تارقاتتى. شۇ يىللاردا يەرلىك سەنئەت نومۇرلىرى تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلگەنلىرى تولىمۇ ئاز ئىدى. قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، زور غەيرەتكە كېلىپ، يۇقىرى سەۋىيە ۋە يېڭى قىياپەت بىلەن سەھنىگە چىققانلىقىنى ئىپادىلىگەنىدى. قۇمۇل تىياتىرلىرىنىڭ تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەنلىكى ئۆمەكتىكى يازغۇچى، دراممچى، رېژىسسور، كومپوزىتور، دېكوراتور ۋە باشقا بارلىق ئارتىسلارغا زور ئىلھام بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل تىياتىرىنىڭ بەزى ناخشا - مۇزىكىلىرى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇزىكىسى بولۇپ قالغانىدى.

1985 - يىللىرى شاھىدىن گۆھەرى يېزىپ چىققان «چىن مودەن» درامىسى تۇرسۇن ھەسەن، سالى تۆمۈر، ئىسھاق سوپىلارنىڭ رېژىسسورلۇق قىلىشى ۋە مۇزىكىسىنى ئىشلىشى بىلەن سەھنىگە تەييارلىنىپ قويۇلدى. بۇ دراما ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكى تەرىپىدىن ئۆينىلىپ ئالقىشقا ئېرىشتى. 1990 - يىللاردا قۇمۇل تىياتىرى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، باشقا ۋىلايەت رايونلارغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم شەھەرلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى.

1991 ـ يىلى قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكى «ئىز» رومانىنى ئاساس قىلغان چوڭ تىپتىكى زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى ئوپېرا «قانلىق ئىز» (چىراغ ئۇسۇلى) نى ئىشلەپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تىياتىر كۆرىكىدە ئويناپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شاھىدىن گۆھەرى، ئابدۇكېرىم رېھىم، سىدىق ئىمىن، ئايەتخانلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قۇمۇل سەنئەت ئۆمىكىگە رەھبەر ھەم ئارتىس بولۇپ، جاپالىق ئىشلەپ، مۇئەييەن تۆھپە قوشتى. ئىسھاق سوپى، سالى تۆمۈر، مەخمۇت، ئىبراھىم شاھى، ئابدۇرېھىم ئابلىلىم ـ يۈسۈپجان ئەخمىدىلەر قۇمۇل مۇقامى ناخشا مۇزىكىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، بىر قىسىم ئىلمىي نەتىجىلەر ياراتتى. ئەمەت جېلىل، ئىبادەت ئوسمانلار قۇمۇل ئەلنەغمە ئۇسۇللىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ باردى. نازار ئاپتونوم رايون بويىچە ناخشا مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ قۇمۇلغا شەرەپ ئېلىپ كەلدى. ماچىڭشاڭ قۇمۇل خەلق مۇزىكىلىرىدىن تاللاپ تەتقىق قىلىپ زامانىۋى ناخشا مۇزىكا لېنتىلىرىنى ئىشلەپ چىقىپ ئاپتونوم رايون مۇزىكىچىلىقىغا تۆھپە قوشتى. ئۆمەر تالىپ قۇمۇل ئاھاڭلىرىغا تېكىست ئىجاد قىلىپ مەزمۇن جەھەتتە يېڭىلىق ياراتتى. يۇنۇس ھاجى زامانىۋى دېكوراتسىيىلەرنى ئىشلەپ بەردى. ئەركىن سادىر، سادەت ھادى، مەلىكە ئابدۇللا، ئايشەمگۇل، جېلىل، كىچىك ئابدۇرېھىم، ئەخمەت، كىچىك خېدىسخان قاتارلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلار يېتىشىپ چىقتى. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى يەنە بىر تۈركۈم ياش ئارتىسلارنى تەربىيىلەپ بەردى. بۇ ياش سەنئەتكارلار قۇمۇل سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولۇپ قالدى.

# خاتىمە

قومۇل سەنئەت ئۆمىكى 60 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. دېمەك قومۇل هازىرقى زامان تىياتىرى 60 يىللىق تارىخقا ئىگە. قومۇلنىڭ قەدىمكى زامان تىياتىرى تارىخىنىڭ قانچە يىلغا يېتىدىغانلىقىنى هېسابلاش قىيىن. قومۇل هازىرقى زامان تىياتىرىنىڭ تارىخى، قومۇل هازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر قىسمى. قومۇل تىياتىرى قومۇلنىڭ مەدەنىيىتىگە زور تۆهپە قوشتى. قومۇل خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بېيىتتى. نۇرغۇن سەنئەت ئەسەرلىرىنى تارىخىي مىراس سۈپىتىدە قالدۇردى. قومۇل تىياتىرىدا يۈزلىگەن سەنئەتكارلار ئىشلىدى. نەچچە ئونلىغان تالانتلىق سەنئەتكارلار يېتىشىپ چىقتى. 20دىن ئارتۇق سەنئەتكار قومۇل تىياتىر سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىشلەپ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆچمەس تۆهپە ۋە خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. هايات قالغانلار ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قومۇل هازىرقى زامان تىياتىرىنىڭ كەلگۈسى — كېيىنكى تارىخنى يارىتىۋاتىدۇ ۋە يارىتقۇسى.

1997 ـ يىلى، ئۈرۈمچى

# 28. ئاتاغلىق شائىر، داڭلىق ئەدەبىي تەرجىمان دوستۇم مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىنى خاتىرىلەيمەن

ئادەم مەڭگۈ ياشىمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى نامى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ بىزدىن ئايرىلغىنىغا ئون يىل بولدى. بىز بۈگۈن ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى ئىلكىدە، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن پەزىلەتلىرىنى ئەسلەيمىز. مەن بۇ ئەسلىمەنى تەييارلاش جەريانىدا ۋە بۈگۈنكى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقىنىمدا، قەدىناس دوستۇم ئابدۇكېرىم خوجا ھايات چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كۈنلىرىمىز ۋە ئۇنىڭ خۇشخۇي سىماسى كۆز ئالدىمدا باشقىدىن ئايان بولدى.

ئابدۇكېرىم خوجا ئازادلىقتىن كېيىن ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىشىپ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى، مەنمۇ شۇ ساھەدە ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ كەسپى ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىز 40 يىل داۋام قىلىپ، قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ كەلگەنىدۇق. بەختلىك كۈنلەردە بىللە خۇشال بولدۇق، بالايىـئاپەت يىللىرىدا دەردنى تەڭ تارتتۇق. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بىر مەھەل دوستلارنى دۈشمەن قىلىۋەتتى. لېكىن، ئابدۇكېرىم بىلەن بولغان دوستلۇق رىشتىمىز ئۈزۈلۈپ كەتمىدى.

دانالار: «ياخشى دوست ئۈلۈغ خەزىنىدۇر» دەپ توغرا ئېيتقان.

ئابدۇكېرىم خوجا كىشىلەرگە بولغان مۇئامىلىسى قىزغىن، سەمىمىي، خوش چاقچاق ياخشى دوست ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ياخشى پەزىلىتى ئۇنىڭ ئۇلۇغ خەزىنىسى ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقى ئۇنى ياخشى دوستلارغا، تۈگىمەس خەزىنىگە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كەڭ، ھەر مىللەت، ھەر جايدىن بولغان دوستلىرى كۆپ، دوستلۇقى چوڭقۇر ئىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرى ئۇنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىغا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا، چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى دوستلارغا بولغان مۇئامىلىسىدە، يازغان سالام خەتلىرىدە قويۇق ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، ھەتتا ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ھۆسن قوشقانىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاقلىقى كىشىلەرنى جەلپ قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملا كۆرۈشۈپ سۆھبەتلەشكەن كىشى ئۇنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالاتتى. دەرۋەقە، ئۇ ھايات چاغدا بۇ ياخشى سۈپەتلىرى بىلەن ئابرۇيلۇق ئىدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ بۇ ياخشى پەزىلەتلىرى ئېغىزدا ۋە قەلەمدە يادلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ دوستلىرى يازغان مەرسىيە ۋە ئەسلىمىلىرىدە مەرھۇمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئېسىل خىسلەتلىرىنى تەسۋىرلىدى، ۋاڭ مىڭ، ئەيچىڭ، تېيىپجان، زوردۇن سابىر ۋە باشقا يازغۇچىلار ئۇنى «چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان ئابدۇكېرىم خوجا»، «يوقالماس كۈلكە، ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم» دەپ تەرىپلىدى. بۇنداق تەرىپلەشكە نائىل بولماق، خەلق قەلبىگە مايىل بولماق ئاسان ئەمەس!

مەن ئابدۇكېرىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى قىزغىن قوللايتتىم، شېئىرلىرىنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنىڭ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن يېزىلغان شېئىرلىرى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى. ئابدۇكېرىمنىڭ ياخشى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆرگىلى بولاتتى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى تېمىلىرىنىڭ يېڭىلىقى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ روشەنلىكى،

پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ چۇچۇك ـ ئاممىباپلىقى، يۇمۇر، مەسخىرە ـ كىنايىلەرنىڭ جايىدا قوللىنىلغانلىقى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ قەدىناس سەپدىشى، يېتۈك شائىر مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوۋ ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شېئىرلىرىغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ، ئۇنىڭ «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» توپلىمىغا يازغان كىرىش سۆزىدە: «ئا. خوجىنىڭ شېئىرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭلا ئەمەس، خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت كىتابخانلىرىنىڭمۇ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشتى. شۇ تاپتا، 1980 ـ يىلى يازدا پايتەختتە شېئىرىيەت نەشرىياتى ئۇيۇشتۇرغان دېكلاماتسىيە كېچىسى ئېسىمگە كەلدى. شۇ كۈنى، مىڭلىغان شېئىر خۇشتارلىرى جەم بولغان بۇ سورۇندا، ئون نەچچە ئاتاقلىق شائىرنىڭ بىردىن شېئىرى ئوقۇلدى. لېكىن، ئا. خوجىنىڭ شېئىرى ئوقۇلغاندا، ئۇرۇلغان چاۋاك ھەممىدىن كۈچلۈك بولدى ـ دە، تىڭشىغۇچىلارنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۈچ شېئىرى ئوقۇلدى. بىر ئاز سانلىق مىللەت شائىرىنىڭ پايتەخت مۇنبىرىدە ھەممىدىن كۆپ ئالقىشقا ئىگە بولالىشى مېنىمۇ چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى» دېگەنىدى. 1982 ـ يىلى ئابدۇكېرىم خوجا قۇمۇلغا دەم ئېلىشقا كەلدى. قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ باشت ھاپىز قاتارلىق رەھبەرلىرى ئۇنى قالغايتى كەنتىگە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتىم. ئابدۇكېرىم قالغايتىدا ئاممىلا بىلەن دوست بولۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ كەتتى. ئەمەت بوۋا، گايىت شۇجىلارنىڭ قەدىناس دوستى بولۇپ قالدى. ئابدۇكېرىم «ئۈچ قىزىل بايراق» دەۋرى ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ قالغايتى خەلقىگە كەلتۈرگەن ئېغىر كۈنلىرىنى، 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ مول ھېسسىياتقا ئىگە بولدى. سالامەتلىكى بىرئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، بىر قانچە شېئىرلارنى ئىجاد قىلغانىدى. بۇلاردىن: «قوڭغۇراق»، «ساۋاق»،

«تاشنىڭ تەقدىرى» ، «شارلار تېغى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يازغاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇ، كادىرلار ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرى، چاقچاقلىرىدىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئىلھام ئالاتتى. ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىپ: «ئاداش جىم ئولتۇرۇۋالماي چاقچاق قىلىسىلىرا، چاقچاقتىن شېئىرىي پىكىر تۇغۇلىدىكەن، شېئىر پۈتسە ئىككىمىزنىڭ بولسۇن، بىراق قەلەم ھەققىگە كەلگەن پۇلنىڭ پارچىلىرىنى ئۆزلىرىگە بېرەي، پۈتۈن پۇلنى مەن ئالاي» دەپ كۈلدۈرەتتى. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىدا ئەزالارنى يىغىنغا، ئەمگەككە چاقىرىش ئۈچۈن دادۋى ئىشخانىسى ئالدىدىكى قارىياغاچقا بىر قىزىل قوڭغۇراق ئېسىلغانىكەن. مېنىڭ كۆزۈم قوڭغۇراققا چۈشتى ـ دە، ئاغزىمغا بىر چاقچاق كەلدى. ئۇ كۈنى يامغۇر يېغىپ قوڭغۇراقتىن يامغۇر ئېقىۋاتاتتى. مەن ئابدۇكېرىمگە: «قوڭغۇراق ئىشسىز قېلىپ يىغلاۋاتىدۇ» دېدىم. ئابدۇكېرىم خۇشال بولۇپ: «بىر شېئىر پۈتىدىغان بولدى ئاداش» دېدى ـ دە، شۇ كۈنى «قوڭغۇراق» دېگەن شېئىرنى يېزىپ چىقىپ ماڭا ئوقۇپ بەرگەنىدى. «ساۋاق» ، «تاشنىڭ تەقدىرى» ، «شارلار تېغى» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغىمۇ ئىككىمىزنىڭ چاقچاقلىرى ئىلھام بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ يىلى — 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاراتۇرۇك نوم يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە باردۇق. مەكتەپ باغچىسىدا يالغۇز بىر تۈپ ئاپتاپپەرەس ئېگىلىپ يەرگە قاراپ قالغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇنى ئابدۇكېرىمگە كۆرسەتتىم «بۇ ئاپتاپپەرەسنىڭ بويىنى قېتىپ، كۈنگىمۇ، ئايغىمۇ باقمايدىغان بولۇۋاپتۇ، كىمدىن يامانلاپ قالغاندۇ» دېدىم. ئابدۇكېرىم كۈلۈپ كەتتى ـ دە، شۇ ئاخشىمى «كۈتمەن سەندىن جاۋاب» ناملىق شېئىرنىڭ كوپىيىسىنى يېزىپ چىققاندى. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىغا مېنىڭ چاقچاقلىرىم خورۇچ ۋە پۇرۇچ بولۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. ئابدۇكېرىم «ئاندىن گۈزەل» دېگەن شېئىرلىرى ئارقىلىق قالغايتىغا مەدھىيە ئوقۇغانىدى. قالغايتى خەلقى ئۇنىڭ بۇ شېئىرىنى قىيا تاشقا ئويۇپ شائىرنى ياد ئەتمەكتە. مەن ئابدۇكېرىمنىڭ بەزى شېئىرلىرىغا

هەۋەس قىلىپ بىر نەچچە نەزىرەلەرنى يېزىپ كۆرسەتكەنىدىم. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئوقۇپ: «ئۆزلىرىمۇ شائىر بولۇپ قالغۇدەكلا، بىراق شائىر دېگەن ئۆزلىرىدەك ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، بىزدەك كالتە شائىرلار كۈن كۆرەلمەيمىز - دە، شۇڭا ئۆزلىرى يەنىلا شائىرلارنى قوللايدىغان بۇجاڭ بولغانلىرى تۈزۈك» دەپ چاقچاق قىلغانىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان خەتلىرىمىزگىمۇ قىزىق چاقچاقلارنى قوشۇپ يېزىشاتتۇق. بۇ خەتلىرىمىز بىزگە روھىي ئوزۇق بولاتتى. ئۇنىڭ ماڭا يازغان بىر نەچچە پارچە خېتىنى هازىرغىچە خاتىرە قىلىپ ساقلاۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ بىرەر پارچە خېتىمنى تاپشۇرۇۋالسا، كۆپ خۇرسەن بولۇپ قىزىق چاقچاقلار بىلەن جاۋاب يازاتتى. مەن 1973 - يىلى ئۇنىڭغا: «ئىقرارنامە يېزىشقا ئۆگىنىپ قالغان قەلەملىرى، ئىجادىيەتكە ماڭماي ئاۋارە قىلىۋاتامدۇ» دەپ يازغانىدىم. ئۇ 10 - ئايدا ماڭا: «بۇرۇن ھە دېسىلا ئىقرارنامە يېزىشنىلا ئويلاپ كۆنۈپ قالغان بۇ كاللىنى، ئىجادىيەت بابىغا بۇراش ئەمدى مەن ئۈچۈن تەس چۈشۈۋاتىدۇ، قولۇمغا قەلەم ئالساملا قەلىمىمنىڭ ئۆچى ئىختىيارسىز ئىقرارنامە يېزىشقا كېتىپ مېنى ئاۋارە قىلىۋاتىدۇ. . .» دەپ يازغانىدى. ئابدۇكېرىم «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى تەرجىمە قىلىۋاتقان يىللاردا مەن ئۇنىڭغا: «ئاداش يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتاملا» دەپ خەت يازغانىدىم. 1975 - يىلى 1 - ئايدا ئابدۇكېرىم ماڭا: «‹قىزىل راۋاقتا› چىقىۋېلىپ «چۈش» كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتىم، ئەگەر تېنىم جېنىمغا ئوبدان مېھمانخانا بولۇپ بېرەلىسىلا، مەزكۇر ‹چۈش› يەنە بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلىشىپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ يازغانىدى. مەن ئۇنىڭ سالام خەتلىرىنى سۆيۈنۈپ ئوقۇپ ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرگەندەك بولۇپ قالاتتىم.

ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمىزدا سۆھبەتلىرىمىز يۇمۇرلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتەتتى، تېيىپجان قاتناشقان سورۇنلار تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. لەقەمگە دارتىملاپ قىلىنغان چاقچاقلار تېخىمۇ

كۆڭۈللۈك بولاتتى. مەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا چىقىپ ئابدۇكېرىم خوجىنى يوقلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. مەن ئۇنىڭغا دەرد - ئەھۋالىمنى ئېيتىۋالماقچىدىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چاقچاق بىلەن بەزلىگەنىدى: «ئۆزلىرىنىڭ قۇمۇلدا ئېگىز قالپاق كىيىپ بازارغا چىققانلىرىنى بىز ئۇلانباي كادىرلار مەكتىپىدە تۇرۇپ كۆرۈۋالدۇق. ئېگىز بويلىرى تېخىمۇ قامەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ. . .» دېدى. ئۇ يەنە: «ئاغىنە دېگەن ئۆزلىرىدەك كۆتۈرۈشلۈك بولسا ياخشىكەن، ئۆزلىرىنىڭ مېنىڭ يۈكۈمنىمۇ كۆتۈرگەنلىرىگە رەھمەت» دېدى. شۇ چاغدا، تېيىپجانمۇ بار ئىدى. ئۇ: «ئابلىزنى سالجا شوراپ ئاۋارە قىلغان گەپ» دېدى. ئابدۇكېرىم دەرھال: «سەن بولساڭ سالجىنى يالاپلا بىر تەرەپ قىلاتتىڭ» دېدى - دە، ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتكەنىدۇق. مەن بىر قېتىم يازدا ئابدۇكېرىمنى يوقلاپ بارسام، ئۇلار ھويلىسىدىكى گۈل - گىياھلىرىنى پەرۋىش قىلىۋېتىپتىكەن. تېيىپجان مېنى كۆرۈپ قېلىپ: «ئابلىزنى تونۇۋېلىڭلار، قاپاق - باراڭنى خازان قىلىۋەتمىسۇن» دېدى. ئابلىز نازىرى، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىقلار كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن تېيىپجانغا: «سىلى بار يەردىمۇ گۈل - گىياھلار ئامان تۇرىدىكىنا» دېدىم. ئۇ «مەن بولمىسام ئابدۇكېرىم يىگلەپ قالىدۇ» دېدى - دە، ھەممىمىز بىر پەس كۈلۈشۈپ ھۇزۇرلانغانىدۇق. يەنە بىر بارغىنىمدا ئابدۇكېرىم تېيىپجان بىلەن شاھمات ئويناۋېتىپتىكەن.
ئابدۇكېرىم: «شاھماتتا ئات بار ئىكەن، بىراق ئابلىز يوق ئىكەن» دېدى.
تېيىپجان: «ئابلىز ئورۇق بولسىمۇ ئاتتىن يوغان - دە» دېدى.
ئابدۇكېرىم: «تېيىپجانمۇ شاھماتتا يوق، لېكىن يىلنامىدە ئورنى چوڭ، يىل بېشى بەقەر كەلسە، جاھان ئەلۋەكچىلىك بولىدۇ، دەيدىكەن» دېدى.
تېيىپجان: «قايسى قاباق باشنىڭ گېپىكەن ئۇ؟ قانچە يىل بېشى ئۆتتى. جۇتچىلىك بولىۋەردىغۇ؟» دېدى. ئابدۇكېرىم: «يەنە تاپتىن چىقتىڭىز ئاداش» دېدى. ئارقا - ئارقىدىن چاقماقتەك تېز ئېيتىلغان ھازىر جاۋاب چاقچاقلارنىڭ كۈلكە سادالىرى يازغۇچىلار قورۇسىنى بىر ئالغانىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا ھايات ـ مامات مەسىلىسىگە ناھايىتى توغرا قارايتتى. دوختۇر ئۇنىڭ راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى تويۇقسىز ئۇقتۇرغاندا، ئۇ ئۇنچىۋالا ھودۇقۇپ كەتمىگەن. مەن ئۇنى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارسام ئۇ ماڭا: «بۇ دوختۇرلار كېسەلنىڭ كۆڭلىنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، رېتسېپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. خۇددى سېيىت نوچىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆز قولىغا بەرگەندەك ئىش قىلدى . . . ئۆلمەيدىغان كىم بار، ھەر كىم ئۆلگىچىلا ياشىيالايدۇ. گەپ ئەزرائىلنىڭ بەك بالدۇر كېلىۋالغانلىقىدا. . . » دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز كېسىلىگە تۇتقان ئىلمىي پوزىتسىيىسى، چىدامىلىق، بەرداشلىق بېرىش روھى دوختۇرلارنى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

1987 ـ يىلى تېيىپجاننىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى يوقلاپ بارغانىدىم. ئابدۇكېرىم تېيىپجاننىڭ ياتىقىدا ئىكەن. ئۇلار ئىككىسى مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا چاقچاقلىرىنى باشلىۋەتتى. تېيىپجان: «ھېلىراقتا كولدۇرمىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغانىدى» دېدى. ئابدۇكېرىم: «تېيىپجاننىڭ سېزىمى يۇقىرى، پۇراپلا بىلىۋالىدۇ» دېدى. كۈلكە ئىچىدە ئەھۋاللاشقانىدۇق. ئۇلارنىڭ كېسەللىرى ئېغىر بولۇپ، تەنلىرى ئاجىزلاپ، ناھايىتى ياداپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئابدۇكېرىم يەنە چاقچاق بىلەن: «ئاداش ئۆزلىرى تېيىپجاندىن خاتىرجەم بولسىلا، ئۇنىڭ ئۆپكىسى بىزنىڭكىدىن يوغان بولغاچقا بىر قىسمىنى كېسىۋېتىدىغان بولدى» دەپ ئۇزاتقانىدى. ئابدۇكېرىم خوجا ئائىلىسى يەنئەن يولىدىكى يازغۇچىلار قورۇسىغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئايالىم بىلەن ئۇلارنىڭ يېڭى ئۆيىنى مۇبارەكلەپ باردۇق. ئابدۇكېرىم بىزگە چاقچاق قىلىپ: «ئىلگىرىكى ئۆيىمىز بازارغا يېقىن، مازارغا يىراق ئىدى. ئەمدى بازارغا يىراق، مازارغا يېقىن جايغا كۆچۈۋالدۇق» دەپ بىزنى كۈلدۈرگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان قارىشى ئىلمىي بولغانلىقتىن ئۇنى 10 يىل ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى دېيىشەتتى. ئۇ، ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى

ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى. ئۇ، ئۆمۈر مەنزىللىرىنى دادىل، مەنلىك باستى، چەكلىك ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ھارماس تۇلپاردەك چاپتى. ئۇ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى كېسەل يىللىرىدا يازدى. ئۇنىڭ تۆھپىلىرى تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ!

1998 - يىلى 3 - مارت، ئۈرۈمچى

# 29. مەشھۇر ئالىم، ئەدىب مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن

خەلق ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋاپاتىنى «ساقىغان يۇلتۇز»غا، «ئۆچكەن نۇرلۇق چىراغ»قا ئوخشىتىدۇ. زامانىمىزدىكى ئالىم، مەشھۇر يازغۇچى، شائىر، خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلانى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خەلق ئۆزىنىڭ مەرھۇمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ ئەنە شۇنداق سۈپەت سۆزلىرى بىلەن تەزىيە خەتلىرى ۋە مەرسىيىلەر يازدى. دەر ھەقىقەت، مەرھۇمنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق يازغانىدى:

ئومۇر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار، ھەر باسقان قەدەمدە بىر ئىزىڭ قالار.
ماختان، خاھ ئۆكۈن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

خەلق ئۆزىنىڭ مەرسىيىلىرى ۋە ئەسلىمىلىرى بىلەن مەرھۇمغا ئەڭ ئادىل ھۆكۈملەر يازدى . . .

رۇسىيە شائىرى نىكراسوف «دوبروليۇبوپنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن شېئىرىدا:

«ئۆچتى ئەمدى شۇنچە نۇرلۇق بىر پاراسەت چىرىغى، توختىدى شۇنچە ئۇلۇغۋار بىر يۈرەكنىڭ ھەرىكىتى» دەپ يازغان. 1895 - يىلى لېنىن بۇ مەشھۇر بېغىشلىمىنى فىرىدرىخ ئېنگېلسنىڭ ۋاپاتىغا نەقىل كەلتۈرگەن. دەرۋەقە ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ۋاپاتى نۇرلۇق پاراسەت

چىرىغىنىڭ ئۆچۈشىگە، ئۇلۇغۋار يۈرەك ھەرىكىتىنىڭ توختىشىغا ئوخشايدۇ. بۇ تەرىپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىگىمۇ مۇناسىپ كېلىدۇ. ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى يولىدىكى ۋە ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى تەرەققىياتى يولىدىكى پاراسەتلىك نۇرلۇق چىراغ ئىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى خەلق ئۈچۈن تىنىماي سوققان ئۇلۇغۋار يۈرەك ئىدى. بۇ چىراغ ئۆچۈپ، يۈرەك سوقۇشتىن توختاپ سانسىزلىغان يۈرەكلەرنى لەختە - لەختە قىلدى. سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان ئەيلىدى . . .

ياش چاغلىرىمدىلا مەن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ مۇبارەك نامىنى كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئوتلۇق شېئىرلىرىنى ئوقۇغانىدىم. 1942 - يىلى قىش پەسلىدە شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىدىن قۇمۇلغا ئەۋەتىلگەن نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپلىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش ئۆمىكى قۇمۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتىپىگىمۇ كېلىپ ئىمتىھان ئالدى. نەتىجىسى ياخشى بولغانلارغا مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بېرىلدى. مۇكاپات بۇيۇمى ئىچىدە «خانتەڭرى» ناملىق قىزىل مۇقاۋىلىق بىر چوڭ ژۇرنال بار ئىكەن. ئۇنىڭغا ئابدۇرېھىم تىلەشۈپ ئۆتكۈرنىڭ بىر پارچە ئۇزۇن چاچما شېئىرى بېسىلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا مەن زور قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى ئوقۇغانىدىم. 1943 - يىللىرى بولۇشى مۇمكىن، روزى ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قۇمۇل شەھەر سۇقوۋۇق ئالدىدا ناغراخانا ياسالدى، ناغرا - سۇناي ساداسىغا ئۇسسۇل قوشۇلۇپ مەيدان تازا قىزىغاندا سۇر رەختتىن يارىشىملىق كاستيۇم - بۇرۇلكا، قارا خۇرۇم پەتىنكە كىيگەن، قولىغا فوتو ئاپپارات ئېلىۋالغان قارا قاش، ئاق يۈزلۈك كېلىشكەن بىر يىگىت كەلدى - دە، ئاپپاراتىنى مەشرەپ مەيدانىغا توغرىلىدى. بىر پەستىن كېيىن ئادەملەر توپى ئۇنى ئارىغا ئالدى، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشەتتى. مانا بۇ سالاپەتلىك زات ئۆتكۈر ئەپەندى ئىدى! ئۆتكۈرنىڭ شۇ قېتىم قۇمۇلغا كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن مەن چوڭلاردىن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىزنىڭ

مەھەللىگە قوشنا سۆكچۈكلۈكلەر مەھەللىسىدىن ئىكەنلىكىنى، ئۆتكۈرنىڭ دادىسى ئوسمان ھاجى، چوڭ تاغىسى ئىسمايىل ھاجىلارنىڭ دادام بىلەن ئاغىنىدارچىلىقى بارلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ سودا تىجارىتىدە ھەمكارلاشقۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇ چاغلاردا، يەنە ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ شەھەر ئىچى باشلانغۇچ قىزلار سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى خەلىچىخان بىلەن توي قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. 1956 - يىلى مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا چىقتىم. بىر كۈنى ئابدۇكېرىم خوجايوف ۋە ئەخمەت قۇربانلار بىلەن نەنمېن كوچىسىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا ئۆتكۈر ئەپەندى ئۇچراپ قالدى. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەن تۇنجى قېتىم بۇ قەدىرلىك ئەدىب بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۇزۇنغىچە دىدارلىشالمىدۇق. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇشكۈلچىلىكلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردۇم.

1974 - يىللىرى بولسا كېرەك، يولداش ئابلا ھوشۇر ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغا كەلگەندە «قەشقەر كېچىسى» نىڭ قول يازمىسىدىن پارچىلار ۋە «ئىز» شېئىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. قۇمۇلدىكى زىيالىيلاردىن نەچچەيلەن ئۇنى مەخپىي ھالدا ئوقۇشۇپتۇ، ئۇنى ئاڭلاپ مەنمۇ بۇ قول يازمىلارغا قىزىقتىم ۋە ئۇنى ئوقۇدۇم. بىراق، ئاپتورى ماڭا نامەلۇم ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە ئەينى چاغدا ھەممە ئادەم يۈرەكزادە بوپكەتكەن، شۇ تار زاماندا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى قايرىپ قويۇپ، مىللەتنىڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېگەن ئاشۇ ئاپتورنىڭ يازغانلىرى قەلبىمنى قاتتىق ھاياجانغا سالغانىدى... پەقەت 1976 - يىلى ئا • خوجايوف قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىنلا ئۇ قول يازمىلارنىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇ ھامان كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ يارقىن ئوبرازى ھەمدە نۇرلۇق سىماسى گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ «ئىز» شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلغان مەردانە ھەم جاراڭلىق ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلىدى!

شۇ يىلى (1976 - يىلى) 6 - ئاي مەزگىللەردە ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ قۇمۇلغا كەلدى. ئاتاقلىق تىلشۇناس غولام غوپۇرمۇ بېيجىڭدىن قۇمۇلغا كەلدى. ئىرادە بىلەن يۇرتىمىزنىڭ ئۈچ نەپەر كاتتا زىيالىيسى ئانا دىياردا جەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆي - ئۆيلەردە ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار بىلەن زىيالىيلىرىمىز ھەمسۆھبەتلەردە بولدى. بۇ ئەدىبلەر سۆھبەتلىرى ناھايىتى ئىلمىي، يۇمۇرلۇق، مەزمۇن - تېمىلارغا باي بولىدىكەن. ئۇلار قۇمۇلنىڭ تارىخىنى، قەھرىمانلار تارىخىنى رومان، داستان ياكى شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، قۇمۇل خەلق فولكلورىنى ۋە قۇمۇل خەلق 12 مۇقامىنى توپلاش، رەتلەش، مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش، قۇمۇل ئۇيغۇر تىلى - شېۋە، دىئالېكتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قۇمۇلنى تونۇتۇش مەقسەت قىلىنغان كەڭ مەزمۇنلاردا قىزغىن پاراڭلىشاتتى. ھەتتا بەزى سورۇنلاردا ئېيتىلىۋاتقان بېيىتلارنىڭ مەنىسى، بەدىئىي قۇرۇلمىسى، ئىلمىي ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە بۇ ئەدىبلەر سۆزلىشىپ كەتسە ھېپىزلار ناخشا - مۇزىكىلىرىنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ كېتەتتى. كەمتەرلىك ھەقىقەتەن بۈيۈك خىسلەت. ئۆتكۈر ئەپەندى تولىمۇ كەمتەر ۋە ئالىيجاناب ئادەم ئىدى. ئۇ شۇنچە بىلىملىك بولسىمۇ، ھەرگىز بىلەرمەنلىك، مەمەدانلىق قىلمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى، سۆزلىرىدە كەمتەرلىك بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ ھەر قېتىم فارابى، نەۋائى، شەيخ سەدى، سەككاكى ۋە ئۆمەر ھەييام، مەخمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، دۇفۇ، لى بەي ... قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ سۆز - دۇردانىلىرىدىن نەقىللەر كەلتۈرەتتى، سورۇندىكى ئۇلپەتلەر ئۇنىڭ شائىرانە سۆزلىرىنى بېرىلىپ تىڭشايتتۇق. بۇ سۆھبەتلەر گەرچە خۇسۇسىي پائالىيەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا داخىل بولغان زىيالىيلىرىمىز بۇنىڭدىن زور ئىلھام ۋە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولاتتى ...

1978 - يىلىنىڭ ئاخىرى سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدىن

ئالىملىرىمىزنىڭ شۇ قېتىملىق قۇمۇلدىكى ئۇچرىشىشى ۋە سورۇنلاردىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر سىياسىي مەسىلە دەپ قارالدى ھەم تەكشۈرۈلدى، بۇ سۆھبەتلەرگە قاتناشقانلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىگە «گۇناھ» ئارتىپ پىپەن قىلىندۇق . . . ئۇچ نەپەر ئەدىبىمىزنىڭ كۆڭلى ئازار يېدى . . . ئاپەتلىك يىللار ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئالىم، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى تەقەززا بولۇۋاتقان كەڭ كىتابخانلىرى بىلەن دىدارلاشتى. ئۇلار قۇمۇلنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تارىخ، تىل تەتقىقاتى ساھەسىدىكى خىزمەتلىرىنى قىزغىن قوللىدى ۋە يېقىن ياردەمدە بولدى. ئۇلارنىڭ تۈرتكىسى ۋە ياردىمى نەتىجىسىدە قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەسلەپكى قەدەمدە توپلاندى. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلدى. ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «خۇشلۇقىم»، «خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىڭ» ناملىق شېئىرلىرى، ئا . خوجايۇفنىڭ «چېچەك»، «قىلدىلا»، غولام غوپۇرنىڭ «پەرھاتنى كۆردۈم» ناملىق شېئىرلىرى ھەمدە تېيىپجان ئېلىيۇفنىڭ «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرى» ناملىق ماقالىلىرى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ دەسلەپكى سانلىرىغا بېسىلىپ ژۇرنالنىڭ شۆھرىتىنى كۆتۈردى. ئۆتكۈر ئەپەندى ئەينى چاغدا، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «قۇمۇل چېچەكلىرى»گە تەلمۈرۈپ كۆزىمىز تېلىپ كەتتى. ئىلتىماسىم شۇكى، ژۇرنالنىڭ بىرىنچى ساندىن جىقراق چىقىرىپ بەرسىلە، بۇ يەردە قەلەم ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىشقا ۋە مۇشتەرى توپلاشقا لازىم بولىدۇ . . .» دەپ يازغانىدى. دېمەك، بىزنىڭ پېشقەدەم پەخرىمىز مەزكۇر ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە، ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بۆلگەنىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى 1980 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يازغان بىر پارچە خېتىدە ماڭا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: «ئېيتار سۆزۈم شۇكى، پېقىرلىرى كۈندىلىك خىزمەتلەردىن سىرت «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشىش ئالدىدا تۇرىمەن. چەت ئەل تىلىدىكى بەزى ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئەمما،

قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىن توپلانغان ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز. مەلۇمكى، قۇمۇل ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي بىر دىيار. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىردىن تارتىپلا قۇمۇلغا دائىر بەزى يازما خاتىرىلەر بار. شۇڭا، قۇمۇل شېۋىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى مۇھىم تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئىسلام تەسىرىنىڭ قۇمۇلغا كېيىن كىرگەنلىكى قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئالاھىدە بىر شېۋە بولۇپ قېلىشىغا بىۋاستە سەۋەب بولغان. قۇمۇل شېۋىسى ئوبدان تەتقىق قىلىنسا، ئومۇمىي ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن ئىلمىي ئاساسلار يارىتىلىشى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى دەپ ئويلايمەن. بۇ ھەقتە، ماتېرىيال قىس بولغانلىقتىن ھەر بىرلىرىنىڭ سەمىمىي ۋە ئەمەلىي ياردەملىرىگە موھتاجمەن. بۇ يىل يازدا ئەنە شۇ تەتقىقات مەقسىتى بىلەن قۇمۇلغا بېرىشىم مۇمكىن. ئەگەر ئىرادە نېسىپ بولۇپ، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا ناھايىتى ئوبدان بولاتتى. ئەمدى مېنىڭ كونكرېتنى ئىلتىماسىم شۇكى، ھەربىرلىرى بۇ جەھەتتە ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشسىلا. بۇنىڭ ئۈچۈن، قۇمۇل خەلق ماقال - تەمسىللىرى، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە قۇمۇل شېۋىسىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ بېرىشلىرىنى، بۇ ئىشقا ھازىردىن باشلاپ جىددىيراق كىرىشىپ، مۇمكىنقەدەر ئۇدۇللۇق يوللاپ بېرىشلىرىنى سورايمەن ...»

ئابلا ئەخمىدى ، ئوسمان تۆمۈر، ئابدۇرېقىپ تۆمۈر، ئابدۇكېرىم رېھىم قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك يولداشلار ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ سەمىمىي تەلەپلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن مۇزاكىرىلىشىپ، ھەممىمىز ۋەزىپە تەقسىم قىلىۋالدۇق ھەمدە ئەپەندىمنىڭ تەلەپلىرىنى كۈچىمىزنىڭ يەتكىنىچە ئورۇنلىغاندۇق، ئەپەندىم بۇنىڭدىن قەۋەتلا رازى بولۇپ، كېچىكتۈرمەيلا خەت ئارقىلىق بىزگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتقانىدى.

1982 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن

ئالدىن ئالاقىلىشىپ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ قۇمۇلغا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇ قېتىم، ئابدۇكېرىم خوجايۇفمۇ رەپىقىسى بىلەن بىللە قۇمۇلغا كەلگەنىدى. بىز بۇ قەدىرلىك مېھمانلارنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ئالاقە قەغىزىگە ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن دەم ئېلىپ داۋالانغاچ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمە، يەشمىسىنى ئىشلەپ نەشرگە تەييارلاشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپە ئىشلەيدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىشى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۆيدە — ئەينى يىللاردا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ۋاقىتلىق بازىسى بولغان تاراتى كەنتىدە باشلاندى (بۇ ئىشنىڭ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا ھېس قىلماپتىكەنمەن). تەخمىنەن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ يازغان ئالەمشۇمۇل ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ توققۇز ئەسىردىن كېيىن يەنە بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن قايتا نەشرگە تەييارلىنىشى يەنە كېلىپ بىر ئەلەمدار قەھرىماننىڭ ئاددىي ئۆيىدە نەزمەئى يەشمىسىنىڭ ئىشلىنىشى ... شۇنداق، بۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسقانلىق بولىدۇ! ئۇن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىز ئەپەندىمنى ھەم قالغايتىدىكى ئابدۇكېرىم خوجايۇفنى يوقلاپ چىقتۇق. شۇ كۈنى تاراتى تېغىنىڭ ھاۋاسى ئوچۇق ئىدى. دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ بويىدا ئەپەندىمگە ئۈستەل - ئورۇندۇق تەييارلاپ بېرىلىپتۇ. ئالىم كۆزەينەك تاقىغان ھالدا كىتاب، قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدە ئولتۇرۇپ قاتتىق ئىشلەۋاتقانىكەن، ئۇ بىزنى كۆرۈپلا قىزغىن سالاملاشتى. تاغنىڭ ھاۋاسى ئۇنىڭغا خېلىلا ياراشقاندەك قىلاتتى. مەن خۇشاللىقىمدا چاقچاق قىلىپ: «ئۆتكۈر ئاكا، نېمىلا دېگەن بىلەن ئانا سۈتىدەك شىپالىق دورا يوق ئىكەن، جۇمۇ» دېدىم. ئالىممۇ دەرھال جاۋاب بېرىپ: «ئەسلىدە ھەرئىككىمىزنىڭ ئېمىدىغان سۈتلىرىمىز بىر ئىكەن ئەمەسمۇ» دېدى، تاغ باغرىدا قاتتىق كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئۆتكۈر ئەپەندى سالامەتلىكىنىڭ

ياخشىلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە رازىمەنلىك بىلەن سۆزلىدى ھەمدە ئون نەچچە كۈن ئىچىدىلا بىر نەچچە يۈز مىسرا نەزمىنى يېشىپ بولغانلىقىنى؛ ئۇ يەنە ھاۋا ئوچۇق بولسا مۇشۇ غولدىكى سۇ بويىدا، يادا - يامغۇر بولۇپ قالغان كۈنلەردە كىگىز ئۆيدە ياكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ كېسەك تاملىق ئۆيىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا سۆرەن - شاۋقۇنسىز تىنچ ماكاندا ئىش ئۈنۈمىنى ھەقىقەتەن يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى سۆيۈنۈپ تۇرۇپ يەنە ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

بىز ئۈچىنچى قېتىم تاراتىغا ئۈنى يوقلاپ چىققاندا 13 مىڭ 290 مىسرالىق بۇ ئالەمشۇمۇل داستاننىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يەشمىسى ئىشلىنىپ قولدىن چىقىپ بولغانىدى. ئۆتكۈر ئەپەندىم 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا ۋەزىپىسىنى تۈگىتىپ، ۋىلايەتلىك مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىرىگە كۆپ رەھمەتلەر ئېيتتى. ئۇنىڭ ھاياجان ئىچىدە دېگەن گەپلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېلىمۇ ئېسىمدە:

— بۇ قېتىم قۇمۇلغا كەلگىنىم ناھايىتى ياخشى بولدى. ئەسلىدە مەن ئۈچتۇرپانغا ياكى ئىلى تەرەپلەرگە بارايمىكىن دەپ ئويلىغۋىدىم، بىراق يۇرتنى سېغىنىش ھېسسىياتى ھەممىدىن غالىب كەلدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە تاراتى خەلقى ماڭا كۆپ غەمخورلۇق قىلدى، ياردەم بەردى. مەن يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن!

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئابدۇكېرىم خوجايۇف قالغايتىدىن قايتىپ كەلدى. بىر كۈنى بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تەلىپى بويىچە تۆمۈر خەلىپىنىڭ يۇرتى قوراي يېزىسىغا بارماقچى بولدۇق. يېزىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرلىرى شائىر بىلەن ئالىمنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىز ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، خەلق تۇرمۇشى توغرىسىدا ئەھۋاللاشتۇق. بىر چاغدا، ئۆتكۈر ئەپەندى سىرتقا چىقىپ قوراي يېزىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىگە يىراقتىن نەزەر تاشلىدى. ئۇ نەچچە تال تاماكا چېكىپ بولغۇچە خىيال سۈردى . . . قوراي رايونى خۇددى غايەت سېپىل بىلەن ئورالغان ئۈزۈنچاق شەھەرگە ئوخشايتتى. تۆمۈر خەلىپە بۇ يەرنى

جەڭگاھ قىلىپ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن . . . يازغۇچىمىز كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ بىراق بۇنى سورىغىلى بولمايتتى. بىز نەچچىمىز چەتتە تۇرۇپ ئۆتكۈر ئەپەندىمگە دىققەت قىلاتتۇق، بىراق ھېچقايسىمىز گەپ قىلىشقا پېتىنالمايتتۇق، پەقەت تاماق ۋاقتى بولغاندىلا ئۇ سىرتتىن قايتىپ كىردى. قىزيا (قىزىل يار)غا كەلگەندە ئۇ يەنە ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى . . . ئۇنىڭ كاللىسىنى چوڭقۇر ئوي - خىياللار چىرمىۋالغان بولۇپ، چىرايىدىكى جىددىيلىككە قاراپ ھېچكىم پاراڭ باشلاشنى ياكى چاقچاق باشلاشنى خالىمايتتى. ماشىنا توپا - چاڭ توزۇتقىنىچە تاغ يولىدا كېتىۋاتاتتى. تۆرۈك ئېغىزىغا بېرىپ ئويمانلىققا چۈشۈشتىن ئىلگىرى ماشىنا يەنە توختىدى. ئۆتكۈر ئەپەندىم ماشىنىدىن چۈشۈپ ئەينى يىللاردا قانلىق جەڭ مەيدانى بولغان ئاقچۇق سېيىنى كۆردى، يىراقتا ئاقچۇق تۇرا كۆرۈنەتتى. ئۆتكۈر ئەپەندىم يەنىلا سالماق قىياپەتتە ئۇزاقتىن ئۇزاق سايغا نەزەر تاشلىدى . . .

دېمەك، ئۇ قۇمۇل رايونىدىمۇ مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىپ ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ئالىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەييارلاش ئەمگىكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا زور شان - شەرەپ ئېلىپ كەلگەن «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكىنى ئىگىلەش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشتەك جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇمۇل رايونىدا ئىشلەندى.

تۆمۈر خەلپىگە «گۈمبەز» قوپۇرۇش ئاپتورنىڭ بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى غايىسى ئىدى. 1936 - يىلى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن ئابدۇكېرىم ئاbbاسوفلار ئۈچتۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە بىللە ئوقۇشقا كەلگەندە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ھوزۇرىدا بولغان. خوجىنىياز ھاجى تۆمۈر خەلپىگە گۈمبەز كۆتۈرۈش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقان. خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇ ياخشى نىيىتى بۇ ئىككىيلەننىڭ ياش قەلبىدىن ئورۇن ئالغان. ئۆتكۈر ئەپەندىم مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەپسۇسكى، بۇ گۈمبەزنى قوپۇرۇشقا

خوجىنىياز ھاجىنىڭمۇ، ئاباباسوفنىڭمۇ ئۆمرى يار بەرمىدى. يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا تۆمۈر خەلىپە قەبرىسىمۇ ئىزسىز يوقىلىپ كەتتى. ھېلىقى بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك، تۆمۈر خەلىپە ئۈچۈن بىر گۈمبەز قوپۇرۇش كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئىشى ئىدى. تاش - توپا ياكى پولات - بېتوندىن ئەمەس، ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بىلەن قوپۇرۇلغان گۈمبەزلا ھەر قانداق بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان گۈمبەز بولالايتتى»، «ئۆزۈمنىڭ ناتىۋانلىقىغا قارىماي شۇنداق گۈمبەزنى قوپۇرۇش نىيىتىدە بىر قانچە يىللار ئىزدەندىم، ئۆگەندىم، يىغدىم ۋە يېزىشقا كىرىشتىم. بىراق، يازغانلىرىمنى «ئون يىللىق جۇت» شىۋىرغانلىرى ئۇچۇرۇپ كەتتى، قەلىمىم سۇندى...»

يېڭى باھار كېلىشى بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندىم يېڭىچە روھ ۋە يېڭى قەلەم بىلەن غايەت زور ئىككى مەنىۋى گۈمبەزنى قوپۇرۇپ مەڭگۈلۈك خاتىرە قالدۇردى، ئۇ يېرىم ئەسىر ئىلگىرى قەلبىگە پۈككەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يەنە قۇمۇلغا كېلىپ مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا دوكلات بەردى. «قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابقا كىرىش سۆز يازغان، ھەم «قوغۇن يۇرتىدا مۇقام ناۋاسى» ناملىق تېلېۋىزىيە سىنارىيىسىگە قىممەتلىك پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەنىدى... ئالىمنىڭ بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ قۇمۇلدىكى ئەڭ ئاخىرقى پائالىيەتلىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇمۇلدىن قايتىش سەپىرىنىڭ قۇمۇل خەلقى بىلەن ۋىدالىشىش سەپىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن!؟ قۇمۇل خەلقى ئۆز دىيارىدىن چىققان بۇ سۆيۈملۈك ئالىمى بىلەن مەڭگۈ ئىپتىخارلىنىدۇ ۋە ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ.

1995 - يىلى ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## 30. باھار ۋە بۇلبۇل

### مەرھۇم دوستۇم ئابدۇكېرىم خوجىنى ئەسلەيمەن

شائىر — چىن مەنىسى بىلەن بۇلبۇلدۇر

— ئا. ئۆتكۈر

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى، ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ غوللۇق ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا ئۆمۈر بويى «باھار» چىللاپ، «باھار»نى كۈيلەپ ئۆتكەن خۇشناۋا بۇلبۇل ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ سايراشتىن بىمەھەل توختاپ، بىزنى داغدا، گۈللەرنى ھىجراندا، «سابا»نى ھەسرەتتە، ئالەمنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ كەلمەسكە كەتتى. بىراق، ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!

ئابدۇكېرىم خوجا كونا جەمئىيەتنىڭ مۇدھىش كۈنلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئازادلىق باھارىغا تولىمۇ تەشنا ئىدى. ئازادلىق تېڭى ئاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ قۇتلۇق تۇنجى «باھار»نى ئىشقى بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت مۇدھىش زىمىستان كېلىپ «باھار»نى خازان قىلدى. بۇلبۇل گۈلدىن ئايرىلغاندەك، شائىرمۇ «باھار»دىن ئايرىلدى. قانىتى بوغۇلدى. لېكىن، ئۇ زىمىستان دەستىدە سايراشتىن توختاپ قالماي، «باھار»نى چىللاۋەردى.

شائىر «ئاڭلا سۆزۈم»، «بولما» قاتارلىق بىر قانچە شېئىرلىرىدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ پاجىئەلىرىنى ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ جىنايەتلىرىنى ئاچچىق كىنايە ئاستىغا ئېلىپ، ئۆتكۈر

يۇمۇرلۇق تىللار بىلەن شىكايەت قىلدى:

تۇنۇگۇنلا كېلىپ باھار،
بەختىم كۆلۈپ بولسا گۈلزار.
دەپتىكەنمەن بولماسمەن خار،
ياز ئىلكىگە ئۆتمىگۈنچە.

بولغىنىدا خەلقىم ئازاد،
كۈندىن كۈنگە يۇرتۇم ئاۋات.
دەپتىكەنمەن تۈن بىزگە يات،
پەلەك چەرخى كۆچمىگۈنچە.

قاياقتىندۇر بۇزۇلدى كۈن،
ياز تۇرۇپلا باستى جۇدۇن.
كۈندۈزىمۇ بولدى بىر تۈن،
كۆزنى يۇمۇپ بىر ئاچقۇچە.

بۇ ئۆلكە زامان تەلۋە بولدى،
كېچە - كۈندۈز غەلۋە بولدى.
كۈن كەچۈرمەك جەبرە بولدى،
ئار - نومۇسنى ساتمىغۇنچە.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ ئەل بېشىدىن زىمىستان سوغى كېتىپ «باھار» پەسلى قايتىدىن كەلگەندىن كېيىن، شائىر خۇددى باھارغا تەلمۈرگەن بۇلبۇلدەك ئەڭ ياڭراق خۇش ئاۋاز بىلەن «باھار» ناخشىسىنى قايتا ئېيتىشقا باشلىدى:

مەرھابا، كەپسەن باھارىم - ئامرىقىم!
نەگە كەتتىڭ قىش بويى پىنھان بولۇپ.
دەرت - پىراقىڭ زارى بەك يامان ئىكەن،
ياندى قەلبىمدە ئوتۇڭ گۈلخان بولۇپ.
ھەق بىلەن ناھەق ئېلىشتى كۆپ قېتىم،
جىن بىلەن ئادەم چېلىشتى كۆپ قېتىم.
نۇر بىلەن زۇلمەت قېرىشتى كۆپ قېتىم،
قىش بىلەن باھار ئېلىشتى كۆپ قېتىم.
روبىرو تىغ كۆتۈرۈپ ياز قەستىگە،
كەلدى باھار ئاخىرى كۈز پەسلىدە.
شۇڭا بار ئاۋاز بىلەن توۋلاپ بۈگۈن،
ناخشا ئېيتتىم ياڭرىتىپ، باھار ئۈچۈن.

ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئابدۇكېرىم خوجا ئىدىيىسى ئەڭ بۇرۇن ئازاد بولغان شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ ئاجايىپ جۇرئەت ۋە غەيرەت بىلەن ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقىپ، «باھار ناخشىسى»، «كەلدى»، «بۇلبۇل بىلەن باھارنىڭ سۆھبىتى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۆلمەس شېئىرلارنى يېزىپ، چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى مەدھىيىلىدى:

كەلدى باھار بۇ يىل بۆلەكچە تېز،
ھەر قەدەمدە قالدۇرۇپ يېڭىچە ئىز.
كەلدى قارلىغاچلارنى كۆكتە ئوينىتىپ،
گۈل بىلەن بۇلبۇلنى باغدا تويلىتىپ.
كەلدى ئۇ، جىمىقتى قىشنىڭ دوقمۇ،
قار ۋە مۇزنىڭ ئېرىدى بار - يوقمۇ،
كەلدى يۇپ داغلارنى تارىخ بېتىدىن،

بىئەقىل چاغلارنى تارىخ بېتىدىن.
كەلدى باھار سەنئىتىم گۈلشەنىگە،
باشقىچە ھۆسن بېرىپ ئۇ سەھنىگە.

شائىر ئون نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن «سول»چىل لۇشيەننى ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلى بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى زىمىستان قىشنىڭ مۇدھىش سوغۇقىغا ئوخشىتىدۇ. سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ئۇزۇل - كېسىل تازىلانمىغان قالدۇق تەسىر كۈچلىرىنى «جاھـــــل»، «يۈزى قېلىن»، «ئۆكتەم» دەپ كىنايە قىلىدۇ. 3 - ئومۇمىي يىغىــــنىدىن كېيىنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى «ئىللىق باھار»غا، باغ - چىمەنلەرگە ئوخشىتىپ، بۇ «باھار»غا «كۆز تەگمىسۇن»، «ئۇشۇك تەگمىسۇن» دەپ مۇراجىئەت قىلىدۇ:

بۇ باھار بىزگە ئاسان كەلگەن ئەمەس،
پىلسىراتتىنمۇ ئۆتۈشتىن بولدى تەس.
كۆز دېگەن يامان نېمە، باھارنىڭكى،
بويىنىغا تۇمار ئېسىپ قويايمىكىن.
قىشنى قانچە ئەسلىسەڭ باھاردا سەن،
ئاشىدۇ شۇنچە باھارنىڭ قىممىتى.
چىن دىلىڭدىن ۋەتىنىم باھارىنى،
جان تىكىپ قوغداي دېسەڭ گۈلزارىنى،
بۇ ئۇلۇغ يېڭى كۆرەشتىن قالمىغىن،
چوڭ ئېلىپ قەدەمنى ئالغا چامدىغىن!

ئابدۇكېرىم خوجا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى «باھار»نىڭ مەھسۇلى، دەپ تەرىپلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ تاللانغان مۇنەۋۋەر شېئىرلار توپلىمىنىمۇ «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار» دېگەن ئۆچمەس نام بىلەن بىـــزگە

قالدۇرۇپ كەتتى.
ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

كەتمىسە قىش، كەلمىسە باھار يېنىپ،
راست ئىدى سۇرمەك ئۆمۈر چاغلىق ماڭا.
تەس ئىدى تۇغۇلمىقىممۇ باشقىدىن،
كەلمىسە باھار بولۇپ كىندىك ئانا.

بەردى قەلىمىمنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ،
ھەپسىدىن پىكىر - ئويۇمنى قۇتقۇزۇپ.
نەزمە پۈتتۇم، بولدى قەلەم كىرپىكىم،
يەتكۈدەك بولدى سىياھ شادلىق يېشىم.

1990 - يىلى ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# 31. مەن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاقلىقلىرى بىلەن ئەسلەيمەن

— دۇنيانىڭ قىزىقى نېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ خۇش چاقچاق بولۇشتا، ھەتتا ئىش ئۈچۈن كەلمىگەن كۈنلەردىمۇ خۇش چاقچاق بولۇشتا.

— ئى • ۋ • گيوتى

تېيىپجان بىلەن ئابدۇكېرىم خوجا ئىككىسى زاماندىش، كەسىپداش، قەدىناس خۇش چاقچاق شائىرلار ئىدى. ئۇلار ھاياتىنى خۇش چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇلارنىڭ قەدىناس چاقچاقچى دوستلىرى كۆپ ئىدى. ئۇلار ھەتتا «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ قاتتىق قىسمەتلىرىگە ئۇچرىغان يىللاردىمۇ خۇش چاقچاق بىلەن ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ مەن بىلىدىغان ۋە ئاڭلىغان چاقچاقلىرىدىن بەزىلىرىنى ئەسلەپ يازدىم.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان تېيىپجان ئېلىيۇفنىڭ قەدىناس ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۆزئارا قاتتىق چاقچاقلىشاتتى. ئۇلار مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان يىللاردا (1963 ـ يىللىرى) ۋارىسجاننىڭ ئاكتىپ پىلانلىشى بىلەن مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسىنىڭ يېنىدا بىر ئىستىراھەت باغچىسى ياسالدى. باغ پۈتۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەك بولۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تېيىپجان بىر بېغىشلىما يازغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر چاقچاق «مەرسىيە» ئىدى:

ۋارىسجان ئۇلۇغ مەرھۇم ئېگىزلەرنىڭ پىرىدى،

ماھىرلىق، چېۋەرلىكتە شىنجاڭ بەندە بىر ئىدى.
ۋارىسجان ھايات چاغدا بۇ باغقا پىلان تۈزگەن،
باغ پەيزىسىنى سۈرمەي ئەجەل دەرياسىدا ئۈزگەن.
ئەلۋىدائى رەھمەتلىك، ئاق ماتاغا يۆگەكلىك،
جەننەتتىن ئاتا قىلسۇن، يەتتە تاختا زەدەكلىك.

تېيىپجان بۇ يۇمۇرلۇق «مەرسىيە» سىنى ئوقۇغاندا، شىنجاڭ سىنىپىدىكى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق بارلىق ساۋاقداشلار قاتتىق كۈلكىگە چۆمگەن، ۋارىسجانمۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە تەڭ كۈلگەن. باشقىلار ۋارىسجان چاقچاق كۆتۈرىدىكەن دېگەندە، تېيىپجان: مەن ئۇنى كۆتۈرەلايدۇ دەپ يازغان دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ شېئىرى چاقچاق ساۋاقداشلار ئارا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ قىزىق ئەسدىلىك بولۇپ قالغان. تېيىپجاندىن باشقا شائىر، ھايات دوستىغا «مەرسىيە» يېزىپ باقمىغان بولسا كېرەك، شۇنىڭدىن 27 يىل كېيىن (1989 ـ يىلى) تېيىپجان ئالەمدىن ئۆتتى، 34 يىل كېيىن (1996 ـ يىلى) ۋارىسجان ۋاپات بولدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى تېيىپجان ۋارىسجاندىن 7 يىل ئىلگىرى ۋاپات بولدى، ۋارىسجان ۋاپات بولغاندا، ئۇ دوستىغا ھەقىقىي مەرسىيە يېزىشقا نېسىپ بولمىدى.

1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى خاتىرلەنمەكچى بولدى. ئۆلكە، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار بۇ يىغىنغا قاتنىشىشى شەرت بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتنىشىۋاتقان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى داشىجاپ ئۈرۈمچىگە مېڭىش تەييارلىقىدا قەشقەردە ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ قازا تاپتى. شۇ ماشىنىدا ۋارىسجان يارىدار بولدى. 10 ـ ئايدا تېيىپجان ۋارىسجاننى يوقلاپ بېرىپ مۇنداق بىر كۇپلېت چاقچاق قوشاقنى ئوقۇپ بەرگەن:

ۋارىسجان يوغان مەخلۇق،
بوي بەرمەيدۇ قاسساپقا.

ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كەلسە،
ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ داشىجاپقا.

ۋارىسجان كۈلۈپ كېتىپ: بەللى تېيىپجان، يېغى ياندىن، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دېگەن مانا مۇشۇ ـ دە دېگەن.

تېيىپجان ھۆسەنجان جامى بىلەنمۇ كۆپ چاقچاقلىشاتتى. 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ قېتىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، تىيانشان مېھمانخانىسىدا، مەن ھۆسەنجان بىلەن بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتىم، ھۆسەنجان قاتتىق خورەك تارتىپ مېنى ئۇخلاتمىدى. تېيىپجان مېنى يوقلاپ ياتاقتا كىرىپتىكەن. مەن چاقچاق قىلىپ: «ھۆسەنجان مەشھۇر مۇزىكانتلار بولۇپ قالماستىن، بەلكى دەرىجىدىن تاشقىرى خورەكچىكەن ئەمەسمۇ» دېدىم. تېيىپجان كۈلۈپ كېتىپ: «ھۆسەنجاننىڭ سىياستى ئەمەلىيلىشىۋىدى، خورىكى چوڭلاپ كەتتى، خۇددى تونىلدىن پويىز چىققاندەكلا گۈلدۈرلەپ خورەك تارتىدىغان بولۇپ كەتتى» دەپ ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ھۆسەنجانمۇ بوش كەلمىدى: «بەللى قارى (تېيىپجاننى قارى دەيتتى) ئۆزۈڭلەرمۇ خۇددى پويىز قوزغالغاندەك پۇشقىرايسىلەر ئەمەسمۇ» دېدى.

مەلۇم بىر ئايال رەھبەر ھۆسەنجاننىڭ مۇزىكا تالانتىنى ۋە تۆھپىلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ھەممە سازلارنى چالالايدىكەن دەپ ماختاپتۇ. تېيىپجان دەرھال: «لېكىن ھۆسەنجان نەينى چالالمايدۇ» دەپتۇ. ھۆسەنجان ۋە باشقىلار راسا كۈلۈپ كېتىپتۇ، ئايال رەھبەر چۈشىنەلمەي ئوڭايسىزلىنىپتۇ، كېيىن ئۇ ھۆسەنجاننىڭ لەقىمىنى بىلىپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ.

مەلۇم مەشھۇر ئۇسۇل ئارتىسى ۋاپات بولۇپ، دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن جامائەت قايتىۋاتقاندا، تېيىپجان ھۆسەنجانغا ئاستا چاقچاق قىلىپ: «ئۆلۈم ھەق! ھەممىمىز ئۆلۈپ ئاخىر شۇ تۆشۈككە كىرىمىز» دەپتۇ. ھۆسەنجان جاۋابەن: «كالا ـ كومشالار ئۇ تۆشۈكتە ياتالمايدۇ» دەپتۇ.

شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 3 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، مەن

پەتتارجان مۇھەممەدى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىقات قىلىش ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىۋاتاتتۇق. سۆھبەت ئۈستىـــگە تېيىپجان ئېلىيوف كىرىپ قالدى. ئۇ سۆھبەتنى ئاڭلىدى. پەتتارجان: «يولداش ئابلىز ئىسمايىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، تەتقىـق قىلىش جەھەتتە مەلۇم نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. ئۇنىـڭ «قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم» دېگەن خەلق قوشىقىنى ئاپال ئېيتقان، قوش پىچاق دېگەن قايچا، قايچىنى ئاپال تۇتىدۇ دېگەن تـەھـلـىـلـى تـوغـرا. . .» دېدى. تېيىپجان بۇنـى ئاڭلاپ: «قوشاقنىڭمۇ ئەركەك ـ چىشىسى بولامدىكەن» دەپ چاقچاق قىلدى، پەتتارجان: «سىز كاتتا شائىر تۇرۇپ، بۇ مەسىلـىـنـى چاقچاققا ئايلاندۇردىڭىز» دەپ تېيىپجاننى تەنقىد قىلدى. تېيىپجان: «قايچا دېگەننى ئەركەك تىككۈچىمۇ تۇتىدىغۇ؟ ئەگەر ‹قولۇمغا ئۈستىرا ئېلىپ، قۇلاقنى كەسكۈدەك بولدۇم› دېيىلسە ئۇ چاغدا، بۇ قوشاق ئـەرلـەر قـوشـىـقـى بولامدۇ؟» دېدى. پەتتارجان تېرىكتى، پەتتارجاننىڭ قۇلىقى ئاڭلىمايتتى. سىڭا كۆزى كۆرمەيتتى، تېيىپجان، ئابدۇكېرىم خوجىلار پەتتارجاننىڭ ئەيىبلىرىگە دارىتمىلاپ قىلغان: «پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمـايدۇ»، «ئاممىنى كۆزىگە ئىلمايدۇ» دېگەن چاقچاقلىرىنى پەتتارجان كۆتۈرەلمەي تېرىكەتتى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا، تېيىـپجان، ئابدۇكېرىم خوجا، پەتتارجان مۇھەممەدى قاتارلىق شائىرلار قارا گېزەندە بولۇپ، 7 ـ ماي كادىرلار مەكتىپىدە ئەمگەك قىلغان يىللاردا، پەتتارجانغا چاقچاق قىلىپ بىر مۇنچە قوشاقلارنى توقۇپ، ناخشا قىلىپ ئېيتقان. ئاتالمىش «قارا گېزەندە» لەرنى كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەك قىلدۇرۇپ، كېچىسى كۈرەش قىلىپ، قاتتىق تەن جازاسى بەرگەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە زاپخوز كۆپچىلىككە: نورمىدىن ئارتۇق ئەمگەك قىلغانلارغا قوشۇمچە ئاشلىق بېلىتى بېرىلىدۇ، ئېلىۋېلىڭلار دەپ ئۇقتۇرۇش قىلغان. تېيىپجان دەرھاللا: نورمىـدىن ئارتۇق تاياق يېگەنلەرگە نېمە بېرىلىدىكەن دەپ سورىغاندا، كۆپچىلىك

پاراقىدە كۆلۈپ ھاردۇقىنى چىقارغان. تېيىپجان شۇ گۇناھى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم كۈرەش قىلىنغان.

تېيىپجان لەقەمگە دارىتمىلاپ چاقچاق قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ، «ئورچۇق باتۇر» دېگەن شېئىرىدە مۇنداق يازغان:

شۇنداق سۆز بار كونىدىن قالغان،
لەقەم قويۇش خىزىرنىڭ ئىشى.
توۋا! خىزىر خۇددى ئۇيغۇردەك،
ئۇيغۇرلاردا ئاز، لەقەمسىز كىشى.

كومپوزىتور شىرئەلى ھاشىم تېيىپجاننىڭ ئۆيىگە ھېتلاپ بېرىپ، ئىشىكنى قېقىپ تېيىپجاننىڭ لەقىمىگە لايىقلاشتۇرۇپ: «تېيىپجان بارمۇ...! ھو...!» دەپ توۋلاپتۇ. تېيىپجان دەرھال باھ!» دەپ تۆگىنى دوراپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ ـ دە، ئىككىسى تازا كۈلۈشكەن ھالدا، ئايەملىرىنى مۇبارەكلىشىپتۇ.

تېيىپجان يامان ئاتلىق كېسەل بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ دەۋالىنىۋاتقاندا، قەدىناس دوستى ھۆسەنجان يوقلاپ بارغان. تېيىپجان خۇشال بولۇپ ھۆسەنجاننى چاقچاق قىلىپ قارشى ئالغان: «تېخى ياش ئىدۇق، بىراق ئەزرائىل بەك بالدۇر كېلىۋېلىپ مېنى قوغلاپ يۈرىدۇ. مەن قورقۇپ ئۇ تۆشۈكتىن بۇ تۆشۈككە قېچىپ يۈرىمەن ...» دېگەن. ھۆسەنجان شائىرنىڭ سەممىي چاقچاقلىرىغا بەك كۆنۈك بولغانلىقتىن، شائىرنىڭ ئۆلۈم ـ كۆرۈمگە تۇتقان قەيسەر روھىغا قايىل بولغان ھالدا دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەن.

تېيىپجان يەنە ئابدۇقادىر ئابدۇللا، مەمەت شىرىپ قاتارلىق دوستلىرىغىمۇ بىر مۇنچە شېئىرىي چاقچاقلارنى توقۇپ خاتىرە قالدۇرغان.

تېيىپجان نادىر ئەسەرلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سەممىي كۈلكە ـ چاقچاقلىرى بىلەنمۇ كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ خاتىرىلىنىدۇ.

1999 ـ يىلى ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## 32. ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك مۇسىبەت ئەھلى، ھۆرمەتلىك مەرھۇمنىڭ تاۋابىئاتلىرى، مەن سىزلەرگە چىن دىلىمدىن قايغۇلۇق ھەسرىتىمنى ئىپادىلەيمەن!

بىز بۈگۈن بۇ يەردە ئىنتايىن چوڭقۇر قايغۇغا چۆمگەن ھالدا، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يولداش ئىسمائىل ئىبراھىمغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا قاتناشماقتىمىز.

مەن مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى يېقىن دوستى، يار ـ بۇرادەرلىرى نامىدىن قىسقىچە تەزىيە سۆزى قىلماقچىمەن. ئالدى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھەم قايغۇلۇق كۆڭۈل سورايمەن.

بىز بۈگۈن ماۋجۇشىنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى كادىرى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى پەرزەنتى، قۇمۇل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ياخشى رەھبىرى، بىزنىڭ ياخشى دوستىمىز ۋە سەپدىشىمىز يولداش ئىسمائىل ئىبراھىمدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇق.

يولداش ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ بەختكە قارشى ۋاپات بولۇشى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ سەپەرنى باشلىغان چاغدىكى بىر چوڭ يوقىتىش!

يولداش ئىسمائىل ئىبراھىم ماۋجۇشىنى، پارتىيىنى قىزغىن سۆيەتتى. ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى، پارتىيە سىياسەتلىرىنى قىزغىن ھىمايە قىلاتتى، قەتئىي ئەستايىدىل ئىجرا قىلاتتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە چەكسىز خۇشال بولاتتى. لىن بياۋ ۋە تۆت كىشىلىك گۇرۇھقا چەكسىز

نەپرەت بىلدۈرەتتى. ئۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى چەكسىز قىزغىن ھىمايە قىلاتتى. ئۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنى قىزغىن ھىمايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئېتىبار قىلماي پارتىيىنىڭ يېڭى سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يېڭى ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ ئاكتىپ ئىشلىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىگىچە پارتىيە ئىشلىرىغا سادىق بولدى. قىممەتلىك ھاياتىنى پارتىيە ئىشىغا تەقدىم قىلدى. بىز مەرھۇمنىڭ بۇ ئالىيجاناب يۈكسەك ئىنقىلابىي روھىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

يولداش ئىسمائىل ئىبراھىم مەدەنىيەت سېپىدىكى بىر ياخشى جەڭچى ئىدى. ئۇنىڭ بەختكە قارشى ۋاپاتى قوشۇلدىكى مەدەنىيەت سېپىمىزدە بىر كىشىلىك بوشلۇق پەيدا قىلدى. بىز مەرھۇمدىن ئايرىلىپ قالغان كۆڭلىمىزدە بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. بىز مەرھۇم يولداش ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى تۆھپىلىرىگە مۇئەييەن باھا بەرمەي تۇرالمايمىز. يولداش ئىسمايىل ئىبراھىم نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ماۋجۇشىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى ياخشى ئۆگەندى. ماۋجۇشىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى سادىق ئىجرا قىلدى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى توپلاشقا ۋە ئۇنى رەتلەشكە، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەدەنىي ھەم تارىخىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ۋە ئاسراش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەرھۇم ئىسمائىل ئىبراھىم مەدەنىي مىراسلارنى قوغداش ئۈچۈن مەدەنىيەت خادىملىرى، سەنئەت خادىملىرى، جەمئىيەتتىكى پېشقەدەم ئەلنەغمىچىلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلاشتى. ئۇلارنىڭ پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانىدى. ئۇ لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى جىنايەتلىرىگە كۈچلۈك نەپرەت بىلدۈرەتتى، بىز مەرھۇمنىڭ ماۋجۇشىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت

لۇشيەننى قوغداش روھىنى، مەدەنىيەت خىزمىتىنى قىزغىن سۆيۈش روھىنى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى ئۆگىنىشىمىز، مەرھۇمنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى جەھەتتە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

يولداش ئىسمائىل ئىبراھىم پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلاتتى. ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇراتتى، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئىدى، ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا ئىدى. ئامما بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا ماھىر ئىدى. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئىنتايىن سەممىي، مۇلايىم خۇشخۇي ئىدى. كەمتەر، ئېھتىياتچان ئىدى. ئىتتىپاقلىقنى، ئىناقلىقنى ھەر دائىم ياخشى كۆرەتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دىققەت قىلاتتى. قىزىقچىلىقنى، ئىلمىي چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. يولداشلارغا تەڭ ـ باراۋەر مۇئامىلە قىلاتتى. يولداش ئىسمائىل ئىبراھىمدا بىر دۆلەت كادىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ياخشى خىسلەتلەر بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەرھۇمنى جەمئىيەتتىكى كەڭ ئامما ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە مۇناسىۋىتى كەڭ ئىدى، تەسىرى چوڭقۇر ئىدى، بىز مەرھۇمنىڭ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ياخشى ئەمەل قىلغان ياخشى خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى!

ئاخىرىدا:

ۋاھ دەرېغا دوستۇمنىڭ ئەجىلى يەتتى،
گويا بۇلبۇلدەك بېغىمىزدىن ئۇچتى، كەتتى.
مۇسىبەت ياشلىرىمىز تۆكۈلدى شۇدەم،
ۋە لېكىن ھايات سەن ئارىمىزدا ھەردەم.
ئەلۋىدا يولداش ئىسمائىل ئىبراھىم!

1979 ـ يىلى 9 ـ مارت، قۇمۇل

# 33. خەلق ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئەلنەغمىچىسىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ

مەرھۇم ئاقپاشا قۇمۇل 12 مۇقامىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. قۇمۇل ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سادىق ۋارىسى. خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئەلنەغمىچىسى ئىدى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتلىرى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش. خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار بىر پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن چوڭقۇر قايغۇرماقتىمىز.

ئاقپاشانىڭ پۈتۈن ئۆمرى قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارىخىي مىراسى بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۆگىنىش، ئۇنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ئۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا سەمىمىي سادىقلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنى زامانىمىزغىچە قوغداپ، ساقلاپ خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىق خەزىنىسىگە تەقدىم قىلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھاياتى ھەم ۋاپاتى ناھايىتى قەدىرلىك.

ئاقپاشانىڭ ۋارىسلىق قىلغان ماددىي مال - دۇنياسى يوق ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلغىنى پۈتمەس - تۈگىمەس مەنىۋى بايلىق — مەڭگۈ پارقىراپ تۇرىدىغان بىباھا گۆھەر — خەلق ئەدەبىياتى ئىدى. ئاقپاشا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن، غوجاجەمەت تۇغقانلىرىدىن ھېچقانداق ھۇزۇر ھالاۋەتكە ئېرىشەلمىگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا قۇمۇل خەلق بېيىت - قوشاقلىرىنى، 12 مۇقامنى ھەرقانداق تۇغقىنىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرگەن.

ئۇنىڭ قېرىندىشىمۇ بېيىت ـ قوشاق ئىدى. سۆيگىنىمۇ، كۆيگىنىمۇ ناخشا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبى، مەۋقەسى ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىر ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن قۇمۇل رايونىدا — شەھەر، يېزا، تاغلاردا شاگىرتلىرى، دوستلىرى كۆپ بولۇپ، ئىجتىمائىي تەسىرى ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلماستىن توي مەرىكىلىرىدە ناخشا ئېيتىپ بېرىپ كىشىلەر قەلبىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلايتتى. ئاقپاشا سەنئەت خۇمار ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىز ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، ئۇنىئالغۇغا ئېلىش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئىچىدە مەرھۇم ئاقپاشانىڭ زور تۆھپىسى بار. ئاقپاشا 1950 ـ يىللاردىلا قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئېلىپ بېرىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقانىدى. ئۇنىڭ «ئاللىيەي شەرۋانۇم» قاتارلىق ناخشىلىرى ئەڭ بالدۇر لېنتىغا ئېلىنىپ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلدى. ئۇ، 1963 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قۇمۇل 12 مۇقامىنى رەتلەش، لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. شۇ قېتىمقى خىزمەتكە قاتناشقان 40 نەچچە ئەلنەغمىچى ئىچىدە 80 نەچچە ياشلىق ئەر ـ ئايال ئەلنەغمىچىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ چاغدا، ئاقپاشا ئوتتۇرا ياشلىق نەغمىچى بولۇپ، ناخشىلارنى پۇختا، تەرتىپلىك، قائىدىلىك، سوتۇقلۇق، راۋان ئېيتىشتا ھەممىسىنى قايىل قىلغان. بىر ئايدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىسى زور بولۇپ، قۇمۇل مۇقامى تۆت نۇسخا لېنتىغا ئېلىنغان ھەمدە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىغا، مەدەنىيەت نازارىتىگە، قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە، قۇمۇل رادىئو ئۇزېلىگە بىر نۇسخىدىن بېرىلگەن. ئەسىرلەردىن بۇيان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تەرتىپلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن 12 مۇقام قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ بىرىنچى قېتىم لېنتىغا ئېلىنىپ ئارخىپقا

كىرگۈزۈلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئىچكى يېغىلىقتا بۇ لىنتىلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ پەقەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىكى بىر نۇسخا لىنتىلا ساقلىنىپ قالغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇمۇل يەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قۇمۇل ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ بىر نەپەر كادىرنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىغا ئەۋەتىپ قۇمۇل 12 مۇقامىنى لىنتىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن. قۇمۇل 12 مۇقامى ئىككىنچى قېتىم قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مۇكەممەل ئەمەس ئىدى. شۇڭا، 1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى مەي مياۋ، مۇقامشۇناس ۋەن تۇڭشۇ يولداشلار قۇمۇلغا كېلىپ قۇمۇل 12 مۇقامنى ئىككىنچى قېتىم رەتلەپ، لىنتىغا ئېلىش خىزمىتىنى ئىلىپ باردى. بۇ قېتىمقى خىزمەتكىمۇ ئاقپاشا ئاساسلىق پېشقەدەم مۇقامچى بولۇپ قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تۆھپە قوشتى. 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىدە شەرقىي شىنجاڭ بويىچە خەلق ئەدەبىياتى خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. شۇ قېتىمقى يىغىنغا يۈزگە يېقىن ئەر ـ ئايال ئەلنەغمىچىلەر، بېيىت ـ قوشاقچىلار، ھېكايە ـ چۆچەك، داستانچىلار قاتناشتى. بۇ مەزگىلدە يەنە ئاقپاشا ئېيتىپ بەرگەن بېيىت ـ قوشاقلار ئاساسىدا نەچچە مىڭ كۇپلېت بېيىت ـ قوشاق، نەچچە ئونلىغان ھېكايە ـ چۆچەك، ماقال ـ تەمسىل، ئەپسانىلەر، داستانلار توپلاندى. بۈگۈنكى كۈندە قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمەتلىرىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلگەنلىكىنى مەرھۇم ئاقپاشاغا ئوخشاش ئەلنەغمىچىلەرنىڭ قوشقان جاپالىق ئەجىرلىرىدىن، تۆھپىلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاقپاشا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ كۆرستىشى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، خەلق

ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. ئاقپاشا شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشقانلىقىغا خۇشال بولۇپ ھاياجىنىنى باسالماي كۆز يېشى قىلغانىدى. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە قۇمۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، تۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن ئۆمەكلىرى بىرلىشىپ ئۇرۇمچى چېگرا رايون مېھمانخانىسىدا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدۇق. قۇمۇل ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇمۇل مەشرىپى قىلىپ بەرگەندە تىيىپجان ۋە ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، قەييۇم تۇردى، تۇرغۇن ئالماس قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار ۋە قېرىنداش ئۆمەك ئارتىسلىرى ئاقپاشانىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ھازىر جاۋاب شوخ ناخشىلىرىنى زوق بىلەن ئالقىش ئىنتايىن ھۇزۇرلانغانىدى. قۇرۇلتايدىن كېيىن ئاقپاشا خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىگە تېخىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يېقىنقى يىللاردا ئاقپاشانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. 1987 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇمۇلدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى بولدى. تېيىپجان، سەيپۇل يۇسۇپ، ئابلىز نازىرى، قەييۇم تۇردى قاتارلىق يولداشلار قۇمۇلغا كېتىۋېتىپ پويىزدا قۇمۇلغا بارغاندا ئاقپاشادىن ھال سوراش ۋە قۇمۇل ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر ئايدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىشكە تەۋسىيە قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدۇق. قۇمۇلغا بېرىپ ئىككىنچى كۈنى تېيىپجان قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئاقپاشانىڭ ئۆيىگە ھال سوراپ باردۇق. خەۋەرسىزلا بېرىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاقپاشا بىرئاز ئوڭايسىزلاندى.

لېكىن، بىز تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، سۆھبىتىمىز قىزغىن، سەمىمىي چاقچاقلار بىلەن باشلىنىپ كەتتى. ئاقپاشا مەشھۇر خەلق قوشاقچىسىغا خاس جۇرئەت بىلەن تېيىپجانغا قارىتىپ بىر نەچچە كۇپلېت بېيىت ئېيتىش ئارقىلىق مېھمانلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ بېيىتلەرنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۇلۇشۇپ كەتتۇق. شۇ كۇنى بۇ بېيىتلەرنى مەن يولداش تېيىپجانغا يېزىپ بەرگەنىدىم. ھازىر پەقەت ئىككى كۇپلېتلا يادىمدا قالغاندەك تۇرىدۇ. ئىككى مەرھۇمنى ئەسلەپ بۇ ئىككى بېيىتنى يېزىپ قويۇشنى مۇناسىپ كۆردۇم:

يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرسام،
يالغۇزلۇقۇمنى كىم بىلۇر.
قول سېلىپ - ئىشىككە چىقسام،
مېھرىبان يارىم كېلۇر.

ئاغرىۋىدىم ئۆلگىلى،
يارىم كېلىپتۇ كۆرگىلى.
تۇرغۇدەك يوقتۇر ماجالىم،
يارىمغا تەزىم قىلغىلى.

كۆڭۈلدىكىدەك بېيىت، چاقچاقلاردىن كېيىن يولداش سەيپۇل يۇسۇپ تەشكىل نامىدىن ئاقپاشانىڭ ئالدىدا بىرئاز پۇل قويۇپ ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئاقپاشا تەسىرلەنگەن ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتتى. خوشلىشىپ قايتىش ۋاقتىدا يولداش تېيىپجان ئاقپاشاغا چاقچاق قىلىپ: «پاشايىم، باغلىرى بەلەن ئىكەن، مېھرلىرى تېخىمۇ ئىسسىق ئىكەن. كېيىن يەنە كېلىپ ئويناپ كېتىشكە خۇدايىم نېسىپ قىلغاي» دېدى. ئاقپاشا تېيىپجاننىڭ خوش مەنىلىك سۆزىگە خۇددى ئالدىن تەييارلاپ قويغان خاتىرە سوۋغىسىدەك بىر كۇپلېت

نەق جاۋاب بېيىت ئېيتتى:

باغقا كىرمەكلىك ئاساندۇر،
بىرلا كىرگەندىن كېيىن.
يارنى سۆيمەكلىك ئاساندۇر،
بىرلا سۆيگەندىن كېيىن...

بۇ بېيىتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەممىمىز قاقاقلاپ كۈلۈشكەن پېتىمىز ئاقپاشا بىلەن خوشلىشىپ قايتتۇق. شائىرلىرىمىز ئاقپاشانىڭ ناخشا - قوشاقتا قەلبى قاينام بۇلاق، مۇناسىۋەت قائىدىلىرىدە مېھرى ئىسسىق ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى.

مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت قەلەمكەشلىرىنىڭ قۇمۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىش يىغىنى مەزگىلىدە ئىككى ئاخشام قۇمۇل مەشرىپى ئۆتكۈزۈلدى. يولداش تۆمۈر داۋامەت باشلىق بارلىق مېھمانلار ئاقپاشا قاتارلىق قۇمۇل ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەكلىپى ۋە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ئاقپاشاغا ھەر ئايدا مۇقىم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغانىدى. ئاقپاشا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا ئىگە بولغانلىقىغا ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكىنى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا، يار - بۇرادەرلىرىگە تەكرار - تەكرار ئىپادىلىگەن ھالدا ئالەمدىن ئۆتتى.

قۇمۇل خەلقى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئەلنەغمىچىسى ئاقپاشانى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ. مىڭلىغان ئەلنەغمىچىلەر ئاقپاشانىڭ ئىشلىرىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدۇ.

1989 - يىلى 5 - دېكابىر

## 34. پېشقەدەم خەتتات، رەسسام ھاپىز نىيازى

ھاپىز نىياز 1896 - يىلى قۇمۇل ناھىيە شامالچارباغ يېزىسىدا بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھاپىز نىيازنىڭ دادىسى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئالۋىنىغا تۇتۇلۇپ 1907 - يىلى شىڭشىڭشا يولىدا ھارۋا بېسىپ ئۆلۈپ كەتكەن. دادىسىدىن بىر يېشىدا يېتىم قالغان ھاپىز ئاخۇن قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى بوۋى سارەئاپپاق ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ تەربىيىسىگە ئېرىشىپ 5 يېشىدىن 14 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ كىچىكىدىنلا مەكتەپ ئىنتىزامىغا ياخشى رىئايە قىلىپ، تىرىشىپ ئوقۇغانلىقى ئۇچۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈپ، ناھايىتى تېزلا ساۋادىنى چىقىرىۋالغان. سىياھ قۇتىسى بولمىغانلىقتىن ياڭاق پوستىنى سىيادان قىلىپ، يانچۇقىغا سېلىپ يۈرۈپ خەت يېزىشنى ئىجتىھات بىلەن مەشىق قىلغان ھەم سالام خەت يېزىپ بېرىش، قىزىق ھېكايە، چۆچەك، داستانلارنى ئوقۇپ بېرىش ۋە كۆچۈرۈپ بېرىش بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان.

ھاپىز نىياز ياش چېغىدىنلا رەسساملىق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بالا چاغلىرىمدا بىر پارچە خەنزۇچە رەسىملىك كىتابنى ئۇچراتتىم، كىتابتا ھەر خىل رەڭلىك گۈل - چېچەكلەر، دەل - دەرەخلەر، ھەر تۈرلۈك ئىمارەت، قۇرۇلۇشلار، ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ رەسىملىرى بار ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ رەسىم سىزىش ۋە نەققاشلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قوزغالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ كېچە - كۈندۈز دىققىتىمنى شۇ ئىشقا سەرپ قىلدىم.» ھاپىز ئاخۇن ئالدى بىلەن ھەر خىل گۈل - گىياھلارنىڭ،

جانىۋارلارنىڭ، ئۆي ـ ئىمارەت، قورۇلۇشلارنىڭ، رەخت گۈللىرىنىڭ سىزىلىش، رەڭ بېرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋالغان. رەڭ بېرىش قانۇنىيىتىنى ئۆگىنىشتە سىرچىلىق ئىلمىنى بىلمەك زۆرۈر ئىدى. شۇ دەۋردە قومۇل بويىچە سىرچىلىق تېخنىكى بىلەن داڭ چىقارغان ئابدۇرېھىم خەزىنچى دېگەن كىشى ئىدى. ھاپىز ئاخۇن بۇ مەشھۇر ئۇستىغا شاگىرت بولۇشنى كامال ئېھتىرام بىلەن ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۇستا ھاپىز نىيازنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىدۇ. ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدا ئۆگىتىش ـ ئۆگىنىش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا، ئابدۇرېھىم ئۇستا شامەخسۇت ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قورۇلۇشلىرىدىكى بارلىق تېخنىكىلىك ئىشلار، بولۇپمۇ گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئالۋانغا ئىشلەيتتى. ھاپىز ئاخۇن ئۇستىسى بىلەن بىللە ئىشلەپ يۈرۈپ رەسساملىق، سىرچىلىق، كىيىم تىكىش ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھاپىز نىياز «سىرچى ھاپىز ئاخۇن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالىدۇ.

ھاپىز ئاخۇن ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇھىم قورۇلۇشلارنىڭ، مىچىت، مەدرىس، مازارلارنىڭ ياغاچ ئويما نەقىشلىرىگە گۈل سىزىپ سىرلىغان. بەگ، خوجا ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ تورۇسلىرىغا، ساندۇق قاتارلىق ئۆي ـ جاھازلىرىغا تۈرلۈك گۈزەل رەسىملەرنى سىزغان. يېرىم ئەسىر بۇرۇنقى بۇ ئەمگەك خاتىرىلىرىنىڭ بەزى نەمۇنىلىرى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل سەنئەت ھۆسنى بىلەن كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.

ھاپىز ئاخۇن ئۇستىسى بىلەن ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە ئابدۇرېھىم ئۇستا كېسەلمەن بولۇپ قالغانلىقتىن ئوردا ھۆكۈمرانلىرى ئۇنى ئوردىدىكى خىزمىتىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھاپىز ئاخۇننى ئالۋانچىلىققا ئېلىپ قالىدۇ. شامەخسۇت ئوردىسىنىڭ بارلىق ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە گۈل سىزىپ، سىرچىلىق قىلىش جەريانىدا ئوردىنىڭ بارلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئوردىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنىمۇ بىلىشكە باشلايدۇ. ئوردا ئىچىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر، ئەيش ـ

ئىشرەتلىك، چىرىك تۇرمۇش ۋە باشقىلار ھاپىز ئاخۇننىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. زالىم شامەخسۇت ۋاڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ھەر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئېزىلگەن ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ھاپىز ئاخۇننىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ، 1930 - يىللاردىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن ئۆتمۈشى ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرىدۇ. مانا مۇشۇ روشەن خاتىرىلەر كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ تارىخ ئۆگىنىشى، تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى بولۇپ قالغان. ھاپىز ئاخۇننىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئالاھىدە قىزىققىنى خەتتاتلىق بىلەن تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ خاتىرە يازغانلىقىدا. ئۇ تارىخقا ۋارىسلىق قىلىش ۋە مىراس قالدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تولۇپ تاشقان غەيرەت - شىجائىتى بىلەن داۋاملىق ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھەربىر پارچە تارىخىي ماتېرىيالنى خۇددى چوڭقۇر دەريالارغا چۆكۈپ گۆھەر تەرگەندەك، چىمەنلەر ئىچىدىن گۈل ئۈزگەندەك يىغىپ، ئۇنى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن تەتقىق قىلغان بولۇپ، ھازىرغىچە جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى، جۇڭگو - ئەرەب مۇناسىۋىتى تارىخى، جۇڭگو ئىسلام تارىخى، مەشھۇر ئۈچ ساھەبە تارىخى، ئۇيغۇر تارىخى، تۇڭگانلار تارىخى، قۇمۇل تارىخى (12 ۋاڭ تارىخى)، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى قاتارلىق تېمىلاردا تەخمىنەن مىڭ بەتتىن ئارتۇق ماتېرىيال يازغان. بۇ ماتېرىياللار مەلۇم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. يېزىلىش تەرتىپى، ماتېرىيالنى قۇراشتۇرۇش جەھەتتىن قارىغاندا مەلۇم كىتابچىلىق ئۇسلۇبىغا ئىگە.

ھاپىز ئاخۇن تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنى ئەسلەپ سۈرىتىنى سىزىپ چىققان ھەم قۇمۇلدىكى ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ قەيس مازار گۈمبىزى ئىچىدە ئايلانما قىلىپ يازغان «سۈرە ياسىن» ئايىتى مەتبەئە خېتىدىنمۇ چىرايلىق، رەتلىك، كۆرگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

كىشىلەر فېئودالىزىم ئاسارەت ئاستىدىكى كونا جەمئىيەتتە تۇغۇلۇپ، مەرىپەت يۈزى كۆرمەي ئۆسكەن ھاپىز نىيازنىڭ بۇ سەنئەت ماھارەتلىرى زادى قانداق يېتىشتۈرۈلگەن دەپ سوئال قويۇشى مۇمكىن، بىز ئېيتىمىزكى، ئەجرىنى كىم تولا قىلسا، شۇ ئالۇر گۆھەرنى تاشتىن. بىز ھاپىز نىيازنىڭ تاشتىن گۆھەر ئالغان قىممەتلىك روھىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ھازىر چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، كۆزلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان بۇ كىشىدە يېڭى دەۋرنىڭ غايەت زور ئۈمىدۋارلىقى چاقناپ تۇرماقتا. ئۇ ھارماستىن كۈن تۈرى يېرىم چۈشۈپ تۇرىدىغان قەغەز چاپلانغان دېرىزە تۈۋىدە «ھاياتلا بولىدىكەنمەن بىلگەن، توپلىغان ماتېرىياللىرىمنى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرىمەن» دەپ قىززغىن ئىشلىمەكتە ـ يازماقتا، سىزماقتا.

پارتىيە ۋە خەلق ھاپىز نىيازغا ئوخشاش جانلىق ئارخىپلارنى چوقۇم قەدىرلەيدۇ. ئۇلاردىن يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك مىللىي مىراسلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

1981 ـ يىلى قۇمۇل

# 35. قەيس مازار قەبرىسىنى يۆتكەش جەريانى

تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) قەيس، ئۇۋەيس، سەدىۋاققاسدىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر ساھەبە ئەرەبىستاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى بولۇپ جۇڭگوغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ كەلگەن. ئۇلار چاڭئەندە تاڭ تەيزۇڭنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇلار كېلىشتە دېڭىز يولى بىلەن كېلىپ، قايتىشتا تۇرۇقلۇق بىلەن قايتماقچى بولغان. بۇ مەشھۇر ئۈچ كىشىنىڭ جۇڭگودا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى جۇڭگونىڭ تارىخي خاتىرىلىرىگە ئالاھىدە يېزىلغانلىقى مەلۇم. سەدىۋاققاس گۇاڭجۇدا ۋاپات بولغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇنىڭ مازىرى جۇرۇڭلى تەرىپىدىن قوغداپ قېلىنغان. ئۇۋەيس جيۇچۇەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق خۇي - خۇيپۇدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان. قەبرىسى ھازىرمۇ بار ئىكەن. قەيس قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق شىڭشىڭشيا دېگەن ئۆتەڭدە ۋاپات بولغان. تەخمىنەن 1300 يىلدىن كېيىن يەنى مىلادىيە 1700 - يىللىرى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ بىرى قەيسنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ گۈمبەز قوپۇرۇپ مازار تىكلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قەيس شىڭشىڭشيا خوجام دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1939 - يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگو - سوۋېت يوڭ سودا كېلىشىمىگە ئاساسەن شىڭشىڭشياغا كەلگەن سوۋېت سودا خادىملىرى قەيسنىڭ جەسىتىنى تاغ ئوڭكۈرىگە يۆتكىۋېتىپ، گۈمبەز ئىچىنى مۇنچا قىلىۋالغان. بۇ ئىش ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. ئامما شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە، قۇمۇل مەمۇرىي ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلغان بولسىمۇ ھەل بولمىغان. شۇ يىللاردا شىڭشىڭشيا

ساقچىخانىسىدا ئىشلەيدىغان ياڭ ماۋچۇڭ، ھەسەنلەردىن ئىبارەت ئىككى مۇسۇلمان ساقچى جەسەتنى يوشۇرۇنچە يۆتكەپ دەپنە قىلىپ قوغداپ قالغان. 1945 - يىلى قۇمۇل مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى گومىنداڭ 29 - جىتۇەنجۇنىنىڭ قوماندانى لى تېجۇن، ۋالىي زېڭ يۇڭفۇ، ھاكىم سەي رۇزۇلەر ئاممىنىڭ قەيس غوجامنىڭ قەبرىسىنى قۇمۇل شەھىرىگە يۆتكەپ قوغداش ھەققىدىكى تەلىپىنى قوللاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىدىكى مۆتىۋەرلەردىن تەشكىل قىلىنغان قەيس غوجام قەبرىسىنى يۆتكەش ھەيئىتى قۇرۇلغان. بۇ ھەيئەت مەلۇم ۋاقىت تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلغان. قۇمۇل ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلىرى ۋە مەركىزىي مالىيە مىنىستىرلىقى مەلۇم مىقداردا پۇل بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە تەشۋىق ئېلىپ بېرىلىپ خەيرىيەت يىغىلدى، ئالتۇن، كۈمۈش، پۇل، ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى، ئاشلىق، چارۋىلارنى يىغىپ جۇغلانما توپلاپ قەبرە يۆتكەشنىڭ مازار تىكلەشنىڭ ئاساسىنى ھەل قىلدى. گومىنداڭ ھەربىي قىسىملىرى قاتناش قورالى بەرگەن. مازار قۇرۇلىدىغان ئۈچ موغا يېقىن يەرنى ۋاڭ ئەۋلادى ئۇۋەيس ھاجى بەرگەن. تەييارلىق ئاساسىي جەھەتتىن پۈتكەندىن كېيىن 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەبرە يۆتكەش ھەيئەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن سەي جەنگو، ماجۇنجى، نامان قازى ئاخۇنۇم، ئابدۇخالىق ئاخۇنۇم قاتارلىق بىر قانچە كىشى ۋە يەنە دىنىي قائىدە رەسمىيەت ئۆتەيدىغان ئاخۇن، موللا، قارىلار بولۇپ 20 نەچچە كىشى شىڭشىڭشياغا يولغا چىقتى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەيس غوجامنىڭ جەسىتى شەھەرگە 20 كىلومېتىر يېقىن قالغاندا، يولنىڭ ئىككى ياقىسى ئادەم بىلەن تولغان، ئەۋلىيانىڭ جەسىتى شەھەرگە يېقىن ئاقيەرگە كەلگەندە قارشى ئېلىپ تاۋاپ قىلغۇچى ئاممىنىڭ كۆپلۈكىدىن جەسەت سېلىنغان ماشىنا ماڭالماي قالغانلىقتىن جەسەتنى ئاقيەر مەسچىتىگە قويۇپ كەچقۇرۇنلۇقى، سەنشى خۇيزۇلار مەسچىتىگە يۆتكەپ كېلىندى. 7 -

ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شۈيجۇ مەسچىتكە يۆتكەپ كېلىندى. ۋاپات بولغىلى 1300 يىلدىن ئاشقان بۇ ئەۋلىيانىڭ جەسىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6 چىدىن ئارتۇق بولۇپ، كوكرەك قىسمى، باش ۋە ساقىلى ئۆز پېتىچە تۇرغان. تېرىسى سۆڭەكتىن ئاجرالمىغان. پەن ـ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان قۇمۇل خەلقى بۇنى كۆرۈپ ۋە بىر ـ بىرىدىن ئاڭلاپ ھەيران قالغان، مۇبارەك جەسەتنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن ئاما تېخىمۇ كۆپىيىپ ھاياجىنىنى باسالماي ئۆزىنى تاۋۇتقا ئۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلىغان، يىغا ـ زارە ئاۋازى مەسچىتنىڭ ئىچى ـ تېشىنى قاپلىدى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شۈيجۇ مەسچىتىدە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا لى تېجۈن رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە ۋۇ جۇڭشىڭنىڭ تەزىيە تېلېگراممىسى ئوقۇلدى. نامان قارى ئاخۇنۇم جىنازا نامازى چۈشۈردى. نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمانلار چوڭقۇر دىنىي ئېتىقادى بىلەن دۇئا قىلغاندىن كېيىن تاۋۇت كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاتقۇچى ئاما شۈيجۇ مەسچىتىدىن قوزغىلىپ ماڭدى. تاۋۇت ئىنتايىن كاتتا، ھەيۋەتلىك جابدۇلغان بولۇپ، 24 ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان تەختىراۋانغا ئوخشاش قىلىپ ياسالغان. تاۋۇتقا ئاق رەخت يېپىلغاندىن باشقا، ئېسىل مەخسۇس يوپۇق يېپىلغان. مېيىتنىڭ بېشىغا زەرباپ سەللە ئورالغان. تاۋۇت ئۈستىگە يەنە ئالتۇن قۇببە ئورنىتىلغان. ئاق يوپۇق يېپىلغان خىللانغان باشلىرىغا ئاق گۈل ياسالغان تۆت سېمىز يورغا ئاتقا 30 پارچە كالاموللا ئارتىلغان بولۇپ، تاۋۇتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۆت ئادەم يېتىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن 100 دىن ئارتۇق ئاخۇن، موللا، قارىلار رەتلىك تىزىلىپ ئىخلاس بىلەن قۇرئان ئوقۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن 200 گە يېقىن ئۇيغۇر ئىشان ـ سوپىلار رىتىملىق ھالدا ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇناجات ئوقۇپ ماڭدى، ئۇنىڭ كەينىدىن نەچچە ئونلىغان خۇيزۇ سوپا، قارىلار بىر خىل قارا كىيىم، ئاق بوك، ئاق پايپاق كىيىپ مۇناجات ئوقۇپ رەتلىك ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەيۋەتلىك يوغان تاۋۇتنى 24 كىشى كۆتۈرۈپ باشقىلار نۆۋەت تالىشىپ ئېلىپ ماڭدى. تاۋۇت كەينىدىن خۇيزۇ جامائەتلەر

ناھايىتى نۇرغۇن جاڭزىلارنى (بېشى تۆۋەن ئۇزۇن بايراق) كۆتۈرۈپ ماڭدى. جاڭزىلار ئاق، قارا، كۆك رەختلەردىن تىكىلگەن بولۇپ، ئەرەبچە، خەنزۇچە دىنىي خەتلەر يېزىلغان. تەزىيىگە قاتناشقان ئامما ناھايىتى زور بىر قوشۇننى ھاسىل قىلىپ كوچا - يوللارغا سىغماي كېتىپ باراتتى. يېڭى شەھەردىن باشلانغان بۇ لىنىيە ئۇزۇن بازار كوچىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كونا شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بىلەن مېڭىپ يارباغ ئۈستىڭىنى بويلاپ خۇيچېڭ شەرقىي دەرۋازىسى (سۇقويۇق) دىن كىرىپ، ئۇردا قوبۇق (شىمالىي دەرۋازا) دىن چىقىپ چارباغ مەھەللە يېنىدىكى تەييارلانغان قەبرىگاھلىققا سەلدەك ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى. ئالدىدىكىلەر قەبرىگاھلىققا يېتىپ كەلگەندە كەينىدىكىلەر تېخى شۇيجۇ مەسچىتىدىن مېڭىپ كېتەلمىگەنىدى. شەھەر كوچىلىرىدا، بالكونلاردا، يول بويلىرىدا ئاق، قارا رەختتىن ياسالغان لوزۇنكىلار ئېسىلغانىدى. چايزەنلەردە چايلار تەييارلانغانىدى. چوڭ مىس كۇجىدانلارغا كۇجىلەر بېقىلغانىدى. يەرلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى، مۇسۇلمان قوغدىنىش ئەسكەرلىرى تەزىيە كۈنىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشنى جاپالىق ئىجرا قىلماقتا ئىدى.

قەيىس غوجامنىڭ لەھەتلىكى شام گۆر قىلىپ قېزىلغان بولۇپ، تەخمىنەن چوڭقۇرلۇقى 4 مېتىر كەڭلىكى 2 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. جەسەت دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن 20 نەچچە قارى مەزكۇر لەھەت ئىچىدە قاتار ئولتۇرۇپ، بىر نەچچە كۈن قۇرئان ئوقۇغان. تاۋۇت تۇپراق بېشىغا كەلتۈرۈلۈپ مەخسۇس تەيىنلەنگەن 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاخۇن - موللىلار يەرلىككە قويدى. دەپنە قىلىشقا قاتناشقان بارلىق ئادەم قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بولۇپ ئاستا - ئاستا تارقالدى . . . 1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يېقىنقى زامان قۇمۇل تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن كاتتا تەزىيە يىغىنى بولدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە سىم - سىم يامغۇر ياغدى، مۇسۇلمانلار بۇ كۈننى مۇسۇلمانلارمۇ يىغلىغان، ئاسمانمۇ يىغلىغان ئۇلۇغ خاسىيەتلىك كۈن دەپ ئاتىدى.

قەيس غوجامنىڭ قەبرىسى يۆتكەلگەندىن كېيىن مەشھۇر زات ئابدۇلباقى ھاجى مەسئۇل ئىنژېنېر بولۇپ كۆركەم بىر گۈمبەز قوپۇردى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەيس مازار كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان ۋە زىيارەت قىلىدىغان مەشھۇر ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ جاي مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1991 - يىلى 25 - مارت، ئۈرۈمچى

# ئۈچىنچى باب خەت - ئالاقىلار

## ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ خېتى

1

قەدىردان دوستۇم ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا ۋە ئۆزلىرى ئارقىلىق ھەممە يارى بۇرادەرلەرگە كۆپتىن - كۆپ سېغىنىپ - سېغىنىپ سالام!

سەمىمىي سالام ئاداسىدىن سوڭ، ھەممىدىن بۇرۇن سالامەتلىكلىرىنى سورايمەن ۋە تەنلىرىگە ساقلىق، كۆڭۈللىرىگە خاتىرجەملىك، خىزمەتلىرىگە ئۇتۇق، تۇرمۇشلىرىغا روناقلىق تىلەش بىلەن ئۆزىمىزنىڭمۇ سالامەت تۇرغانلىقىمىزنى ۋە دائىم دىدار كۆرۈشمەك ئارزۇسى بىلەن مۇشتاق ئىكەنلىكىمىزنى ئىزاھار قىلىمەن. جۈملىدىن، خىزمەت ئالدىراشلىقى سەۋەبىدىن خېلىدىن بېرى ھال - ئەھۋال سورىيالمىغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق خىجىللىقتا كەچۈرۈم سورايمەن.

سانىيە سۆزۈم شۇكى، پېقىرلىرى كۈندىلىك خىزمەتلەردىن تاشقىرى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى» دېگەن بىر تېمىدا ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشىش ئالدىدا تۇرغانىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، چەت ئەل تىللىرىدىكى بەزى ماتېرىياللار بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئەمما، قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىن توپلانغان ماتېرىيال ناھايىتى ئاز. مەلۇمكى، قۇمۇل ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي بىر دىيار. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن تارتىپلا قۇمۇلغا دائىر بەزى يازما خاتىرىلەر بار. شۇڭا، قۇمۇل شېۋىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، قۇمۇلغا ئىسلام تەسىرىنىڭ ھەممىدىن كېيىن كىرگەنلىكى قۇمۇل شېۋىسىنىڭ ئالاھىدە بىر شېۋە

بولۇپ قىلىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولغان. قوشاق شېئىرىيىتى ئوبدان تەتقىق قىلىنسا، ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن ئىلمىي ئاساسلار يارىتىلىشى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى دەپ ئويلايمەن. ئەمما، بۇ ھەقتە ماتېرىيال قىس بولغانلىقتىن ھەربىرلىرىنىڭ سەمىمىي ۋە ئەمەلىي ياردەملىرىگە تايىنىشقا موھتاجمەن.

بۇ يىل يازدا، ئەنە شۇ تەتقىقات مەقسىتى بىلەن قومۇلغا بېرىشىم مۇمكىن. ئەگەر ئىرادە نېسىپ بولۇپ، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا، ناھايىتى ئوبدان بولاتتى. ئەمدى مېنىڭ كونكرېت ئىلتىماسىم شۇكى، ھەربىرلىرى بۇ جەھەتتە ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بولۇشسىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن: قومۇل خەلق ماقالىلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى، قىسقا ـ قىسقا ئىبارە بىرىكمىلىرى، قوشاقلار، جۈملىدىن ئايرىم سۆزلەردە باشقا يۇرتلاردىن پەرقلىنىدىغان سۆزلۈكلەر، ئومۇمەن قومۇل شېئىرىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توپلاپ بېرىشلىرىنى، بۇ ئىشقا ھازىردىن باشلاپ جىددىيراق كىرىشىپ، مۇمكىنقەدەر ئۇدۇللۇق ماڭا يوللاپ بېرىشلىرىنى سورايمەن.

مۇنداق بىئەدەپلىك بىلەن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئۆز كۆرۈشلىرىگە، ئورتاق ئىش توپەيلى ئەيىبكە بۇيرۇماي، يېقىندىن ياردەم بېرىشلىرىگە ئىشەنچىم كامىل. بۇ ھەقتە گەپنى ئۇزارتسام، بىرنەچچە ۋاراق يېزىشىم مۇمكىن. ئەمما، مېنى ۋە مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشىنىدۇ، دېگەن پىكىر بىلەن گەپنى قىسقا ئېيتتىم. زامانىۋىلىشىشقا قوشۇلغان ھەسسە سۈپىتىدە ياردەم قوللىرىنى سۇنۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ:

كامال ھۆرمەت بىلەن:
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
1980 ـ يىلى 27 ـ مارت

# ئابدۇرېهىم ئۆتكۈرنىڭ خېتى

2

بەك ـ بەك قەدىرلىك ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا، ئۆي ئىچىلىرىگە ۋە ئۆزلىرى ئارقىلىق بارلىق يولداشلارغا كۆپتىن ـ كۆپ سالام!

خىزمەتلىرىدىن چىقىپ ئەتىسى سالامەت يېتىپ كەلدۇق. چۈشتىن بۇرۇن ئىدارىدە بولدۇم. ئابدۇسالام ۋە ئامىنە قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەممىسىگە سالاملىرىنى يەتكۈزدۈم. قۇمۇلدىكى ئەھۋالنى، شەخسەن ھەربىرلىرىنىڭ ياردەم ۋە مەدەتلىرىدىن قىلغان مەلۇملەشلەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى مىننەتدار بولدى. چۈشتىن كېيىن يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ماڭىدىغانلارنى ئۇزىتىش يىغىنىغا قاتناشتىم. ئېھتىمال، ھەممە تەييارلىقلار تۈگىدى. 30 ـ چېسلا ئەتىگەندە ئۇچىدىكەنمىز.

يولداش تېيىپجانلار 25 ـ چېسلا كېتىپتۇ، مېڭىش ئالدىدا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، مەزكۇر ماقالىسىنى قۇمۇلغا يوللاپ بېرىشنى ماڭا تاپشۇرۇپ كېتىپتۇ. تېيىپجاننىڭ تەۋسىيىسى بويىچە، 5 ـ بەتنى تولدۇرۇپ ئەۋەتتىم. قاملاشمىغان جايلىرى بولسا، تۈزىتىپ قويارلا (قويۇلغان ئورۇن بەك قىس ئىكەن). يەنە بىر گەپ: مېنىڭ ھېلىقى ئىككى شېئىرىمغا «ئا. ت. ئۆتكۈر» دەپ ئىمزا قويۇلغانىدى. شۇنى «ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر» دەپ تۈزىتىپ قويۇشلىرىنى سورايمەن.

قۇمۇلدىكى خىزمەت توغرىسىدا ئابدۇسالام ۋە ئامىنە بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇلار ۋاقىت قىستاپ قالدى، ئەۋەتكۈدەك كىشىنىڭمۇ تايىنى يوق، يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل لايىق كىشىدىن بىرەرسىنى قوشۇپ ياردەم بەرسە دېگەن پىكىرگە كەلدى. بۇ ھەقتە ئۆزلىرىگە تېلېفون بەرمەكچى. خېلىمنىڭ خىزمىتىنى شۇ ئاساستا

ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالا.

ئاندىن قالسا، ئابلا ئەھمىدى ھەققىدە ئۆزلىرىگە ئېيتقان پىكرىم ھەققىدە كۆڭۈل بۆلۈشلىرىنى ئېيتىمەن. يولداش ئابلا ئەھمىدى بىلەن باشقا تېمىلاردا بىرگە سۆزلەشتىم، لېكىن بۇ ھەقتە گەپ ئېچىشنى، ئەلۋەتتە لايىق كۆرمىدىم. خەير، قالغان ئىشلار ھەققىدە قايتقاندىن كېيىن خەتلىشەرمىز.

ئۆزلىرىنى بەك ئاۋارە قىلدۇق. يەنە بىر قېتىم رەھمەت، باست ۋالىي بىلەن خۇشلاشقىلى كىرسەم يوق ئىكەن، سالام ئېيتالار دەپ:

قوللىرىنى مەھكەم قىسىپ كەمىنىلىرى:

ئۆتكۈر

1980 - يىلى 28 - ئىيون

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ خېتى

## 3

### ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم

بەك ـ بەك قەدىرلىك ئىنىم ھەم بۇرادىرىم ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا، سىڭلىم پاتەمخانغا، ئېزىز پەرزەنتلىرىگە، ئۆزلىرى ئارقىلىق بارلىق يارى بۇرادەرلەرگە كۆپتىن ـ كۆپ، سېغىنىپ ـ سېغىنىپ سالام!

سەمىمىي سالام ئاداسىدىن سوڭ، ھەممىلىرىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقلىرىنى سورىغاچ، ئۆزىمىزنىڭمۇ سالامەت ئىكەنلىكىمىزنى مەلۇم قىلماقچىمەن. خەۋەرلىرى بولغىنىدەك 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە پايتەختتە بولدۇق. يىغىن ياخشى ئېچىلدى. يىغىن جەريانىدا خوجايوف، تېيىپجانلار بىلەن ئوبدان ئۆتتۇق. جۈملىدىن، ئىسمائىل ئەھمەت ۋە تۆمۈر[1] ئاخۇنلار بار يەرلەردە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن «غەيۋەت» لىرىنى قىلىشتۇق، ئۇزۇنغا قالماي، بۇ «غەيۋەت» لىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالارلا.

ئۆزلىرىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا چىقىدۇ دەپ ئىشەنگىنىم ئۈچۈن (گەرچە بۇ قۇرۇلتاي ئارقىغا سۈرۈلگەن بولسىمۇ)، ھازىرغا قەدەر خەت يازمىغانىدىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا، قۇرۇلتاي خېلىلا كېچىكىدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا، يېرىم دىدار ئورنىدا بۇ خەتنى يازدىم. ئاخشام سەيپۇللايوفنىڭ ئۆيىدە توختىخان ۋالىي بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم، سالامەتلىكلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم، باستى ۋالىي بىلەن تېخى

---

① تۆمۈر — رەئىس تۆمۈر داۋامەت.

كۆرۈشەلمىدىم. ئۇلارنىڭ يىغىنى تۈگىگەندە، ئۆيگىمۇ باشلاپ كېلەرمەن.
«قۇمۇل چېچەكلىرى»گە تەلمۈرۈپ، كۆزىمىز تېلىپ كەتتى، ئىلتىماسىم شۇكى، بىرىنچى ساندىن جىقراق چىقىرىپ بەرسىلەر، بۇ يەردە قەلەم ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىش ۋە مۇشتەرى توپلاشقا لازىم بولىدۇ.
بۇ قېتىم بېيجىڭغا بارغىنىم ناھايىتى ياخشى ئىش بولدى. بىراق، قۇمۇلدا ئۇزۇنراق تۇرالمىغىنىم مەن ئۈچۈن چوڭ زىيان بولدى. بىرىنچىدىن، ھەر قايسىلىرى بىلەن قانغۇدەك پاراڭلىشالمىدۇق. ئىككىنچىدىن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىم شۇ پېتى قالدى. بۇنىڭغا ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن. خەير، كېيىن ھەرقايسىلىرىنىڭ پارىڭى بىلەن تولدۇرۇۋالارمىز.
يۇنۇس ئاخۇن ئاكاملارغا، ئابلا ئەخمەتكە، كېرىم ئاخۇنغا، ئابلاجان باشلىق قالغان بارلىق يولداشلارغا كۆپتىن - كۆپ سالام!

ھۆرمەت ۋە سېغىنىش بىلەن:
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
1980 - يىلى 4 - ئاۋغۇست

# ئابدۇكېرىم جوجانىڭ خېتى

## 1

ھۆرمەتلىك ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا:

ۋە ئۆزلىرى ئارقىلىق تىرىكلىكلىرىنىڭ كۈن نۇرى بولغان پاتەم خېنىمغا ھەم كۆڭۈللىرىنىڭ گۈلشىنى، ھاياتلىرىنىڭ نەۋباھارى بولغان ھەممە بوتىچاقلىرىغا چىن دىلىمدىن يالقۇنلۇق سالام!

ۋاقتىنى مىنۇتلاپ ھېسابلايدىغان كىشىنىڭ ۋاقتى، سائەتلەپ ھېسابلايدىغان كىشىنىڭكىگە قارىغاندە 59 ھەسسە كۆپ بولىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە مەن پەقەت سىلىنىڭ سالام خەتلىرىنى ئالغاندىن كېيىن چىنپۇتۇشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا ناھايەت يېرىم سائەت قالغان چاغدا، مەزمۇنى شۇنچە راۋان، تىلى شۇنچە چۈچۈك، پىكرى شۇنچە روشەن ۋە ھېسسىياتقا شۇنچە باي بولغان بىر پارچە خەتنى يېزىپ پۈتتۈرۈش، دەل ئەنە شۇنداق مىنۇتنى قولدىن بەرمەيدىغان خۇسۇسىيەتنى نامايان قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ۋاقىت ئۇ سۇنئىي بولۇشتىكى سۇغا ئوخشاش بىر نەرسە بولۇپ، ھورۇنلۇق قىلمىسىلا ئۇنى قانچىلىك چىقىرىۋالىمەن دېسە، شۇنچىلىك چىقىرىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدىكەن. دېمەك، مەن بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئۆزلىرىگە بىر قانچە پارچە خەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جاۋاب ئالالماي تەقەززا بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا، ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزۈم بەزلەپ: ئېھتىمال ئاغىنىمىزنىڭ ئىشى بەك كۆپ بولغانلىقى ۋەجىدىن، جاۋاب خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتسا كېرەك دەپلا قالاتتىم. لېكىن، سىلىنىڭ بۇ قېتىمقى خەتلىرى ئەمدى ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن گول بولۇپ قالماسلىقىمنى ئۆگەتتى. شۇ ئۇچۇردىن

ئۆزلىرىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىشقا توغرا كەلدى. ئىككىنچىدىن، مەن ھەربىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىققاندىن كېيىن، تېخى ھازىرغىچىلا كۆڭلۈم خۇددى بالىلىرى ئۇچۇرما بولۇپ كەتكەن قۇشنىڭ ئۇۋىسىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. بۇ خەتلىرى گويا كۆڭۈل گۈلشىنىمنىڭ گۈل بەرگىگە كېلىپ قونغان بولبۇلدەك، كۆڭلۈمنىڭ بۇ تۇرغان يېرىنى ئۆزىنىڭ خۇشال ئاۋازى بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، «يەمەندە بولساممۇ يېنىڭدا مەن» دېگەن مانا شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت!

خوش، ئەمدى ئۆز ھالىمغا كەلسەم، ئۆزلىرى كۆرگەندەك، ھەر بىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، يەنىلا «قىزىل راۋاق» قا چىقىۋېلىپ، «چۇش» كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتىم. ئەگەر تېنىم جېنىمغا ئۇبدان مېھمانخانا بولۇپ بېرەلىسىلا، مەزكۇر «چۇش» يەنە بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلىشىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەنە شۇ چاغدىلا مەن كۆرۈۋاتقان بۇ «چۇش» گە ھەربىرلىرىمۇ ئورتاق بولالىشىلىرى مۇمكىن. ئېھتىمال، مەزكۇر «چۇش» نىڭ شۇ قەدەر ئۇزىراپ كەتكەنلىكىدىن ئىچلىرى پۇشۇۋاتىدىغاندۇ. بۇ ھەقتە، مەن ھەر بىرلىرىگە: ئۇندىغىدى، بۇندىغىدى، قارنى يامان دۇمبىغىدى دەپ، ئەئۆزىدىن ۋەززاغىچە دادخورلۇق قىلىپ ئولتۇرشۇمنىڭمۇ ھاجىتى يوق. شۇنداقتىمۇ، بۇ ھەقتە بىر ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، مەن ئەسلى بۇ «چۇش» نى كۆرۈشنى خالىغانىدىم، بىرىنچىدىن، تەشكىلنىڭ سۆزىنى يېرىشقا تەس كەلدى؛ ئىككىنچىدىن، ھاياتنى پۇلسىز بايرام قىلىپ، بىكارچىلىقتىن بىكار بولالماي يۈز تېرىپ يۈرگەندىن كۆرە، خەلققە ۋە ئىنقىلابقا ئاز بولسىمۇ پايدىلىق ئىش قىلىشنى ئەۋزەل كۆردۈم ـ دە، «چۇش» كۆرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمما، گۈلنىڭ ئارىسىدىمۇ تىكەن بولىدۇ، يۈرەكنىڭ ئىچى لاۋزا بولىدۇ دېگەندەك، ھەممىلا ئىشنىڭ ئېپى ـ جېپى كېلىۋەرمەيدىكەن. دېمەك، بۇ «چۇش» مەن دەسلىپىدە ئويلىغاندەك ئۇنداق تىنچ، راۋان ۋە ئوڭۇشلۇق شارائىت ئىچىدە بولمىدى. دەسلەپتە، ئايرىم كىشىلەر: «قىزىل راۋاقتىكى چۇش»

نى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن شامالنى چىقىرىشقا باشلىدى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سەل خۇرۇچۇم ئۆرلەپ ئارقىدىن يەنە زەردەم قايناپ قالدى. دەسلىپىدە، بوشاپ تۇرغان بېلىم ئەكسىچە چىڭىپ كەتتى ـ دە، بۇ «چۇش» نىڭ كەينىگە خۇددى كېپىنەك كەينىدىن يۇگۇرگەن بالىدەك يۇگۇردۇم، چۈنكى ماتېرىيالىزمچىلار ئالدىدا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق ـ دە! شۇنىڭ بىلەن چىشىم قەيقالسىمۇ بۇ «چۇش» نى بىر چىشلەپ كۆرمەيمۇ دېدىم ـ دە، ئۇنى تەناۋۇم قىلىشقا (يېيىشكە) كىرىشىپ كەتتىم. لېكىن، ئارىدىن يەنە: تاختا قويساقمىكىن ياكى خالو قويساقمىكىن، كۆمسەك پىشارمىكىن ياكى ياپساق پىشارمىكىن دەيدىغانلار، ھەتتا ئېشەك قوۋزاقنى غاجىغاندەك كىشىنىڭ كەينىدىن غاجىلاۋېرىدىغانلارمۇ چىقىشقا ئۇلگۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئولتۇرغان يېرىمدە چىقان چىقىشقا باشلىدى. ئەنە بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «چۇش» نىڭ سۇرئىتى تېز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ـ دە! بۇ تېخى تۇغۇلمىغان تاينى مىنىپ ئولتۇرغاندەك بىر ئىش! لېكىن، ئۇڭدىن ۋە «سولدىن» دىن كېلىۋاتقان بۇ پۇتلىكاشاڭلار مېنى ھېچ توختىتالمىدى، مەنمۇ خۇددى بۇراپ قويغان سائەتتەك توختىماي ماڭىۋەردىم. يول ھەرقانچە يىراق ۋە مۇشكۇل بولسىمۇ، ئۇنى ماڭغان ئادەم يېڭىدۇ! مېنىڭ ئىرادەم ئەنە شۇ!

خوش، ئەمدى مەن يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىۋېرىپ قۇلاقلىرىغا سارالڭ پىت سېلىپ قويغاندەك بولۇپ قالماي يەنە. بۇ ھەقتىكى گېپىم شۇيەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

يولداش ماچىنىڭ تاسادىپىي كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى ۋە دوختۇرنىڭ ماھارىتى ئۇ يولداشنى باقىي ئالەمنىڭ گىرداۋىدىن ياندۇرۇپ كەلگەنلىكىنى پەقەت سىلىنىڭ خەتلىرىدىنلا ئۇقتۇم، بۇنى ئاڭلاپ ھەم پەرىشان بولدۇم، ھەم خوشال بولدۇم. پەرىشان بولغانلىقىم: يولداش ماچى ئەسلىدىن ئاز كېسەل تارتقان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەممىلا ئاغرىقنى كۆرگەنىدى. بولۇپمۇ، پاتەمخانىنىڭ ئاغرىقى ئۇ بىچارىنى ئاز كېسەل قىلمىغانتى، خۇداغا شۈكۈر پاتەمخانىنىڭ كېسىلى ئەمدىلا بىرئاز

ياخشى بولۇپ بالداقا تايىنىپ ماڭىدىغان بولغاندا، يەنە بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشى كىشىنى ئەلۋەتتە پەرىشانلىقتا سالماي قويمايدۇ. خۇشال بولغانلىقىم: ئېمىلا بولمىسۇن، تېخى كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرىدىغان رىزقى بار ئىكەن، خوتۇن، بالا - چاقىنىڭ تەلىيى ئوڭ ئىكەن، بۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بەختى ھەم بىزنىڭمۇ بەختىمىز، ھازىر ئەھۋالى قانداقراق؟ سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىمۇ - يوق؟ مەندىن يولداش ماچىغا ۋە ئايالى پاتەمخانغا كۆپ سالام دەپ قويسىلار، كېيىن يەنە ئايرىم خەتمۇ يازارمەن.

يولداش ئېلى ھامۇتنىڭ دوختۇرخانىدىن ئىشخانىغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدۇم، بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى، ئەمدى ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ، خەتتە جۇۋانىڭ گېپىنى قىلغانىكەنلا. چاقچاقنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا گەپنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا يولداش ئېلى ھامۇتنىڭ قولىغا خېلى كېچىكىپ تەگكەنمۇ - نېمە؟ مەن جۇگىنى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىلا يولداش ئەسەت ھوشۇر ئارقىلىق يوللاپ بەرگەنتىم ھەم يولداش ئېلى ھامۇتقا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ ۋە ھال سوراپ بىر پارچە خەتمۇ سۇنغانتىم. مەندىن يولداش ئېلى ھامۇتقا ۋە ئۆي ئىچىگە ئالاھىدە سالام دەپ قويسىلا، ۋاقتى بولسا خەت يازسۇن، مەنمۇ يەنە ئايرىم خەت يازىمەن.

يولداش ئەمەت پازۇلنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئۆي ئىچى تازىدۇ؟ مەن يېنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئاغىنەمگە سالام خەت يازالمىدىم، ئەمما قارامۇقتەك چىرايىنى ھەم قارىغاي ئۇستىگە قونغان قاردەك ئاپئاق چاچلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئاق كۆڭلىنى تېخى يادىمدىن چىقىرىپ قويغۇنۇم يوق ۋە مەڭگۇ چىقىرىپمۇ قويمايمەن. بۇ يولداشقىمۇ ئالاھىدە سالام دەپ قويسىلا. بۇ ۋاكالىتەن ئېيتىپ قويىدىغان سالاملارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، مېنى ئۈچ پارچە خەتنىڭ ماركىسىنى ئىقتىساد قىلىپ قاپتۇ، 2 مو 4 پۇڭغا قورسىقى ئاغرىپتۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالمىسىلا. بۇ يولداشلارغا ئايرىم خەت يازساممۇ، يەنىلا سىلىگە دېگەن گەپلەر يېزىلىدۇ، شۇڭا مەن ماركىنى ئەمەس، گەپنى ئىقتىساد قىلىپ قالدىم، كېيىنكى خەتلەرگىمۇ لازىم

بولۇپ قالار.

سىلىگە بىر تۆگە يۈك بولغۇدەك قۇرۇق گەپلەرنى يوللىدىم، ھەرقانچە كۆتۈرۈشلۈك بولسىمۇ، گەپنى ئەمدى مەشەدە توختاتسام بولار، ئۇنداق قىلمىغاندا، گەپ دىگەن قورۇلۇپ قالغان تېرىگە ئوخشايدىغان نەرسە ئىكەن، ئۇنىڭغا سۇنى پۈركۈپ قانچە سوزسا شۇنچە سوزۇلۇۋېرىدىكەن. خەير خوش، مېنى سورىغان ۋە بۇ خەتكە داخىل بولغان ھەممە يولداشلارغا سالام.

ھۆرمەت بىلەن:
ئابدۇكېرىم خوجا

1975 ـ يىلى 28 ـ يانۋار، ئۈرۈمچى

# ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ خېتى

2

ھۆرمەتلىك ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا:

ۋە ئۆزلىرى ئارقىلىق پاتەم خېنىمغا ھەم پۈتۈن ئۆي ئىچلىرىگە سېغىنىپ سالام!

ئۆتكەندە ئۆزلىرىگە ۋەدە قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن «قومۇل چېچەكلىرى»گە ئوخشىمىغان ئىككى پارچە شېئىرنى يوللىدىم. ھەر بىرلىرىگە يارامدۇ ـ يوق ئۇقمىدىم، يارىغۇدەك بولسا «قومۇل چېچەكلىرى»دىن بىر كىشىلىك ئورۇن بېرەرلار، بولمىسا ئارخىپقا تاشلاپ قويسىلىمۇ بولىدۇ.

مەن مۇشۇ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بېيجىڭغا يىغىنغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم، كېلەر ئاينىڭ 15 لىرىگىچە قايتىپ چىقارمەن، مۇشۇنداق يىغىنلار كەپلەشمىگەن بولسا، يولداش ئۆتكۈر بىلەن بىللە بېرىپ كەلگەن بولاتتىم.

يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەسلى بېيجىڭغا بېرىشقا تەييارلىق قىلغانىدى، كېيىن سان چەكلىك بولۇپ قالغانلىقتىن بېرىش ۋە بارماسلىق ئارىسىدا قەيقالدى ـ دە، ھازىرقى ئۆز خىزمىتى بىلەن قومۇلغا كەتتى. ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئارىسالدا قالغان ئىشى بىز بېيجىڭغا بارغاندا بىر تەرەپ بولىدۇ. ئاڭغىچە قومۇل شەھىرىدىن يىراققا كەتمەي تۇرۇپ تۇرسا، مەن بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاينىڭ 27 ـ كۈنلىرىگە قالماي تېلېفوندا بارىدىغانلىق ۋە بارالمايدىغانلىق توغرىسىدا خەۋەر بېرىمەن.

شۆڭا، ئۆزلىرى بۇ كىشىنى قۇمۇل شەھىرى ئەتراپىدا تۇتۇپ تۇرسىلا ئىكەن.

«قۇمۇل چىچەكلىرى»گە تېيىپجان ۋە باشقا يولداشلارمۇ بىر نىمە يېزىپ بېرىشنى ئېيتقانىدى. 1 - سان قاچان چىقماقچى بولۇۋاتىدۇ؟

خەير خوش ھۆرمەت بىلەن: ئابدۇكېرىم خوجى
1980 - يىلى 20 - ئىيۇل، ئۈرۈمچى

# ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ خېتى

3

ھۆرمەتلىك ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا:

ياتەم خېنىمغا ۋە پۈتۈن ئۆي ئىچىلىرىگە سېغىنىپ سالام!

ئۇلۇشكۈن تېلېفوندا دىدارلاشقاندىن كېيىن ۋەدىلىرى بويىچە جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرۇپ باقتىم، بىر كۈن كۈتتۈم، ئەتىسى سىرتتا يىغىن بولۇپ قېلىپ كەلمىسەم سىلىدىن جاۋابەن تېلېفون كەپتۇ. بۇ جاۋابقا شەخسەن مەن خۇرسەن بولدۇم، ھەر ھالدا ياردەم قوللىرىنى ئايىماپلا، ژۇرنالنىڭ چىقىش ۋاقتى بىر [1] ئايدىن كېچىكىپ قالمىسا. ئاڭلىسام بىزنىڭ باللار زاۋۇت ئىشچىلىرىنى ئورۇنسىز رەنجىتىپ قويغان چېغى، ئىشچىلارنىڭ ئازلىقىغا، ئىشلەش شارائىتىنىڭ ناچارلىقىغا، ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ كونىلىقىغا قارىماي، بۇرۇنقى ژۇرناللارنى شۇنچە سۈپەتلىك بېسىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن زاۋۇت ئىشچىلىرىغا، جۈملىدىن ھەربىرلىرىگە كۆپ رەھمەت ئوقۇيمىز. ئەمما، بىزنىڭ ئايرىم كىشىلىرىمىز ئالدى بىلەن بۇنى كۆرمەي ئىشچىلارغا تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ قويغان چېغى. مەن ئىشچىلاردىن، جۈملىدىن ھەربىرلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن!

بىزدىن غېرپۇر قادىر 9 - سان ژۇرنالنىڭ ئورىگىناللىرىنى ئېلىپ كەتتى، ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىزنىڭ قۇرۇلتاي 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئېچىلىدىغان بولۇپ بېكىتىلدى. ۋەكىللەرنىڭ سانىدىمۇ، نامىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق.

---

[1] «كۆۋرۈك» ژۇرنىلىنى قۇمۇل باسما زاۋۇتى بېسىپ بېرەتتوق.

ئۆزلىرى باشلىق بىر تارتىم بولۇپ كېلىشلىرىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز.

سەيپۇل بېيجىڭغا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە كەتتى. كېلەر يىل چاغاندىن بۇرۇن قايتىپ كېلىدۇ. غۇلام بىلەن مەريەمخان ئوغلىنىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈشكە ئۈرۈمچىگە چىقىپ قالدى. تويدىن كېيىن قۇمۇلغا بارماقچىكەن.

ئۆزلىرىگە ئۆتكۈر، غۇلامدىن، تېيىپجاندىن ۋە باشقا يولداشلاردىن سالام!

هۆرمەت بىلەن:

ئابدۇكېرىم خوجا

1980 - يىلى 30 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

# ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ خېتى

4

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمايىلغا ۋە كۆچىلىرى پاتەم خېنىمغا ھەم پۈتۈن ئۆي ئىچىلىرىگە سېغىنىپ سالام! ئەھۋاللىرى ۋە ئۆي ئىچىلىرى ئامان - ئېسەن ئىكەنلىكىنى قۇمۇلدىن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان يولداشلاردىن ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇندا يولداش ئابدۇرەقىپ تۆمۈردىن تەپسىلىي ئەھۋاللارنى ئاڭلىدىم، ئامان - ئېسەنلىك ئەممىدىن ئەۋزەل مەسىلە.

بۇ قېتىمقى خېتىمدە يىغىلىپ قالغان چاقچاقلىرىمنى يازايمىكىن دەپ ئويلىغۇدىم، قارىسام ۋاقىت يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ چاقچاقلارنى يەنە ئامانەت قويۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلىگە مەلۇم، مېنىڭ بىر ئىغىز گېپىم ھازىر 10 يۈەندىن ئارتۇق پۇلغا تەڭ كېلىدۇ. بۇنىڭغا سىلى چىقىش قىلالماي قېلىشلىرى مۇمكىن دېگەن ئويغا كېلىپ، قىلىدىغان چاقچاقلىرىمنى قىسقارتىۋەتتىم. ئەمدى نەق گەپكە كەلسەك مېنىڭ بۇنداق ئىككى پىكرىم بار، شۇنى دەپ ئۆتەي:

بىرى: ئابدۇسالام ئابباس مېنى كۆرسىلا، قۇمۇل ژۇرنالىنى تېخىچە نوپۇسقا ئالدۇرۇش توغرىسىدا بىرەر گەپ قىلمايۋاتىدۇ، سەن ئابدۇلئەزىزگە دەپ قويساڭ بوپتىكەن، بۇ ژۇرنالنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بەك كۈچلۈك، شۇڭا مەن ئۇنىڭ نوپۇستىن چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، دېگەن گەپلەرنى ئېيتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ پىكرىنى

ئەستايىدىل بىر ئويلىنىشىپ تېزدىن جاۋابىنى بېرىشۋەتسىلەر بوپتىكەن. بۇ ھەقتە مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشۇۋاتىدۇ، مەنمۇ ئاز گەپ قىلمىغانىدىم.

يەنە بىرى: «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ھازىر ئۆزىنى مۇڭگۇز ئىچىگە قاچىلىۋالغاندەك تۇرىدۇ، ئۇچۇقىنى ئېيتقاندا، قۇمۇل ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئاپتورلىرىنى تاللاشتا قۇمۇلدىن باشقا تەرەپكە نەزەر سالمايۋاتىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ ئەمدى قۇمۇلدىن باشقا جايلاردىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى باسالمايمەن، دېگەن سۆزى ئەمەلدە كۆرۈلۈۋاتقاندەك تۇرىدۇ. بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس، بەلكى خەتەرلىك ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋال، ھەر قانداق جايدا چىقىۋاتقان ھەر قانداق ژۇرنالدا كۆرۈلمەيدۇ. ژۇرنال خەلقنىڭ مۈلكى، ئۇ قانداقتۇر بىرەر شەخسنىڭ ياكى بىرەر ئورۇننىڭ مۈلكى ئەمەس. ژۇرنال يەنە كېلىپ كەڭ ئاپتورلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىغان، تەربىيىلەيدىغان بىر مەكتەپ. مېنى «تارىم» ژۇرنىلى يېتىشتۇرگەن، شۇڭا مەن «تارىم»نى خۇددى ئانا مەكتىپىمدەك ھېس قىلىمەن. بۇنداق بىر ئورۇندا ئىشلەۋاتقان ئادەم كەڭ قورساق، خالىس ۋە ئادىل بولۇش كېرەك، ئەلۋەتتە كېرەك، مەن ئورۇمچىدىكىلەرلا ئەمەس، قۇمۇلدىكى كۆپلىگەن يولداشلارنىڭ مۇشۇ ھەقتە كۆپ نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇ مەسىلىنى ئوبدانراق ئويلىنىشىپ كۆرۈپ باقسىلا.

يەنە بىر گەپ، يېقىندا ئايشەمخاننىڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يازغان بىر پارچە ئەرز خېتىنى ئالدىم. مەزمۇنىغا قاراپ كۆرسەم، ھېلىقى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئۆتكەن يىلدىكى سانلىرىغا چىققان «باشلىقنىڭ ھەيۋىسى» ناملىق ھېكايىسى چىققاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ مەلۇم باشلىقلىرى بۇ ئايالنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كېلىپ، سەن مېنى يېزىپسەن دەپ سوراۋشتە قىلىپتۇ، ئەگەر جەزمەن ئۇنداق بولغان بولسا، ياخشى بولمىغان.

ھېلىقى ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ بۇ يىلقى پىلانلىرىدا بارمۇ ـ يوق؟ مېنىڭچە ئەمدى قۇمۇلدا بىر نۆۋەت بۇنداق يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى زۆرۈردەك تۇرىدۇ. خوتەن 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مۇشۇنداق يىغىن ئاچماقچى بولۇپ، مېنى تەكلىپ قىلغانىكەن، بارالمىدىم. دېمەك، جايلار ئىجادىيەتكە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، قۇمۇل بەك ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ، بۇ مەسىلىنىمۇ ئويلىشىپ كۆرسىلە.

خەير ـ خوش. قالغان گەپلەرنى يولداش ئابدۇرەقىپتىن ئاڭلاپ بىلەرلا.

ھۆرمەت بىلەن: ئابدۇكېرىم خوجا

1982 ـ يىلى 18 ـ فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ خېتى

5

ھۆرمەتلىك ۋە قەدىردان دوستۇم ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا ۋە ئۆزلىرى ئارقىلىق پاتەم خېنىمغا ھەم پۈتۈن ئۆي ئىچىلىرىگە چىن قەلبىمدىن سېغىنىپ سالام!

دوختۇرخانىغىلا قارىتىپ يازغان خەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇش بىلەن تەڭ چەكسىز خوشال بولدۇم. جاۋابەن خەت يېزىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسامۇ ماغدۇرسىزلىق يار بەرمىگەچ ئۆزلىرىنى يولغا قارىتىپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دوختۇرلار مېنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئىككىنچى نۆۋەت ھايات بېغىشلىغىنىغا مانا 80 كۈندەك بولۇپ قالدى. خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈر، ھازىر ئۆزلىرىنىڭ خەتلىرىگە جاۋاب يازغۇدەك بولۇپ قالدىم. تالا - تۈزگە چىققۇدەك بولالمىغان بولسامۇ، ئەمما دوختۇرخانىنىڭ 1 - قەۋىتىگە چۈشكۈدەك 3 - قەۋەتكە چىققۇدەك، ھەتتا ئىككى - ئۈچ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرگۈدەك بولۇپ قالدىم. ھازىر دوختۇرلار داۋالاشنىڭ 2 - باسقۇچىنى باشلاش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئاساسەن ئوپېراتسىيىدىكى ئۇتۇقلارنى مۇستەھكەملەش، تەن سالامەتلىكنى ئىمكانقەدەر تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقارسا كېرەك. ھازىر ئۆزۈمنىڭ روھىي ھالىتىم، چىراي شەكلىم ناھايىتى ئوبدان. مېنى كۆرگىلى كەلگەنلا كىشىلەر: ياشىرىپ قاپسەن، سەمرىپ

قاپسەن دەيدىغان بولۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ كۆرۈپ تۇرىمەن ۋە ھېس قىلماقتىمەن. باستى ئاخۇنمۇ ھەر دورەم مېنى كۆرگىلى چىققاندا چاقچاق قىلىپ: ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلنى بېرىپ ئەمسىلە چىرايلىرىغا چىقىدۇ، دەپ قويىدۇ. قىسقىسى: خۇدا خالىسا ھەربىرلىرىنىڭ قاتارىدا ئاز دېگەندە يەنە 15، 20 يىل ياشايدىغان ئوخشايمەن، بۇنىڭغا كۆزۈم يېتىپ قالدى. «تارىم»نىڭ بۇ يىلقى 1 ـ سانىغا بېسىلغان شېئىرلارنى كۆرگەنلا، قانداق تەسىراتلىرى بار؟ قۇمۇلغا بېرىپ ھەربىرلىرىنى ئاۋارە قىلغانغا تۇشلۇق ئىش بوپتىمۇ؟

ئاڭلىسام ئاداش، كونا «ئەر»نى تاشلاپ يېڭى «ئەر»گە نىكاھلىنىپ ئەپتىلا، مۇبارەك بولسۇن! بۇمۇ بوپتۇ، چۈنكى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلا ئادەم ئۆزلىرىنىڭ يېڭى «ئەر»گە نىكاھلىنىپ ئالغانلىقلىرىنى ئەمەس، كونا «ئەر»نىڭ ئۆزلىرىگە بىۋاپالىق قىلىپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئەيىبلەپ ئۆتتى. ئايرىم ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا ناھەق ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ جامائەتچىلىك ئىچىدىكى ئابروي ـ ھۆرمەتلىرىنى چۆكۈرۈۋەتكىنى يوق، ئەكسىنچە ئۆستۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. كۆپچىلىك دېگەننىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدىكەن. مېنىڭچە، بولغاندا ھازىرقى ئورۇنغا كەلگەنلىرىمۇ ئوبدان بولدى. ئېتى ئۇلۇغ سۇپۇرىسى قۇرۇق ئورۇندا تۇرغاندىن كۆرە، چاقىرسا ئېتى بار، تۇتسا سېپى بار ئورۇندا تۇرغان ياخشىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر ئىلمىي ئورۇن، قىلچىمۇ يالغان گەپنى كۆتۈرەلمەيدۇ، داۋراڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ، ئالتۇن ـ ئالتۇن ۋە مىس ـ مىس بولۇپ چىقىدىغان ئورۇن، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قولىقى تىنچ بوپتۇ» ئەمدى، بۇ ياخشى ئىش ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ، سىلى بىلەن بىز كوممۇنىست، يوقىرىغىمۇ چىقالايمىز، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيمىز، گەرچە ئادالەتسىز كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، بۇ ھادىسىنى پارتىيە تەشكىلىدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ئايرىم ئادەملەرنىڭلا ئىشى، خالاس.

خوش، بۇ ھەقتە كېيىنچە پاراڭلىشىپ ئالۇرمىز، ئەمما يېڭى خىزمەت ئورۇنلىرىدا يېڭىچە تۆھپە يارىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەندىن يولداش ئابدۇللاجانغا، ماچىغا، مىجىت ئابلەيگە، ئابدۇرېقىپقا، ئۆمەرجانغا، ئەمەت پازۇلغا، مەخمۇد نامەنگە، نامەن شوپۇرغا، ئەمەت شوپۇرغا، ياقۇپ ئىسمايىلغا، ئاندىن قالغان بارلىق يولداشلارغا سالام دەپ قويسىلا.

ياقۇپ يارى بىلەن ئايخانمۇ بۇ سالامنىڭ سىرتىدا قالمىسۇن.

ھۆرمەت بىلەن:

ئابدۇكېرىم خوجا

گۆھەرىيەدىن

1984 ـ يىلى ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# غولام غوپۇرنىڭ خېتى

## 1

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل:

ئەھۋاللىرى قانداق، ئالتۇن بوي، كۆمۈش قوۋۇرغىلىرى ئېسەنمۇ؟

بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېيىن، ئىشلار ئايدىڭلىشىپ، ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلىپ، قايتىدىن ئىشقا چۈشكەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدۇق. ئىشلىرىغا غەلىبە ۋە ئۇتۇقلار تىلەيمىز. كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، يۈرەكلىك ئىشلىسىلە، ھەربىر ھەرىكەتتە ئايرىم نائەھلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ياخشى ئادەملەرگە ھەر خىل بەتناملارنى چاپلايدىغان پەسكەشلىكلەردىن قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن. بىراق، بۇنداق نائەھلىلەر ئاخىر كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆزلىرىنى پاش قىلىپ، رەسۋا بولۇش بىلەنلا تۈگىشىدىكەن. ياخشى ئادەملەر خەلقنىڭ قەلبىدە ياخشى بولۇپ، مەڭگۈ ياشايدىكەن. بىز ئىشىنىمىزكى، سىلىگە ھېچكىم قارا چاپلىيالمايدۇ. كونا جەمئىيەت قالدۇقلىرىنىڭ سىلىگە ئوخشاش يېڭى جەمئىيەتتە ئۆسۈپ چىققان ياش كادىرلارغا «سىنىپىي ئۆچ ئالدى» دەپ ئېسىلغانلىقى كۈلكىلىك ئىش! گويا ئۆزى پرولېتارىياتتەك!

ئۆتكەن ھەپتە خوجا يۈپىنىڭكىگە چىقىپ چەلپەك يەپ كىردۇق. تۆگە يېغىدا پىشۇرغان چەلپەك ئىكەن، ئۇلارنىڭ مەھەللىسىدىكى دۇكاندا دائىم تۆگە يېغى ساتىدىكەن. گۆھەرىيە ئاپپاي ھەدېسىلا 10 جىڭ، 20 جىڭ تۆگە يېغى ئېلىۋالىدىكەن. قوي يېغى يېسىڭىز بولمامدۇ دېسەك، تۆگە يېغى تاتلىق بولىدىكەن دەيدۇ. شۇ كۈنى كەچكىچە ئولتۇرۇپ، پاراڭلىرىنى

قىلىشتۇق. خوجايۇفمۇ ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۆتكەندە ئىسمائىل ئىبراھىم دېگەن ئىنىمىز، ئەرز قىلىپ بېيجىڭغا كەلگەنىكەن، گېزىتخانىدىن يەرلىك مىللەتچى قىلىپ خىزمەتتىن ھەيدىۋەتكەنىكەن، ماچى بىلمەس كىشى بولۇپ چەتكە چىقىۋالدى دەيدۇ. ئەنە شۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقارمىسا، خەلق ئالدىدا قانداق جاۋاب بېرەلەيدۇ. ئۆزى قىلغان ئىش بولغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ھەل قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئىسمائىل ئىبراھىم گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىغا كەتكەنىدى، قايتىپ كەلمىدى، كەتكەنگە ئوخشايدۇ. مېنىڭ پىكرىمچە، ھېلىقى ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ئىشىنى قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا پۈتۈنلەي بولىدۇ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر كادىرلىرى يېتىشمەي تۇرغان ئەھۋالدا، شۇنداق ياش بالىلارنى مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا نېمە بولغۇدەك، شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلار مەسىلىسىنى يۈرەكلىك ھەل قىلىپ، مۇۋاپىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشسىلا چاتاق بولماسلىقى مۇمكىن.

خەير، قالغان گەپنى كېيىن سۆزلىشەرمىز. ھەممە ئاغىنىلەرگە سالام دېسىلە.

پاتەمخان سىڭلىمىزغا ئالاھىدە سالام!

دەپ سالام يوللىغۇچى غۇلام، مەريەم، ئەكپەر، ئەسقەر

1979 - يىلى 2 - ئۆكتەبىر

# غولام غوپۇرنىڭ خېتى

2

يولداش ئالدۇلئەزىز ئىسمائىل:
ئەھۋاللىرى قانداق، سالامەت تۇردىلامۇ، بالا - چاقىلار ئامانمۇ؟
بىزمۇ تىنچلىق ئوبدان تۇردۇق.
ئۆزلىرىگە ئۇزاقتىن بۇيان ئايرىم خەت يازالمىدىم. ئەپۇ قىلغايلا.
«قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 2 -، 3 - سانىنى ئالدىم. ئوبدان چىقىپتۇ. بىراق، بەك كېچىكىپ چىقىۋاتىدۇ. ئابدۇسالام ئاباسوپنىڭ ئېيتىشىچە، قۇمۇل ئەدەبىياتىنى تېزرەك دوكلات يېزىپ ئەنگە ئالدۇرۇۋالسا بولاتتى، ئۆزلىرىگە ئېيتقانىدىم دەيدۇ. مۇشۇ مەسىلىنى كېچىكتۇرمەي ھەل قىلىۋالسىلا بولغانىكەن.

ئاندىن يەنە بىر ئەھۋالنى سىلىگە ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن. مەن ئۇزۇندىن بۇيان «ئۇيغۇرچە يەرلىك سۆزلەر لۇغىتى» ئىشلەشكە كىرىشىپ يۈرگەنىدىم. ئۆتكەن يىلى بىر قىسمى تەييارلانغاندىن كېيىن، بىزنىڭ نەشرىياتىمىزدىن نەشر قىلىشقا كېلىشىپ، بۇ يىللىقى پىلانغا كىرگۈزگەنىدۇق. دەل شۇ چاغدا، ھېلىقى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى يىغىنى ئېچىلىپ قالدى. مەن بۇ يىغىندا بۇ پىلاننى ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇسالام ئاباسوف، ئىمىن تۇرسۇن ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن يولداش نەسرۇللالارغا كۆرسەتتىم. ئۇلار بەك خۇشال بولۇپ، قىزغىن قوللايدىغانلىرىنى بىلدۇردى. شۇنداقلا، ئىبراھىم مۇتىئى، ئاباسوف ۋە ئىمىن تۇرسۇن ئۈچۈيلەنلا قومۇلچە يەرلىك سۆزلەر لۇغىتىنى ئايرىم

ئىشلەپ بېرىشىمنى ئالاھىدە تاپىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ماقۇل كېلىپ، ئەسلىدىكى بىر لۇغەتنى ئىككى قىلىپ چىقىرىشنى، يەنى پۈتۈن ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرنى، قومۇل تىلى بويىچە بىرنى ئىشلەشنى پىلانلىدىم. يولداش ئابدۇسالام ئاباسوف يەنە: «ئۆزلىرى چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىپلا، ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسۇن، مەن بۇرۇن بۇ ئىشنى ئېلى ھامۇتقا تاپشۇرغان، بىراق ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى سىلى باشلاپلا، ياخشى بوپتۇ» دېگەنىدى. مەن بۇ سۆزنى ئابدۇرەقىپقا سۆزلەپ بەرگەنىدىم ۋە قومۇلچە سۆزلەرنى تەھرىرلەپ بېرىشنى ۋە بىر ئاز خام ماتېرىيال يەتكۈزۈپ ياردەملىشىشىنى دېگەنىدىم. ئابدۇرەقىپ بۇ چاغدا بەك خۇش بولۇپ، «مېنى تەھرىرلىككە تارتسىلا، چوڭ شەرەپ دەپ بىلىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ھەقتىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ۋە ئىشلەش تېزىسلىرىنى كونكرېت كۆرسىتىپ بەردىم. قالغان سۆزلۈكنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە كارتىغا كۆچۈرۈپ، ئۇدۇللۇق يوللاپ بەرمەكچى بولدۇم. ئۇدۇللۇق ئەۋەتكەننى ئۇدۇللۇق تەھرىرلەپ ماڭا قايتۇرۇپ تۇرسا، قايتىدىن ئاقىقا كۆچۈرۈپ، باسمىغا تەييارلىماقچى بولغان. دېمەك، ھەممە ئىشنى شۇنداق پۈتۈشكەن. شۇ پۈتۈم بويىچە، مەن بىرقانچە ھەرپنى رەتلەپ ئابدۇرەقىپقا يوللاپ بەردىم. ھازىرغىچە جاۋاب يوق. مەن پۈتۈن قومۇل سۆزلىرىنى ۋە پۈتۈن ئۇيغۇرچە يەرلىك سۆزلەرنى ئايرىم - ئايرىم تۈردە كارتىغا قوندۇرۇپ بولدۇم. غۇلجىنىڭ يەرلىك سۆزلىرىنى، يازغۇچى زوردۇن سابىر پۇختا تەھرىرلەپ بەردى ۋە ئۆزى توپلىغان نەچچە يۈز سۆزنى ماڭا بەردى. خوتەن، لوپ سۆزلىرىمۇ تەھرىرلەپ بولۇندى. قالغان جايلارنىڭمۇ تەھرىرلىنىۋاتىدۇ. پەقەت قومۇلنىڭ سۆزلىرىنى تەھرىرلەش مەسىلىسى قالغان. بۇ ئىشنى ئابدۇرەقىپقا تاپشۇرغان. ئەمدى ئاڭلىسام، ئابدۇرەقىپ ئۆز ئالدىغا ئىشلەپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلىغا يوللاپ بەرگەنمىش.

ئابدۇرەقىپنىڭ ئۆز ئالدىغا يازغىنى ياخشى بوپتۇ. بۇ ھەركىمنىڭ

ئىختىيارىدىكى ئىش. ئىشقىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ تىل بايلىقى ئوتتۇرىغا چىقىسۇن. ئۇمۇ چىقارسۇن، مەنمۇ چىقىراي. تاما ـ تاما كۆل توشىدۇ. بىر تېمىنى نەچچە خىل يېزىش مۇمكىن، بۇ ياخشى ئىش. بىراق، سەت بولغان يېرى شۇكى، ماڭىمۇ خەۋەر قىلىپ قويماي، ئۆز ۋاقتىدا قىلىشقان مەسلىھەت پىلانىمىزنى ئۆز ئالدىغا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن سۆزنى ئۇزاقراق قىلىۋەتتىم.

ئابدۇرەقىپقا تەھرىرلەش ئۈچۈن ئەۋەتىپ بەرگەن ماتېرىياللارنى قايتۇرۇۋەتسۇن، ئۇچراپ قالسا دەپ قويارلا.

خەير، سالامەت بولسىلا دەپ غولام ، مەريەم

1982 ـ يىلى 3 ـ مارت

# غولام غوپۇرنىڭ خېتى

3

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل:

ئەھۋاللىرى قانداق، ياخشى تۇردىلىمۇ، بالا - چاقىلار ئامانمۇ، يولداشلارچۇ، ھەممىسى تىنچلىقتۇ. بىزمۇ ئامان، ئوبدان كېتىۋاتىمىز. يېقىندا يازغان خەتلىرى تېگىلدى. ئالدى بىلەن قۇمۇل مۇقامىنى كىتاب قىلىپ ئىشلەش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىشنى مەركىزىي مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى بىلەن سەنئەت تەتقىقات ئىدارىسى بىرلىكتە قۇمۇل مۇقامىنى كىتاب قىلىپ چىقىرىش ئىشىغا كىرىشىپ، مېنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە تارتتى، بىزنىڭ نەشرىيات رەھبەرلىكى بىلەنمۇ مۇزاكىرىلەشتۇق. مۇزىكا نەشرىياتى نوتىغا ئېلىپ بېرىش ئىشىنى ئۈستىگە ئاپتۇ. مۇقام تېكىستلىرىنى ۋە قۇمۇل ئەدەبىياتىدا چىققان قوشاق - بېيىتلارنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشنى ماڭا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئىككى خەنزۇ تەرجىمان يولداشنى تەرجىمە قىلىپ بېرىشكە ئۇيۇشتۇردۇم. ئەمما ئۇلار ئالدى بىلەن بېيىت - قوشاقلارنى رەسمىي بېكىتىپ بەرسە، ئاندى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشسەك دېگەن تەكلىپنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇلارغا (مىللەتلەر بىلىم يۇرتىدىكىلەرگە قۇمۇل رەھبەرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قۇمۇلغا مەخسۇس كىشى ئەۋەتىپ، رەسمىي بېكىتىپ كېلىش تەلىپىنى بەردىم. ئۆزلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى تونۇشتۇردۇم. ئەھۋال شۇنچىلىك. ئەمدى مەن مىللەتلەر بىلىم يۇرتىغا چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئېيتىپ،

بىرقارارغا كەلگەندىن كېيىن ئايرىم خەت يازىمەن. مېنىڭچە، ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرى بويىچە ئىشلەش قولايلىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەردىن بىر - ئىككى كىشى بېرىپ، مۇقام تېكىستلىرى بىلەن قۇمۇل قوشاقلىرىنى تولۇق ۋە توغرا رەتلەپ كەلمەي بولمىغىدەك. بۇلارنىڭ يەتتە لېنتىسى بار ئىكەن. ماڭا تاپشۇرۇپ قويدى. ئاڭلاپ باقتىم. بەك جانسىز ئېلىنىپ قالغان. ماچى تۇڭگانمۇ ئاڭلاپ باقتى. لېنتىغا باشقىدىن ياخشىراق ئېيتقۇزۇپ ئالسا بولغۇدەك. ئاياللارمۇ قوشۇلۇپ ئېيتسا ياخشى چىقىدىكەن. قۇمۇل ناخشىلىرىنىڭ ئەۋجى يوق. مۇشۇ ئەۋجى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى.

ئەمدى مالوبىنىڭ قالغان ماتېرىياللىرىنى ئىشلەش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ پىكىرلىرى بەك ياخشى پىكىر ئىكەن. بىزدە ئەل ئەدەبىياتىغا دائىر نەرسىلەرنى ھازىرچە ئىشلەمەيدۇ، خەلق نەشرىياتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ، ئەگەر چىقارسا شۇلار چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنى ئۇقۇشۇپ باقايلى. مەن ئىمىن تۇرسۇنغا خەت يېزىپ باقاي. كىتاب بولۇپ چىققۇچە «قۇمۇل ئەدەبىياتىدا پارچە - پارچە قىلىپ چىقىرىپ تۇرساقمۇ بولىدۇ. ئەگەر توغرا تېپىشسىلا، مەن قالغان قىسىملىرىنى بۆلۈپ - بۆلۈپ ئىشلەپ يوللاپ بېرەي.

ئەمدى قۇمۇل ئەدەبىياتىنى تەستىقلىتىۋېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنى ئۆتكەن يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان تۈركىي تىللار يىغىنىدا يولداش ئابدۇسالام ئابباسوف ماڭا ئالاھىدە تاپىلاپ ئېيتقانىدى، بۇنى ئابدۇرەقىپقا دەپ قويغانىدىم ۋە ئۆزلىرىگە ئالاھىدە يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپشۇرغانىدىم. باسىت ۋالىي بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، يوللاپ باقسىلا بولماسمۇ؟

قۇمۇل ئەدەبىياتىنىڭ تەھرىر كۈچىنى كۈچەيتىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا چىقىرىشقا كۈچ چىقىرىپ قويسىلا بولاتتى. قۇمۇل ئەدەبىياتى بىلەن قۇمۇل پەن - تېخنىكا گېزىتىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىكەن. بۇ قېتىمقى قوش سان ئوبدان چىقىپتۇ. ماقالىلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم.

ماچى تۆڭگان كېلىپ، بىر ھەپتە تۇرۇپ شاڭخەيگە يۈرۈپ كەتتى. بېيجىڭنىڭ پۈۋسىنى خېلى ئىچىۋالدى. ئېچىرقاپ كېتىپتىكەن. تۆڭگان قىمىزىدىنمۇ ئىچىۋالدى.

پات ـ پات خەت يېزىشىپ تۇرايلى. خەير ـ سالامەت بولسىلا ۋە ھەممە يولداشلارغا سالام دېسىلە دەپ سالام يوللىغۇچى:

غۇلام، مەريەم

1982 ـ يىلى 3 ـ مارت، بېيجىڭ

# قەييۇم تۇردىنىڭ خېتى

1

هۆرمەتلىك ئابدۇلئەزىز ئاكا، سالام!

قانداق ئەھۋالىڭىز، سالامەتلىكىڭىز ياخشى، ئۆي ئىچىڭىز تىنچ، تونۇش - بىلىشلەر ئامان؟ مەن سىزگە ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

مەن ئۆزۈم تىنچ - ئامان، سالامەت، سىز قۇمۇلغا قايتقاندىن كېيىن مەنمۇ يەركەنگە بېرىپ كەلدىم. بۇ قېتىمقى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يىغىنى بىرقېتىملىق ئەھمىيەتلىك، داغدۇغىلىق يىغىن بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى بولدى، ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدۇق. يەنە بىر قىزىقارلىق ئىش ئايشەم ئەخمىدىنىڭ رومانىنى كوللېكتىپ ئوقۇدۇق، كىتاب ئۆزىنىڭ بىرىنچى بېتىدىن باشلاپلا يېقىملىق، خاس ۋە ئالاھىدە قۇمۇل پۇراقلىرىنى چېچىشقا باشلىدى. ياش ئايال يازغۇچىنىڭ پەخىرلىك ئەمگىكىنى كۆرۈۋاتقىنىمىزدا سىزنىڭ ئايشەم توغرىسىدا ئېيتقان سەمىمىي سۆزلىرىڭىز ئېسىمغا كەلدى. بۇ رومان بىزدە ياخشى تەسىرات قالدۇردى. خېلى ئۈمىد پەيدا بولدى. مەن بۇ رومانىنى ئوقۇمىغان چېغىمدىمۇ، ئۇنىڭ ھېكايىسى بويىچە چوڭقۇر ئۈمىدۋار قاراشتا بولغانىدىم، رومانىنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىزدە ئۈمىدلىك بىر ئايال يازغۇچىنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقىدىن چوڭقۇر رازىلىق ھېس قىلدىم. كىتاب ياخشى، خېلى پىشىپ قالغان، ئەجرى قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ئەھمىيەتلىك تۇرمۇشنى، قىزىقارلىق چوڭ ۋەقەنى كۆتۈرۈپ چىققان.

كىتابنى دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتتۇق ۋە ئاپتور قوبۇل قىلسا بولغۇدەك، بەزى زۆرۈر پىكىرلەرنى بەردۇق. ئاپتور تۈزىتىش شەرت ـ شارائىتلىرىنى ياخشىلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەلەپلەرنى قويدۇق. مەنىلىك تولۇقلاش بولدى.

سىز بۇ كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە توغرا ئىش قىلدىڭىز. بۇنىڭدىن، ئايشەممۇ ۋە سىزنىڭ جىددىي پوزىتسىيىدە قوللىغان ھەققانىي مەيدانىڭىزدىن خەۋەر تاپقان باشقىلىرىمىزمۇ رازى. ئەگەر ھەربىر ۋىلايەتتە مەدەنىيەت، ئەدەبىيات دېگەن نەرسىنى چۈشىنىدىغان سىزگە ئوخشاش بىر ـ ئىككى كىشى بولغىنىدا بىزنىڭ ھالىمىز تۈزۈك بولغان بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيە، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىش بولغان بولاتتى.

بۇ رومانىنى بۇ يەردىكىلەر ئاخىرغا چىقىرىشقا بەل باغلىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئىشىنىمەنكى، سىز بۇرۇنقىدەكلا چوڭ ئارقا تېرەك بولىسىز.

مەن بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە يەكەنگە قايتىمەن، ئابدىكېرىمكامدىن خەت ئېلىپ تۇرامسىز، خەت يازسىڭىز سالام ئېيتىپ قويۇڭ.

سىزگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

ئىنىڭىز قەييۇم تۇردى

1978 ـ يىلى 29 ـ ئىيۇل

# قەييۇم تۇردىغا خەت

قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە يازغۇچىلار قوشۇنىدىن بارماق بىلەن سانىغۇدەك سەردار دوستلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قىلىۋاتىمىز ھەم ئۇلارنى ناھايىتى سېغىنىۋاتىمىز. مەرھۇملارنى ئەسلەشكە دوستلار كېرەك، ئەلۋەتتە. مەن مەرھۇم كېرەم خوجا ۋاپات بولغان يىلى ھەر قايسىلىرى قاتارىدا مەرسىيە ياكى ئەسلىمە يېزىشقا كېچىكىپ قالغانلىقىمدىن «تارىم» غا ئۇلگۇرمىگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ كەلدى. چاغان بايرىمىدا ۋاقىت چىقىرىپ دوستۇمنى ياد ئېتىپ بىر پارچە ماقالە يازدىم. تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتتىمەستىن ئۆزلىرىگە ئەۋەتتىم. كۆرۈپ باقسىلا، «تارىم»غا لايىق بولسا ئىشلىتەرلا، ئەگەر لايىق بولمىسا، ھەرگىز چوڭ تۇزىتىمەن دەپ ئاۋارە بولمايلا گۆھەرىيەگە بېرىپ قويسىلا، خوجايوفنىڭ ئاۋابىئاتلىرىغا خاتىرە بولۇپ قالۇر.

دەپ ھۆرمەت بىلەن:

دوستلىرى ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل

1990 - يانۋار، ئۈرۈمچى

# قەييۇم تۇردىنىڭ جاۋاب خېتى

2

ھۆرمەتلىك ئابدۇلئەزىز ئاكا، سالام!

«بۇلبۇل ۋە باھار» ناملىق ئەسلىمىلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم. غەيرەتلىرىگە رەھمەت، ئابدۇكېرىم خوجايۇف ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گەرچە بەزى شېئىرلار بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، خوجايوفنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى كۆپ تەرەپلىمە يورىتىپ خاتىرىلەيدىغان نەرسە ئېلان قىلىنمىدى. بىرسى، بىزنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇشىمىز بولمىدى؛ يەنە بىرسى، ئابدۇكېرىم خوجايوفنىڭ ھايات ـ كەچۈرمىشى بىلەن تونۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئىزدىنىشىمۇ كەمچىل بولدى. مۇشۇنداق پەيتتە «بۇلبۇل ۋە باھار»نىڭ يېزىلىشى ياخشى بوپتۇ. بۇ مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدىكى ئىش. مېنىڭ پىكرىم مۇنداق؛ بىرىنچى، ماقالە ئاددىي ۋە قىسقا؛ ئىككىنچى، خوجايوفنىڭ ھاياتىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقە تەپسىلات كەمچىل.

مېنىڭچە، ئەسلىمە بولغاندىكىن، خوجايوفنىڭ ھاياتىدىكى ئالىيجانابلىق، دوستلۇق، ئەدەبىياتقا مۇھەببەت، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، ئەستايىدىللىق، ياشلارغا ۋە خەلققە بولغان قىزغىنلىققا ئوخشاش تەرەپلەردىكى ئەھمىيەتلىك ۋە تەپسىلاتلار كونكرېتراق يېزىلسا، شۇ ئارقىلىق خوجايوفنىڭ پەزىلىتى، غايىسى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىلسە، بىر ئاز مۇكەممەلرەك بولارمىكىن. بۇ ئىشقا غەيرەت قىپتىلا، ئۇزاق يىللار بىللە ئۆتكەن دوستلار سۆپتىدە سىلىگە خوجايوفنىڭ خاراكتېرى، ئادەت،

خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشلۇق. شۇڭا، ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسىمۇ كېرەك يوق، تەپسىلىي كونكرېت، مىساللىرى مول بولغان بىر ئەسلىمە تەييارلاش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىمەن. پىكرىم توغرىمۇ - يوق، ئويلىشىپ كۆرەرلا.

ھۆرمەت بىلەن: ئىنىلىرى قەييۇم تۇردى

1990 - يىلى 7 - فېۋرال

# سەيپۇل يۇسۇپنىڭ خېتى

يىراق بېيجىڭدىن، يېقىن كۆڭۈلدىن كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق، سۆزلەشكىلى مۇڭلۇق بولغان، ئىززەتكە لايىق، ھۆرمەتكە مۇۋاپىق ئىنى مۆھتىرەم ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا، سىڭلىمىز پاتەمخانغا ۋە پەرزەنتلەرگە سېغىنىپ دۇئايى سالام، ئامىن!

قانداق، ئەھۋاللىرى ياخشى، ئۆي ئىچى تىنچلىق، خىزمەتلەر ئۇتۇقلۇق بولۇۋاتىدىغاندۇ. شۇنداق بولۇشىغا ھەر قايسىلىرىنىڭ كۆڭلىرىنىڭ خۇشال ـ خۇرام، تەنلىرىنىڭ سەھەت ـ سالامەت بولۇشىغا تىلەكداشىمىز. بىزدىن ئەھۋال سورىسىلا ھەر قايسىلىرىنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەركاتىدىن يامان ئەمەس ئۆگىنىش قىلىپ كېتىۋاتىمىز. رابىيە مۇھەممەت خانىممۇ چەتتىن قايتىپ كېلىپ پېقىر بىلەن بىللە ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ. ئابدۇسالام ئابباسوف، مۇھەممەت سېيىت، سۇلتان مامۇت سىلىڭيۇەن، ئەخمەتجان پولكوۋنىك، ئابابەكرى قاتارلىق يولداشلار بىلەن سىلىنىڭ قۇلاقلىرى قىزىغىچە، ئېگىز سۇپەتلىرىنى تەرىپلىشىپ، بەزى چاقچاقلىرىنى يادلاپ دېگەندەك ئۆتتۇق، شۇنىسى ۋاقتىدا خەت يازالمىدۇق. ئۆتكەندە سۇلتان سىلىنىڭ خەت يازغاندا، كونۋېرتنىڭ ئىچىگە ئۆزلىرى بىلەن باراۋەر سالام سېلىپ قويغان، زوركى تاغلىرىدىن ئۆتەلمەي قالدىمۇ بىلمىدىم. سىلى ئەۋەتكەن ژۇرناللارنى ھەممىسگە تەگكۈزدۇم. ئابدۇسالام، ئېزىزوف قاسىملار كۆرۈپ ناھايىتى ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. ئۇلارنىڭ ئورتاق پىكرى: ژۇرنال («قۇمۇل ئەدەبىياتى») ناھايىتى ياخشى ئىشلىنىپتۇ. قۇمۇل مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايون تارىخىدا مەشھۇر ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولغان بىر مۇھىم ئورۇن.

بولۇپمۇ، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە باي، مەزمۇنى شوخ، كۈرەشچان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەكىل، ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان تارىخىي ئەسەرلەردە داستان، مۇقام، ناخشا ـ قوشاقلار ناھايىتى مول. مۇشۇنداق بىر جايدا مۇشۇنداق كۆركەم بىر ژۇرنالنىڭ مەيدانغا كېلىشى كىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. قۇمۇل ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىغا ناھايىتى باي، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلىرىنىڭ قوشاق شەكلى، مەزمۇنى، تۈرى ئىنتايىن مول. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاپ، رەتلەپ، تەھلىل قىلىپ، ئۆز ئەينى بويىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇشتۇرۇلسا، ژۇرنالنىڭ خۇسۇسىيىتى تېخىمۇ قويۇق ئەكس ئېتىدۇ ـ دە، ژۇرنالنىڭ سۈپىتى، ئىلمىي ـ بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. . . . بۇ پىكىرلەرنى ئېزىزوف قاسىم، ئابدۇسالام ئاببىاس، مۇھەممەت سېيىت، رابىيە مۇھەممەت ۋە پېقىركەمىنلىرى دېيىشتۇق. ئورتاق پىكرىمىز شۇكى، ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشىغا تىلەكداشىمىز. مەن بۇ پىكىرلەرنى ۋاقتىدا سىلىگە يەتكۈزالمىدىم. بۈگۈن ئۆزلىرىنى ھەم بوتلاقلارنى سېغىنىپ مۇشۇ خەتنى يازدىم. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ، تەۋەككۇل، قەييۇم ۋاھىت، ئابابەكرىلەر ئۆزلىرىنى سېغىنىپ گەپلىرىنى كۆپ قىلىشىمىز. پۇرسەت بولسا يەنە بىللە بولغان بولساق دېيىشىمىز. ئەگەر بېيجىڭغا كېلىپ قالسىلا داڭشاۋدىن ئۆتۈپ چىڭلۇڭچاۋ تەرەپكە كېتىپ قالمىسىلا يەنە! دېھقانلار تۇتۇۋېلىپ ئاۋارە قىلمىسۇن!

خەير، كۆرۈشكىلى نېسىپ بولسۇن، كەمىنىلىرى رابىيە مۇھەممەت، سەييۇل يۇسۇپ.

*1980 ـ يىلى 1 ـ دېكابىر، بېيجىڭ*

# سەدۇللا سەيپۇللايوفنىڭ خېتى

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا ۋە بارلىق دوستلارغا سالام!

ئابلاجان كېرىم ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەلگەنىدە كۆرۈشۈپ ئەھۋاللىشىپ قومۇلدىكى يولداشلارنىڭ سالامەت، ياخشى تۇرغانلىقىنى ۋە بىزگە سالام ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم. مەنمۇ يامان ئەمەس كېتىۋاتىمەن. ئابلاجاندىن مۇنداق ئىككى ئىشنى سورىسام تولۇق خەۋىرى يوق ئىكەن.

بىرسى: ھاپىز نىيازى كۆچۈرۈپ يازغان كىتابلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى بولدىلا؟ بېسىشقا بولامدۇ؟ ھاپىز ئاخۇننىڭ پىكرى قانداق؟

يەنە بىرى: ئابلىز بەمەن قومۇلدا ئىنگلىزچە دەرس بەرگەنلىكىنى قوللاپ، «دەرسلىك» كىتاب تۈزۈپ چىقىشقا پىكىر بەرگەنىدىم. ئاڭلىسام ھازىر 1 ـ قىسىم قىلىپ دەرسلىك تۈزۈپتۇ، قانداقراقكەن؟ ياخشى تۈزۈلگەن بولسا، دەرسلىك قىلىپ باستۇرۇشقا بولماسمۇ؟

ھەر ئىككىسىلا ياخشى ئىش. خەلققە پايدىلىق ئىش بولغاچقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىشىمىزگە بولىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ھۆرمەت بىلەن: سەدۇللا سەيپۇللايوف

1978 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال

ئىزاھات: سەيپۇللايوف قومۇلنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆپ كۆڭۈل بۆلەتتى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى، يېزا مەدەنىي ـ مائارىپ ئەھۋالى توغرىسىدا بىزگە خەت يېزىپ تۇراتتى. بۇ خەت شۇلارنىڭ بىرىسى. بۇ ھەقتە جاۋاب خەت يازغانىدىم.

# سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ خېتى

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا:

«قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق كىتابقا بىر پارچە بېغىشلىما يېزىپ ئەۋەتتىم، كام قالغان يېرى بولسا تولۇقلاشقا بولىدۇ.

يەنە يولداش مۇھەممەت زۇنۇنغا سىزنىڭ مۇقام ھەققىدىكى ئىككى پارچە ماقالىڭىزنى ژۇرنالغا چىقىرىش توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازدىم. ماقالىلىرىڭىزنى ئاپىرىپ بېرىڭ.

سىزگە مۇقام تەتقىقاتى ساھەسىدە يېڭى ئۇتۇقلار تىلەپ:

سەيپىدىن ئەزىزى

1991 - يىلى 12 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

ئىزاھات: 1991 - يىلى كۈز پەسلىدە سەيپىددىن ئەپەندىم شىنجاڭغا كېلىپ، ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، تىل - يېزىق، جۇملىدىن مۇقام تەتقىقاتى خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، 10 - ئايدا مەلۇم بىر كۈنى سەيپىدىن ئەپەندىم مېنى ئۈرۈمچى يەنئەن مېھمانخانىسىغا چاقىرتىپ، «كلاسسىك ئۇيغۇر مۇزىكىسى — «قۇمۇل مۇقاملىرى» ناملىق كىتابنىڭ نەشرگە تەييارلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن، دوكلاتىمنى ئاڭلاپ قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. كىتابقا بېغىشلىما يېزىپ بېرىشكىمۇ ماقۇل بولغانىدى. ئىككى پارچە تەتقىقات ماقالەمنىمۇ كۆرگەنىدى. بۇ خەت شۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن ماڭا يېزىلغان.

# قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۇسغا يېزىلغان خەت

هۆرمەتلىك يۇسۇپ ياقۇپ بۇجاڭغا:

مەن «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى» كىنو سېنارىيىسىنىڭ يېزىلىپ قۇمۇلغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. سېنارىيە كىتابى قولۇمغا تەگكۈچە ئالدىرىدىم. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى سائەت 12دە قولۇمغا تەگدى، خەنزۇچە سەۋىيەم تۆۋەن بولغانلىقتىن كىتابنى كۆرۈپ، چۈشىنىپ چىقىشتا كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدىم. تىرىشىپ ئوقۇپ، لۇغەت كىتابلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ 57 بەتلىك كىتابنى تۆت كۈندە كۆرۈپ بولدۇم، (تەكرار ـ تەكرار كۆرۈپ چىقتىم)، تارىخىي كىتابلارنىمۇ كۆرۈپ باقتىم، سېنارىيىنى سېلىشتۇرۇپ باقتىم. پىكىر يېزىپ چىقىشىمغا 10 كۈن ۋاقىت كەتتى. ئىشەنچلىك ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن يازغان پىكرىمنى ۋاقتىدا ئەۋەتەلمىدىم.

مەن بىر قانچە تارىخىي كىتابلارنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنچىتىشى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك بابلىرىنى تەكرار ئوقۇپ، سېنارىيە كىتابىنى تارىخقا سېلىشتۇرۇپ، سېنارىيىنىڭ تارىخقا ئۇيغۇنلىقىنى، تارىخىي چىنلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتىم. بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇنقى تارىخىي ۋەقەلىكنى كىنو سېنارىيىسى قىلىپ يېزىپ چىقىش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە ... سېنارىيىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ. مەن فىلىمنىڭ ۋەقەلىكى چىن بولۇشىنى، كېيىنكى تارىخىي سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، بەدىئىيلىكى ياخشى، تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدىغان، ئىجتىمائىي

ئۇنۇمى يۇقىرى كىنو بولۇپ چىقىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. پەقەت مۇشۇ مەقسىتىمنى ۋە ئۈمىدىمنى چىقىش قىلىپ شەخسەن قاراشلىرىمنى ۋە تەكلىپ پىكىرلىرىمنى يېزىپ ئەۋەتتىم. توغرا بولۇشى ناتايىن. پايدىلىنىشقا بولامدىكىن.

بىرىنچى مەسىلە:

ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش توغرىسىدا

ئەبەيدۇللا «قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭى» كىنو فىلىمىنىڭ باش قەھرىمانى. سېنارىيىدە باش قەھرىماننىڭ خاراكتېرلىنىشى، گەۋدىلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى يېزىلغان. باش قەھرىمان ئەسەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، خېشىنى، باش قەھرىمان فىلىمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. مېنىڭچە ئەبەيدۇللانىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ئاپتورغا مەلۇمكى، مەنچىڭ هۆكۈمىتىنىڭ غەربىي يۇرتنى تىنچىتىشى جۇڭگو تارىخىدىكى زور سىياسىي ۋە هەربىي ۋەقە بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللانىڭ مەنچىڭ هۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلىپ، غەربىي يۇرتنى تىنچىتىشقا تۆهپە قوشقانلىقى بۇ زور تارىخىي ۋەقەنىڭ ئايرىلماس مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، جۇڭگو تارىخى سەھىپىسىدە پارلاق نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، بۇنى جۇڭگو تارىخچىلىرى بىردەك قەيت قىلىدۇ.

«قۇمۇل رايونىنىڭ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە كۆرسەتكەن رولىغا باغلاپ قارىغاندا، ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەنلىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غالدانىنى يوقاتقانلىقى بىلەن تەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە كەلتۈرگەن پايدىسى ناھايىتى روشەن بولدى». «1697 ـ يىلى جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇش چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقاندا، چىڭ سۇلالىسى ئەبەيدۇللانىڭ خىزمىتىنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغا بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق مەرتىۋىسى، جاساق تامغىسى ۋە قىزىل تۇغ ئىنئام قىلدى، ئۇنىڭ ئوغلى گوپابەگ

(ۋافابەگ) كە ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ دېگەن ئۇنۋانى بەردى» .
(ليۇزىشاۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە بىرىنچى قىسىم 2 - كىتاب
877 - بېتىدىن كۆچۈرۈلدى) دېمەك، ئەبەيدۇللا ئادەتتىكى بىر تارىخىي
شەخس ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىجابىي شەخس. ئۇنىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە
ئەل بولۇش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس
ئەتتۈرۈش كېرەك. ئەبەيدۇللانىڭ بۇ ئىدىيىسى تارىخىي ئىلغارلىق، شۇ
چاغدىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن توغرا تاللاش بولۇپ ۋەتەنىنىڭ
بىرلىكى، دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن پايدىلىق.

1. مېنىڭ تەھلىل قىلىشىمچە ئەبەيدۇللانىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە
بويسۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، ئۇنىڭ
تارىخىي، ئىجتىمائىي مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن. مەنچىڭ ھۆكۈمىتى
ئەبەيدۇللانى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلمىغان، تەھدىت سالمىغان ياكى
بېسىم ئىشلەتمىگەن، ۋە ياكى ئالداش، سېتىۋېلىش ۋاسىتىلىرىنىمۇ
ئىشلەتمىگەن. ئەبەيدۇللا ئۆزلۈكىدىن ئويغىنىپ ئىختىيارىي يوسۇندا،
قەتئىي نىيەتكە كېلىپ غالدانغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى
ئۈزۈپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇشقا جۈرئەت قىلغان. چىۋان ئاروبىدان
ئەبەيدۇللادىن نېمە ئۈچۈن چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولىسەن دەپ
ئېيىبلىگەندە، ئەبەيدۇللا: مېنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە ساداقەتلىك
كۆرسىتىپ ئەل بولغانلىقىم مەجبۇرىي ئەمەس، ئىختىيارلىقىم بىلەن
بولغان دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە
مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانى بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلمىسىمۇ، لېكىن
مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللانىڭ بويسۇنۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق
ئىدى. ئەبەيدۇللا مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىنى
چۈشىنىپ ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرغان.

بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق چۈشىنىۋېلىشقا
بولىدۇ.

«1677 ـ يىلى غالدان چىڭخەيدىكى خوشۇت قەبىلىسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. 1678 ـ يىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى قايتا ئىلكىگە ئالدى. دېمەك، 5 يىل ۋاقىت ئىچىدىلا غالدان ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى بىر ھەسسە كېڭەيتتى».

«1688 ـ يىلى 30 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى بۆلۈنۈپ كەتكەن قالقا قەبىلىلىرىنى قورالىق كۈچ ئارقىلىق بويسۇندۇرۇۋالدى» (ليۇزىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى» ئۇيغۇرچە بىرىنچى قىسىم 2 ـ كىتاب 872 ـ، 873 ـ بەت).

(1688 ـ يىلدىن كېيىن موڭغۇل دالاسىدىكى غالدان رەھبەرلىكىدىكى جۇڭغار خاندانلىقى پەيدا قىلغان ۋەقەلەر چىڭ سۇلالىسىگە زور تەھدىت بولدى. شىمالدىن كەلگەن تەھدىتنى تۈگىتىش چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى سىياسىي ۋە ھەربىي مەسىلە بولۇپ قالدى، چىڭ سۇلالىسى يەنە بىر قېتىم ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن بەش يىل تەييارلىق قىلدى» (يۇقىرىقى كىتاب 874 ـ بەت).

«چىڭ ھۆكۈمىتى قۇمۇلنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، غەربىي يۇرتنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئۇتتۇرا تۈزلەڭلىكنى مۇستەھكەملەش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن خېشىنى قوغداش كېرەك. قۇمۇل خېشىنى قوغداشنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى، خېشىنى قوغداش ئۈچۈن قۇمۇلنى قوغداش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئەبەيدۇللامۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قۇمۇل ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشكە ئۈمىد باغلايدۇ» («قۇمۇل تارىخى ماتېرىياللىرى» 1 ـ قىسىم 97 ـ بەت).

2. ئەبەيدۇللا دادىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەبەيدۇللانىڭ دادىسى مۇھەممەتشاھ غازىبەگ 1605 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئىلى

ۋاڭلىقى ئارقىلىق 1000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇن بىلەن قۇمۇل رايونىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن. مۇھەممەتشاھ غازىبەگ ئۆزىنى خوجائەۋلادى دەپ ھېسابلايدۇ، مۇھەممەتشاھ غازىبەكنىڭ ئاتا - بالىلىرى ھەسەن غازى، باقى غازى، يارى مۇھەممەت غازىلار ئەۋلادتىن ئەۋلاد ئىسلام غازاتچىلىرى بولۇپ كەلگەن. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقتاغلىقلار مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئاپاق خوجانىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئىدى. مۇھەممەتشاھ غازىبەگ قۇمۇلغا كېلىپ يەرلىك ئۇيغۇر بۇددىسلارغا ۋە جۇڭغار قالماقلىرىغا قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك قوراللىق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان. توغۇچى بۇگۈردىكى مەشھۇر «قۇمۇل كىچىكى ئۇرۇشى» دا ئۇ بىر قولىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يەرلىك بۇددىسلارنى ھەم جۇڭغار قالماقلىرىنى تەسلىم قىلغان. شۇ ۋاقىتتا، «مۇھەممەتشاھ غازىبەگ» دېگەن نامغا ئىگە بولىدۇ ۋە «ھېكىم بەگ مەھكىمىسى» تەشكىل قىلىپ ئۆزى قۇمۇل ئايمىقىغا ھېكىم بەگ بولىدۇ. دېمەك، مۇھەممەتشاھ غازىبەگ قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىقى تۇزۇمىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسىنى قۇرۇغان. مۇھەممەتشاھ غازىبەگ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن جۇڭغارلارنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغان. جۇڭغارلار قۇمۇل رايونىغا ھېچ ئامانلىق بەرمىگەن. 1640 - يىلىدىن 1667 - يىللارغىچە بولغان ۋاقىت قۇمۇل خەلقى مۇھەممەتشاھ غازىبەگ رەھبەرلىكىدە جۇڭغارلارغا قارشى قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان دەۋر ئىدى. 1668 - يىلى مۇھەممەتشاھ غازىبەگ ۋاپات بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى 1605 - يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، مۇھەممەتشاھ غازىبەگ جۇڭغارلارغا قارشى 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت غالىب جەڭلەرنى قىلغان.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئەبەيدۇللا چوڭ بولغاندىن كېيىن دادىسى مۇھەممەتشاھ غازىبەگ بىلەن بىللە جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، چېنىقىپ دادىسىنىڭ چوڭ ياردەمچىسى، باتۇر ھەربىي،

سىياسىي سەركەردىسى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئەبەيدۇللا دادىسىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، تارىخىي ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

1668 ـ يىلى ئەبەيدۇللا دادىسىنىڭ ئورنىغا بەگ بولىدۇ. ئۇ ھەرگىز گۆدەك ۋارىس ئەمەس بەلكى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىن يېتىشىپ چىققان قابىل سەركەدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەبەيدۇللا بەگ بولغاندىن كېيىن جۇڭغار خانى غالدان قومۇل خەلقىنى قاتتىق بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدۇ. 1679 ـ يىلى غالدان ئۈچ تۇمەن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن قومۇلنى بېسىۋالىدۇ. ئەبەيدۇللا كۈچلۈك دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي ئامالسىز قېلىپ جۇڭغارلىقلارنىڭ ئەمەلدارى بولۇپ قومۇلنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، لېكىن، ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ خەلققە سالغان ھەرخىل ئېغىر باج ـ سېلىقلىرىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ جۇڭغارلارغا قارشى ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇشلارنىڭ قانلىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ غالداندىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىنى تېپىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

3. 1690 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى كاڭشى خانىنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا 30 تۇمەن چوڭ قوشۇن غەربىي يۇرتنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئاتلاندى. مانا بۇ چاغدا ئەبەيدۇللانىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى چىقىش يولى بار ئىدى. بىرسى، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ جۇڭغار خانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، غالداننىڭ تەھدىتىدىن قورقماي مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولۇش. يەنە بىرسى، غالداننىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قول (موڭغۇلچە ئالباتۇ) بولۇش، ئەبەيدۇللا ئەلۋەتتە مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇپ، غەربىي رايوننى تىنچلاندۇرۇپ ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداشقا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقباللىق يولنى تاللىۋالغان. مانا بۇ ئەبەيدۇللادىكى چوڭ ۋەزىيەت تۇيغۇسى، دەۋر

ئىككى، ۋەتەنپەرۋەرلىك. ئەبەيدۇللادىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى شۇ چاغدىكى غەربىي دىياردىكى باشقا يەرلىك ۋاڭلارنىڭ ھېچقايسىسىدا پەيدا بولمىغان. مانا بۇ چوڭ سېلىشتۇرۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبەيدۇللانىڭ ماھىيىتىنى، دانالىقىنى، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، قەيسەر - باتۇرلۇقىنى، ئىندىۋىدۇئاللىق خاراكتېرىنى مۇۋاپىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ تارىخىي سەھنىسىدە ئوينىغان رولىنى ۋە تارىخىي ئورنىنى كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى چوڭ مەسىلە: ئەبەيدۇللانىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بىر نەچچە مەسىلىلەرنى بايقىدىم.

بىرىنچى مەسىلىدە ئەبەيدۇللانىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈش توغرىسىدا پەيشىمىغان پىكىرلىرىمنى يازىمە. ئەسلىدە مەن پىكىر يازمىسامىمۇ بولاتتى. چۈنكى، مەن بۇ سېنارىيىنى تەكرار - تەكرار تەپسىلىي - ئىنچىكە كۆرەلمىدىم. تىل مەسىلىلىرىدىمۇ قىينالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن يازغۇچىمۇ ئەمەس، كىنوچىمۇ، سېنارىيىچىمۇ ئەمەس. لېكىن، مەن قۇمۇللۇق، يۇرتۇمنىڭ ئىشلىرى ياخشى بولۇپ قالسۇن دېگەندىن باشقا مەقسىتىم يوق.

1. سېنارىيىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەبەيدۇللانىڭ تەسۋىرى ياخشى بولمىغان.

سېنارىيىنىڭ 2 - باب، 3 - پاراگراف (جۇڭغار يايلىقىدا يەرمەنكە) نىڭ ئاخىرىدا (4 - بەت) ئەبەيدۇللا شەخسەن ئۆزى غالدانىنىڭ ئالدىغا باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن بارىدۇ ۋە «مەن تارخانبەگ غالدانىنىڭ چېدىرى ئالدىدىكى بىر ئىتقىمۇ يەتمەيمەن» دەيدۇ. مېنىڭچە بۇ مەزمۇن ۋە كۆرۈنۈشلەر ئەبەيدۇللانىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەبەيدۇللا غالدانغا باج تاپشۇرۇش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى بارماسلىقى كېرەك. ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن ئەۋەتىش كېرەك. ئەبەيدۇللا قانداقلا بولمىسۇن قۇمۇلنىڭ تارخان بېگى - دە، ئۇ غالدانغا باج تاپشۇرالمايدىغان بىچارە ئەھۋالغا

چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، غالدانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاچچىق يۈتۈپ ئۆزىنى كەمسىتىپ، مىللىي غۇرۇرىنى يوقاتماسلىقى كېرەك. سېنارىيىدە ئەبەيدۇللانىڭ ئۆلۈغ غايىسىنى، غۇرۇرلۇق، ئۈمىدۋار، ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن غالىب قىياپىتىنى ئىپادىلەش كېرەك.

يەنە سېنارىيىنىڭ 7 - بەت - (غالدانىنىڭ ئەبەيدۇللانى سەتلىشى) دېگەن پاراگرافتىكى ۋەقەلىكنىڭ بايانى گەرچە غالدان بىلەن ئەبەيدۇللانىڭ زىددىيىتى ئۆتكۈرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتسىمۇ، غالدانىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ، ئەبەيدۇللانى بىچارە قىياپەتتە كۆرسىتىپ قويغاندەك قىلىدۇ، ئەبەيدۇللا ھاقارەتلىنىدۇ، بۇمۇ باش قەھرىماننىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

2. سېنارىيىنىڭ 45 - بېتىدە ئەبەيدۇللا پادشاھ كاڭشى خانىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭگە قىممەتلىك سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ماڭغان جاپالىق سەپىرىدە يېقىن خادىمى مەخمۇت قاتتىق ئىسسىقتا ئۇسسۇزلۇقتا چىدىيالماي، ئەبەيدۇللادىن سورىمايلا خانغا ئېلىپ ماڭغان قوغۇندىن بىرنى يەپ قويىدۇ. بۇنى كۆرگەن ئەبەيدۇللا ئاچچىقىغا پايلىماستىن پىچىقىنى چىقىرىپ مەخمۇتنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ۋە ئۇنى قۇملۇققا كۆمۈپ قويىدۇ. ئەبەيدۇللا بۇ سەۋەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. پۇشايمان قىلىدۇ. گەرچە بۇ ۋەقە تاسادىپىي يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ. ئاقىل، سالماق ئەبەيدۇللا كىچىككىنە بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇپ سەۋر قىلالمايدىغان، تەنتەك، ئالدىراڭغۇ ئەبەيدۇللا بولۇپ قالسا بولماس. مەخمۇت خاتا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ «ئۆلۈم گۇناھى» قىلغىنى يوق. ئەبەيدۇللا ھەرگىز تىغ كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. بەلكى ئەبەيدۇللا مەخمۇتنى كەڭ قورساق، سەۋرچانلىق بىلەن تەنقىد قىلىشى، تەنبىھ بېرىشى ياكى بىر نەچچە قامچە ئۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئەبەيدۇللانىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مېنىڭچە سېنارىيىدە مەخمۇتنى

ئۆلتۈرۈۋېتمەيلى! يەنە بىر تەرەپتىن، ئەبەيدۇللا بۇ سەپىردە غالداننىڭ ئوغلىنى — بالجۇرنى كاڭشى خانغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن باغلاپ ئېلىپ ماڭغانىدى. ئەبەيدۇللانىڭ رەھىمى كېلىپ بالجۇرنىڭ پۇت-قولىنى يېشىۋېتىدۇ، ئۇ يول بويى ھايات ھالدا خانغا تاپشۇرۇلدى. كاڭشى خان بالجۇرغا رەھىم قىلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرمەستىن كەڭچىلىك قىلىپ ھاياتلىق يولى بەردى. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن دۈشمەن ھايات قالدى. ئەپسۇسكى، دوستى مەھمۇت ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مەسىلىنى تاماشىبىنلارغا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولماسمىكىن؟ ياكى ئەبەيدۇللانىڭ كاڭشى خانغا ساداقىتىنى كۆرسىتىش سەپىرىدە تۆلىگەن قانلىق بەدىلى دەپمۇ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

3. سېنارىينىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەبەيدۇللانىڭ غالدانغا باج تاپشۇرۇش سەپىرىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىرى كۆرۈنۈشى كۆپ بولۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، مۇقەددىمىدە پۈتۈن فىلىمنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئەڭ تىپىك، ئەڭ قىسقا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، فىلىمنىڭ ئومۇمىي ۋەقەلىكى ھەققىدە تاماشىبىنلارنى ھېسسىي تۇيغۇغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. ئەبەيدۇللانىڭ گەۋدىلىك ئىش - ئىزلىرى ئارىيە (ئۆزۈندە) قىلىپ كۆرسىتىلىپ، تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلىپ كىنونىڭ داۋامىغا باشلاپ كىرىشى كېرەك.

4. ئەبەيدۇللا چىڭ ھۆكۈمىتىگە رەسمىي ئىتائەت قىلىشتىن ئىلگىرىكى يىللاردا غالداندىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە خىزمەت كۆرسىتىپ (چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ) ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم چىڭ ھۆكۈمىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋغا، ئىنئام...لىرىغا ئىگە بولغان. ئەبەيدۇللا چىڭ ھۆكۈمىتىگە رەسمىي بويسۇنغاندىن كېيىن يەنە مەنسەپ، ئۇنۋان، تامغا بېرىلىدۇ. موڭغۇلچە قىزىل جىبەكلىك قوشۇن قۇرۇلىدۇ. لېكىن،

سىنارىيىدە بۇ مەسىلىلەر ئەبەيدۇللا پەقەت كاڭشى خاننى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتقا مۇجەسسەملىنىپ بىراقلا ئىپادىلەنگەن. مېنىڭچە، ئەبەيدۇللانىڭ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە خىزمەت كۆرسىتىپ، ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش جەريانى 1692 - يىلىدىن 1698 - يىلىغىچە بولغان 6 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە كۆرسەتكەن بىر نەچچە قېتىملىق ئىشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يىللار بويىچە كۆرسەتسەك، بۇنداق قىلساق تارىخقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەنتىقىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بويسۇنۇش ئىدىيىسىمۇ تاسادىپىي شەكىللەنگەن ئەمەس. شۇنداقلا، مەنچىڭنىڭ ئىشەنچىسىگىمۇ بىرنەچچە كۈن (قىسقا ۋاقىت) ئىچىدىلا ئېرىشكەن ئەمەس، ئەبەيدۇللا مەنچىڭ ئۈچۈن جاننى ئالىقانغا ئېلىپ تۇرۇپ ئەڭ خەتەرلىك جاپالىق خىزمەتلەرنى كۆرسىتىپ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ① 1692 - يىلى مادى قۇمۇلغا (لاپچۇققا) كەلگەندە غالدان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە ئەبەيدۇللا دەرھال مادىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۇلارنى جىيايۈيگۈەنگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ② ئەبەيدۇللا 1696 - يىلى 9 - ئايدا نارىن بەگنى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىپ، ئات، تۆگە سوۋغا قىلىپ، مادىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا خانلىقتا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، خانلىقنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەل بولۇش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ③ ئەبەيدۇللا شۇ يىلى (1696 - يىلى) 12 - ئايدا يەنە نارىن بەگنى كاڭشى خانغا ئەۋەتىپ «غالداننى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىك تۇتىمەن ۋە چىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزىمەن دەپ خەت يازىدۇ. كاڭشى خان ئەبەيدۇللانىڭ ساداقەتمەنلىكىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئەمەلدارلىق تونى، بۆلغۈن تۇماق، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق بۇيۇملارنى ئىنئام قىلىدۇ.

④ 1697 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى گويا بەگنى باركۆلگە نەچچە يۈز ئادەم بىلەن ئەۋەتىپ غالداننىڭ ئوغلى بالجۇرنى پەم بىلەن تۇتۇپ چىڭ ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. كاڭشى خان ئەبەيدۇللاغا پۇل، تون، ئاق ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىنئام قىلىدۇ. ⑤ 1697 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئەبەيدۇللا غالداننىڭ جىيەن ئوغلى دەنجىلارنىڭ كاڭشى خان بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىغا ئاساسەن، چوڭ ئوغلى گويابەگنى قوشۇپ دەنجىلارنى قوغداپ ئىچكىرىگە ساق-سالامەت ئاپىرىپ قويىدۇ (قۇمۇل ناھىيە تەزكىرىسىدىن پايدىلاندىم). ئۈچىنچى ۋە باشقا مەسىلىلەر: ① سېنارىيىدە قۇم ـ بوران، چۆل-جەزىرە ئالۋۇن. باداڭلىقلار تەسۋىرلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتكەن. خەن، تاڭ زامانلىرىدىن چىڭ زامانلىرىغىچە قۇمۇلدىن نۇرغۇن سەيياھ، ھەربىي گېنېرال، شائىرلار ئۆتكەندە قۇمۇلنىڭ گۈزەل تاغ-دەريا، بوستانلىقلىرى ۋە تاغ ئورمانلىرىنى، كەڭ يايلاقلىرىنى تەسۋىرلىگەن. قۇم-بوران، جاڭگاللارنى يازمىغان. قۇمۇلنىڭ چۆللۈكلىرىدىن خان ـ بەگلەر سەيياھلار، يېپەك يولى سودىگەرلىرىمۇ ئۆتكەن. مېنىڭچە، ئەمگەكچى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرى بوستانلىقلار كۆپرەك تەسۋىرلەنسە. ② خانلىقتا قوغۇن مايىسى ئېلىپ مېڭىپ ئۇزۇن سەپەر ئۈستىدە خەمەك سالدۇرۇپ، پىشۇرۇپ خانغا قوغۇن تەقدىم قىلىش رىۋايەت بولسا كېرەك. ئەمەلىيەت بولمىسا كېرەك. بۇنى سېنارىيىگە يازمىساقمۇ بولارمىكىن (سېنارىيە 46 ـ بەتكە قارالسۇن). ③ سېنارىيىنىڭ 54 ـ بېتىدە ئەبەيدۇللا ئادەم بېشىغا تۇخۇم قويۇپ ئوقيا بىلەن چەنلەپ كاڭشى خانغا ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى يېزىلغان. بۇ ماھارەت ئىمىن گۆڭنىڭ دەپ ئاڭلىغانىدىم. سۈرۈشتۈرۈپ باقساق. ④ سېنارىيىنىڭ 19 ـ بەتتە «مىلادى 1690 ـ يىلى (چىڭ، كاڭشى 29 ـ يىلى) ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن 37 ياشلىق كاڭشى پادىشاھ، 30 تۈمەن مانجۇ، خەنزۇ تۆمۈر ئاتلىق قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ بېيجىڭدىن چىقىپ، بېيجىڭدىن 700 چاقىرىم

ئارىلىقتىكى 乌兰木通 (ئۇلانبۇتون) دا غالداننى مەغلۇپ قىلدى…» دەپ يېزىلغان. لېكىن، شىنجاڭنىڭ «قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى» دېگەن كىتابلاردا بۇ ۋەقەنى 1695-يىلى دەپ يازغان. سۈرۈشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرسەك. ⑤ ئاپتور مىللىي تۇرمۇشنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان. مەسىلەن، هارۋىغا قوشۇلغان تۆگىلەرگە قوڭغۇراق (كولدۇرما) ئاسقان. قاتار تىزىلغان تارتىم تۆگىلەرنىڭ بىرسىگىلا قوڭغۇراق ئېسىلىدۇ. ئۇيغۇرلار دومبۇرا چالمايدۇ، دۇتار چالىدۇ، داپ چالىدۇ (سېنارىيە 8 - بەت). △مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى (سېنارىيە 12 - بەت 5 - باب) بۇ بابنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىلسا. △ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئات، كالا قوشقان هارۋا هەيدەيدۇ. ئۇزۇن يولغا تۆگە هارۋىسى هەيدىيەلمەيدۇ. △ مەسچىت ئالدىدىكى پائالىيەت قېتىم سانلىرى كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ. بەزى پائالىيەت ۋە مۇراسىملارنىڭ ئورنىنى باشقا جايدا كۆرسىتىشكە بولارمىكىن. △ پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاھاڭى ئۇيغۇرچىغا يېقىنراق بولسا، ئەبەيدۇللا (ئوبەيدولا)، خەلچەم (خەبلىشىدمۇ)، ئىمىن بوۋا (شىمىڭ لاۋرىن) راخمان ئاخۇنۇم (كاخمان) بولۇپ قالغان. △ ماھىرەنىڭ ئىسمى (رابىيە) بولسا، مېھرىگۇلنى (مېھرىخان) دەپ ئاتىساق. چۈنكى، بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇن قۇمۇل ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىسىملىرى ئۇنداق ئاتالمىسا كېرەك.

هۆرمەت بىلەن: ئابدۇلئەزىز ئىسمايىل

1995 - يىلى 27 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# خەلىم سالىخىنىڭ خېتى

ھۆرمەتلىك ئابدۇلئەزىز ئاكا!

سىلىگە، سىلى ئارقىلىق ئويلىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىگە سېغىنىپ سالام.

قانداق ھال ـ ئەھۋاللىرى؟ سالامەت تۇراملا؟ خىزمەت ۋە ئۆگىنىشلىرى ئۇتۇقلۇق كېتىۋاتامدۇ؟

مەن ھەر تەرەپلىمە ياخشى بولۇشلىرىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

مېنىڭ ئەھۋالىم ياخشى، كۈنلەر يەنە شۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 2 ـ ۋە 3 ـ توملىرىنى ئىشلەش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ، بىر تەرەپتىن بۇنىڭ خەنزۇچىسىنى ئىشلەشكىمۇ قاتنىشىۋاتىمەن. ھەر ھالدا خىزمەتلەر جىددىي، ۋاقىت قىس.

بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە چىققانلىرىدىن زادىلا خەۋىرىم بولماپتۇ، ئابدۇشۈكۈردىن بىر خەت بېرىپتىكەنلا، تېخى ئۇلۇشكۈن ماڭا ئەپكىلىپ بەردى. خەتلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇم، ئۇنتۇماي خەت يازغانلىرىغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت!

مالوپنىڭ كىتابىنى سوراپتىكەنلا، ھازىرچە تاپالمىدىم، چوقۇم تېپىپ ئەۋەتىپ بېرىمەن.

قۇمۇلدىن تېپىلغان بۇددا نومىنىڭ تەرجىمىسىنى سوراپتىكەنلا، ئۇنى «مايتىرى سىمىت» مىكىن دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇيغۇرچىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىغا بېرىلگەن، يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ. ھازىر خەنزۇچىسى بىلەن بىللە بەزىبىر ماتېرىياللارنى ئەۋەتتىم،

پايدىلىنالا، 4 ـ سان چىققاندا يەنە جەزمەن ئەۋەتىپ بېرىمەن.
«قۇمۇل ئەدەبىياتى»نى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ تۇرۇۋاتىمەن، بىراق تولۇق ئالالمايۋاتىمەن، بازاردىمۇ تېپىلمايدۇ. ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا، ھەر ساندىن بىرەرنى ئەۋەتىپ تۇرغان بولسىلا، تولىمۇ خۇش بولغان بولاتتىم.
«قۇمۇل ئەدەبىياتى»غا ئاتاپ، سوۋېت يازغۇچىسى لېئونچىنىڭ «دوختۇرنىڭ دورىسى كارغا كەلمەي قالغان چاغدا» ۋە «ئەزىز مېھمان» دېگەن ئىككى ھەجۋىي ھېكايىسىنى تەرجىمە قىلىپ قويغانىدىم. ئەتە ـ ئۆگۈن سىلىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. ژۇرنالغا ئىشلەتسە بوپتۇ، ئىشلەتمىسە ئورىگىنالىنى ماڭا قايتۇرۇۋېتەلا، چۈنكى مەن تەرجىمىنى بىراقلا يۇتتۇرىمەن، قولۇمدا باشقا ئورىگىنال قالمايدۇ.
ئۆزۈم يازغان «دىپلوماتىيە خادىمى» دېگەن بىر ھېكايە بار ئىدى، ئۇنىمۇ تۈزەشتۈرۈپ ئەۋەتىپ بېرىمەن. يارىسا ئىشلىتەرسىلە، يارىمىسا قايتۇرۇۋېتەلا.
ئەمدى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، كەمىنە ئىنىلىرىنىمۇ يوقلاپ قويسىلا، ھەر قېتىم كېلىپ كەتكەنلىرىدىن كېيىن خەۋەردا بولۇپ يۈرمەي يەنە.
سىلىگە قانداق ماتېرىيال لازىم بولسا، ماڭا خەت يازسىلا، تېپىپ ئەۋەتىپ بېرىمەن.
مەندىن ئابلا ئەخمىدى، ئابلەت ئاكا (ئاقپاشا)، ئابدۇرەقىپ تۆمۈر، ئابدۇرېھىم ئىبراھىم (مەدەنىيەت يۇرتىدىكى)، نۇرمۇھەممەت قاتارلىق يولداشلارغا سالام ئېيتىپ قويسىلا.
خەير ـ خوش! سىلىگە سالامەتلىك ۋە بەخت تىلەيمەن.
ھۆرمەت بىلەن: ئىنىلىرى خەلىم سالىخ.
كېچىككەن بولسامۇ، يېڭى يىللىرىغا مۇبارەك بولغاي!

1983 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىغا خەت

ئۆكام قادىر ئابلىزغا سالام

ئايشەمخان ۋە ئۆي ئىچى ھەممىلىرى سالامەت تۇرغانلا؟

بىز بولساقمۇ تىنچلىق، مەنمۇ دوختۇرخانىدىن 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ساقىيىپ قايتىپ چىقتىم. يەنە ئىككى ئاي ھاردۇق ئالماقچىمەن.

دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن بۇرۇن ۋە كېيىن زېرىكىپ قېلىپ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى (قول يازما) ئەستايىدىل ئىككى قېتىم كۆرۈپ چىقتىم. 1982 ـ يىلى قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام ناخشىلىرىنى سىمغا ئېلىپ، ئاھاڭىنى نوتىغا ئېلىش خىزمىتى بىر چوڭ ئىش بولغانىدى. لېكىن، مۇقام تېكىستلىرى (ناخشا تېكىستلىرى) تولۇق رەتلەنمىگەن، مۇقىم بېكىتىلمىگەن، يەنە نۇرغۇن كەمتۈك، نۇقسانلار ھەل بولمىغانىدى. بۇ ئەھۋال قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ سۈپىتىگە زور تەسىر يەتكۈزۈپ تۇرماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ تېكىستلىرىنى باشقىدىن تولۇقلاپ، رەتلەپ، قول يازما ھالىتىدىن نەشرگە تەييارلاپ كىتاب قىلىپ چىقىرىش مەسىلىسىنى ئۆزلىرىگە ئېيتقانىدىم. مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ بۇ خىزمەتنىڭ پىلانىنى ئويلاپ كۆردۈم. بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشمۇ ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، ھازىر مەن ئۇچراتقان دەسلەپكى كونكرېتنى مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلاردىن بىر نەچچىنىلا ئالساق:

بىرىنچى، مۇقاملارنىڭ ھەربىرسىگە خاس تېكىستلەر، 1 ـ، 2 ـ

چۈشۈرگىلەرگە ئېيتىلىدىغان مۇقام تېكىستلىرى مۇقىم (خاس) ئەمەس، تېكىستلەرنى خالىغانچە مۇقاملار ئارا بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇپ ئېيتىدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن، ناخشا تېكىستلىرىمۇ شۇنداق. بۇ ھال قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ ئىزچىللىقىنى، سىستېمىلىقىنى بۇزۇپ، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك، بۇنىڭغا يول قويۇلماسلىق كېرەك ئىدى. ئىككىنچى، قۇمۇل سەنەملىرىنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر نەغمىلەر (ناخشىلار) مەسىلەن، ھاي - ھاي يىلەك، شەمشىۋا قاتارلىقلارنىڭ تېكىستلىرى ئىنتايىن كەم - كۈتە، رەتسىز. ئۈچىنچى، ياچىۋەك، ئىسلام بېگىم، ئۆمەر باتۇر، تۆمۈر خەلپە قاتارلىق داستانلارنىڭ تېكىستلىرى ئەسلىدىن ئازلاپ، يوقاپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. 82 - يىلى مەيماۋ نازىر، ۋەن تۇڭشۇ پروفېسسورلارنى بۇ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغاندا مەن بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويماپتىكەنمەن. پەقەت ھازىر ئەمدىلا بۇ مەسىلىلەرنى ئۇچرىتىۋاتىمەن. تۆتىنچى، قۇمۇل ناخشا - قوشاقلىرى ناھايىتى مول، گويا بىر خەزىنە بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامىنىڭ كونا مەنبەلىرىدىن بىرلۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش (ئەسلىگە كەلتۈرۈش) جەھەتتە مەلۇم ئەۋزەل شارائىتىمىزمۇ بار. بەشىنچى، مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش، تولۇقلاش، تەھرىرلەش مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك. سىياسىي، ئىلمىي ۋە بەدىئىي خىزمەت. مەسىلەن، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشنى يېتەكچى پرىنسىپ قىلىشىمىز كېرەك. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىش، ئىلمىيلىقىنى، بەدىئىيلىكىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەلەپكە لايىق بىر ئەسەر قىلىپ چىقىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەل ئىچىدە ئېغىزدا ئېيتىلىش، قوللىنىش بىلەن نەشر قىلىنغان تېكىست ئىلمىيلىقى ۋە

پرىنسىپلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىشى كېرەك. يەنى، ھازىر ئەلنەغمىچىلەر مەشرەپلەردە ئېيتىۋاتقان تېكىست (بېيىت) لەرنى ئۆزئەينى بويىچە ھەممىسىنى بىراقلا نەشر قىلغىلى بولمايدۇ، يەنە شۇنىڭدەك ھازىر ئېيتىلىۋاتقان بېيىتلارنىڭ بەزىلىرى لوگىكا، گراماتىكا ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىمۇ سۇپەتسىز. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ %80 دىگۇدەك مۇھەببەت قوشاقلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھال قۇمۇل مۇقام تېكىستلىرىدىمۇ مۇتلەق كۆپ بېيىتلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. دەرد-ئەلەم، ئېزىلىش، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، كۈرەش قىلىش، غېرىب - مۇساپىرلىق، ئاتا - ئانا قېرىنداش، ئەمگەك...قاتارلىق قوشاقلار مۇقام تېكىستلىرىدە ئازىيىپ كەتكەن بولۇپ، قۇمۇل مۇقام تېكىستلىرى مۇھەببەت ناخشىلىرىدىنلا ئىبارەت ئىكەن دېگەن چۈشەنچىنى كەلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئالتىنچى، مەن دوختۇرخانىدا داۋالىنىش جەريانىدا قۇمۇل مۇقام تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈپ يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى ئۇچرىتىپ بەزى تولۇقلاش ۋە رەتلەش ئىشلىرىنى قىلدىم. ئەسلىي تېكىستىدىن چۈشۈپ قالغان سەر خىل، پەلسەپىلىكى كۈچلۈك ياخشى قوشاقلاردىن بىر يۈز كۇپلېتنى تولۇقلاپ كىرگۈزدۈم. سۈپىتى ناچار بېيىتلاردىن يۈزگە يېقىنىنى چىقىرىپ تاشلىدىم (بۇلاردىن بەزىلىرىنى ياش، ئادەتتىكى نەغمىچىلەر بۇزۇپ ئېيتىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى باشقىچە ۋارىيانتلارنى توقۇپ ئەسلىي تېكىستنى تولۇق ئېيتمايدىغان بولۇپ قالغان) . يەتتىنچى، ئومۇمەن تېكىستنىڭ راۋان، مەنتىقىلىق بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار بار ئىكەن. بۇ مەسىلىلەرگە بىرەر يۈز تۈرلۈك ئىزاھات، چۈشەندۈرۈش تەييارلاپ قويدۇم ۋە باشقا مەسىلىلەرمۇ بار، ھەممىسىنى بۇ خەتتە يېزىپ كەتكىلى بولمايدىكەن.

ئۇكام قادىر ئابلىز بۇ خەتنى ئۆزلىرى ئوقۇغاندىن كېيىن قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنى دوكلات قىلغاندا يۇقىرىقى

مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى يەتكۈزۈپ، يولىيورۇقىنى ئالۇرلا. ئەسلىدە، مەن بۇ خىزمەتتە بۇنچىلىك سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان مەسىلىلەر بارلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. بەلكىم ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ئويلىغان بولۇشلىرى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيىدە بولمىساق، بۇ كىتابنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغاندىن كېيىن بىر نۇسخىنى سەيپىدىن ئەپەندىگە ئەۋەتىپ كىتابقا سۆز بېشى ياكى بېغىشلىما يازدۇرايلى.

ئاخىرىدا ئۆزلىرى ئەمەت ئىسمايىل، ئەسەت مۇختار قاتارلىق مۇقامچىلارنىڭ لېنتىغا ئېلىنغان بىر قەدەر ئۆلچەملىك ئۇنئالغۇ لېنتىلىرىنى چاپسانراق چىقىرىپ بەرسىلەر. بۇ خەتنى بىر كۈن يازدىم. بۇ خەت مېنىڭ قۇمۇل ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرىنى قايتا تولۇقلاش، رەتلەش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر خاتىرەم. ئىشلىتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەرسىلەر. كېيىن مۇقام تەتقىقات مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئىشلىتىمەن.

هۆرمەت بىلەن:

ئاكىلىرى ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلدىن

1991 ـ يىلى 1 ـ مارت، ئۈرۈمچى

# شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ خېتى

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلوفغا

سىزنىڭ 20 ـ مايدا يازغان «ئۆجىڭلىنىڭ خاتا قاراشىغا تەنقىد»[1] ماۋزۇلۇق ماقالىڭىزنى 29 ـ ئىيۇندا تاپشۇرۇۋالدۇق. ماقالىڭىز مەزمۇن جەھەتتىن ۋە تەربىيە ئەھمىيىتى جەھەتتىن بېرىدىغان تەسىرى ئانچە كىچىك ئەمەس ئىكەن. شۇنداق بولغىنى ھالدا مەزكۇر ئۇ جىڭلىنىڭ كۆز قارىشىغا قارىتا بېرىلمىدىغان پىكىر ۋە تەنقىدلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ سانلىرىدا داۋاملىق بېسىلىپ تۇردى. بۇ ھەقتىكى ئالاش ـ تارتىشلارنىڭ ئالدىمىزدىكى 6 ـ سانىمىزدا توختاتماقچى. جۈملىدىن ئۇ جىڭلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ماقالىسىنى (بۇرۇنقى كۆز قارىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇشى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشنى) ۋە باشقا ماقالىلەرنىڭ مەتبەئەگە بېرىپ بولغاندۇق. سىزنىڭ ماقالىڭىز كېچىكىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلاۋۇتىكى سانىمىزغا بېرەلمىدۇق، ئۇنى ساقلاپ قالدۇق.

گەرچە ئۆزىڭىز مائارىپ ساھەسىدە بولمىسىڭىزمۇ، شۇنىڭدەك بىر يەردە مۇقىم تۇرماي يېزا خىزمىتىدە بولسىڭىزمۇ، ژۇرنىلىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭۈل بۆلۈپ ئالاھىدە ماقالە يازغانلىقىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز، جۈملىدىن مەزكۇر ئالاقىمىز بىلەن سىزگە ئۈچ دانە كىتاب ئەبەردۇك، تاپشۇرۇۋېلىشىڭىز بىلەن پايدىلىنىشىڭىزنى، بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاپ، مائارىپ

---

① مەن ئۇ ماقالىنى 1953 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىسىدا يېزا خىزمىتى قىلىۋاتقاندا يازغانىدىم.

ساھەسىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇشىڭىزنى تىلەيمىز.

شىنجاڭ مائارىپى نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمىدىن

1953 - يىلى 5 - ئىيۇل

# ليۇ روزىڭنىڭ خېتى

يولداش ئابدۇلئەزىز ئىسمائىلغا

سىزنىڭ خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم. خىزمىتىڭىزنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ رازى بولدۇم. سىزنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىڭىز ۋە ئىدىيىۋى سەۋىيىڭىزنىڭ ئۆسكەنلىكى ھەم خىزمىتىڭىزنىڭ يۇكسەلگەنلىكى، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىقىڭىزدىن كەلگەن. مەن سىزنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭىزنى، قېتىقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭىزنى، پارتىيە ۋە دۆلەت سىزگە تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى تاماملىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاخىرىدا سالامەت بولۇشىڭىزنى، داۋاملىق ئالاقە قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى سوراپ:

ھۆرمەت بىلەن: ليۇ روزىڭ[1]

1955 ـ يىلى 23 ـ مارت، شىئەن

---

① ليۇ روزىڭ — غەربىي شىمال سىياسىي ـ قانۇن كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى.

# ماقالىلەرگە ئومۇمىي ئىزاھات

(1) بۇ ماقالە 1992 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېزىلغان. 6 ـ ئايدا يەكەندە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق 12 مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان. 1993 ـ يىلى «تەقدىرداش» ژۇرنىلىغا، 1994 ـ يىلى «مىراس» ژۇرنىلىغا، شىنجاڭ سەنئەت شۆبىسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلەر توپلىمىغا بېسىلغان.

(2) بۇ ماقالە 1994 ـ يىلى يېزىلغان. 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(3) بۇ ماقالە 1993 ـ يىلى يېزىلغان. 1994 ـ يىلى «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(4) بۇ ماقالە 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا يېزىلغان. 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

(5) بۇ ماقالە 1995 ـ يىلى يېزىلغان. 1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان. 1999 ـ يىلى قۇمۇل «تەقدىرداش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

(6) بۇ ماقالە 2000 ـ يىلى يېزىلغان. 2001 ـ يىلى ئۆزگەرتىلگەن.

(7) بۇ ماقالە 2001 ـ يىلى يېزىلغان، شۇ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(8) بۇ ماقالە 1980 ـ يىلى يېزىلغان. شۇ يىلى «قۇمۇل

ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(9) بۇ سۆز تېكىستى 1981 ـ يىلى يېزىلغان. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا قۇمۇلدا ئېچىلغان «شەرقىي شىنجاڭ خەلق فولكلور خىزمىتى يىغىنى» دا سۆزلەنگەن. 1981 ـ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 2 ـ، 3 ـ قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(10) بۇ ماقالە 1982 ـ يىلى يېزىلغان، ماۋزېدۇڭ يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بېغىشلانغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ قوش سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(11) بۇ ماقالە 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىلغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق «ھەققەتنىڭ ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلاشتا قىسقارتىلغان ۋە قىسمەن ئۆزگەرتىلگەن.

(12) بۇ ماقالە 1995 ـ يىلى يېزىلغان. 1996 ـ يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(13) بۇ ماقالە 1993 ـ يىلى مارتتا يېزىلغان. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا قۇمۇلدا ئېچىلغان «ئاپتونوم رايونلۇق قۇمۇل مۇقاملىرى مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان. يىغىننىڭ ماقالىلەر توپلىمىدا ئېلان قىلىنغان. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ ماقالىنى «قۇمۇل مۇقاملىرى» غا يازغان كىرىش سۆزىگە پايدىلانغان.

(14) بۇ كىرىش سۆز 1980 ـ يىلى سېنتەبىردە «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(15) بۇ ماقالە 1991 ـ يىلى ئاپرېلدا، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا بېغىشلاپ يېزىلغان. 1991 ـ يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» نىڭ 3 ـ سانىدا ئېلان

قىلىنغان.

(16) بۇ ماقالە 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلىق، رەسساملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.

(17) بۇ ماقالە 1993 — 2001 ـ يىللىرى يېزىلغان. ئېلان قىلىنمىغان.

(18) بۇ ماقالە 1993 ـ يىلى ئىيۇندا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا بېغىشلاپ يېزىلغان. نۆۋەت تەگمىگەنلىكتىن يىغىندا ئوقۇلمىغان.

(19) بۇ تەقرىز 1986 ـ يىلى 16 ـ نويابىردا يېزىلغان.

(20) بۇ ئوبزور 1992 ـ يىلى ئىيۇندا يېزىلغان.

(21) بۇ پىكىر 1998 ـ يىلى مايدا ئۈرۈمچىدە يېزىلغان. 2000 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇشۇ ھەقتە ئېچىلغان مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان.

(22) بۇ ئەسلىمە 1986 ـ يىلى قۇمۇل شەھەر ئىچى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا بېغىشلاپ يېزىلغان، يىغىننىڭ ماقالىلەر توپلىمىدا ئېلان قىلىنغان.

(23) بۇ ئەسلىمە 1995 ـ يىلى ئىيۇلدا، قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بېغىشلاپ يېزىلغان. 1996 ـ يىلى «قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 7 ـ سانىغا بېسىلغان.

(24) بۇ ئەسلىمە 1995 ـ يىلى يېزىلغان. «قۇمۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى» 1997 ـ يىلى 7 ـ سانىغا بېسىلغان.

(25) بۇ ماقالە 1983 ـ يىلى ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە بېغىشلاپ يېزىلغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1983 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ قوش سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(26) بۇ خاتىرە 1959 - يىلى 25 - دېكابىر خۇنەن چاڭشا مېھمانخانىسىدا يېزىلغان.

(27) بۇ ئەسلىمە 1997 - يىلى يېزىلغان. 2000 - يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(28) بۇ ئەسلىمە 1998 - يىلى 3 - مارتتا يېزىلغان. 23 - ئاپرېل «ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە تەرجىمە ئەمگىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 3 - سانىدا ۋە «ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىي ئىجادىيىتى» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان.

(29) بۇ ئەسلىمە 1995 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئۆتكۈر ئەپەندىم ۋاپاتىغا يېزىلغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1996 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(30) بۇ ئەسلىمە 1990 - يىلى يازدا يېزىلغان. 1996 - يىلى «قۇمۇل گېزىتى» 30 - مارت سانىدا بېسىلغان.

(31) بۇ ئەسلىمە 1999 - يىلى «تېيىپجان ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا بېغىشلاپ يېزىلغان، يىغىندا ۋاقىت يېتىشمىگەنلىكتىن ئوقۇلمىغان.

(32) بۇ تەزىيە 1979 - يىلى 9 - مارت كونى قۇمۇلدا مەرھۇم ئىسمايىل ئىبراھىمنىڭ تەزىيە مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن.

(33) بۇ ئەسلىمە 1989 - يىلى 5 - دېكابىر ئاقپاشانىڭ ۋاپاتىغا يېزىلغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ۋە «شىنجاڭ سەنئىتى» 1990 - يىلى 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(34) بۇ ئەسلىمە 1981 - يىلى قۇمۇلدا يېزىلغان. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 1981 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

(35) بۇ ماقالە 1991 - يىلى 25 - ماي ئۈرۈمچىدە يېزىلغان. «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىلى 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# پايدىلانغان ئاساسلىق كىتابلار


1. «مۇقام» تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر
2. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام»
3. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تېزىسلىرى»
4. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر
5. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار
6. «قۇتادغۇبىلىك» (نەزمە ۋە نەسرى)
7. «تۈركىي تىللار دىۋانى»
8. «ئەتەبەتۇل ھاقايىق»
9. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىن لېكسىيىلەر (5 توپلام)
10. قارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى
11. ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما
12. « ‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ‹شەرق - غەرب› مەدەنىيىتى»
13. «مۇقام خەزىنىسى»
14. «ئوغۇزنامە»
15. «تارىخىي مۇسىقىيۇن»
16. «ئەرەب ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»
17. «سەھىھۇل بۇخارى»
18. «قۇرئاندىكى قىسسەلەر»
19. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»
20. «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»
21. «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»

22. «قىسقىچە ئىسلام لۇغىتى»
23. «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»
24. «تارىخىي ئەمىنىيە»
25. «باياز» (1 ـ، 2 ـ كىتابلار)
26. ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (1ـ، 2ـ)
27. «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت نۇتقى»
28. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىن ھۆججەتلىرى
29. «جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىدىن 250 سوئالغا جاۋاب»
30. «ماجالسۇن ـ نافائىس»
31. «مەشھۇر چەت ئەل يازغۇچىلىرى» (4 توم)
32. «مەشھۇر چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرى»
33. «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر»
34. «پەلسەپە لۇغىتى» (2 توم)
35. «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 100 مەشھۇر كىشى»
36. «دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن 300 چوڭ ۋەقە»
37. «دۇنيا قىسقىچە تارىخى»
38. «جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»
39. لۇ شۈن ئەسەرلىرى.
40. «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ كىتاب (فەن ۋېنلەن)
41. مۇھەممەد سالىھ «تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»
42. «ئىز» (رومان).

# سۈرەتلەرگە ئىزاھات:

1. «قۇمۇل مۇقاملىرى»نىڭ رەتلەنگەن تېكىستىنى ئاھاڭدىن ئۆتكۈزۈش خىزمەت خاتىرىسى. 1991 ـ يىلى ئاۋغۇست، قۇمۇل مېھمانخانىسىدا.

سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ئەسەت مۇختار، سالى تۆمۈر (مۇقامچى)، ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل، ھېلىم شېخ، ئەمەت ئىسمائىل، يۈسۈپ خېلىل (مۇقامچى)، قادىر ئابلىز، ئايەتخان سەدىدىن.

2. 1992 ـ يىلى ئاۋغۇست، يەكەن «12 مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى. ئامانىسا خانىم ھەيكىلى ئالدىدا.

سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ھەيكەلتاراش، رەسسام دىلمۇرات، كومپوزىتور سۇلايمان ئىمىن، مۇزىكا تەتقىقاتچىسى ھۆسۈيۈن كېرىم، سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، يازغۇچى، تىياتىرشۇناس ھېتەم ھۈسەيىن، مەشھۇر سەنئەت ئەربابى، ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى پېشۋاسى قەمبەرخانىم، ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل.

3. 1993 ـ يىلى ئاۋغۇست، «قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى. قۇمۇل مەمۇرىي مەھكىمە دەرۋازىسى ئىچى. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ئايىم ئەزىزى، ئابدۇلئەزىز ئىسمايىل، غوپۇر ئابدۇللا، قېيىيۇم تۇردى، سەيىدىن ئەزىزى، ھامىدىن نىيار، ئىبراھىم روزى، چىن دېمىن.

4. 1993 ـ يىلى ئاۋغۇست، «قۇمۇل مۇقاملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ئىسمايىل ئابدۇللا، مۇھەممەت ئېلى ھاجىيوف، لىيۇ زىشاۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرى، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قېيىيۇم تۇردى، ھەسەن مامۇت، ئاۋۇت توختى، ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل، مۇھەممەت زونۇن، ئابلىھەت ئۆمەر.

5. 1986 ـ يىلى ئاپرېل، ئابدۇكېرىم خوجا ھويلىسىدا چۈشكەن

خاتىرە. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇكېرىم خوجا.

6. «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى. 1998 - يىلى 8 - ئۆكتەبىر، بېيجىڭ. سۈرەتتە بىرىنچى رەتتىن ئوڭدىن سولغا: 2 - كىشى توختى باقى، مۇھەممەت زۇنۇن، ئەخمەت پاسار، 6 - كىشى لاڭ يىڭ خانىم، ئۇيغۇر سايرانى، 9 - كىشى يۈسۈپ مۇھەممىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئايىم ئەزىزى، تەۋەككۈل، 15 - كىشى ئىمىن تۇرسۇن، لىيو زىشاۋ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، غازى ئەخمەد، ئايىم ئەزىزنىڭ ئارقىسىدا 3 - رەتتە ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل.

7. 1998 - يىلى 23 - ئاپرېل، «ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى. سۈرەتتە ئوڭدىن سولغا: مىجىت ناسىر، غازى ئەھمەد، ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل.

8. مۇقاۋىنىڭ ئاخىرقى بېتى، قۇمۇل تاغلىرى.

**图书在版编目(CIP)数据**

研讨与回忆/阿不都艾则孜·司马衣著. — 乌鲁木齐:新疆人民出版社,2002.2

ISBN7—228—07019—4/I.2539

Ⅰ. 研… Ⅱ.阿… Ⅲ. ① 维吾尔族—少数民族文学—文学研究—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) ② 阿不都艾则孜·司马义—回忆录—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核子〔2002〕第 004286 号

责任编辑:阿布里米提·依明,吾买尔江

责任校对:热娜·阿布里米提

封面设计:阿力甫·卞合

**研讨与回忆** (维吾尔文)

阿不都艾则孜·司马衣 著

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐华清科技印务有限公司印制

850×1168 毫米 32 开本 14 印张 2 插页

2002 年 5 月第 1 版 2002 年 5 月第 1 次印刷

印数:1——2,500

---

ISBN7—228—07019—4/I·2539 定价:20.00 元

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ



ISBN 7-228-07019-4
9 787228 070190 >

ISBN 7 - 228 - 07019 - 4
I · 2539(民文)定价: 20.00 元